


دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# يەرشارى يادروسغا ساياھەت

ژيۇل ۋېرن ( فرانسىيە )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# يەرشارى يادروسغا ساياھەت

ISBN 978-7-228-12202-8

9 787228 122028 >

定价:26.00元

ژيۈل ۋېرن ( فرانسىيە )

# يەرشارى يادروسىغا ساياھەت

تەرجىمە قىلغۇچى : ھەبىبۇللا مۇھەممەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

地心游记：维吾尔文/(法)凡尔纳(Verne,J.)著；艾比不拉·买买提译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12

ISBN 978-7-228-12202-8

Ⅰ.地… Ⅱ.①凡…②艾… Ⅲ.科学幻想小说-法国-近代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I565.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第210761号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿扎提·阿里玛斯 |
| 责任校对 | 阿依古丽·沙比提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 买买提·乃白提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 10.5 |
| 版　　次 | 2008年12月第1版 |
| 印　　次 | 2008年12月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000册 |
| 定　　价 | 26.00元 |

بۇ كىتاب سۇمۇرغ مەتبۇئات - مېدىيا گۇرۇھى، تەرجىمىلەر نەشرىياتىنىڭ 2003 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2007 - يىلى 1 - ئاي 7 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据风凰出版传媒集团,译林出版社 2003 年 1 月第 1 版 2003 年 1 月第 7 次印刷本翻译出版。

# يەر شارى يادروسىغا ساياھەت

**ئاپتورى:** ژيۇل ۋېرن
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ھەبىبۇللا مۇھەممەت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئازات ئالماس
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۇل سابىت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**تېلېفون:** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 10.5
**نەشرى:** 2008 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى:** 2008 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى:** 1—3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—12202—8
**باھاسى:** 26.00 يۈەن

# خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ژيۇل ۋېرن 1828 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى فرانسىيىنىڭ نانتېس شەھىرىدىكى بىر ئادۋوكات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1905 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئامىيېنس شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ساياھەت قىلىش ۋە دېڭىز سەپىرىگە چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇنداقلا پەن - تېخنىكىغا ۋە خىيال سۈرۈشكە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە كۆپلىگەن ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنى يازغان، بۇلار 64 پارچە رومان، ھېكايە - پوۋېستلار ئىككى توپلام بولۇپ، ئومۇمىي خەت سانى يەتتە - سەككىز مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 54 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان. ئۇ «پەن - تېخنىكا دەۋرىنىڭ بېشارەت بەرگۈچىسى» دەپ تەرىپلەنگەن.

ۋېرن ياشىغان دەۋر كاپىتالىزمنىڭ راۋاج تاپقان مەزگىلى، شۇنداقلا پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەينىكى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك شەكلىدىكى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىدىن قۇتۇلۇپ، كاپىتالىستىك يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە پەيدا قىلغان غايەت زور تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ۋېرننىڭ ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلىرى ئەينى چاغدىكى تېخنىكا شارائىتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئېكسپېدىتسىيىلىك ساياھەتلەرنى باش تېما قىلغان، بەزىلىرى زامان ئوقىدا قانات يېيىپ، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە

كەلگۈسىنى بىر - بىرگە تۇتاشتۇرسا ، بەزىلىرى ماكان ئۇقىدا قانات يېيىپ ، ئاسمان ۋە يەر ئاستى ، يەر شارىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەيدۇ ؛ كۆپىنچە ئەسەرلىرىدە بولسا ئىككىلا جەھەتتىكى مەزمۇنلار مۇجەسسەملەنگەن . بۇ نۇقتىنى بىز ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ كىتاب نامىدىنلا كۆرۈۋالالايمىز . مەسىلەن ، «ھاۋا شارىدىكى بەش ھەپتە» ، «يەر شارىدىن ئاي شارىغىچە» ، «تۇنۇگۇن ۋە ئەتە» ، «سىرلىق ئارال» ، «سەكسەن كۈندە يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىش» ، «دېڭىز ئاستىدىكى 80 مىڭ كىلومېتىرلىق سەپەر» قاتارلىقلار .

«يەر شارى يادروسىغا ساياھەت»تىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت . ۋېرن بۇ ئەسىرىنى 1864 - يىلى يازغان بولۇپ ، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . مەزكۇر كىتابتا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ : گېرمانىيە ئالىمى پروفېسسور لىدىنبورۇگ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئارنا ساكنوسىمنىڭ بىر پارچە مەخپىي خېتىنىڭ تۈرتكىسىدە ، جىيەنى ئاكسال ۋە يول باشلىغۇچى ھانسلار بىلەن يەرنىڭ مەركىزىدىن ئۆتۈشتەك بىر قېتىملىق خەتەرلىك ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتىنى باشلايدۇ . ئۇلار ئىسلاندىيىدىكى سنافېر يانار تېغىنىڭ ئېغىزىدىن تۆۋەنگە چۈشىدۇ ، يول بويى ئۇسسۇزلۇق ، ئېزىپ قېلىش ، بوران - چاپقۇنغا ئۇچراشتەك تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، ئاخىر بىر قېتىملىق يانار تاغ ئېتىلىش جەريانىدا سىتسىلىيە ئارىلىدىكى ستولومبول يانار تېغىنىڭ ئېغىزىدىن يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىدۇ . پۈتۈن كىتابنىڭ ئالدىنقى يەتتە بابى ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇش رولىنى ئۆتىگەن دېيىلسە ، قالغان مەزمۇنلارنى تەييارلىق قىلىش (8 - بابتىن 16 - بابقىچە) ، ئېكسپېدىتسىيە (17 - بابتىن 43 - بابقىچە) ۋە ھاياتلىققا ئېرىشىش (44 - بابتىن 45 - بابقىچە)تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەككە ئايرىشقا بولىدۇ . بىرىنچى بۆلەكتە ، ژيۇل ۋېرن ئىسلاندىيىنىڭ كەمبەغەل ، قالاق

ۋە ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى ئەتەي كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئېكسپېدىتسىيىگە تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ تۇرغان ئىنتايىن خەتەرلىك مۇھىت ئىچىگە ئالىدۇ، نەتىجىدە كىتابخان ئىختىيارسىز ھالدا پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر دېگەن قورقۇنچلۇق ئەندىشىگە چۈشىدۇ. ئىككىنچى بۆلەك كىتابنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر مەركىزىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانى، پېرسوناژلارنىڭ خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرى ۋە تۈرلۈك ئاجايىپ مەنزىرىلەر ئىخچام تىل بىلەن تەسىرلىك بايان قىلىنغان. ئۈچىنچى بۆلەكتە، بىرىنچى بۆلەكتىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ، پېرسوناژلار ئىنتايىن خەتەرلىك ساياھەتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىردىنلا قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان، بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان، تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان جەننەتكە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ۋېرنىنىڭ كېيىن يازغان بارلىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاش تىلى راۋان ۋە يۇمۇرلۇق، ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي بولۇشتىن تاشقىرى، رومانتىكلىققا باي، ئەمما ئىلمىيلىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى تەسەۋۋۇر بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، كىتابخاننى زامان بوشلۇقىدىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر ئالىمىگە باشلاپ كىرىدۇ.

«يەر شارى يادروسىغا ساياھەت» رىۋايەت تۈسى قويۇق ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى ئەينى چاغدىكى تارىخ ۋە جەمئىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىر جەھەتتىن، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا نىل دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى، سەھرايى كەبىر قۇملۇقى، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى، جەنۇب ۋە شىمالىي قۇتۇپلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن بويسۇندۇرىدۇ، يەر شارىدىكى ئادەم ئايىغى تەگمىگەن جايلار بارغانسېرى ئازلايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، پەن ـ تېخنىكا، بولۇپمۇ

ئارخېئولوگىيە ۋە گېئولوگىيە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ .
ژيۇل ۋېرن ئىلىم - پەن ھەقىقىتىدە چىڭ تۇرۇۋشقا جۈرئەت قىلغان باتۇر جەڭچى ، شۇنداقلا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا ماھىر ئەدەبىيات پېشۋاسى . «يەر شارى يادروسىغا ساياھەت»تە ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن ئۈچى بولۇپ ، ھەممىسى خاراكتېرى روشەن ھەم تولىمۇ جانلىق يارىتىلغان . كىتابتىكى «مەن» — ئاكسال ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن ئەزمىرەك بىر بالا بولۇپ ، ئۇ تاغىسى لىدىنبورۇگنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن نائىلاج ھالدا ھامبۇرگدىكى ئىللىق ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ، گاڭگىرىغان ھالدا يەر مەركىزىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ . ئۇ چاغدىكى ئاكسال يېيىش ۋە ئۇخلاشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى ، ئۇنىڭدىن شان - شەرەپ ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتا قىلىش دېگەنلەرنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئىگە بولغۇدەك ئىقتىدار يوق ، خۇددى كىتابنىڭ 23 - بابىدا تەسۋىرلەنگەن ئىپتىدائىي دېڭىزدىكى قارىغۇ بېلىققا ئوخشاش ، دولقۇن قاياققا ئۇرسا شۇ ياققا كېتىۋېرەتتى . بىراق ، ئۇ باشلىرى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، ئاچ - زېرىنلىق ، زۇلمەت ۋەھىمىسى ، ئېزىپ قېلىش ۋە لاۋۇلدىغان يالقۇننىڭ ئوتتەك قىزدۇرۇشلىرى قاتارلىق بىر قاتار سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ھەمدە باشتا تەقدىرنى تاغىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ قويغان بولسا ، كېيىن بارا - بارا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ، ئاخىرىدا ھەتتا ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىدىغان بولىدۇ . ئاكسالنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشى تىپىك سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە . ئەسەردىكى ئۈچ پېرسوناژ گەرچە ئەڭ ئاخىرىدا يەر شارى يادروسىغا بارالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ۋېرن ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدۇ .
پروفېسسور لىدىنبورۇگ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ،

ئەمما خاراكتېرى ئالدىراقسان بىر پېرسوناژ . ژيۇل ۋېرن ئۇنىڭ خاراكتېرى ، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە ئورنىدىن پايدىلىنىپ تەبىئىي پەن قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئۇزۇن بايانلارنى ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بېرىدۇ . ئەگەر ئېكسپېدىتسىيە باشلانغان دەسلەپكى چاغدا ئاكسالنى بىر كىچىك بالا ئىدى دەپ قارىساق ، ئەكسىچە پروفېسسور لىدىنبورۇگ بولسا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى سەركىلەردىن ھېسابلىناتتى . ئۇ ئالدىراقسان ۋە مۇستەبىت خاراكتېرى بىلەن بۇ ئۈچ كىشىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ . بىراق ، جاھىللىقىدىن بەزىدە كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان بۇ پروفېسسور قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە قەيسىرانە روھقا ئىگە بولۇپ ، بەزىدە ئۇ ئانچە ـ مۇنچە ئەخمىقانە خاتالىقلارنى سادىر قىلسىمۇ ، ئەمما ئىلىم ـ پەن ۋە سان ـ سىپىرلارغا ئىشىنىدۇ ، ئەسەردىكى يۇمۇرلۇق سۇژىتلارنىڭ كۆپىنچىسىنى لىدىنبورۇگنىڭ روشەن خاراكتېرى ۋۇجۇدقا چىقارغان . شۇڭا ، يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، باش پېرسوناژ پروفېسسور ئەسلىدىكى كەسكىن ئىلىم ـ پەن فانتازىيىسىدىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى يېنىك ، تەسىرلىك ھەم قىزىقارلىق تۈسكە كىرگۈزگەن .

ئىسلاندىيىلىك يول باشلىغۇچى ھانس پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپى بولۇپ ، ئۇ تەمكىن ، رايىش ، ھەممە نەرسىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ ، ھەتتا گەپىنىمۇ ئىخچام قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيىگە قاتنىشىشتىكى مەقسىتى ھەمراھلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ . لىدىنبورۇگنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنى قىلىشتىكى مەقسىتى پۈتۈنلەي ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن دېسەك ، ھانسنىڭ مەقسىتى جان بېقىش ئۈچۈن ئىدى . دەل مۇشۇنداق بولغاچقا ، ئۇلار ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋاللارغا دۇچار بولغان پەيتلەردىمۇ ، ھانس قىلچە ئىككىلەنمەستىن پروفېسسوردىن ئۈچ كۈمۈش تەڭگە ھەپتىلىك ئىش ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ .

بىراق ، مۇشۇنداق بىر پېرسوناژنىڭ بولغانلىقى ئۇچۇنلا ، ژيۇل ۋېرن قەلىمىنى ئەركىن ئوينىتىپ ، ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا كۆرۈلگەن تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلىدۇ ، نەتىجىدە ۋەقەلىك ئوڭۇشلۇق داۋام قىلىدۇ .

ئەلۋەتتە ، ئەسەردە يەنە بىر پېرسوناژ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ . بىراق ، ئۇ باشتىن - ئاخىر رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ . ئۇ بولسىمۇ بىرىنچى قېتىم يەر مەركىزىگە بېرىپ ، ئۇ يەردىن يەنە يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگەن 16 - ئەسىردىكى ئاسترولوگ ئارنا ساكنوسىم . ژيول ۋېرن ساكنوسىمنى ۋاستىلىك تەسۋىرلەيدۇ ھەمدە ئۇ ھەقتىكى بايانلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ، بىراق بۇ پېرسوناژ پۈتۈن ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا باش قەھرىمانغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

«يەر شارى يادروسىغا ساياھەت» ناملىق بۇ ئەسەردە ژيۇل ۋېرن بىزگە بىر توپ ئىلىم - پەن باتۇرلىرى ۋە باشلامچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆزىمۇ ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەر يېزىشنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە كىشىلەرگە ئەۋلادمۇئەۋلاد تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە . بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى نۇرغۇن ئالىملار ۋېرننىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم - پەندە ئىزدىنىش يولىغا ماڭغانلىقىنى قەيت قىلىشماقتا . ھەتتا بەزىلىرى : «ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى پەقەت ۋېرننىڭ ئالدىن بېشارەت بېرىپ ئېيتقانلىرىنى روياپقا چىقىرىش جەريانىدىن ئىبارەت ، خالاس» دېيىشمەكتە . ۋېرن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئادەملەر دەل جايىدا كەلتۈرۈپ : «ئۇ ھەم ئالىملار ئىچىدىكى ئەدەبىياتچى ، ھەم ئەدەبىياتچىلار ئىچىدىكى ئالىم» دەپ باھا بېرىشتى . ۋېرن ھەقىقەتەنمۇ ئىلىم - پەن بىلەن ئەدەبىياتنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۇرگەن ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىياتنىڭ ئاتىسىدۇر .

2000 - يىلى 12 - ئاي

# 1

1863 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەكشەنبە . تاغام پروفېسسور لىدىنبورۇگ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . 19 ـ نومۇرلۇق بۇ ئۆي هامبۇرگ كونا شەهىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي كوچىلاردىن بولغان كونى كوچىسىدا ئىدى . ئايال خىزمەتكار مارتا «تاماقنى كېچىكتۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ قالدى ، چۈنكى ئۇ ئاشخانىدا چۈشلۈك تاماق ئېتىشكە تېخى ئەمدىلا تۇتۇش قىلغانىدى .

«چاتاق بولىدىغان بولدى ، — دەپ ئويلىدىم مەن كۆڭلۈمدە ، — تاغام ئالدىراقسان ئادەم ، ئەگەر ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بولسا ، چوقۇم ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىراپ كېتىدىغان بولدى . »

— لىدىنبورۇگ ئەپەندى ، شۇنداق بالدۇر كېلەمدۇ ! — دېدى تەمتىرەپ كەتكەن ئايال خىزمەتكار مارتا ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ .

— توغرا ، مارتا ، چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييار بولمىغانلىقىغا سەن ئەيىبلىك ئەمەس ، هازىر تېخى سائەت ئىككى بولمىدى ، ساينت مىشېل چېركاۋىنىڭ سائىتى بايا بىر يېرىمغا قوڭغۇراق چالدى .

— پروفېسسور لىدىنبورۇگ نېمىشقا هازىر قايتىپ كېلىدىغاندۇ ؟

— بەلكىم ئۆزى ئېيتىپ بېرەر .

— ئۇ كېلىۋاتىدۇ ، مەن بېرىپ ئىشىمنى قىلاي ، ئاكسال ئەپەندى ، سىز ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولغاچ تۇرۇڭ ، — مارتا شۇنداق دېگەچ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى . مەن يالغۇز قېلىپ قالدىم ، بىراق مىجەزى چۇس پروفېسسورغا كۆز ـ قۇلاق بولۇش ، مەندەك بىر لىگىتاسما ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەستە .

شۇنداق قىلىپ ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆزۈمنىڭ ھۇجرىسىغا چىقتىم . بۇ چاغدا كوچىغا قارىغان چوڭ ئىشىك توساتتىن «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى ، ئېغىر قەدەملەرنىڭ بېسىلىشىدىن پەلەمپەيلەر غىرسىلاپ كەتتى ، بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى تاماقخانىدىن ئۆتۈپ ، كۇتۇپخانىسىغا بوراندەك كىرىپ كەتتى .

ئۇ تاماقخانىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، يۇمىلاق تۇتقۇچلۇق ھاسىسىنى بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويغاندىن كېيىن ، كەڭ گىرۋەكلىك شلەپىسىنى ئۇستەل ئۈستىگە پىرقىرىتىپ تاشلىدى ـ دە ، ئۇنلۇك ئاۋازى بىلەن جىيەنىگە ۋارقىرىدى :

— ئاكسال ، قېشىمغا كىرگىن !

مەن ئورنۇمدىن قوزغىلىپ بولغۇچە ، پروفېسسور تاقەتسىزلىك بىلەن ۋارقىراپ كەتتى :

— نېمە بولدۇڭ ؟ تېخىچە كىرمەيسەنغۇ ؟

مەن كىشىنى ئەيمەندۇرىدىغان بۇ خوجايىننىڭ كۇتۇپخانىسىغا يۈگۈرگىنىمچە كىردىم . ئوتتو لىدىنبورۇگ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى . بۇ نۇقتىغا مەنمۇ پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن . بىراق ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىش يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ، ئۇنى ئۆمۈر بويى قورقۇنچلۇق غەلىتە ئادەم دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ جون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ ، مىنېرالوگىيىدىن دەرس بېرەتتى . دەرس سۆزلىگەندە دائىم كېلىشىۋالغاندەك بىر ـ ئىككى قېتىم ئاچچىقلىنىۋالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى . ئۇ ، ئوقۇغۇچىلىرى دەرسكە تولۇق كېلىۋاتامدۇ ، دەرسكە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىۋاتامدۇ ، قىلچە كارى يوق ئىدى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۇنلەردە قانداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتى ، بۇ ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايتتى . ئۇنى گېرمانىيە پەيلاسوپلىرىنىڭ بايانلىرى بويىچە تەرىپلىسەك ، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۆزقارىشى بويىچە دەرس ئۆتەتتى ، دەرسنى باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن سۆزلەيتتى . ئۇ بىر شەخسىيەتچى ئالىم ، خۇددى بىلىم لىق توشقان چوڭقۇر قۇدۇققا ئوخشايدۇ ، لېكىن بۇ

قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس ، قىسقىسى ، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر بېخىل ئادەم .

گېرمانىيىدە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان پروفېسسورلاردىن بىرنەچچىسى بار .

بەختكە قارشى تاغامنىڭ سۆز قابىلىيىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ، ئەگەر دوستلار ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا ياكى ئادەتتىكى سورۇنلاردا ئانچە چاتاق بولمىسا ، بىر يۇقۇرى سۆزلىگۈچى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېتەرسىزلىك ئىدى . دېمىسىمۇ پروفېسسور جون ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس سۆزلىگەندە دائىم دېگۈدەك گېپىنى توساتتىن توختىتىۋالاتتى . ئۇ قانداقتۇر بىر تولىمۇ ئاچچىق ، ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولمايدىغان قوپال سۆزلەر بىلەن مەيدانغا چۈشەتتى ، ھەدېسىلا يوغانچىلىق قىلىپ تۇرۇۋالاتتى . ئاخىر ئۆزىمۇ قاتتىق چېچىلىپ كېتەتتى . بىراق ، مىنېرالوگىيىدىكى يېرىمى گرېكچە ، يېرىمى لاتىنچە ئاتالغۇلارنىڭ تەلەپپۇزى ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى ، ئۇ شۇ دەرىجىدە قىيىنكى ، ئۇنى تەلەپپۇز قىلىمەن دېسە ، شائىرلارنىڭمۇ ئاغزى قاپىرىپ كېتىدۇ . مەن بۇ پەننىڭ يامان گېپىنى قىلماقچى ئەمەسمەن ، ئۇنداق خىيالىممۇ يوق . بىراق ، بىر ئادەم «كۆپ قىرلىق كرىستال جىسىم» ، «دېۋىرقاي يېلىمى قاتمىسى» ، «كالانى تېشى» ، «فالكالىس تېشى» ، «قوغۇشۇن مولىبدات» ، «مانگان ۋولفرامات» ، «سىركونىي ئوكسى تىتانات» دېگەندەك ئاتالغۇلارغا دۇچ كەلسە ، ھەرقانچە سۆزمەن بولغىنى بىلەنمۇ خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇشى تۇرغان گەپ .

شۇڭا ، شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاغامنىڭ كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدىغان بۇ يېتەرسىزلىكىنى بىلگەچكىمۇ ھەدېسىلا ئۇنى ئانىي تاپاتتى . ھەر قېتىم تەلەپپۇز قىلماق قىيىن سۆزلەرگە دۇچ كەلگەندە تاغامنىڭ خاتالىشىشىنى كۈتۈپ جىم تۇرۇۋالاتتى ، ئاندىن ئۇ ئاچچىقلىنىشقا باشلىغاندا ئۇلار كۈلۈشۈپ كېتەتتى . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، بۇ بىر خىل بەھۆرمەتلىك بولۇپ ، گەرچە ئۇ گېرمانىيىلىك بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس

ئىدى . لىدىنبورۇگنىڭ دەرسىنى ئاڭلايدىغان ئادەم دائىم كۆپ بولاتتى ، بىراق بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنى پەقەت پروفېسسورنىڭ ئاچچىقلىنىشىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا كېلەتتى .

مەيلى نېمىلا دېگەنبىلەن مەن بىر نۇقتىنى مەڭگۈ تەكىتلەيمەن : تاغام ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر ئالىم ، گەرچە ئۇ بەزىدە كالانپايلىق قىلىپ ئۆرنەكلەرنى بۇزۇپ قويسىمۇ ، ئەمما ئۇ گېئولوگلارغا خاس تالانت ۋە مىنېرالوگلارنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى . ئۇ بولقا ، پولات مىخ ، ماگنىتلىق يىڭنە ، نەيچە ۋە نىترات كىسلاتاسى قاچىلانغان بوتۇلكىلار بىلەن ھەپىلەشكەندە ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا بىرنېمە توغرا كەلمەيتتى . ئۇ بىر پارچە رۇدىنىڭ يېرىقى ، سىرتقى قىياپىتى ، قاتتىقلىق دەرىجىسى ، ئېرىشچانلىقى ، ئۇرغاندا چىققان ئاۋازى ، پۇرىقى ۋە تەمىگە ئاساسلىنىپ ، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىلىم - پەندە بايقالغان 600 خىلدىن ئارتۇق ماددىنىڭ ئىچىدىكى قايسى خىلغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى قىلچە تەمتىرىمەستىن ھۆكۈم قىلالايتتى .

شۇڭا ، بارلىق مەكتەپلەر ۋە دۆلەتلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەردە لىدىنبورۇگنىڭ ئىسمى كىشىلەرگە تونۇشلۇق ئىدى . خوۋنفېررى داۋى ئەپەندى[1] ، دې خومبىرىت ئەپەندى[2] ، سېر جون فرانكلىن[3] بىلەن ماركىز ئېدۋارد سابىنلار[1] ھەر قېتىم ھامبۇرگدىن ئۆتكەن چېغىدا ئۇنى يوقلاپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمايتتى . بۇلاردىن باشقا ، يەنە ئانتوۋان بىكلىر ئەپەندى[5] ، ياك ئىئوسىف ئاككىرمان ئەپەندى[6] ، ماركىز داۋى بولۇۋىست[7] ، يان بادىست دىما ئەپەندى[8] ، ھېنرى مېرنا ئېدۋارد ئەپەندى[9] ، ھېنرى ئادىئان

---

[1] خوۋنفېررى داۋى – (1778 - 1828) ئەنگلىيىنىڭ خىمىيە ۋە فىزىكا ئالىمى .

[2] ئالېكساندىر دې خومبىرىت - گېرمانىيىلىك تەبىئەتشۇناس ۋە ساياھەتچى (1769 — 1859) .

[3] سېر جون فرانكلىن — (1786 — 1847) ئەنگلىيىلىك دېڭىز ساياھەتچىسى . ئېكسپېدىتسىيىچى ، قۇتۇپ رايونىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۆلگەن .

[1] ماركىز ئېدۋارد سابىن (1788 — 1883) ئەنگلىيىنىڭ فىزىكى ، يەر شارىنىڭ ماگنىت مەيدانىنى تەتقىق قىلغان ھەمدە شىمالىي قۇتۇپنى تەكشۈرگەن .

[5] ئانتوۋان بىكلىر (1788 — 1878) فرانسىيە فىزىكى .

[6] ياك ئىئوسىف ئاككىرمان (1814 — 1852) فرانسىيە خىمىكى .

[7] ماركىز داۋى بولۇۋىست (1781 — 1868) شوتلاندىيە فىزىكى .

[8] يان بادىست دىما (1800 — 1884) فرانسىيە خىمىكى .

[9] ھېنرى مېرنا ئېدۋارد (1800 — 1885) فرانسىيە زوئولوگى ۋە فىزىئولوگى .

سانت كىللىر[1] ، دىۋىل ئەپەندىلەرمۇ تاغامدىن خىمىيە ساھەسىدىكى بەك قول ئۇتىدىغان مەسىلىلەرنى سورايتتى . شۇڭا ، ئاشۇ پەن ساھەسىدىكى نۇرغۇن زور بايقاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ دېيىشكە بولاتتى . 1853 - يىلى پروفېسسور ئوتتو لىدىنبورۇگ لېيپزىگتا ئۆزىنىڭ «ئۇلترا كرىستاللوگرافىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان » ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى ، بۇ قىستۇرما رەسىملىرى بار بەك چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولغاچقا ، چىقىم كىرىمدىن ئېشىپ كەتتى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، تاغام يەنە رۇسىيىنىڭ باش ئەلچىسى سېترروف ئەپەندى ئاچقان مىنېرال مۇزېيىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ، بۇ مۇزېيدا ساقلانغان قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ داڭقى پۈتۈن ياۋروپاغا پۇر كەتكەنىدى .

شۇ تاپتا تەقەززالىق ئىچىدە ماڭا ۋارقىراپ - جارقىراۋاتقان ئادەم دەل مۇشۇنداق بىر ئەرباب ئىدى . سىلەر ئېگىز بويلۇق بىر ئەر كىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭلار : ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسى خۇددى تاشتەك مىختا ، قويۇۋالغان ياشلار پاسونىدىكى سېرىق چېچى ئۇنى 50 نەچچىگە كىرگەن ئەمەلىي يېشىدىن 10 نەچچە ياش كىچىك كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىن توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ ؛ ئىنچىكە ئۇزۇن بۇرنى خۇددى ئۆتكۈر پىچاققا ئوخشايدۇ ؛ ھەتتا بەزى كەپسىز ئوقۇغۇچىلار : «ئۇ دېگەن بىر ماگنىت ، تۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ ئەكېتەلەيدۇ » دېيىشىدۇ . بۇ دېگەن بىر ئىغۋا . راستىنى ئېيتقاندا ، تاغامنىڭ بۇرنى تاماكىنىڭ ئىسىنى سۈمۈرىدىغان بۇرۇن ، پەقەت مىقدارى كۆپرەك ، خالاس .

يەنە ئازراق قوشۇمچە قىلاي : تاغام ماڭغاندا ئۈچ يارد ئارىلىققا قەدەم تاشلايدۇ ھەمدە مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگۈۋالىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغانلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ .

---

[1] ھېنرى ئادىئان سانت كىللىر (1800 - 1884) فرانسىيە خىمىكى .

كونى كوچىسىدىكى ئۇ تۇرىدىغان بۇ ئۆي ياغاچ ھەم خىش قۇرۇلمىلىق، ئەتراپى ھەرە چىشى شەكلىدىكى تام بىلەن قورشالغان؛ ئالدىدىن ئەگرى - بۈگرى قانال ئېقىپ ئۆتۈپ، ھامبۇرگ كونا شەھىرىدىكى باشقا قاناللار بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ، 1842 - يىلى يۈز بەرگەن ئاشۇ قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە بەختكە يارىشا بۇ كوچا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى.

دەرۋەقە، بۇ ئۆي سەل قىيسىيىپ قالغان، ئوتتۇرىسى يول تەرەپكە قورساق سالغان، ئۆگزىسى خۇددى گۈزەل ئەخلاق جەمئىيىتىنىڭ① ئوقۇغۇچىلىرى كىيىۋالىدىغان شەپكىدەك بىر چەتكە قىڭغايغان؛ ئۆينىڭ تۈزلۈك دەرىجىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس؛ ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا خېلى پۇختا ئۆي ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ تېمى يېنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر تۈپ قېرى قارىياغاچ ئۆسۈپ تۇراتتى، ھەر قېتىم باھار يېتىپ كەلگەندە بۇ قارىياغاچنىڭ شاخلىرى دېرىزە ئالدىنى بىر ئالاتتى.

تاغام خېلى قول ئىلكىدە بار گېرمانىيە پروفېسسورى ئىدى، بۇ ئۆي ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلاردىن تارتىپ ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ 17 ياشقا كىرگەن ۋېرلانلىق② ئاسراندى قىزى گلاۋبېن، ئايال خىزمەتكار مارتا ۋە مەن بار ئىدىم. مەن ئۇنىڭ جىيەنى، شۇنداقلا بىر يېتىم بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەجرىبە ئىشلىگەن چېغىدىكى ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ گېئولوگىيىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن؛ تومۇرلىرىمدا مىنېرالوگىستىنىڭ قېنى ئېقىۋاتقاچقا، ئاشۇ قىممەتلىك تاشلار بىلەن قانچىلىك ھەپىلەشسەممۇ قىلچە زېرىكىش ھېس قىلمايتتىم.

---

① گۈزەل ئەخلاق جەمئىيىتى — گېرمانىيىدىكى بىر سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، 1808 - يىلى قۇرۇلغان، نىشانى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق پرۇسسىيىنى گۈللەندۈرۈش. بۇ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

② ۋېرلان — ئېستونىيىدىكى بىر شەھەر.

قىسقىسى ، كونى كوچىسىدىكى بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى مىجەزى چۇس ئادەم بولسىمۇ ، ئەمما ھەممىمىز بۇ ئۆيدە تولىمۇ كۆڭۈللۈك ياشايمىز ؛ چۈنكى ئۇ سەل قوپال ، ئەمما ماڭا بەك ئامراق ئىدى . سەۋر - تاقەتنى بىلمەيدىغان بۇ ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئالدىراقسان ئىدى .

4 - ئاي مەزگىلىدە ئۇ مېھمانخانا ئۆيدىكى تەشتەككە بىرنەچچە تۇپ ئەرمۇدۇن كۆچىتى بىلەن ھەشقىپىچەك تىكەتتى ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە بۇ گۈللەرنى چاپسانراق ئۆسسۇن دەپ ، يوپۇرماقلىرىدىن يېنىك - يېنىك تارتىپ قوياتتى .

مۇشۇنداق بىر غەلىتە ئادەمگە مېنىڭ بويسۇنمايمۇ ئامالىم يوق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ كۆتۈپخانىسىغا يۆگۈرگىنىمچە كىردىم .

## 2

بۇ كۆتۈپخانىنى ئىسمى جىسمىغا لايىق مۆزىي دېيىشكە بولاتتى . بارلىق مىنېرال ئۆرنەكلىرىگە ماركا چاپلىنىپ ، يانمايدىغان مىنېراللار ، مېتاللار ۋە تاغ جىنسلىرى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىپ ، ئىنتايىن رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى .

بۇ يەردىكى مىنېرالوگىيىگە ئائىت بۇ كىچىك نەرسىلەر بىلەن مەن بەكمۇ پىششىق تونۇش ئىدىم ! تەڭتۇش ئاغىنىلىرىم بىلەن ئويناشتىن ۋاز كېچىپ ، ئاشۇ سۇرمە تاش ، ئىسسىز كۆمۈر ، قارا كۆمۈر ، قوڭۇر كۆمۈر ۋە داشقال كۆمۈر پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ - توزانلارنى قانچە قېتىملارچە سۈرتكەندىمەن ! يەنە تېخى ئاسفالت ، دېۋىرقاي ۋە ئورگانىك تۇزلارمۇ بار تېخى ، ئۇلارغىمۇ توپا قونۇپ قالسا بولمايدۇ - دە ! يەنە تۆمۈردىن تارتىپ ئالتۇنغىچە بولغان مېتاللارنىڭ نىسپىي قىممىتى ئىلمىي نۇسخىلارنىڭ مۇتلەق باراۋەر بولۇشى ئالدىدا يوقىلىپ كەتكەنىدى ! ئاشۇ تاشلار بىلەن كونى كوچىسىدا يەنە بىر ئۆي

ياسىغىلى، ھەتتا تېخى چىرايلىق ئۆيدىن بىرنى ئارتۇق ياسىغىلى بولاتتى. راستىنلا شۇنداق قىلغىلى بولسا، ماڭا تېخىمۇ قۇلايلىق بولۇپ كەتكەن بولاتتى!

بىراق، مەن كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەلگەن چېغىمدا بۇ جاۋاھىراتلار كاللامغا قىلچە كىرىپ چىقمىدى. مەن پەقەت تاغامنىلا ئويلىدىم، ئۇ ئۇستى ئوترېخت[1] يۇڭ توقۇلمىسى بىلەن قاپلانغان تۇتقۇچلۇق يوغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قولىدىكى كىتابنى تولىمۇ ئىپتىخارلىق نەزىرى بىلەن ئوقۇۋاتقانىكەن.

— نېمىدېگەن قالتىس كىتاب! نېمىدېگەن قالتىس كىتاب! — ئۇ توۋلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ ھوشۇمنى يىغدىم. پروفېسسور يەنە تېخى تولىمۇ ئەستايىدىل كىتاب يىغىپ ساقلىغۇچى ئىدى؛ ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاسان تېپىلمايدىغان ۋە ئوقۇپ چۈشىنىش قىيىن بولغان كىتابلارلا بىباھا ھېسابلىناتتى.

— نېمە! — دېدى ئۇ ماڭا، — سەن بۇ كىتابنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇ دېگەن ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر، بۈگۈن مەن ئۇنى ئېفلىيوس دېگەن يەھۇدىينىڭ دۇكىنىدىن تېپىۋالدىم.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى زورىغا خۇشال كۆرسىتىپ.

گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، بۇ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا كىتابنىڭ ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك نېمىسى باردۇ؟ بۇ كىتاب موزاي تېرىسىدە مۇقاۋىلانغان، ۋاراقلىرى پۇتۇنلەي سارغىيىپ كەتكەنىدى، تېخى يەنە ئارىسىغا ئۆڭۈپ كەتكەن خەتكۈچ قىستۇرۇقلۇق ئىدى.

بىراق، پروفېسسور بولسا بۇ كىتابنى ماختىغىنى ماختىغان.

— قارا، — دېدى پروفېسسور، — بۇ كىتاب چىرايلىقمىكەن؟ نەپىسلىكىدىن ئادەم ھەيرەتتە قالىدۇ! تۈپلىنىشى نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ئۇنى ۋاراقلاش ئاسانمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاسان، چۈنكى ھەرقانداق بىر ۋاراقنى ئاچساڭ ئاسان يېپىلىپ كەتمەيدۇ.

---

[1] ئوترېخت — گوللاندىيىدىكى بىر شەھەر، يۇڭ توقۇلما ئىشلەش بىلەن داڭلىق.

ئۇ سىپتا تۇپلەنگەنمۇ؟ ئەلۋەتتە سىپتا، چۈنكى ئۇنىڭ مۇقاۋىسى بىلەن ئىچى شۇنداق ماسلاشقان، ۋاراقلىرى چىچىلماي ھەم تۇرىدۇ. بۇ كىتابقا 700 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئازراقمۇ بۇزۇلغان يېرى يوق! ئىھ! بۇنداق تۇپلەش ماھارىتىنى بىزلىئان، كىروس ۋە پىلگوردلار[1] كۆرسىمۇ پەخىرلەنگەن بولاتتى.

تاغام بىر ياقتىن شۇنداق دېگەچ، يەنە بىر ياقتىن كىتابنى توختىماي ئېچىپ ياپاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ بۇ قانداق مەزمۇندىكى كىتاب ئىكەنلىكىنى سوراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— بۇ ئاجايىپ كىتابنىڭ نامى نېمە ئىكەن؟ — مەن ئۆزۈمنى ئەتەي تاقەتسىزلەنگەن ھەم ھاياجانلانغان قىياپەتتە كۆرسىتىپ سورىدىم.

— بۇ ئەسەر، — دېدى تاغام ھاياجانلانغان ھالدا، — سىنول تولىسوننىڭ[2] «شاھلار تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرى، ئۇ 12 - ئەسىردىكى ئىسلاندىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى، بۇ ئەسەردە نورۋېگىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئىسلاندىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى بايان قىلىنغان.

— راستىما؟ — دېدىم مەن ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ھەيران قالغاندەك قىياپەتتە، — ئۇ چوقۇم نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىسى ئوخشىمامدۇ؟

— ھىم، — دېدى پروفېسسور تېرىكىپ، — تەرجىمە نۇسخىسى؟ تەرجىمە نۇسخاڭنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بولسۇن؟ تەرجىمە نۇسخاڭنى كىم ئوقۇسۇن؟ بۇ دېگەن ئەسلىي نۇسخا، ئىسلاندىيە يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ دېگەن ئۆزگىچە بىر تىل بولۇپ، ئىپادىلەش كۈچى يۇقىرى ھەم ئاددىي. ئۇنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى كۆپ خىل، سۆز مەنىلىرى كۆپ خىل ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە!

---

① بۇ ئۈچ ئادەم 19 - ئەسىردىكى مەشھۇر كىتاب شىرازىلاش ئۇستىلىرى.
② سىنول تولىسون (1179 — 1241) ئىسلاندىيىدىكى يەر ئىگىسى، شائىر، ئۇنىڭ «شاھلار تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرى شىمالىي ياۋروپانىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

— ئېمىسچىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن ، — دېدىم مەن خۇشاللىق بىلەن گەپ قىستۇرۇپ .

— توغرا ، — دېدى تاغام يەلكىسىنى قىسىپ قويۇپ ، — بىراق ، ئىسلاندىيە تىلىدا ئىسىملار گرېكچىغا ئوخشاش ئۈچ قاتلام مەنە ئىپادىلىيەلەيدۇ ، خاس ئىسىملارنى بولسا لاتىنچىغا ئوخشاش ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ .

— پاھ ! — مەن بۇ كىتابقا قىلچە قىزىقمىساممۇ ، ئەمما سەل ھەيرانلىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم ، — بۇ كىتابنىڭ خەت نۇسخىسى چىرايلىقمىكەن ؟

— خەت نۇسخىسى ؟ كىم سېنىڭ بىلەن خەت نۇسخىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپتۇ ، ھەي ، بىچارە ئاكسال ! سەن خەت نۇسخىسى دەۋاتامسەن ؟ ھەي ، سەن تېخى ئۆزۈڭچە بۇنى باسما بۇيۇمى دەۋاتامسەن ؟ بۇ دېگەن قولدا يېزىلغان نۇسخا ، ئوقتۇڭمۇ ، ئەخمەق ، رونىك يېزىقىدا[1] قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا .

— رونىك يېزىقى ؟

— توغرا ! سەن مېنىڭ رونىك يېزىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىمنى خالايسەنغۇ دەيمەن ؟

— بولدى ، ھاجىتى يوق ، — دېدىم مەن غورۇرى دەپسەندە قىلىنغان ئادەمنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ .

بىراق ، تاغام تېخىمۇ كەسكىنلىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى ۋە رەت قىلغىنىمنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي ، مەن بىلىشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى ماڭا چۈشەندۈرگىلى تۇردى .

— رونىك يېزىقى ، — دېدى ئۇ ، — ئىلگىرى ئىسلاندىيىدە ئىشلىتىلگەن بىر خىل يېزىق . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇنى ئاسمان ئىلاھى ئودىن[2] شەخسەن ئۆزى بەرپا قىلغانىكەن ! ھەي ئەدەپسىز بالا ، قېنى كېلىپ ئىلاھنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ

---

① رونىك يېزىقى — مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە قەدىمكى گېرمانلار ئىشلەتكەن بىر خىل يېزىق .

② ئودىن — سكاندىناۋىيە رىۋايەتلىرىدىكى باش ئىلاھ ، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت ، شېئىر ۋە ئۇرۇشلارنى ئىدارە قىلىدىكەن .

يېزىقلاردىن ئوبدان بەھرە ئالغىن !

گەپنىڭ راستىنى دېگەندە ، ئەمدى ئېتىرازغا ئورۇن قالمىغاچقا ، يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ سەجدە قىلىشنى ئويلىدىم ، مۇشۇنداق قىلسام ئاسمان ئىلاھى بىلەن شاھلار خۇشال بولۇشاتتى - دە ، مەڭگۈ بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتىم . بىراق ، شۇ ئەسنادا ، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى .

كىرلىشىپ كەتكەن بىر ۋاراق تېرە قەغەزنى كىتاب قېتىدىن سىيرىلىپ چىقىپ يەرگە چۈشتى .

تاغام دەرھال بۇ نەرسىگە قاراپ ئېتىلدى ، ئۇنىڭ بۇ ئالدىراقسانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، يىراق قەدىمكى زاماندا كونىچە كىتابنىڭ قېتىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ھۆججەتنىڭ قىممىتى مۇقەررەر ھالدا مۆلچەرلىگۈسىز ئىدى .

— بۇ نېمە ؟ — ئۇ توۋلاپ كەتتى .

ئۇ شۇنداق دېگەچ ، تېرە قەغەزنى ئۈستەل ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن قېتىنى ئاۋايلاپ ئاچتى . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش دىيۇيىم ، كەڭلىكى ئۈچ دىيۇيىم بولۇپ ، ئۈستىگە بىرنەچچە قۇر ئوقۇغىلى بولمايدىغان ئىرماش - چىرماش خەتلەر يېزىلغانىدى .

تۆۋەندە نەزىرىڭىزگە چۈشكىنى تېرە قەغەزدىكى يېزىقنىڭ ئەينەن ئۆزى . مېنىڭ كۆپچىلىككە بۇ غەلىتە بەلگىلەرنى كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇۋشۇمدىكى سەۋەب شۇكى ، بۇ بەلگىلەر كېيىنكى كۈنلەردە پروفېسسور لىدىنبوروگ بىلەن جىيەنىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئەڭ غەلىتە ساياھەتنى ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر .



پروفېسسور بۇ يېزىقلارغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كۆزەينىكىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ:

— بۇ رونىك يېزىقى ئىكەن، سىنول تولىسونىڭ قولىيازمىسىدىكى يېزىققا ئوپمۇئوخشاش ئىكەن! لېكىن ··· بۇ يېزىقلار نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغاندۇ؟

مەن رونىك يېزىقىنى بەزى ئالىملار كىشىلەرنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىجاد قىلغانمىكىن دەپ ئويلايمەن، شۇڭا تاغامنىڭ تېرە قەغەزدىكى يېزىقنى پەقەت ئوقۇيالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ بەلكىم ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ كىشى قورققۇدەك تىترەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىدىكى خىيالىم بولۇشى مۇمكىن دەپ خۇشال بولدۇم.

— لېكىن، بۇ قەدىمكى ئىسلاندىيىنىڭ يېزىقى تۇرسا! — ئۇ ئۆزىگە ئۆزى غودۇڭشىدى. پرفېسسور لىدىنبورۇگ بۇنداق يېزىقنى ئوقۇيالىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن تىللارنى بىلەتتى. ئۇنى گەرچە يەر شارىدىكى 2000 دىن ئارتۇق تىل ۋە 4000 دىن ئارتۇق يەرلىك تىللارنىڭ ھەممىسىنى راۋان ئىشلىتەلمەيدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمىنى بىلەتتى.

بۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پەيتلەردە ئۇنىڭ تەرسالىقى تۇۋۇدىن تۇتۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. مەن شۇ تاپتا بىرەر قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بېرىشىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدۇم. ئاسما سائەت ئىككىگە داڭ ئۇردى. شۇ ئەسنادا ئايال خىزمەتكار مارتا كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ دېدى:

— چۈشلۈك تاماق تەييار بولدى.

— كۆتۈر ئۇنداق چۈشلۈك تامىقىڭنى، — تاغام قايناپ كەتتى، — چۈشلۈك تاماق ئەتكەن ۋە چۈشلۈك تاماق يەيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىشىنى قىلسۇن!

قورقۇپ كەتكەن مارتا غىپپىدە چىقىپ كەتتى، ئارقىدىن مەنمۇ چىقىپ، گاراڭ ھالەتتە تاماقخانىدىكى دائىم ئولتۇرىدىغان ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

خېلى بىرھازا كۈتتۇم، پروفېسسور كەلمىدى. بىلىشىمچە، ئۇنىڭ مۇقەددەس چۈشلۈك غىزادىن ۋاز كېچىشى تۈنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. دېمىسىمۇ، بۇ چۈشلۈك تاماق تولىمۇ مول تەييارلانغانىدى! دەسلەپكىسى پېتروشكا شورپىسى، ئاندىن قىيام سېلىپ پىشۇرۇلغان موزاي گۆشى، ئىسلانغان سان گۆشى بىلەن قورۇلغان تۇخۇم ۋە قاقلاپ سىلىنغان چۈچۈمەل قاتلىما، سۇدا پىشۇرۇلغان چوڭ راك بولۇپ، خورۇچىغا ئىشلىتىلگىنى ئۈزۈم ھارىقى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تاغام بىر پارچە كونا قەغەز پارچىسىنى دەپ شۇنچە مول بىر قېتىملىق چۈشلۈك تاماقنى يېمىدى. راستىنى دېگەندە، مەن ئۇنىڭ سادىق جىيەنى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ چۈشلۈك تاماقنى ئۆزۈم ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچۈن يەۋېتىشنى بۇرچۇم دەپ قارايمەن. شۇنىڭ بىلەن قىلچە ئىككىلەنمەي شۇنداق قىلدىم.

— لىدىنبورۇگ ئەپەندى، — دەپ كوتۇلدىغىلى تۇردى مارتا، — تاماق يېمەيدىغان ئىشنى ئەزەلدىن قىلمايتتى!

— بۇنىڭغا راستىنلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

— قارىغاندا، بىرەر چوڭ ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ! — دېدى ياشىنىپ قالغان ئايال خىزمەتكار بېشىنى چايقاپ.

لېكىن، مېنىڭچە، تاغام چۈشلۈك تامىقىنى باشقىلارنىڭ پاكىپاكىز يەۋەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق چىچاڭشىپ كېتىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

مەن ئەڭ ئاخىرقى بىر تال چوڭ راكنى يەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز پروفېسسورنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھۇزۇرلىنىپ تاماق يەۋاتقان پەيزىمۇ ئۇچتى. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا قاراپ چاپتىم.

# 3

— بۇ دەرۋەقە رونىك يېزىقى ئىكەن ، — دېدى پروفېسسور قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا ، — ئۇنىڭ ئىچىگە بىر سىر يوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ ، ئۇنى چوقۇم ئېنىقلايمەن ، بولمىسا ...

ئۇ كەسكىن ھەرىكەت قىلىپ سۇرۇۋاتقان خىيالىنى ئۈزدى .

— ئاۋۇ يەردە ئولتۇر ، — دېدى ئۇ ماڭا مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلنى كۆرسىتىپ ، — سەن يازغىن .

مەن دەرھال تەييار بولدۇم .

— ئەمدى مەن ئىسلاندىيە يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ گېرمان يېزىقلىرىنى ئوقۇيمەن ، سەن ئاڭلىغاچ خاتىرىلىۋالغىن ، ئاندىن بىز نەتىجىسىنى كۆرۈپ باقىمىز . بىراق ، سەن سايىنت مىشېلنىڭ[1] يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ خاتا يېزىپ قويمىغىن .

| | | |
|---|---|---|
| *m . rnlls* | *esreuel* | *seecJde* |
| *sgtssmf* | *unteief* | *niedrke* |
| *kt , samn* | *atrateS* | *Saodrrn* |
| *emtnael* | *nuaect* | *rrilSa* |
| *Atvaar* | *. nscrc* | *ieaabs* |
| *ccdrmi* | *eeutul* | *frantu* |
| *dt , iac* | *oseibo* | *KediiY* |

مەن يېزىپ بولۇشۇم بىلەن تاغام قەغەزنى دەرھال قولۇمدىن تارتىۋالدى - دە ، ئۇنى خېلى بىر ھازا تەتقىق قىلدى .

— بۇنىڭ مەنىسى زادى نېمىدۇ ؟ — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا .

گەپنىڭ راستىنى دېگەندە ، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز ئىدىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغام مەندىن سورىمايتتى ، پەقەت داۋاملىق تۇردە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيتتى :

① سايىنت مىشېل - خرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىسى .

— بۇ بىز دەۋاتقان شىفىرلىق خەت شۇ ، — دېدى ئۇ ، — خەتنىڭ مەنىسى ئەتەي قالايمىقان قىلىۋېتىلگەن ھەرپلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان . ئەگەر ئۇنى ئۆز ئورنىغا قويالىساق ، چۈشەنگىلى بولىدىغان گەپلەرگە ئېرىشەلەيمىز . مېنىڭچە ، بۇنىڭدا ئېھتىمال مەلۇم بىر زور بايقاشقا مۇناسىۋەتلىك چۈشەندۈرۈش ياكى بېشارەت بولۇشى مۇمكىن !

مەن بۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق مەنە بولماسلىقى مۇمكىن دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم ، ئەمما ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئويلىغىنىمنى دېمىدىم .

پروفېسسور قولىغا ھېلىقى كىتاب بىلەن تېرە قەغەزنى ئېلىپ بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى .

— بۇ ئىككى نەرسە بىرلا ئادەمنىڭ قولىدىن چىققان ئەمەس ، — دېدى ئۇ ، — شىفىرلىق خەت بۇ كىتابتىن كېيىن يېزىلغان ، مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭدىن رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتنى تاپتىم . خەتنىڭ باشلانما ھەرپى قوش M ، ئۇنى تولسوننىڭ كىتابى ئىچىدىن ھەرقانچە ئىزدىگەن بىلەنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ ، چۈنكى بۇنداق يېزىش ئۇسۇلى پەقەت 4 - ئەسىردىكى ئىسلاندىيە يېزىقىدىلا قوبۇل قىلىنغان . شۇڭا ، بۇ قوليازما بىلەن شىفىرلىق خەتنىڭ ئارىسىدا ئاز دېگەندىمۇ 200 يىل پەرق بار !

ئېتىراپ قىلىمەنكى ، بۇ تەسەۋۋۇر مەنتىقىگە بىرقەدەر ئۇيغۇن ئىدى .

— شۇڭا ، مېنىڭچە ، — دېدى تاغام گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بۇ سىرلىق بەلگىلەرنى كىتابنى ساقلىغان مەلۇم بىر ئادەم يېزىپ قالدۇرغان . بۇ قارغىش تەگكۈر يىغىپ ساقلىغۇچى زادى كىم بولغىيدى ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بۇ كىتابنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە يېزىپ قالدۇرغانمىدۇ يا ؟

تاغام كۆزەينىكىنى يەنە پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ ، قولىغا گرادۇسى بەكلا چوڭ لوپا ئەينەكنى ئېلىپ ، كىتابنىڭ باشتىكى بىرنەچچە ۋارىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى . ئۇ

ئىككىنچى ۋاراقنىڭ كەينى تەرىپىدە ، يەنى قوشۇمچە ماۋزۇ يېزىلغان بەتتىكى بىر پارچە قارا ئىزنى بايقىدى . ئۇنىڭغا مۇنداقلا قارىسا سىياھنىڭ دېغىدەك قىلاتتى ، لېكىن ئۇنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە سۇرتۇۋېتىلگەن بىرنەچچە ھەرپنىڭ ئىزلىرى كۆرۈندى . تاغام بۇنداق يىپ ئۇچىنى ئەلۋەتتە نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدۇ - دە ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاياجان ئىلكىدە بۇ ئىزلارنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى . ئۇ ئاخىر لوپا ئەينەكنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ بەلگىلەرنى ئاڭقىرىۋالدى - دە ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇ رونىك يېزىقلىرىنى ئوقۇدى :



— ئارنا ساكنوسىم ! ئۇ غالىبلارچە كۆرەڭلىك بىلەن توۋلاپ كەتتى ، — بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىسمى ، يەنى ئىسلاندىيىلىك ئادەمنىڭ ئىسمى ! ئۇ 16 - ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم ، مەشھۇر كىمياگەر !

مەن قايىللىق نەزىرىم بىلەن تاغامغا تىكىلدىم .

— بۇ كىمياگەرلەر ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئىبن سىنا[1] ، فرانسىس بېكون[2] ، رامون رۇئىبېر[3] ، پاراسېلىس[1] ھەممىسى ئاشۇ دەۋردىكى ھەقىقىي ۋە بىردىنبىر ئالىملار . ئۇلارنىڭ بايقاشلىرى بىزنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ . ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بۇ شىفىرلىق خەتنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ زور بايقاشلىرىنى يوشۇرۇپ قويغاندۇ؟ چوقۇم شۇنداق ! چوقۇم شۇنداق !

پىروفېسسورنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى مۇشۇ پەرىزى تۈپەيلى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى .

— توغرا ، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى جاۋاب بېرىپ ، — بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بايقىشىنى يوشۇرۇپ قويۇشىنىڭ نېمە

① ئىبن سىنا — (986 — 1037 ) مەشھۇر ئەرەب ھەكىمى ، پەيلاسوپ ۋە مۇنەججىم .
② فرانسىس بېكون — (1561  1626 ) ئەنگلىيىلىك سىياسىيون ۋە پەيلاسوپ .
③ رامون رۇئىبېر — (1493 — 1541 ) ئىسپانىيىدىكى كاتولونىيىلىك پەيلاسوپ ، ئىلاھىيەتشۇناس ، شائىر ۋە كىمياگەر .
① پاراسېلىس — (1493 - 1541 ) شۋېتسارىيىلىك دوختۇر ۋە كىمياگەر .

زۆرۆرىيىتى باردۇ؟

— نېمە زۆرۆرىيىتى باردۇ؟ نېمە زۆرۆرىيىتى باردۇ؟ ئاھ، مەن نەدىن بىلەي؟ گالىلېيمۇ ئۆزىنىڭ ساتۇرنغا ئائىت بايقاشلىرىنى يوشۇرۇپ قويغان ئەمەسمىدى؟ بىراق، قاراپ تۇرۇڭلار، مەن چوقۇم بۇ شىفىرلىق خەتنىڭ مەنىسىنى يېشىپ چىقىمەن. ئۇنداق قىلالمىسام، تاماق يېمەيمەن، ئۇخلىمايمەن!

ھىم! ... دېدىم ئىچىمدە.

— سەنمۇ ئۇخشاش، ئاكسال، — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا.

«ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، — دېدىم ئىچىمدە، — ھېلىمۇ ياخشى، چۈشلۈك تاماقنى ئىككى كىشىلىك يەپتىكەنمەن.»

— ئالدى بىلەن، — دېدى تاغام يەنە، — چوقۇم بۇ شىفىرلىق خەتنىڭ قايسى خىل تىلدا يېزىلغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك، بەلكىم بۇ ئانچە قىيىن بولماسلىقى مۇمكىن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. تاغام يەنە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگىلى تۇردى:

— بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش يوق. بۇ شىفىرلىق خەتتە 132 ھەرپ بار ئىكەن، ئۇزۇك تاۋۇشتىن 79 ى، سوزۇق تاۋۇشتىن 53 ى، بۇ جەنۇبىي ياۋروپا تىللىرىنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئوخشاش، ئەكسىچە شىمالىي ياۋروپا تىللىرىدا بولسا ئۇزۇك تاۋۇشلار بۇنىڭدىن كۆپ ئارتۇق بولىدۇ، شۇڭا بۇ خەتنى جەنۇبىي ياۋروپادىكى مەلۇم بىر خىل تىلدا يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ھۆكۈم ئىنتايىن توغرا ئىدى.

— ئۇنداقتا، ئۇ قايسى خىل تىلدۇ؟

مەن پروفېسسورنىڭ بۇ مەسىلىگە بېرىدىغان جاۋابىنى كۈتتۈم، ئۇنىڭ تەھلىل قىلىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

ساكنۇسىم دېگەن بۇ ئادەم، — دېدى ئۇ، — بىلىمگە تولغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن ئۇ ئانا تىلىدا يېزىقچىلىق قىلمىغانىكەن، ئۇنداقتا چوقۇم 16 - ئەسىردىكى ئەدىبلەر دائىم

ئىشلىتىدىغان لاتىن تىلىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن . بۇ پەرىزىم خاتا چىقىپ قالسا ، مەن ئۇنى ئىسپان تىلى ، فرانسۇز تىلى ، ئىتالىيان تىلى ، يۇنان تىلى ۋە ئىبراي تىللىرىغىمۇ سېلىپ سىناپ كۆرىمەن . شۇڭا ، ئالدى بىلەن بۇ لاتىن تىلى بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قارايمەن .

مەن ئورۇندۇقتىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتىم . لاتىن تىلى ئۆگەنگەن چاغلىرىمدىكى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىپ ، تاغامنىڭ پەرىزىگە قارشى چىقماقچى بولدۇم . بۇنداق غەلىتە بېزەقلار قانداقمۇ ۋېرگىل[1] ئىشلەتكەن ئاجايىپ گۈزەل تىل بىلەن ئورتاقلىقى بولسۇن ؟

— توغرا ، لاتىن تىلى ، — دېدى تاغام ، — پەقەت ئۇ ئالدى - كەينى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپتۇ .

«بەك ياخشى ! — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — ئەگەر ئۇنى توغرا تەرتىپ بىلەن رەتكە تۇرغۇزالىساڭ ، ئەقلىڭگە بارىكاللا ئېيتىمەن ، تاغا . »

— قېنى ، بىز تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ، باياتىن مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋالغان قەغەز پارچىسىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى ، — بۇ يەردە 132 ھەرپ بار ، يۈزەكى قارىغاندا بۇ ھەرپلەر تەرتىپسىز تىزىلغان . بەزى سۆزلەر پەقەت ئۈزۈك تاۋۇشلاردىنلا تەشكىل تاپقان . مەسىلەن ، بىرىنچى سۆزى m.rnlls ، ئەكسىچە بەزى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇش بەك كۆپ ، مەسىلەن ، بەشىنچى سۆز unteief ياكى كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنچى سۆز oseibo ، بىراق ھەرپلەرنىڭ بۇنداق تىزىلىشى گرامماتىكا قائىدىسىگە پەقەتلا ئۇيغۇن ئەمەس . بۇ ھەرپلەر ماتېماتىكا قائىدىسى بويىچە ، بىز بىلمەيدىغان بىر خىل قانۇنىيەت بويىچە تىزىلغان بولۇشى مۇمكىن . كېيىپ ئېيتىمەنكى ، ئاپتور دەسلەپتە جۈملىلەرنى توغرا يازغان ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئېخى بايقالمىغان بىر خىل قانۇنىيەت بويىچە قايتىدىن تىزىپ چىققان .

---

[1] ۋېرگىل — (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 90 - 17 ) قەدىمكى رىم دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر .

شىفىر ئاچقۇچىنى بىلىۋالساقلا، بۇ خەتنى ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ. بىراق، بۇ ئاچقۇچ نېمىدۇ؟ ئاكسال، سەندە بۇ ئاچقۇچ بارمۇ؟

بۇ سوئالغا مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم، سەۋەبىنى دېمىسەممۇ بۇ كۆپچىلىككە ئايان. نەزىرىم تامدىكى كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان رەسىمگە چۈشتى، بۇ گلاۋبېننىڭ رەسىمى ئىدى. تاغامنىڭ بۇ ئاسراندى قىزى ھازىر ئالتونا[1] دىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ قالغانلىقىدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم ئىدى. چۈنكى، ھازىر مەن شۇنىڭغا ئىقرارمەنكى، بۇ چىرايلىق ۋېرلانلىق قىز بىلەن پروفېسسورنىڭ جىيەنى گېرمانلارغا خاس بولغان سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتاتتى. بىز تاغامغا ئۇقتۇرماي توي قىلىشقا پۈتۈشكەنىدۇق. چۈنكى، تاغام گېئولوگىيىگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەن بولغاچقا، بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گلاۋبېن تولىمۇ جەلپكار قىز، ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى بىلەن كۆك كۆزلىرى قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى لال قىلاتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ئېغىر - بېسىق، ئۆزى سەممىي ئىدى، ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى، مەن بولسام ئۇنى ياخشى كۆرۈشتە ئەگەر گېرمان تىلى بىلەن سۆيەتلەشكە رۇخسەت قىلىدىغان بولسا، ھەتتا چوقۇنۇش دەرىجىسىگە يېتەي دەپ قالغانىدىم. شۇ تاپتا بۇ ۋېرلانلىق قىزنىڭ سىيماسى مېنى رېئال دۇنيادىن خىيالىي دۇنيا ۋە ئەسلىمىلەر ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەنىدى.

مەن گويا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئوينىغان چاغلىرىمدىكى سادىق ھەمراھىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ ھەر كۈنى ماڭا ياردەملىشىپ، تاغامنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك تاشلىرىنى رەتلىشىپ بېرەتتى ۋە ئاندىن مەن بىلەن ئۇلارغا ماركا چاپلايتتى. گلاۋبېن

---

① ئالتونا — گېرمانىيىنىڭ بىر شەھىرى، ئېلبا دەرياسى بويىدا، ھامبۇرگدىن بىر كىلومېتىر نېرىدا.

خىنمىنىمۇ قالتىس مىنېرالوگىست دېيىشكە بولاتتى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار بىلەن تەڭ تۇرسا تۇراتتىكى، ئەمما ئۇلاردىن قىلچە كەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلىم ـ پەندىكى قىيىن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلغاچ، قانچىلىغان شېرىن دەملەرنى بىللە ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى ئەسلىيەلمەيمەن! مەن دائىم ئۇ نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئاستا سىلىسىمۇ، قىلچە تەسىرلەنمەيدىغان ئاشۇ تاشلارغا ھەسەت قىلاتتىم!

دەم ئېلىش ۋاقتى بولدى، بىز ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ، ئارىستوينىڭ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىپ، قەدىمىي ۋە قاراڭغۇ تۇگمەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق؛ كۆل بويىدا تۇرۇپ قارىسا بۇ تۇگمەن تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى؛ بىز قول تۇتۇشقان ھالدا پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. مەن قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى كۈلدۈرۈپ ماڭدىم، شۇنداق قىلىپ، بىز ئېلبا دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاق قۇلار يوغان ياتما نېلۇپەرلەرنىڭ ئارىسىدا لەرزان ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. بىز ئۇلارنىڭ كەچلىكىگە خەيرلىك تىلىگەندىن كېيىن پار كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتتۇق.

مەن شېرىن خىياللىرىمدىن مەستخۇش بولۇپ ئولتۇراتتىم، تاغام تۇيۇقسىزلا ئۇستەلگە مۇشتى بىلەن بىرنى سېلىپ، مېنى رېئال دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلدى.

— سەن قارا، — دېدى ئۇ، — مېنىڭچە، بىرى جۇملىنىڭ ھەرپلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتمەكچى بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىدىغان ئۇسۇل، باشتا توغرىسىغا يازغانلىرىنى قايتىدىن تىك يېزىش.

«شۇنداقمىدۇ؟» دېدىم ئىچىمدە.

— نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. سەن بۇ قەغەزگە خالىغانچە بىر جۈملە سۆزلەرنى يازغىن؛ ئەمما ئالدى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بىر ـ بىرلەپ يازماي، تەرتىپ بويىچە تىك يازغىن، بەش ـ ئالتە قۇر يازساڭلا بولىدۇ.

مەن قانداق يېزىشنى چۈشەندىم - دە ، دەرھال تۆۋەندىكىلەرنى يازدىم :

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| *J* | *m* | *n* | *e* | *G* | *e* |
| *e* | *e* | , | *t* | *r* | *n* |
| *t'* | *b* | *m* | *i* | *a* | ! |
| *a* | *i* | *a* | *t* | *u* | |
| *i* | *e* | *p* | *e* | *b* | |

— ياخشى ، — دېدى تاغام يازغانلىرىمغا قاراپمۇ قويماي ، — ئەمدى بۇ سۆزلەرنى بىر قۇرغا كەلتۈرۈپ تىزىپ چىققىن .

مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم . شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك بىر جۈملە سۆز ھاسىل بولدى :

JmneGe ee, trn t'bmia! aiatu iepeb

— ناھايىتى ياخشى ! — تاغام شۇنداق دېگەچ قەغەز پارچىسىنى قولۇمدىن ئېلىۋالدى ، — قارىغاندا ، بۇ ئاشۇ قەدىمىي شىفىرلىق خەتكە ئوخشىغاندەك قىلىدۇ ؛ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تىزىلىشى شۇنچە قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز ؛ چوڭ يېزىلىدىغان باش ھەرپلەر بىلەن پەشلەر ، ھەتتا سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ، بۇ ساكنۇسېمنىڭ تېرە قەغەزگە يېزىلغانلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش .

مەن تاغامنىڭ تەڭداشسىز قابىلىيىتىگە ئىچىمدە قايىل بولدۇم .

— ئەمدى ، — دېدى تاغام ماڭا بىۋاستىلا مۇراجىئەت قىلىپ ، — سېنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقىڭنى بىلمىسەممۇ ، ئەمما مەن ئۇنى ئوقۇپ بېرىمەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر سۆزنىڭ باش ھەرپىنى تەرتىپى بويىچە بىر يەرگە ئەكېلىش كېرەك ، ئاندىن ئوخشاش تەرتىپ بويىچە ھەربىر سۆزنىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ھەرپلىرىنى قاتارلاشتۇرۇپ تەرتىپكە سالساقلا كۇپايە .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇشقا باشلىدى ، نەتىجە ئۇنى ، بولۇپمۇ مېنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇردى :

ئوماق گلاۋبېن مەن سىنى بەكمۇ سۆيىمەن .

نېمە ؟ — دېدى پروفېسسور .

— شۇنداق ، مەن ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەچكە ، پالاكەتلىك قىلىپ ئىختىيارسىز ھالدا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بۇ سۆزلەرنى يېزىپ قويۇپتىمەن !

— ھـــم ! سـەن گـلاۋبـېـنىنى ياخشى كۆرەمسەن ؟ — ئۇ ھاميلارچە تەلەپپۇزدا مەندىن غەزەپ بىلەن سورىدى .

— شۇنداق ··· ياق ··· — مەن دۇدۇقلاپ كەتتىم .

— ھىم ! گلاۋبېننى ياخشى كۆرىمەن دېگىن ! — دېدى ئۇ بۇ گەپنى ئىختىيارسىز ھالدا تەكرارلاپ ، — بوپتۇ ، ئەمدى بىز بـــۇ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى ماۋۇ شىفىرلىق خەتكە ئىشلىتىپ كۆرەيلى !

تاغام پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەسەۋۋۇر قايىنىمىغا غەرق بولۇپ ، مەن بىخەستەلىك قىلىپ يېزىپ قويغان باياتىنقى گەپلەرنى ئۇنتۇپ كەتتى .

دېمىسىمۇ ، تاغامنىڭ ئالىم كاللىسى ھېسسىيات جەھەتتىكى ئـــشـــلارنى چۈشىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بەختىمگە يارىشا ، شۇ تاپتا ئۇنى تولىمۇ مۇھىم بولغان ھېلىقى شىفىرلىق خەت ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى .

پروفېسسور لىدىنبوروگ ئۆزىنىڭ بۇ مۇھىم تەجرىبىسىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . ئۇ تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن ھېلىقى قەدىمىي تېرە قـەغـەزنـى ئـۇسـتـەلـدىــن يەنە ئېلىپ ، يەنە قويۇپ بارغانسېرى ھـايـاجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى . ئاخىر ئۇ قاتتىق بىر يۆتىلىۋېتىپ ھـەربىر سۆزنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى ھەرپلىرىنى رېتى بويىچە ئـوقـۇغـىـلـى تۇردى . شۇنىڭ بىلەن مەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى خاتىرىلىۋالدىم :

*messunkaSenrA . icefdoK . segnittamurthne*

*certserrette , rotaicsadua . ednecsedsadne*

*lacartniiilu Jsiratrac Sarbmutabiledmek*

*meretarcsiluco YsleffenSnI*

ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەرپنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن مەن قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە قالدىم. مېنىڭچە، مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئوقۇلغان بۇ ھەرپلەر ھېچقانداق مەنە ئىپادىلىمەيتتى؛ شۇنىڭ بىلەن مەن پروفېسسورنىڭ ئاغزىدىن تەنتەنىلىك ھالدا پاساھەتلىك لاتىنچە تاۋۇشلارنى چىقىرىشنى كۈتتۈم.

بىراق، ئويلىمىغانلا بىر ئىش يۈز بەردى! ئۇ غەزەپ بىلەن بىر مۇشت قويۇپ، ئۈستەلنى تىترىتىۋەتتى، سىياھ ھەممە يەرگە چاچرىدى، قولۇمدىكى قەلەممۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— توغرا ئەمەس، تاغام توۋلاپ كەتتى، — بۇنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق!

— ئۇ شۇنداق دېگەچ كۇتۇپخانىسىدىن ئوقتەك ئېتىلغان پېتى چىقىپ، پەلەمپەيدىن خۇددى قار كۆچكەندەك چۈشتى - دە، كونى كوچىسىغا چىقىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

## 4

— ئۇ كەتتىما؟ — چۆچۈپ كەتكەن مارتا ئۆگسۈلى يوق يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ قاتتىق يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى، دېمىسىمۇ بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ پۈتۈن ئۆي تىترەپ كەتكەنىدى.

— ھەئە، — دېدىم جاۋاب بېرىپ، — ئۇ راستتىنلا كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ تېخى چۈشلۈك تاماقنى يېمىگەنىدىغۇ؟ — دېدى ياشانغان خىزمەتكار ئايال گاڭگىرىغان ھالدا.

— ئۇ يېمەيدىغان بولدى.

— ئۇنداقتا، كەچلىك تاماقچۇ؟

— ئۇنىمۇ يېمىگۈدەك.

— نېمە؟ — دېدى مارتا ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ.

— يېمىگۈدەك، ھەي مېنىڭ مارتايىم. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن

تاماق يېمەس بولدى ، بۇ ئۆيدە ئەمدى تاماق يەيدىغان ئادەم يوق ! لېدىنبورۇگ تاغام يېشىش مۇمكىن ئەمەس ئاشۇ قەدىمىي تېپىشماقنى يېشىپ بولمىغۇچە ، ھەممىمىزنىڭ تاماق يېيىشىنى چەكلىدى !

— ئاھ ، پەرۋەردىگار ! ئەمدى بىزگە ئاچلىقتىن ئۆلمەكتىن باشقا يول قالماپتۇ - دە !

مەن «شۇنداق» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم . تاغامنىڭ چەكتىن ئاشقان غەلىتە مىجەزىدىن قارىغاندا ، مۇشۇنداق بولۇشى تەقدىرىمىزگە پۈتۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى . ياشانغان ئايال خىزمەتكار ساراسىمە ئىچىدە ئۇھ تارتقىنىچە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

كۇتۇپخانىدا يالغۇز قالدىم . كاللامدا توساتتىن گلاۋبېننىڭ قېشىغا بېرىپ ، ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتىش ئىستىكى تۇغۇلدى . بىراق ، بۇ يەردىن قانداق ئايرىلغىلى بولار ؟ چۈنكى پروفېسسور ھەر ۋاقىت قايتىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ مېنى ئىزدەپ قالسا قانداق قىلىمەن ؟ ئۇ بۇ سىرنى داۋاملىق يەشمەكچى بولسا قانداق قىلىش كېرەك ؟ بىلىش كېرەككى ، بۇنداق سىرلىق خەتكە يوشۇرۇلغان مەخپىيەتلىكنى ئودىپۇسنىڭمۇ[1] يېشەلىشى ناتايىن ! ئەگەر ئۇ مېنى تاپالماي قالسا قانداق ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن ؟ ئەڭ ئاقىلانە قارار بۇ يەردىن ئايرىلماسلىق . بەختكە يارىشا ، بېسانسونلۇق[2] بىر مىنېرالوگىست يېقىندا ئۆزى ساقلاۋاتقان كۋارتسلىق شىپاتلىرىنى بىزگە بېرىۋەتكەن بولغاچقا ، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىيدىغان ئىش بار ئىدى . شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئىشقا تۇتۇندۇم . مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىپ ھەربىرىگە ماركا چاپلىدىم ، ئاندىن بۇ ئىچى كاۋاك ، پارقىراق

---

[1] ئودىپۇس يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى تېبېس پادىشاھى لايئوسنىڭ ئوغلى . ئۇ كىچىك ۋاقتىدا بىر مۇنەججىم پال ئېچىپ ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئانىسىنى ئەمرىگە ئالىدۇ ، دەپ ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ . ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولىدۇ ، ئەمما تەقدىر - قىسمەت ئالدىدا ئامالسىز قالىدۇ . بىر قېتىم ئۇ ئايال جادۇگەر سفىنكسقا ئۇچراپ قالىدۇ . سفىنكس بولسا ئۆزىگە ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە تېپىشماق ئېيتىدىكەن ، ئەگەر ئۇ تېپىشماقنى تاپالمىسا ئۇنى يەۋېتىدىكەن ، بىراق ئودىپۇس ئۇ ئېيتقان تېپىشماقنى تېپىۋالىدۇ .

[2] بېسانسون فرانسىيىنىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر ، شۋېتسارىيە چېگراسىغا يېقىن جايدا .

كرىستال تاش پارچىلىرىنى ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئىچىگە تىزدىم . بىراق ، بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈللىشەلمىدىم . نېمە ئۈچۈندۇر كاللامغا ھېلىقى شىفىرلىق خەت كىرىۋېلىپ ئارامىمنى بۇزدى . كاللام مالىماتاڭلىشىپ ، بىر خىل شۈملۈقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدۇم ، شۇنىڭ بىلەن بىرەر بالا - قازا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك ئويغا كېلىپ قالدىم .

بىر سائەتتىن كېيىن شىپاتلارنى رەتلەپ بولدۇم ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئوترېخت يۇڭ توقۇلمىسى قاپلانغان تۇتقۇچلۇق ئورۇندۇقتا ئوڭدىسىغا سۇنايلىنىپ ياتتىم . مەن مۇشتىكىمنى تۇتاشتۇردۇم ، بۇ مۇشتەك ئۆزۈن ھەم ئەگرى بولۇپ ، مۇشتەكنىڭ ئوتخانىسى چۆرىسىگە يانچە ياتقان پەرىزاتنىڭ رەسىمى ئويۇلغانىدى ؛ مەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تاماكىنىڭ ئاستا - ئاستا كۆيۈشى بىلەن ئىسلارنىڭ پەرىزاتنى قارايتىپ بىر زەڭگىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشىنى تاماشا قىلدىم . پات - پات تۆۋەنگە قۇلاق سالدىم . بىراق ، ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانمىدى . تاغام شۇ تاپتا نەلەردە يۈرىدىغاندۇ ؟ مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايلىق ئالتۇنا كوچىسىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، ھاسىسى بىلەن تاملارغا ئۇرۇپ ، يول بويىدىكى ئوت — چۆپلەرنى ساۋاپ ياتقۇزۇۋەتكەنلىكىنى ، شۇنىڭ بىلەن كۆلدە بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق قۇلارنىڭ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى قىياس قىلدىم .

ئۇ غەلىبە شادلىقى بىلەن كىرىپ كېلەرمۇ ياكى غەمكىن چىراي سالپىيىپ كېلەرمۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مەخپىيەتلىكتىن قايسىسى ياماندۇ ؟ مەن ئۆزۈمگە ئاشۇنداق سوئاللارنى قويغاچ ئىختىيارسىزلا قولۇمغا ھېلىقى قەغەز پارچىسىنى ئالدىم ، ئۇنىڭدا مەن يازغان چۈشىنىكسىز ھەرپلەر تىزىلىپ تۇراتتى ، ئاغزىمدىن :

— بۇنىڭ مەنىسى زادى نېمىدۇ ؟ — دېگەن سۆزلەر پوسۇققىدە چىقىپ كەتتى .

مەن بۇ ھەرپلەردىن بەزى سۆزلەرنى ھاسىل قىلماقچى

بولدۇم ، ئەمما مۇمكىن بولمىدى ! مەن ھەرپلەرنى ئىككى ، ئۈچ ، يەنە بەش ياكى ئالتىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ گۇرۇپپىلىغان بولساممۇ ، ئەمما بۇلاردىن ھېچقانداق مەنە چىقمىدى . ئەلۋەتتە ، ئون تۆتىنچى ، ئون بەشىنچى ۋە ئون ئالتىنچى ھەرپلەرنى قوشۇپ گۇرۇپپىلىغاندا ئىنگلىزچىدىكى «مۇز» (ice) ، سەكسەن تۆتىنچى ، سەكسەن بەشىنچى ۋە سەكسەن ئالتىنچى ھەرپلەرنى قوشۇپ گۇرۇپپىلىغاندا ئىنگلىزچىدىكى «ئەپەندى» (sir) دېگەن سۆزلەر ھاسىل بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، شىفىرلىق خەتنىڭ ئۈچىنچى قۇرىدا مەن يەنە لاتىنچىدىكى «چاق» (rota) ، «كۆپ ئۆزگىرىش» (mutabile) ، «غەزەپلىنىش» (ira) ، «ياق» (nec) ، «شەپقەتسىز» (atra) دېگەن سۆزلەرنى ئۇچراتتىم .

«قارغىش تەگكۇر ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — بۇ لاتىنچە سۆزلەر تاغامنىڭ شىفىرلىق خەتنىڭ تىلى ھەققىدىكى قىياسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتامدۇ نېمە !» مەن ھەتتا تۆتىنچى قۇردىكى luco دېگەن سۆزنى ئۇچراتتىم ، بۇ «مۇقەددەس ئورمان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، بىراق ، مەن يەنە تېخى ئۈچىنچى قۇردا ئىبراي تىلىغا بەكمۇ ئوخشايدىغان سۆز tabile نى ئۇچراتتىم ؛ ھالبۇكى ، ئەڭ ئاخىردىكى قۇردا mers (دېڭىز) ، arc (كامالەك) ، mere (ئانا) دېگەن سۆزلەرنى ئۇچراتتىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلچەملىك فرانسۇزچە سۆزلۇكلەر ئىدى .

ئادەمنىڭ كاللىسىنى قايدۇرۇپلىۋەتتىغۇ ! بۇ بىمەنە جۈملىلەرنىڭ ئىچىدە بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تۆت خىل تىلنىڭ بار ئىكەنلىكىنى قارىمامدىغان ! «مۇز» ، «ئەپەندى» ، «غەزەپلىنىش» ، «شەپقەتسىز» ، «مۇقەددەس ئورمان» ، «كۆپ ئۆزگىرىش» ، «ئانا» ، «كامالەك» ، «دېڭىز» دېگەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق باغلىنىش باردۇ ؟ ئادەمنى ئويغا سالىدىغىنى پەقەت بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى بىر سۆز ؛ ئىسلاندىيە تىلىدا يېزىلغان بۇ شىفىرلىق خەتتە «مۇز دېڭىز» دېگەن سۆزنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ، لېكىن خەتنىكى

باشقا مەزمۇنلارنى بىلىش باشقا بىر گەپ .

شۇنداق قىلىپ ، مەن يېڭىش مۇمكىن بولمايدىغان قىيىنچىلىق بىلەن جەڭگە چۈشۈپ كەتتىم ؛ كاللام قىزىدى ، كۆزلىرىم قەغەز پارچىسىدىكى ھەرپلەرگە مىختەك قادالدى ؛ 132 ھەرپ خۇددى بېشىمىز ئۈستىدە كۈمۈش شارلارغا ئوخشاش چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ، غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتتى .

مەن بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ قاينىمىغا چۈشۈپ قالدىم ؛ نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىپ ھاۋا يېتىشمەي قالدى . مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ قەغەز پارچىسى بىلەن ئۆزۈمنى يەلپۈشكە باشلىدىم . ئاخىر قەغەز پارچىسىنىڭ ئۇدۇل تەرىپى بىلەن كەينى تەرىپى نۆۋەت بىلەن كۆز ئالدىمدا زاھىر بولۇشقا باشلىدى .

مەن قەغەزنى ئىتتىك يۆلەڭلىتىۋاتقان چېغىمدا ، كۆزلىرىم قەغەز پارچىسىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ قالدى ـ دە ، قاتتىق ھەيرەتتە قالدىم ! چۈنكى مەن تولىمۇ ئېنىق يېزىلغان بەزى سۆزلەرنى كۆرۈپ قالغانىدىم . ھالبۇكى ، بۇ لاتىنچە craterem (يانار تاغ ئېغىزى) ۋە terrestre (يەر شارى) دېگەن سۆزلەر ئىدى !

كاللامدا بىردىنلا ئىلھام ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى ، بۇ سۆزلەردىن مەن بۇ شىفىرلىق خەتنىڭ ھەقىقىي جاۋابىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم . شىفىرنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋالغانىدىم ، يەنى بۇ خەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن قەغەز پارچىسىنى كەينىگە ئۆرۈپ ئوقۇسىلا بولاتتى ! توغرا ، مۇشۇنداق قىلغاندا مەن يېزىۋالغان سۆزلەرنىڭ تەرتىپى بىلەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوڭۇشلۇق ئوقۇغىلى بولاتتى .

پروفېسسورنىڭ ئاقىلانە قىياسلىرىنىڭ ھەممىسى رېئاللىققا ئايلاندى . ئۇنىڭ ھەرپلەرنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى ۋە شىفىرلىق خەتكە ئىشلىتىلگەن تىل ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي توغرا ئىكەن . ئۇ پەقەت ئازراقلا تولۇقلىما قىلسا ، لاتىنچە تىلدا يېزىلغان بۇ سۆزلەرنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىقالايتتى .

ھالبۇكى ، بۇ تولۇقلىمىنى مەن مەقسەتسىزلا بايقاپ قالغانىدىم ! سىلەر مېنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقىمنى پەرەز قىلالايسىلەر ! كۆزلىرىم غۇۋالىشىپ ، نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەي قالدىم . قولۇمدىكى قەغەز پارچىسىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويدۇم . ئەمدى مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭدىكى سىرنى يېشەلەيتتىم .

ئاخىر ھاياجانلىق كەيپىياتىم سەل پەسكويغا چۈشتى . مەن زورىغا ئۆي ئىچىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن روھىي ھالىتىم ئەسلىگە كەلدى . ئاندىن مەن تۇتقۇچلۇق كەڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم .

— قېنى ئويلىنىپ باقايلى ، — دېدىم چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزۈمگە .

مەن ئۈستەلگە ئېڭىشكىنىمچە بارمىقىم بىلەن ھەربىر ھەرپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلچە ئىككىلەنمەيلا بۇ خەتتىكى ھەممە سۆزلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇپ چىقتىم .

ئوقۇپ بولۇشۇم بىلەن تەڭ خۇددى بىرى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغاندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم ! نېمە ؟ تېخى بىرى مەن يېشىپ ئوقۇغان ئاشۇ ئىشنى قىپتۇما ؟ تېخى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئاشۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلغىنىنى قارىمامدىغان !

— ۋاي ! — مەن ئىككىدە تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتىم ، — ياق ! ياق ! تاغامغا بۇ ئىشنى بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ ! ئۇ ئەگەر بۇ ساياھەتتىن خەۋەر تاپىدىغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ ! ئۇ چوقۇم ئاشۇ ئىشنى قىلىپ ، سىناپ كۆرمەي بولدى قىلمايدۇ ! ھېچقانداق نەرسە ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ ! ئۇ تولىمۇ جاھىل گېئولوگ ! ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي بېرىۋېرىدۇ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ ، بۇنداق قىلساق قايتىپ كېلەلمەيمىز ! مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيمىز !

بەكلا ھاياجانلىنىپ ئۆزۈمنى بېسىۋالالمايلا قالدىم .

«ياق ! ياق ! ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ ، —

دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە قەتئىيلىك بىلەن، — قولۇمدىن بۇ مۇستەبىتنىڭ ھەقىقىي جاۋابقا ئېرىشىشىنى توسۇش كەلگەننىكەن، ئۇ ھالدا چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك. لېكىن، ئۇ بۇ قەغەز پارچىسىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ يۇرۇپ، ھامىنى ئۇنىڭدىكى بۇ سىرنى بايقىۋالىدۇ! شۇڭا ئۇنى يوقىتىۋېتىشىم كېرەك!»

تام مەشتىكى ئوت ئۆچەي دەپ قالغانىدى. مەن ئاشۇ قەغەز پارچىلىرىنى ئالدىم، يەنە ساكنوسىمنىڭ قوي تېرىسى بىلەن مۇقاۋىلانغان كىتابىنىمۇ ئالدىم ۋە ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ھەممىسىنى ئوتقا تاشلاپ، بۇ خەتەرلىك مەخپىيەتلىكنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، دەل شۇ پەيتتە، كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ تاغام كىرىپ كەلدى.

## 5

مەن ئالمان ـ تالمان قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم. پروفېسسور لىدىنبورۇگ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەپەككۇر قاينىمىغا غەرق بولغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاشۇ خەت پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ چوقۇم ئىنچىكە تەتقىق قىلغان ھەمدە بارلىق تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشقا سالغان گەپ، شۇڭا ئۇ يېڭىچە بىر خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

دەرۋەقە، ئۇ ئۇتتۇچلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ماتېماتىكا فورمۇلىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرنېمىلەرنى يازغىلى تۇردى.

مەن ئۇنىڭ تىترەۋاتقان قولىغا قارىغىنىمچە ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدىم. ئۇ تۇيۇقسىز كۈتۈلمىگەن بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىپ قالارمۇ؟ مېنى بىردىنلا غەلىتە تىترەك بېسىپ كەتتى، چۈنكى مەن ئالىلىقاچان ھەقىقىي ۋە «بىردىنبىر» جاۋابنى تېپىپ بولدۇم ـ دە، باشقا ھەرقانداق ھەل قىلىش ئۇسۇلى بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۈچ سائەت ۋاقىت ئىچىدە تاغام بىر ئىغىزمۇ ئۈنچىقماي ئىشلىدى، ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى، پەقەت يازغانلىرىنى سىزىۋېتىپ قايتىدىن يازدى، سىزىۋېتىپ ئاندىن يەنە يازدى.

شۇنىسى ماڭا ئايانكى، ئەگەر تاغام بۇ ھەرپلەرنى تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىقالىسا، ئۇ ھالدا بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇغىلى بولاتتى، لېكىن پەقەت 20 ھەرپىنى 2,432,902,008,176,640,000 خىل رەتلىگىلى بولىدىغانلىقىمۇ ماڭا ئايان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ جۈملىلەردە بولسا 132 ھەرپ بار، بۇ ھەرپلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ گۇرۇپپىلاپ چىققاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان جۈملىلەرنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىش تولۇپ، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تاغامنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بۇ خىل باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى.

ۋاقىت ئىتتىك ئۆتمەكتە، قاراڭغۇمۇ چۈشتى، كوچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارمۇ بېسىقتى. بىراق، تاغام تېخىچە بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي خىزمەت قىلىۋاتاتتى، باشقا ئىشلار بىلەن پەقەتلا كارى بولمىدى، ئۇ ھەتتا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلگەن مارتانىمۇ كۆرمىدى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئايال خىزمەتكارنىڭ:

— ئەپەندى، بۈگۈن كەچلىك تاماق يەمسىز؟ — دەپ سورىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى.

جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن مارتا جىممىدە چىقىپ كەتتى. مەن خېلى غەيرەت قىلىپ باققان بولسامۇ، ئەمما ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي ساپادا ياتقىنىمچە ئۇخلاپ قالدىم. تاغام لىدىنبورۇگ بولسا يەنىلا توختىماي ھېسابلاپ سىزغىنى سىزغان.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانسام، ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان بۇ ئادەم تېخىچە خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ، چىرايى تاتىرىپ، چاچلىرىمۇ بۆلەكچىلا پاخپىيىپ

كېتىپتۇ ، مەڭزلىرى كۆپچۈپ هال رەڭ تۇسكە كىرىپ قاپتۇ . بـۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەر بـىـلـەن قـانـچىلىك ھەپىلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى . كـېچىدىن بۇيان تاغام بۇ ئىشقا قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ، قانچىلىك باش قاتۇرغاندۇ ـ ھە !

راسـتـىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭغا سەل ئىچىم ئاغرىپ قالدى . تـاغـامـنـى ئـەيىبلەشكە ئۆزۈمنى ھەقلىق ھېسابلىساممۇ ، ئەمما ھـايـاجانلىنىشتىن خالىي بولالمىدىم . بۇ بىچارە ئادەم ئۆزىنىڭ دېگـىـنـىـدە شۇ قەدەر جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇراتتىكى ، ھەتتا ئاچچىقلىنىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى . ئۇ بارلىق زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى بىـر نـۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالغاچقا ، ئاچچىقلىنىشقا چولىسى تـەگمەي قالغاندەك ئىدى . مەن بۇ خىل بېسىمنىڭ ھەر ۋاقىت پارتلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم .

مەن پەقەت بىرەر ھەرىكەت ياكى بىرەر ئېغىز گەپ قىلسام ئـۇنـىـڭ بېشىدىكى تۆمۈر چەمبىرەكنى ئېلىۋېتەلەيتتىم ، بىراق ئۇنداق قىلمىدىم . بۇمۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم ئىدى . مۇشۇنداق ئـەھۋالدا نېمە ئۈچۈن جىم بولۇۋالىمەن ؟ بۇ ئەلۋەتتە تاغامنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىدى .

«ياق ! ياق ! — دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە ، — ئۇنىڭغا ئېيتىشقا بـولـمـايـدۇ ! ئۇ چوقۇم بارىدۇ ، مەن ئۇنى چۈشىنىمەن ؛ ئۇنى ھېچقانداق ئىش توسۇپ قالالمايدۇ . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى خۇددى يانار تاغدەك كۈچلۈك ، باشقا گېئولوگلار قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىكىشتىن يانمايدۇ . مەن چوقۇم جىم تۇرۇۋېلىشىم كېرەك ، تاسادىپىي بايقاپ قالغان بۇ مەخپىيەتلىكنى كـۆڭـلۈمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك ! دەپ قـويسام ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىمەن ! ئۆزى تېپىۋالسا ئۆزىنىڭ ئىشى ، بولمىسا ، مەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى ھالاكەت يولىغا باشلاپ قويغانلىقىمدىن پۇشايمان يەپ يۈرمەي يەنە !»

مۇشۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈشكە

باشلىدىم . لېكىن ، مەن بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن كۆتۈلمىگەن بىر تاسادىپىيلىقنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم .

ئايال خىزمەتكار كۆكتات سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ، دەرۋازىنىڭ قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى ، ئاچقۇچ قۇلۇپتىمۇ كۆرۈنمەيتتى ، كىم ئېلىپ كەتكەندۇ ؟ قارىغاندا ، ئۇنى ئاخشام تاغام سىرتنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندە ئېلىپ كېتىپتۇ ـ دە .

ئۇ بۇ ئىشنى قەستەن قىلغانمىدۇ ؟ ئەجەبا ئۇ بىزنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچىمىكىنە ؟ مەن بۇنداق دېيىشنىڭ سەل ئارتۇق كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ئەجەبا ، مارتامۇ بىز بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بىر ئىشنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەرمۇ ئەمدى ؟ شۇ ئەسنادا ئۆتكەندە يۈز بەرگەن ، جىنىمىزنى ئېلىپ يېنىمىزدا قويغان بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى . بۇ بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىش ئىدى . تاغام ئۆزىنىڭ مىنېراللارنى تۈرلەرگە ئايرىيدىغان ئۇلۇغۋار ئىشنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى . ئۇنىڭ تاماق يېمىگىنىگە 48 سائەت بولغانىدى . ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نائىلاج ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن تاماقتىن پەرھىز تۇتقانىدى . شۇ تۇپەيلى ، مەندەك بىر ئىشتىھالىق ياشمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئاشقازان تارتىشىپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدىم .

قارىغاندا ، بۈگۈنكى چۈشلۈك تاماقمۇ تۈنۈگۈنكى كەچلىك تاماققا ئوخشاش يوققا چىققاندەك قىلاتتى . بىراق ، مەن جۈرئىتىمگە ئېلىپ ئاچلىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەسلىككە نىيەت قىلدىم . بۇ ئىشنى تولىمۇ ئېغىر ئالغان مارتانىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى . سىرتقا چىقالمايۋاتقانلىقىم ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى كۆپچىلىككە دېمىسەممۇ ئېنىق ئىدى .

تاغام خىزمەت قىلغىنى قىلغان ، ئۇ شۇ تاپتا تۈرلۈك ھەل قىلىش لايىھىلىرى ئىچىگە غەرق بولغانىدى . ئۇ گەرچە ئىنسانلار

ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانىي ياشاش مەئىشەتلىرىدىن تولۇق ۋاز كەچكەندەك ئىدى.

چۈش بولدى، ئاشقازىنىم ئاچلىقتىن چىدىغۇسىز مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى. بىگۇناھ مارتا ئاخشام ئىشكاپتىكى ئىششىپ قالغان تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتكەن بولغاچقا، ئەمدى ئۆيدە يېگۈدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى. بىراق، بۇ مېنىڭ شان ـ شەرىپىمگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش بولغاچقا، چىدىماي ئىلاجىم يوق ئىدى.

ۋاقىت چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولدى، ئەھۋال ئەمدى تولىمۇ بىمەنىلىشىپ، ئادەم چىدىغۇسىز ھالغا بېرىپ قالدى. مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتكىنىمچە ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلىگىلى تۇردۇم: «مەن بۇ شىفىرلىق خەتنىڭ مۇھىملىقىنى بەكلا كۆپتۈرۈۋەتتىم، تاغام ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇ بۇنى پەقەت بىر مەيدان ئالدامچىلىق دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىگەندە، ئۇ ئەگەر خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى ئويلىغان ھالەتتىمۇ ئۇنى مەن توسۇپ قالالمايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىفىرنى يېشىش ئاچقۇچىنى ئۇ ئۆزىمۇ تاپالىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا مەن ئاچلىق ئازابىنى بىكاردىن ـ بىكار تارتقان بولمامدىمەن.»

تۈنۈگۈن بۇ باھانە ـ سەۋەبلەرنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغان بولسام، ئەمدىلىكتە ئۇنى تولىمۇ يوللۇق دېگەن تونۇشقا كەلدىم. مەن ھەتتا بۇنچە ئۇزۇن كۈتۈشنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق دەپ ئويلاپ، ھەممىنى تاغامغا ئېيتىش قارارىغا كەلدىم.

مەن مۇۋاپىقراق ئۇسۇل ئارقىلىق گەپ تېشىشكە تەمشىلىپ تۇرۇشۇمغا، پروفېسسور ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بېشىغا شىلەپىسىنى كىيىپ سىرتقا چىقىشقا تەمشەلدى.

قانداق گەپ بۇ! ئۇ يەنە سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىزنى ئۆيگە سولاپ قويىدىغان ئوخشىمامدۇ! بولمايدۇ!

— تاغا، — دەپ چاقىردىم.

قارىغاندا، ئۇ ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى.

— لىدىنبورۇگ تاغا! — مەن ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر

قىتىم چاقىردىم .

— ھە ؟ — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز ئويغانغان ئادەمدەك .

— ھېلىقى ئاچقۇچ قانداق بولدى ؟

— نېمە ئاچقۇچ ؟ دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىما ؟

— ياق ، — دېدىم ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ ، — شىفىرلىق خەتنىڭ ئاچقۇچى !

پروفېسسور كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن ماڭا قارىدى ، دېمىسىمۇ ئۇ مېنىڭ كەيپىياتىمنىڭ بۆلەكچە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى ، شۇڭا بىلىكىمنى كۈچ بىلەن قاماللاپ تۇتۇۋالدى ۋە ئاغزى گەپكە كەلمەي ، كۆزلىرى بىلەن مېنى سوراقىقا تارتتى . دەرۋەقە ، ئۇنىڭ نېمىنى سورىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم .

ئۇ خۇددى مەن بىر ساراڭدەك ، ئىچ ئاغرىتقان تەرزدە ماڭا قاراپ بېشىنى چايقىدى .

مەن بېشىمنى تېخىمۇ كەسكىن لىڭشىتتىم .

ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى - دە ، بىلىكىمنى تۇتۇۋالغان قولى ئامبۇردەك قىسقىلى تۇردى .

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، بۇ خىل ئۇنسىز دىئالوگلار چەتتە قاراپ تۇرغان ئەڭ بىغەم كىشىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان بولاتتى .

تاغام ھاياجاندىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي مېنى شۇ قۇچاقلىغىنىچە سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم . بىراق ، ئۇنىڭ تەقەززالىقى چېكىگە يەتكەن بولغاچقا ، مېنىڭ جاۋاب بەرمەي ئامالىم بولمىدى .

— توغرا ، ئاشۇ ئاچقۇچ ... مەن تاسادىپىيلا ...

— سەن نېمە دەۋاتىسەن ؟ — ئۇ ۋارقىراپ كەتتى ، شۇ تاپتىكى ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى .

— بۇنىڭغا قاراڭ ، — مەن بىر ياقتىن سۆزلىگەچ ، يەنە بىر ياقتىن ئۆزۈم خەت يازغان قەغەز پارچىسىنى ئۇنىڭغا بەردىم ، — سىز ئوقۇپ كۆرۈڭ .

— بۇنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق تۇرسا ! — دېدى ئۇ قەغەز پارچىسىنى پۇرلەپ .

— بېشىدىن باشلاپ ئوقۇسا ئەلۋەتتە ھېچبىر مەنە چىقمايدۇ ، لېكىن كەينىدىن باشلاپ ...

مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە پروفېسسور ۋارقىراپ كەتتى ، بۇنى ۋارقىراش دېگەندىن كۆرە ، ھۆركىرەش دېگەن تۇزۇك ئىدى ! ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئىش كەلدى - دە ، چىرايى پورۇشۇپ كەتتى .

— ئاھ ! ئەقىللىق ساكنوسىم ! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ ، — ئەجەبا سەن دېمەكچى بولغىنىڭنى تەتۈر يازغانمىدىڭ ؟

ئۇ قەغەز پارچىسىنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كەلدى - دە ، كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ ، تىترەك ئاۋاز بىلەن بۇ شىفىرلىق خەتنى تۆۋەندىن - يۇقىرىغا ئوقۇپ چىقتى .

بۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى :

In Sneffels Yoculis craterem kem delibat umbra Scartaris Julii intra calendas descende,audas viator,et terres tre centrum attinges kod feci. Arne Saknussemm.

بۇ قاملاشمىغان لاتىنچە سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە :

**ئىيۇل يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ، سكارتالىسنىڭ سايىسى سنافېردىكى يوكۇر يانار تېغىنىڭ ئېغىزىغا چۈشىدۇ . باتۇر ساياھەتچى ، ئەگەر سەن مۇشۇ يانار تاغ ئېغىزىدىن تۆۋەنگە چۈشسەڭ ، يەر مەركىزىگە يېتىپ بارالايسەن . مەن بېرىپ كەلدىم . ئارنا ساكنوسىم .**

شىفىرلىق خەتنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەن تەڭ تاغام گويا توك سوقۇۋەتكەندەك دىڭگىدە سەكرەپ كەتتى . ئۇنىڭ غەيرەت -

شجائىتى ۋە ئىشەنچى ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىشقا ئۆزگەردى . ئاخىر تاغام ئۇياقتىن ـ بۇياقتا مېڭىپ ، قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللايتتى ، ئورۇندۇقنى ئۇياق ـ بۇياقتا يۆتكەپ ، كىتابلارنى دەستىلەيتتى . ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى ، ئۇ ئاشۇ قىممەتلىك خرۇستاللارنى ئۇياق ـ بۇياقتا ئاتاتتى . تاغام ئۇ يەرگە بىر مۇشت سالسا ، بۇ يەرگە شاپىلاقلاپ قوياتتى ، ئاخىر ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ ، خۇددى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئادەمدەك تۇتقۇچلۇق ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

— ھازىر سائەت قانچە بولدى ؟ — سورىدى ئۇ بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن :

— سائەت ئۈچ بولدى ، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن .

— شۇنداقمۇ ؟ يېگەن چۈشلۈك تامىقىم ھەزىم بولۇپ بوپتۇ ، قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەيلا دېدىم . تاماق يەيلى ، ئاندىن كېيىن ...

— ئاندىن كېيىن ؟

— ئاندىن كېيىن سەن يۈك ـ تاقلىرىمنى تەييارلاپ بېرىسەن .

— نېمە ؟ — مەن ۋارقىراپ كەتتىم .

— يەنە تېخى سەنمۇ يۈك ـ تاقلىرىڭنى تەييارلايسەن ، — رەھىمسىز پروفېسسور شۇنداق دېگەچ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

## 6

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنى تىترەك بېسىپ كەتتى ، لېكىن مەن بەرداشلىق بەردىم ، ھەتتا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا ئۇرۇندۇم . بۇنداق چاغدا پروفېسسور لىدېنبورۇگنى پەقەت ئىلمىي دەلىللەرلا توسۇپ قالالايتتى . بۇنداق ئىلمىي ئاساسلار ناھايىتى كۆپ ھەم قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ ، بۇنداق ساياھەتنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا تامامەن يېتەرلىك ئىدى . يەر مەركىزىگە بېرىش ! نېمىدېگەن

غالجىرانە خىيال ـ ھە! مەن پەيتى كەلگەندە ئاندىن مۇنازىرىلىشىشتىكى قابىلىيىتىمنى ئىشقا سالاي، ھازىرچە ئالدى بىلەن تاماق يېيىش مۇھىم.

مەن بۇ يەردە تاغامنىڭ ئۈستى قۇرۇق تاماق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قىلغان قەغىشلىقلىرىنى دەپ يۈرمەي. ئەھۋال تېزلا ئېنىق بولدى. ئايال خىزمەتكار مارتا قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئۇ يۇگۇرگىنىچە بېرىپ كۆكتات بازىرىدىن بىرنېمىلەرنى سېتىۋېلىپ كەلدى، دېمىسىمۇ ئۇ بەكلا چەبدەسلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر سائەتتىن كېيىن بىزنىڭ ئاچلىقتىن غولدۇرلاپ كەتكەن قورساقلىرىمىز تىنچىدى. بىز يەنە رېئاللىققا قايتىپ كەلدۇق.

تاغام تاماقنى بەكمۇ كۆڭۈللۈك يېدى، تاماق ئۈستىدە تېخى بەزى چاقچاق گەپلەرنى قىلىپ، ئالىملىق سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان يۇمۇرلارنىمۇ سۆزلەپ ئۆلگۈردى. تاتلىق ـ تۈرۈملار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا كەينىمدىن كۇتۇپخانامغا ماڭ دەپ ئىما قىلدى.

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇ يېزىق شىرەسىنىڭ بىر بېشىدا ئولتۇردى. مەنمۇ يەنە بىر بېشىغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

— ئاكسال، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — سەن ئەقىللىق بالا، مەن ئۈمىدسىزلىنىپ، بۇ ئىشتىن قول ئۈزەي دەۋاتقاندا چوڭ ياردەم قىلدىڭ. بۇنداق بولمىغىنىدا قانچىلىك ھەرەج تارتىدىغانلىقىمنى كىم بىلسۇن! مەن بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن، بالام، سەن مەن بىلەن بىز ئېرىشىدىغان بارلىق شان ـ شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولىسەن.

«بولدى، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش شان ـ شەرەپ ھەققىدە پاراڭلاشمىسام بولمىدى.»

— ئەڭ مۇھىمى، — دېدى تاغام گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، بۇ

مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلىشىڭ كېرەك ، چۈشەندىڭمۇ ؟ ئىلىم ساھەسىدە ماڭا ھەسەت قىلىدىغانلار ئاز ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنى مۇشۇنداق ساياھەت ئېلىپ بېرىشنى ئويلايدۇ ، شۇڭا ئۇلار بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بۇ مەخپىيەتلىكتىن خەۋەر تېپىشى كېرەك .

— مېنىڭچە ، — دېدىم مەن ، — راستتىنلا مۇشۇنداق كۆپ باتۇر ئادەم بارمىدۇ ؟

— ئەلۋەتتە بار ! مۇشۇنداق شان ـ شەرەپ ئالدىدا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان ئادەمنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ ئەگەر بۇ شىفىرلىق خەت ئاشكارا ئېلان قىلىنىۋېتىلسە ، ئۇ چاغدا تويتوغرا بىر كورپۇس كېلىدىغان گېئولوگلار ئارنا ساكنوسمنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى ئىزدەشكە چۈشۈشى تۇرغان گەپ !

— بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن ، تاغا ، چۈنكى بۇ شىفىرلىق خەتنىڭ راستلىقىغا ئىسپات بولىدىغان ھېچنېمە يوق تۇرسا .

— نېمە ؟ ئۇنداقتا ھېلىقى كىتابچۇ ؟ بىز بۇ خەتنى كىتاب ئىچىدىن بايقىدۇق ئەمەسمۇ .

— مەن بۇ گەپلەرنى ساكنوسمنىڭ يازغانلىقىغا ئىشىنىمەن ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ راستتىنلا ئاشۇنداق ساياھەت ئېلىپ بارغانلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ . بۇ قەدىمىي تېرە قەغىزى ئەتەي ئويۇنلاشتۇرۇلغان ساختا كۆرۈنۈش بولسىچۇ ؟

ئاخىرقى گەپنى تەنتەكلىك قىلىپ دەپ سالغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم . پروفېسسورنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى . مەن سۆھبىتىمىز ئەمدى سوغا چىلىشىدىغان بولدى ، دەپ ئەنسىزلىككە چۈشتۇم . ھېلىمۇ ياخشى ، بىرەر ئىش يۈز بەرمىدى . مېنىڭ بۇ تەلەپچان سۆھبەتدىشىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى :

— بۇنى بىز كېيىن بىلىمىز .

— ۋاي ! — مېنىڭ سەل ئاچچىقىم كەلدى ، — بۇ شىفىرلىق خەتكە بولغان ئوخشىمىغان پىكىرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېيىشكە رۇخسەت قىلىسىڭىز .

— سۆزلەۋەرگىن بالام ، خىجىل بولما . سىنىڭ پىكرىڭنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەركىنلىكىڭ بار . سەن مېنىڭ جىيەنىم ئەمەس ، بەلكى خىزمەتدىشىم ، قېنى سۆزلەۋەرگىن .

— ياخشى ، مەن ئالدى بىلەن يوكۇر ، سىنافېر ، سىكارتالىسلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىم كېرەك ، بۇنداق سۆزلەرنى مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان .

— بۇ تولىمۇ ئاسان ئىش . يېقىندا مېنىڭ لىيپىزدىكى دوستۇم ئاۋغۇست پېتېرمان ماڭا بىر خەرىتە سوۋغا قىلغانىدى ، ئۇ تازىمۇ دەل ۋاقتىدا كەپتىكەن ، سەن ماڭا كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئىككىنچى تارتمىسى تۆتىنچى بۆلەكتىكى ئۇستىگە Z بەلگىسى سېلىنغان ئۇچىنچى خەرىتىنى ئەكېلىپ بەرگىن .

مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ ، بۇ ئېنىق يوليورۇق بويىچە لازىملىق خەرىتىنى تېپىپ ئەكەلدىم . تاغام خەرىتىنى ئېچىپ دېدى :

— بۇ ئىسلاندىيىنىڭ ئەڭ ياخشى خەرىتىلىرىدىن بىرى . ئۇنى ئاندېرسېن سىزغان . مېنىڭچە ، ئۇ سېنىڭ بارلىق چۈشەنمىگەن مەسىلىلىرىڭگە جاۋاب بېرەلەيدۇ .

مەن ئېڭىشىپ خەرىتىنى كۆرۈشكە باشلىدىم .

— سەن يانار تاغلار ھاسىل قىلغان بۇ ئاراللارغا قارىغىن ، — دېدى پروفېسسور ، — بۇ يانار تاغلارنىڭ ھەممىسى يوكۇر دەپ ئاتالغىنىغا دىققەت قىلغىن . بۇ سۆزنىڭ ئىسلاندىيە تىلىدىكى مەنىسى «مۇزلۇق» ، ئىسلاندىيە جايلاشقان كەڭلىك بەك ئېگىز بولغاچقا ، ئۇ يەردىكى يانار تاغلار پارتلىغان چېغىدا مۇقەررەر ھالدا مۇز قاتلىمىنى يېرىپ ئۆتۈشى كېرەك ، شۇڭا ئاراللاردىكى يانار تاغلارنىڭ ھەممىسى يوكۇر دەپ ئاتىلىدۇ .

— ئۇنداقتا ، — دېدىم مەن سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — سىنافېر دېگەن نېمە؟

مەن بۇ سوئالىمنىڭ جاۋابسىز قېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم ، بىراق ، ئىش ئويلىغىنىمدەك بولمىدى ، تاغام گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— سەن ئىسلاندىيىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ قارىغىن ، سەن ئۇنىڭ پايتەختى رېيكياۋىكنى كۆردۈڭمۇ؟ دېڭىز سۈيى يالاپ تۇرغان دېڭىز قىرغاقلىرىدا سانسىزلىغان قولتۇقلار بار ، سەن مۇشۇ قولتۇقلارنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ نەزىرىڭنى شىمالىي كەڭلىك 65 گرادۇسقا يەتمىگەن نۇقتىغا توختاتقىن . سەن نېمىنى كۆردۈڭ؟

— يېرىم ئارالنى ، شەكلى خۇددى گۆشى شىلىۋېلىنغان سۆڭەككە ئوخشايدىكەن ، ئۇچى خۇددى غايەت لېپەككە ئوخشاپ كېتىدىكەن .

— بەكمۇ دەل جايىدا ئوخشاتتىڭ ، بالام ، ئەمدى سەن بۇ لېپەك ئۈستىدىكى بىرنېمىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم ، دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بىر تاغنى كۆردۈم .

— توغرا ، مانا بۇ سنافېر .

— سنافېر؟

— شۇنداق ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 5000 فۇت كېلىدۇ ، ئىسلاندىيىدىكى ئەڭ مەشھۇر تاغ چوققىلىرىنىڭ بىرى ، ئەگەر ئۇنىڭ يانار تاغ ئېغىزىدىن يەر مەركىزىگە بارغىلى بولسا ، ئۇ ھالدا ئۇ چوقۇم يەر شارىدىكى ئەڭ داڭلىق تاغ چوققىسى بولۇپ قالىدۇ .

— مۇمكىن ئەمەس ! — دېدىم بۇ پەرەزگە قارشى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا .

— مۇمكىن ئەمەس؟ — پروفېسسور لىدېنبورۇگ تولىمۇ جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى ، — نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى ، يانار تاغ ئېغىزى چوقۇم قايناپ تۇرغان ماگما ۋە ئوتتەك قىزىق تاغ جىنسلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇشى مۇمكىن ، شۇڭا ...

— ئەگەر بۇ ئۆچكەن يانار تاغ بولسىچۇ؟

— ئۆچكەن يانار تاغ؟

— توغرا ، ھازىر يەر شارىنىڭ يۈزىدە ھەرىكەتتىكى يانار

تاغدىن جەمئىي 300 ئەتراپىدا بار ، كۆپىنچە يانار تاغلارنىڭ ھەممىسى ئۆچكەن يانار تاغ . سىنافىر بولسا ئۆچكەن تاغلارغا كىرىدۇ . تارىخ خاتىرىلەنگەندىن بۇيان ئۇ پەقەت بىر قېتىم پارتلىغان ، ئۇ دېگەن 1219 - يىلىدىكى ئىش ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يىلسېرى تىنچلىنىپ ، ئۆچكەن يانار تاغقا ئايلىنىپ قالغان .

جەزملەشتۈرۈپ ئېيتىلغان بۇ دەلىللەرنى ئاڭلاپ ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى - دە ، گەپنى شىفىرلىق خەتتىكى باشقا گۇمانىي نۇقتىلارغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدۇم .

— سىكارتالىسنىڭ مەنىسى نېمە ؟ — دەپ سورىدىم مەن ، — ئۇنىڭ 7 - ئاي بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟

تاغام سەل ئويغا پاتتى ، بۇ ھال ماڭا ئۈمىد بېغىشلىدى ، بىراق بۇ ئۈمىدمۇ ھەش - پەش دېگۈچىلا يوققا چىقتى . چۈنكى ، ئۇ جاۋاب بېرىشكە باشلىغانىدى :

— سەن ھېس قىلغان گۇمانلىق نۇقتىلار ماڭا تولىمۇ ئايدىڭ ئىشلار . بۇ ، ساكنوسىم ئۆزىنىڭ بايقاشلىرىنى بىر خىل ئەپچىل ئۇسۇل ئارقىلىق بىزگە ئېيتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . سىنافىر بىرنەچچە يانار تاغ ئېغىزىدىن تەشكىل تاپقان ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەر مەركىزىگە بارىدىغان يىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش زۆرۈر ئىدى . بۇ ئەقىللىق ئىسلاندىيىلىك بۇ ئىشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرغان ؟ 7 - ئايغا ئاز قالغاندا ، يەنى 6 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈنىدە بۇ تاغدىكى سىكارتالىس دېگەن بىر چوققىنىڭ سايىسى ئاشۇ يانار تاغنىڭ ئېغىزىغا چۈشكەن ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھادىسىنى شىفىرلىق خەتكە كىرگۈزگەن . بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق كۆرسەتمە بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ ئەمدى بىز سىنافىر چوققىسىغا چىققان چېغىمىزدا ، قايسى يول بىلەن مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتىن ساقلىنالايمىز .

قىسقىسى ، تاغام بارلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەنىدى . بۇ قەدىمكى تېرە قەغەزگە يېزىلغان مەزمۇنلار بىلەن ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قالدۇرۇشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكى ماڭا ئايدىڭ

ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بۇ جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچتىم ، ئەمما مەن يەنىلا ئۇنى قايىل قىلىشىم كېرەك ئىدى ، شۇڭا مەن ئىلىم جەھەتتىكى بەزى ئوخشىمىغان پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم . مېنىڭچە ، بۇ پىكىرلەر تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى .

— بوپتۇ ، — دېدىم ، — ساكنوسىمنىڭ يازغانلىرى تولىمۇ چۈشىنىشلىك ھەم ھېچقانداق گۇمانلىق يېرى يوق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن ، مەن ھەتتا بۇ شىفىرلىق خەتنىڭ راست ھەم ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن ، بۇ ئالىم راستىنلا سىنافېر يانار تېغىنىڭ تېگىگە چۈشۈپتۇ . شۇنداقلا سكارتالىس چوققىسىنىڭ كۆلەڭگىسى 7 ـ ئاي كىرەي دېگەندە ئاشۇ يانار تاغ ئېغىزىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ؛ ئۇ ھەتتا ئۆزى ياشىغان ئاشۇ دەۋردىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان بۇ يانار تاغ ئېغىزى ئارقىلىق يەر مەركىزىگە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى راستىنلا ئاڭلاپتۇ . لېكىن ، ئۇ ئۆزى يەر مەركىزىگە باردىمۇ ، يوق ؟ يەر مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن ھايات قالدىمۇ ، يوق ؟ مېنىڭچە ، بۇ مۇمكىن ئەمەس ، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس .

— نېمە ئۈچۈن ؟ — دېدى تاغام بىر خىل مازاق قىلغان تەلەپپۇزدا .

— چۈنكى ، بارلىق ئىلىم ـ پەن نەزەرىيىلىرى بۇنداق ساياھەت قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

— بارلىق نەزەرىيىلەر ئىسپاتلامدىكەن ؟ — تاغام قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ سورىدى ، — ھىم ! لەنىتى نەزەرىيىلەر ! پەقەت پۈتلىكاشاڭ بولۇشتىن باشقىغا يارىمايدۇ .

تاغام مېنى كولدۇرلىتىۋاتاتتى ، لېكىن مەن پەرۋا قىلماي گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم :

— شۇنداق ! ھەممىمىزگە مەلۇم ، يەر شارىنىڭ يۈزىدىن تۆۋەنگە قاراپ ھەر 70 فۇت چوڭقۇرلىغاندا تېمپېراتۇرا بىر گرادۇس يۇقىرى ئۆرلەيدۇ ، ئەگەر تېمپېراتۇرا بىلەن

چوڭقۇرلۇقنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى مۇتلەق بولىدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا يەر شارىنىڭ رادىئۇسى 3750 مىل كېلىدۇ، شۇڭا يەر شارى مەركىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 200 مىڭ گرادۇستىن ئېشىپ كېتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاستىدا يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بارلىق ماددىلار ئوتتەك قىزىق گاز ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مېتاللار، ئالتۇن، ئاق ئالتۇن ۋە ئەڭ قاتتىق بولغان تاغ جىنسلىرىمۇ بۇنداق يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق جايغا بېرىش مۇمكىنمۇ؟ دەپ سوراشقا ھەقلىق دەپ ھېسابلايمەن.

— ئۇنداقتا، ئاكسال، سىزنى يۇقىرى تېمپېراتۇرا گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ-دە؟

— شۇنداق، بىز 25 مىل چوڭقۇرلۇققا چۈشسەكلا يەر پوستىنىڭ ئەڭ چېتىگە يېتىپ بارىمىز، بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1300 گرادۇستىن ئېشىپ كېتىدۇ.

— سەن ئېرىپ كېتىشتىن قورقۇۋېتىپسەن-دە؟

— بۇنىڭ جاۋابىنى يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ جاۋاب بېرىشىگە قالدۇرايلى، — دېدىم سەل ئاچچىقىم كېلىپ.

— مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق، — دېدى پروفېسسور لىدېنبورۇگ كىشىنى مەنسىتمەيدىغان تەلەپپۇزدا، — ئىنسانىيەت يەر شارى رادىئۇسىنىڭ 1000 دە 12 پىرسەنت ئەھۋالىنى ئاران بىلگەن ئەھۋال ئاستىدا سەن ۋە ھەرقانداق ئادەم يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئىلىم-پەن مۇكەممەللىشىشكە موھتاج، شۇ سەۋەبتىن بارلىق نەزەرىيىلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى نەزەرىيىلەر تەرىپىدىن يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. فۇرىردىن[1] ئىلگىرىكى ئادەملەر ئالەم بوشلۇقىدىكى تېمپېراتۇرا تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بارىدۇ دەپ قاراپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ھالبۇكى، ھازىر بىز ئالەمدىكى ئەڭ

---

[1] فۇرىر — (1768 — 1830) فرانسىيە ماتېماتىكى.

تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇستىن 50 گرادۇسقىچە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق . ئۇنداقتا ، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تېمپېراتۇرىمۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولمايدىكەن ؟ مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا ئۇ پۈتۈنلەي مەلۇم بىر چەككە يېتىپ ، ئېرىش نۇقتىسى ئەڭ يۇقىرى مېتاللارمۇ ئېرىپ كېتىدىغان تېمپېراتۇرىغا كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ .

تاغام مەسىلىنى بىر خىل تەسەۋۋۇر كاتېگورىيىسى بويىچە چۈشەندۈرگەچكە ، يەنە بىرنېمە دېيىشىمگە ئورۇن قالمىدى .

— مەن ساڭا دەپ بېرەي ، بوۋاسون[1] قاتارلىق بىرنەچچە ھەقىقىي ئالىملار ئاللىقاچان ، ئەگەر يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا راستىنلا 200 مىڭ گرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرا بولىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئېرىگەن ماددىلاردىن پەيدا بولغان قايناق گازلار يەر پوستى تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان كېرىلىش كۈچىنى ھاسىل قىلىدۇ ـ دە ، يەر شارى خۇددى ئىچىدىكى پار بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان پار قازىنىدەك پارتلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان .

— بۇ پەقەت بوۋاسوننىڭ كۆزقارىشى ، خالاس .

— توغرا ، لېكىن بۇ يەنە باشقا مەشھۇر گېئولوگلارنىڭمۇ قارىشى ، ئۇلار يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن گاز جىسىم ئەمەس ، سۇمۇ ئەمەس ، شۇنداقلا بىز بىلىدىغان ئېغىر تاشلارمۇ ئەمەس ، شۇنداق بولغان بولسا يەر شارىنىڭ ئېغىرلىقى ھازىرقىدىن ئىككى ھەسسە يېنىك بولغان بولاتتى ، دېگەن كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى .

— ھىم ! پەقەت سان ـ سىپىرلار ئارقىلىق بىز بىلمەكچى بولغان ھەممە نەرسىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ .

— توغرا ، ئەمەلىيەتمۇ شۇنداققۇ ، بالام ؟ يەر شارى بارلىققا كېلىپ بۈگۈنگىچە دۇنيادىكى يانار تاغلارنىڭ سانى ئىنچىل تۆردە ئازىيىپ بېرىۋاتىدۇغۇ ؟ ئەجەبا ، بۇ يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا

---

[1] بوۋاسون — (1781 ـ 1840) فرانسىيە ماتېماتىكى .

ساقلانغان ئىسسىقلىقنىڭ ئۆزلۈكسىز ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئىسپات بولالامدۇ ؟

— تاغا ، سىز ھەدېسىلا قىياسلارغا ئاساسلانغان گەپلەرنى قىلىۋەرسىڭىز ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆزلەشكۈدەك گەپ قالمىغاندەك قىلىدۇ .

— لېكىن ، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى ، مېنىڭ كۆزقاراشلىرىم نۇرغۇن داڭلىق ئالىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن . 1825 - يىلى خوۋنفېررى داۋىنىڭ مېنى زىيارەت قىلغانلىقى ئېسىڭدىمۇ ؟

— ئېسىمدە يوق . چۈنكى ، مەن ئاشۇ قېتىملىق زىيارەت بولۇپ 19 يىلدىن كېيىن ئاندىن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بوپتىكەنمەن .

— خوۋنفېررى داۋى ھامبۇرگدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنى زىيارەت قىلىۋىدى . بىز ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق . نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدىن بىز يەنە يەر شارىنىڭ يادروسى سۇيۇق ھالەتتىكى جىسىمدىن تەركىب تاپقانمۇ ، يوق ؟ دېگەن تېما ئۈستىدە تەسەۋۋۇرلىرىمىز ھەققىدە پىكىرلەشتۇق . بىز ، بۇنداق سۇيۇق ھالەتتىكى جىسىم مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، دېگەن قاراشقا بىردەك قوشۇلدۇق ، بىزنىڭ ئاساسلىرىمىزنى نۆۋەتتە ھېچقانداق بىر ئىلمىي نەزەرىيە ئاغدۇرۇۋېتەلىگىنى يوق .

— بۇنىڭ ئاساسى نېمە ؟ — مەن سەل ھەيران بولۇپ سورىدىم .

— چۈنكى ، بۇنداق سۇيۇق جىسىم خۇددى دېڭىزغا ئوخشايدۇ ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئاي شارى تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم تاشقىن كۆتۈرۈلىدۇ ، تاشقىن يەر پوستىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن قەرەللىك يەر تەۋرەش يۈز بېرىدۇ !

— لېكىن ، يەر شارىنىڭ يۈزىدە ئىلگىرى كۆيۈش يۈز بەرگەن ، شۇڭا باشتا يەر شارىنىڭ پوستى سوۋۇغان ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپلەپ ئىسسىقلىق ساقلانغان بولۇشى

مۇمكىن ، دەپ قىياس قىلىشقىمۇ بولىدۇغۇ !

— خاتالاشتىڭ ، — دېدى تاغام جاۋاب بېرىپ ، — يەر شارىنىڭ ئىسسىقى يەرنىڭ يۇز قىسمىدىكى كۆيۇشتىن بولغان ، باشقا سەۋەبتىن بولغان ئەمەس ، يەر شارىنىڭ يۇز قىسمى زور مىقداردىكى مېتال ماددىلاردىن تەركىب تاپقان . مەسىلەن ، ناترىي ، كالىي قاتارلىقلار هاۋا ۋە سۇ بىلەن ئۇچراشسىلا كۆيىدۇ ؛ ئاتموسفېرادىكى سۇ پارلىرى يامغۇرغا ئايلىنىپ يەر يۇزىگە چۇشكەندە بۇ مېتال ماددىلار كۆيۇشكە باشلايدۇ ؛ يامغۇر سۇيىنىڭ ئاستا ـ ئاستا يەر يېرىقلىرىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن يېڭى كۆيۇشلەرنى پەيدا قىلىدۇ ـ دە ، پارتلاش ۋە يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىشىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ . مانا بۇ يەر شارى شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە يانار تاغلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى .

— نېمىدېگەن ئاقىلانە تەسەۋۋۇر ! — دەۋەتتىم مەن ئىختىيارسىز هالدا .

— خوۋنفېررى داۋى تولىمۇ ئاددىي بىر تەجرىبە ئارقىلىق بۇ تەسەۋۋۇرنى ئىسپاتلىغان . ئۇ باياتىن بىز تىلغا ئالغان ئىككى مېتالدىن بىر يۇملاق شار ياساپ يەر شارىغا تەقلىد قىلغان ، ئۇ بىر تامچە سۇنى بۇ شار ئۇستىگە تېمىتىشى بىلەن ئۇ كۆپچۇپ ئوكسىدلىنىپ بىر كىچىك تاغ هالىتىگە كىرگەن ، ئاندىن بۇ تاغنىڭ چوققىسى ئاجراپ يانار تاغ ئېغىزى پەيدا بولغان ، شۇنىڭ بىلەن يانار تاغ پارتلىشى يۇز بەرگەن هەمدە بارلىق ئىسسىقلىق يۇملاق شارنىڭ هەممە يېرىگە تارقىلىپ ، قىزىپ كەتكەن شارنى تۇتقىلى بولماي قالغان .

راستىنى دېگەندە ، مەن پروفېسسورنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى ئالدىدا تەۋرىنىشكە باشلىغانىدىم ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئۇ تولىمۇ جىددىي تەلەپپۇز بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولغاچقا ، تېخىمۇ قايىل قىلىش كۇچىگە ئىگە بولغانىدى .

— بۇنىڭغا قارا ، ئاكسال ، — دېدى ئۇ گېپىنى

تولۇقلاپ ، — گېئولوگلارنىڭ يەر يادروسىنىڭ ھالىتىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان تەسەۋۋۇرلىرى بار ، يەر مەركىزىدە ئىسسىقلىق ساقلانغان دېگەن كۆزقاراشمۇ ھېچقانداق ئىسپاتقا ئېرىشەلمىدى . مېنىڭچە ، بۇنداق ئىسسىقلىق ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ، مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . لېكىن ، بۇ نۇقتىنى بىز كېيىن بىلىۋالالايمىز ، بىز ئارنا ساكنوسىمغا ئوخشاش بېرىپ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاپ چىقىمىز .

— توغرا ! — دېدىم مەن . شۇ تاپتا ئۆزۈممۇ بۇ قىزغىنلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدىم ، — ئەگەر يەر مەركىزىدە بىزنىڭ كۆزلىرىمىز كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىسىلا ، بىز ئۇنى چوقۇم بىلىۋالالايمىز .

— نېمىشقا مۇمكىن بولمىغۇدەك ؟ بىز توك ھادىسىسىدىن پايدىلىنىپ يورۇقلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز ، يەر مەركىزىگە يېقىنلاشقاندا تېخى يۇقىرى بېسىم ھاسىل قىلغان يورۇقلۇقتىنمۇ پايدىلىنىشقا بولىدۇ .

— توغرا ، — دېدىم ، — توغرا ، نېمىلا بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولىدىغان ئىشلار .

— ئەلۋەتتە ، — دېدى تاغام غالىبلارچە تەلەپپۇزدا جاۋاب قايتۇرۇپ ، — لېكىن ، ھەرگىز داۋراڭ سالما ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟ بۇنى چوقۇم مەخپىي تۇتۇش كېرەك ، ھەرقانداق ئادەمدە يەر مەركىزىنى بىز بىلەن بېرىپ تەكشۈرۈش خىيالىنى پەيدا قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ .

## 7

بۇ قېتىمقى ئۇنتۇلغۇسىز سۆھبەت شۇنداق ئاياغلاشتى . غەيرىتىممۇ ئۇرغۇدى . مەن تاغامنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن قايتىپ چىققاندا ، ئۆزۈمنى بىر خىل مەستخۇش ھالەتتە ھېس قىلدىم ، ھامبۇرگنىڭ كوچىلىرىدىكى ھاۋامۇ كاللامنى سەگەكلەشتۈرۈشكە

يېتىشمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئېلبا دەرياسى بويىدىكى كىچىك كېمىسى توختايدىغان پرىستان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، بۇ كىچىك كېمىسى هامبۇرگ شەھىرى بىلەن خاربۇگ تۆمۈريولىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇراتتى.

ئەجەبا، مەن راستتىنلا بابا ئاڭلىغانلىرىمغا ئىشەندىمما؟ مەن پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىممۇ نىمە؟ ئۇنىڭ يەر مەركىزىگە بېرىش ھەققىدىكى قارارى راستىمدۇ؟ ئاڭلىغانلىرىم بىر ساراڭنىڭ خىيالىغا كەلگەنچە جۆيلۈشمۇ ياكى بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسىنىڭ ئىلمىي ھۆكۈمىمۇ؟ بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى ھەقىقەت، قايسىسى سەپسەتە بولۇشى مۇمكىن؟

زىددىيەتلىك تەسەۋۋۇرلار قايىنىمى ئىچىدە بىر قارارغا كېلەلمەي، گاڭگىراپلا قالدىم.

بىراق، ئېسىمدە قېلىشىچە، قىزغىنلىقىم سوۋۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا قايىل بولغانىدىم، شۇ تاپتا ئارتۇق ئىشلارنى ئانچە ئويلىماي، دەرھاللا سەپەرگە چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ قالدىم. شۇنداق، ئەگەر ھازىرلا يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇرىمىز دەيدىغان بولسا، بۇنىڭغا مەندە غەيرەت يېتەرلىك ئىدى.

لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، بىر سائەتتىن كېيىن مېنىڭ قاتتىق ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. نېرۋىلىرىم جايىغا چۈشۈپ، يەرنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن يەرنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چىققاندەك بولدۇم.

— راستتىنلا بىمەنىلىك! — مەن توۋلاپ تاشلىدىم، — بۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق! ئۇ مەندەك بىر ئەقىل - ھوشى جايىدا بالىغا بۇنداق تېتىقسىز تەكلىپنى بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ھەممىسى راست ئەمەس، ئۇيقۇم ياخشى بولماي، مېنى قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— مەن ئېلبا دەرياسىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ شەھەرنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يېتىپ كەلدىم. پرىستاننى ئايلىنىپ بىر

ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئالتوناغا باردىغان تاشيولغا چىقتىم . كۆڭلۈم بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدى ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆڭلۈم تۇيغان ئىش رېئاللىقتا يۈز بەردى ، يەنى لەرزان قەدەم تاشلاپ ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھامبۇرگ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان گلاۋبىننىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى .

— گلاۋبىن ! — مەن يىراقتىنلا ئۇنىڭغا قاراپ توۋلىدىم .

قىزچاق توختىدى . ئۇ بىر كىمنىڭ كوچىدا ئىسمىنى توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ ، سەل ئارسالدى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى . مەن يوغان - يوغان چامداپ دېگۈدەك يۈگۈرگەنچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم .

— ئاكسال ! — ئۇ ھەيران بولغىنىدىن توۋلاپ كەتتى ، — ئوھوي ، سەن مېنى كۈتۈۋالغىلى كەپسەن - دە ! چوقۇم شۇنداق ، توغرىمۇ ؟

لېكىن ، ئۇ چىرايىمغا قاراپ كۆڭلۈمنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكىنى سەزدى .

— نېمە بولدۇڭ ؟ — ئۇ قولىنى ماڭا ئۇزاتقاچ سورىدى .

— مۇنداق ئىش ، گلاۋبىن ! — دېدىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا .

بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا ئېرلاندىيىلىك بۇ چىرايلىق قىز ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى چۈشىنىپ بولدى ۋە بىر پەس جىمىپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭمۇ مېنىڭكىدەك سوققان - سوقمىغانلىقىنى بىلەلمىدىم . بىراق ، ئۇنىڭ مەن تۇتۇۋالغان قولى پەقەت تىترىمىدى . بىز ئۇنچىقماستىن بىرەر يۈز قەدەمچە ماڭدۇق .

— ئاكسال ! — ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى .

— سۆيۈملۈك گلاۋبىن !

— بۇ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ساياھەت بولغۇدەك .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم .

— شۇنداق ، ئاكسال ، سەن دېگەن ئالىمنىڭ جىيەنى ، بۇ قېتىمقى ساياھەت سالاھىيىتىڭگىمۇ ماس كېلىدۇ ، بىر ئادەم مەلۇم بىر خىل ئۇلۇغ ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى باشقىلاردىن

پەرقلەندۈرۈشى ياخشى ئىش دېگىنە .

— نېمە ! گىلاۋىبىن ، سەن مېنىڭ مۇشۇنداق ساياھەتكە چىقىشىمغا قارشى تۇرمامسەن ؟

— ياق ، قەدىرلىك ئاكسال ، ئەگەر تاغاڭ ئىككىڭلار مەندەك بىر بىچارە قىزنى پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ ، دەپ ياراتمايسىلەر ، بولمىسا مەنمۇ خۇشاللىق بىلەن سىپىڭلارغا قوشۇلغان بولاتتىم .

— دەۋاتقانلىرىڭ راستمۇ ؟

— ئەلۋەتتە راست .

ئاھ ، ئاياللار ، قىزلار ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى چۈشەنمەك بەك تەس جۇمۇ ! سىلەرنى بىر بولسا ئەڭ قورقۇنچاق ، بىر بولسا ئەڭ باتۇر دېيىشكە بولىدۇ ! بەزى چاغلاردا ئاقىلانىلىكمۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇ قىز شۇ تاپتا مېنى مۇشۇنداق سەپەرگە چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتامدۇ نېمە ؟ تېخى غەم تارتماي بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىمەن ، دەۋاتقىنىنى قارىمامدىغان ! ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئەجەبا ، مەن ئۇنىڭ سۆيگۈنى ئەمەسمىدىم !

مەن تەمتىرەپ قالدىم ، ھەتتا خىجالەتچىلىكتە قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ .

— گىلاۋىبىن ، — دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — سېنىڭ ئەتىمۇ مۇشۇنداق دەيدىغان - دېمەيدىغانلىقىڭنى بىلمەكچىمەن .

— قەدىرلىك ئاكسال ، مەن ئەتىمۇ بۈگۈن دېگەنلىرىمنى تەكرارلايمەن .

بىز قول تۇتۇشقان ھالدا ئۈنچىقماستىن يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق . كۈن بويى ھاياجان ئىلكىدە يۈرگەچكە ، مېنى بىر خىل ھارغىنلىق باستى . «بەربىر ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — 7 - ئايغا تېخى بار ، ئۇنىڭغىچە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىدۇ ، بەلكىم بۇ ئىشلار تاغامنى ئەسەبىي خىيالدىن بەزدۈرەر .»

بىز كونى كوچىسىغا يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى . مەن ئۆي ئىچى جىمجىت ، تاغام ئادىتى بويىچە ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالدى ، مارتا بولسا ئاشخانىسىدا ئەڭ ئاخىرقى تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . بىراق ، مەن پروفېسسورنىڭ ئالدىراقسانلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدىم . ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ ، قولىنى شىلتىغىنىچە تاش ياتقۇزۇلغان يولغا نەرسىلەرنى چۈشۈرۈۋاتقان ئىشچىلارغا بۇيرۇق سوقۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم ، ئايال خىزمەتكار مارتا بولسا شۇ تاپتا بىر قولىنى ئىككى قىلالماي ئالدىراپ يۈرەتتى .

— بۇياققا كەل ، ئاكسال ، چاپسان بول ، كالۋا ! — تاغام مېنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ كەتتى ، — سېنىڭ يۈك - تاقلىرىڭ تېخى تەييار بولمىدى ، مەن گۇۋاھنامىلىرىمنى تېخى بېجىرىپ بولالمىدىم . سەپەر سومكىسىنىڭ ئاچقۇچى يوق تۇرىدۇ ، پاچاقلىقىمنى تېخىچە ئەكېلىپ بەرمەيۋاتىدۇ !

مەن ھەيران بولغىنىمدىن چەكچىيىپ ئاغزىم گەپكىمۇ كەلمەي قالدى ، پەقەت زورىغا :

— بىز ماڭامدۇق ؟ — دېدىم .

— توغرا ، ئەخمەق ، سەن بۇ يەردە تۇرۇۋالماي بېرىپ سەيلە قىلىپ كەل .

— بىز مۇشۇنداقلا ماڭامدۇق ؟ — مەن بوش ئاۋازدا بايىقى گېپىمنى يەنە تەكرارلىدىم .

— توغرا ، ئۆگۈنلۈككە سەھەردە يولغا چىقىمىز .

مەن يەنە ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتىم يەتمەي ، يۈگۈرگىنىمچە خانامغا كىرىپ كەتتىم . شەك - شۈبھىسىزكى ، تاغام چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى چىقىرىپ ساياھەت قىلىشتا لازىملىق نەرسىلەر بىلەن سايمانلارنى سېتىۋالغانىدى . تاش يېيىتىلغان يولدا ئارقان شوتا ، ئارقان ، مەشئەل ، سۇدان ، تۆمۈر ئىلمەك ، بولقا ، مېتىن دېگەندەك نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن ، بۇ نەرسىلەر 10 ئادەمنىڭ كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا يېتەتتى . شۇنداق قىلىپ ، مەن قورقۇنچلۇق

بىر كىچىنى ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى مېنى بەكلا سەھەردە ئويغىتىۋەتتى. مەن ئەسلىدە ئىشكنى ئاچماي دەپ ئويلىغۇدىم، بىراق، مېنىڭ «قەدىرلىكىم ئاكسال» دەپ چاقىرغان مۇلايىم ئاۋازغا تاقابىل تۇرالىشىم مۇمكىنمۇ؟

مەن خانامدىن چىقتىم، سولغۇن قىياپىتىم، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىم، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى كۆرگەن گلاۋبىن نىيىتىدىن يېنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىدىم.

— ئاھ، قەدىرلىكىم ئاكسال، — دېدى ئۇ ماڭا، — قارىغاندا، بىر كېچە ئۇخلاپ خېلى ئارام ئېلىپ قالغاندەك قىلىسەن.

— ھەئە، ئارام ئېلىپ قالدىم! — مەن تۇۋلاپ تاشلىدىم.

مەن ئەينەك ئالدىغا ئېتىلىپ باردىم. راست ئىكەن! چىرايىم ئويلىغىنىمدەك ئۇنداق بەتتەر كۆرۈنمىدى. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىش - دە.

— ئاكسال، — دېدى گلاۋبىن، — مەن ھامىيىم بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم. ئۇ دېگەن بىر باتۇر ئالىم ھەم ئۇلۇغ ئەرباب. سەن تومۇرلىرىڭدا ئۇنىڭ قېنى ئېقىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانى، مەقسىتىگە قانداق قىلىپ يەتمەكچى بولىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئۇ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. ئاھ! قەدىرلىك ئاكسال، ساڭا ئوخشاش ئۆزىنى ئىلىم - پەنگە ئاتا قىلىش نىيىتىدىكەن ياخشى لىدىنبورۇگ بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىنى كۈتۈۋاتقىنى نىيىتىدىكەن زور شان - شەرەپ - ھە! قايتىپ كەلگەن چېغىڭدا ئاكسال، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئادەم بولۇپ قالىسەن، ئۇ چاغدا سەن گەپلىرىڭنى خالىغانچە دەيدىغان، ئىشلارنىمۇ ئۆز خاھىشىڭ بويىچە قىلالايدىغان ...

گلاۋبىنىنىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتىپ گېپىنى توختىتىۋالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى روھىمنى ئۇرغۇتۇۋەتتى. ئەمما، بىزنىڭ مېڭىپ كېتىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى.

مەن گلاۋبېنىنى پروفېسسورنىڭ كۇتۇپخانىسىغا تارتىپ ئەكىردىم .

— تاغا ، دېدىم ئۇنىڭغا ، — ئەمىسە بىز راستتىنلا يولغا چىقامدۇق ؟

— قانداق ! سەن ئىشەنمەيۋاتامسەن ؟

— ياق ، — ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن گېپىمنى ئوڭشىۋالدىم ، — دېمەكچىمەنكى ، بىز نېمە ئۇچۇن بۇنچە ئالدىرايمىز ؟

— بۇنداق قىلىشىمىز ۋاقىت ئۇچۇن ! ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنى ئۇتۇش ئۇچۇن !

— بۇگۇن تېخى 5 - ئاينىڭ 26 - كۇنى تۇرسا ، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە …

— ئەخمەق ، ئەجەبا سەن تېخى ئىسلاندىيىگە بېرىشنى شۇنچە ئوڭاي دەمسەن ؟ ئەگەر سەن تۇنۇگۇن ساراڭدەك يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتمىگەن بولساڭ ، مەن سېنى كوپېنھاگىن ساياھەت ئىدارىسىنىڭ لىپفىدتا تۇرۇشلۇق شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئېلىپ بارغان بولاتتىم . ئۇ يەردە سەن كوپېنھاگىندىن رېيكياۋىكقا ھەر ئاينىڭ 20 - كۇنى بىر قېتىملا كېمە قاتنايدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتىڭ .

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ؟

— نېمە بوپتۇ ! ئەگەر بىز 6 - ئاينىڭ 22 - كۇنىگىچە ساقلايدىغان بولساق ، ئۇ چاغدا بىز سكارتالىسىنىڭ سايىسى سنافېر يانار تېغىنىڭ ئۇستىگە چۇشۇشىنى كۆرۇشكە ئۇلگۇرەلمەيمىز ! شۇڭا ، بىز تېزلىك بىلەن كوپېنھاگىنغا بېرىپ بىر كېمە تېپىشىمىز كېرەك ، قېنى ، چاپسان بېرىپ يۇك - تاقلىرىڭنى تەييارلىغىن !

ئەمدى گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىدى ، مەن ھۇجرامغا قايتىپ كىردىم ، گلاۋبېنمۇ كەينىمدىن كىردى . ئۇ ساياھەت جەريانىدا لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى رەت - رېتى بىلەن چامادانغا

جايلاشتۇرۇشقا باشلىدى . مەن خۇددى لۇبېك[1] ياكى خېلگولاندقا[2] كېتىپ بارغاندەك ئۇنىڭدا ھاياجانلىنىشتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى . ئۇنىڭ كىچىك قوللىرى قىلچە تەمتىرىمەي ھەرىكەت قىلاتتى . ئۇ مېنىڭ يىراق سەپىرىم ئۈچۈن ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەچ تولىمۇ تەمكىن پاراڭ قىلاتتى . ئۇ مېنى ئۆزىگە بەكمۇ مەپتۇن قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى ، ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ئاچچىقلانماقچىمۇ بولدۇم ، ئەمما ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلچە سەزمەستىن ئىشىنى ئىدىتلىق قىلىۋەردى . شۇنداق قىلىپ ، چامادانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاسمىسى چىڭىتىلدى ، مەن ئۇستۇنكى قەۋەتتىن تۆۋەنگە چۈشتۈم .

بۇگۈن سايمان ، قورال - ياراغ ، ئېلېكتر ئۇسكۇنىلىرىنى ئەكېلىپ بېرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . ئالدىراشچىلىقتىن ئايال خىزمەتكار مارتا گاڭگىراپلا قالغانىدى .

— ئەپەندى ساراڭ بولۇپ قالمىغاندۇ - ھە ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن .

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم .

— ئۇ سىنىمۇ بىللە ئەكېتەمدىكەن ؟

مەن يەنە بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم .

— سىلەر قەيەرگە بارماقچى ؟

مەن بارمىقىم بىلەن يەر ئاستىنى ئىما قىلدىم .

— ئورىغا ! — ياشانغان خىزمەتكار ۋارقىرىۋەتتى .

— ياق ، — ئاخىر زۇۋان سۈردۇم ، — يەنىمۇ تۆۋەنگە .

قاراڭغۇ چۈشتى . مەن گاراڭ ھالەتتە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالغانىدىم .

— ئەتە سەھەردە ، — دېدى تاغام ، — سائەت ئالتىدە يولغا چىقىمىز .

① لۇبېك — گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك شەھەر .
② خېلگولاند — شىمالىي دېڭىزدىكى بىر كىچىك ئارال .

سائەت 10 بولدى ، مەن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا بىراقلا ئاتتىم .
مەن يېرىم كېچىدە ۋەھىمە بېسىپ ئويغىنىپ كەتتىم .
تۈن بويى ھەدېسىلا چوڭقۇر ھاڭلارنى چۈشىدىم ! چۈشۈمدە يەنە پــروفېسسور قاۋۇل قوللىرى بىلەن مېنى قاماللاپ سۆرىگىنىچە چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرگۈدەك ، مەن ھەدەپ تىرەجىگۈدەكمەن ! مەن خۇددى ئالەم بوشلۇقىدىكى مۇئەللەق جىسىمغا ئوخشاش ، تەگسىز ھــاڭــنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقۇدەكمەن . ئىشقىلىپ ، مېنى كېچىچە قارا بېسىپلا چىقتى .
ئەتــىــگــەن ســائــەت بــەشــتــە ئــويــغىنىپ كەتتىم ، تۈزۈك ئــۇخلىيالمىغاچقا ، پۈتۈن ئەزايىمنى ھارغىنلىق باسقانىدى . مەن ئــۈســتــۈنــكــى قەۋەتتىن چۈشۈپ تاماق يېيىش ئۆيىگە كىردىم . ئاللىقاچان كېلىپ بولغان تاغام تاماقنى يالماپ - يالماپ يېگىلى تۇرۇپتۇ . مەن قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇنىڭ يېنىدا گىلاۋبېنمۇ بار ئىدى . مەن ئۈنچىقمىدىم . تاماققا پەقەتلا كۆڭلۈم تارتمىدى .
سائەت بەش يېرىمدا كوچىدىن پەيتۇن چاقىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بىر ئات قوشۇلغان پەيتۇن بىزنى ئالتۇنا پويىز ئــــىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويغىلى كەلگەنىدى . پەيتۇن بىردەمدىلا تاغامنىڭ يۈك - تاقلىرى بىلەن لىق تولدى .
— سېنىڭ چامادىنىڭ قېنى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن .
— تەييارلاپ قويدۇم ، — دېدىم روھسىز ھالدا .
— دەرھال ئېلىپ چۈشكىن ، بولمىسا ، پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز !
ئەمدى تەقدىر بىلەن تىركىشىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى . مەن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرامغا چىقىپ ، چامادىنىمنى پەلەمپەيدىن سىيرىلدۇرۇپ ئېلىپ چۈشتۈم .
بۇ چاغدا تاغام ئۆيىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى تەنتەنە بىلەن گىلاۋبېنغا تاپشۇردى . ئېغىر - بېسىق بۇ ۋېرلانلىق گۈزەلىم ھامىيسىنى سۆيۈپ قويدى ، ئاندىن ئۇنىڭ نەمخۇش لەۋلىرى مېنىڭ

مەگزىمگىمۇ يېنىككىنە تېگىپ ئۆتتى ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ ، لېكىن كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى .

— گلاۋبىن ! — دەپ چاقىردىم مەن .

— بارغىن ، قەدىرلىكىم ئاكسال ، بارغىن ، — دېدى ئۇ ، — سەن هازىر سۆيگەن قىزىڭدىن ئايرىلىۋاتىسەن ، سەن قايتىپ كەلگەندە كۆرىدىغىنىڭ ئايالىڭ بولىدۇ .

مەن گلاۋبىن بىلەن مەھكەم قۇچاقلاشقاندىن كېيىن پەيتۇنغا چىقتىم . مارتا بىلەن گلاۋبىن دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ ، بىزگە ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىش ئىشارىسى قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئات قوشۇلغان پەيتۇن پەيتۇنكەشنىڭ ئىسقىرتىشى بىلەن ئالتۇنا تاشيولىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى .

## 8

ئالتۇنا ئەمەلىيەتتە هامبۇرگنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونى بولۇپ ، كىيلغا[1] بارىدىغان تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى . بۇ يەردىن پويىزغا ئولتۇرىدىغان بىرتې بوغۇزىغا[2] بارالايتتۇق ـ دە ، 20 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىمىزنى خولستېيىن[3] چېگراسى ئىچىدە كۆرەتتۇق .

سائەت ئالتە يېرىمدا پەيتۇن پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى . تاغامنىڭ بەكمۇ كۆپ ھەم ئېغىر يۈك ـ تاقلىرى پەيتۇندىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن تارازىدا تارتىلىپ ماركا چاپلاندى ، ئاندىن يۈك ـ تاق ماشىنىسىغا بېسىلدى . سائەت يەتتە بولغاندا بىز ۋاگونغا كىرىپ بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇردۇق . گۇدۇكنىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ پويىز قوزغالدى ، شۇنداق قىلىپ ، بىز سەپەرگە رەسمىي ئاتلاندۇق .

---

1 كېيل -- گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى مۇھىم پورت .

2 بىرتې بوغۇزى دانىيە چېگراسى ئىچىدە بولۇپ ، شىمالىي دېڭىز بىلەن بالتىق دېڭىزىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ئۆتكەل . ئۇنىڭ شەرق تەرىپى كەڭ ، غەرب تەرىپى تار بولۇپ ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چوڭ بىرتې ، كىچىك بىرتې دەپ ئاتىلىدۇ .

3 خولستېيىن گېرمانىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە .

مەن بويسۇندۇممۇ قانداق؟ ياق تېخى. بىراق، شەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزنىڭ دېرىزىسى سىرتىدىكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان مەنزىرىلەر مېنىڭ دىققىتىمنى چېچىۋەتتى.

پروفېسسورنىڭ خىيال قۇشلىرى ئاللىقاچان پويىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئالدىراقسان مىجەزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا پويىزنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا ئىدى. بۇ ۋاگوننىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككىمىزلا بار ئىدۇق، بىراق ھېچقايسىمىز ئۈنچىقمىدۇق، تاغام يانچۇقلىرى ۋە سەپەر سومكىسىنى قايتىدىن تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە باشلىدى، مەن ئۇنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زۆرۈر بولىدىغان ھېچقانداق نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى كۆردۈم.

بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە، تولىمۇ تۇجۇپىلەپ قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىگە دانىيە كونسۇل ئىشخانىسىغا دەپ يېزىلىپ، ئاستىغا دانىيىنىڭ ھامبۇرگدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى، پروفېسسورنىڭ دوستى كرىستىيان ئەپەندىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى. بۇ بىر ۋاراق قەغەز بىزگە كوپېنھاگېندا نۇرغۇن ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بېرەتتى ۋە بىزنى ئىسلاندىيە ۋالىيسىغا تونۇشتۇرۇپ قويۇش رولىنى ئوينايتتى. مەن يەنە ھېلىقى داڭلىق شىفىرلىق خەتنى كۆردۈم، ئۇ ھەميانىنىڭ ئەڭ پىنھان يېرىگە يوشۇرۇنغانىدى. مەن ئىچىمدە بۇ خەتنى قارغىۋەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشقا باشلىدىم. دېرىزىدىن تولىمۇ زېرىكىشلىك كۆز يەتكۈسىز بىپايان تۈزلەڭلىك كۆرۈندى. بىراق، بۇ تۈزلەڭلىك تىنىپ قالغان لاتقىلاردىن شەكىللەنگەن بولغاچقا، تولىمۇ مۇنبەت ئىدى؛ بۇنداق يەر تۈزلۈكى تۆمۈريول ياتقۇزۇشقا تولىمۇ قۇلايلىق، بولۇپمۇ تۆمۈريول شىركەتلىرىنىڭ تۆمۈريول لىنىيىسىنى تۈز سىزىق بويىچە قۇرۇشقا بەكمۇ باپ كېلەتتى.

بىراق، مەن بۇ زېرىكىشلىك مەنزىرىدىن زېرىكىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، بىر يولغا چىقىپ ئۈچ سائەت بولار-بولمايلا پويىز كىيلغا كېلىپ توختىدى.

بىزنىڭ يۈك ـ تاقلىرىمىز بىراقلا كوپىنھاگىنغا ئەۋەتىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . بىراق ، پروفېسسور يەنىلا ئادىتى بويىچە ۋايىم يەپ ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ پار كېمىسىگە توشۇلغاندىن كېيىن پەستىكى تريۇمغا ئەكىرىلىشىنى كۆزىتىپ تۇردى .

پروفېسسور ئالدىراشچىلىقتا پويىزدىن موتورلۇق كېمىگە ئالمىشىش ۋاقتىنى خاتا كۆرۈپ قالغاچقا ، بىزنىڭ توپتوغرا بىر كۈن ۋاقتىمىز ئىسراپ بولۇپ كەتتى ، ئېلنورا ناملىق موتورلۇق كېمە كەچ سائەت يەتتىدە ئاندىن يولغا چىقاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە توققۇز سائەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇق . كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان بۇ ۋاقىتتىن غەزىپى چېكىگە يەتكەن پروفېسسور موتورلۇق كېمە ۋە تۆمۈريول تارماقلىرى ھەمدە مۇشۇنداق بىپەرۋالىقلارغا يول قويغان ھۆكۈمەت دېگەنلەرنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى . ئۇ ئېلنورا ناملىق كېمىنىڭ كاپىتانى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقاندا مەنمۇ بىر چەتتە تۇرۇپ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەردىم . تاغام كاپىتاندىن دەرھال كېمىنى قوزغاپ يولغا چىقىشنى تەلەپ قىلدى ، كاپىتان ئۇنىڭ گېپىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى .

ئەمدى مەيلى كېل بولسۇن ياكى باشقا جايدا بولسۇن ، ئىشقىلىپ ، بۇ بىر كۈننى بىرنېمە قىلىپ ئۆتكۈزۈشىمىزگە توغرا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ كىچىك شەھەرنىڭ چېتىدىكى دەل ـ دەرەخلەر باراقسانلاپ ئۆسكەن دېڭىز قىرغىقىنى ئايلاندۇق . قۇشلار ئۇۋا سالغان بۈككىدە دەرەخلىكتىن ئۆتۈپ ، ئىچىدە سوغۇق سۇلۇق مۇنچىسى بار بىرمۇنچە داچىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق . ئاندىن پۈتمىز تايغان ، بېشىمىز قايغان يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ بولۇشچە ئاغرىندۇق ، شۇنداق قىلىپ ، ئاران دېگەندە سائەتنى ئون قىلدۇق .

ئېلنورا ناملىق كېمىنىڭ تۈرخۇنىدىن تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ ئىس چىقىشقا باشلىدى ، گۈلدۈرلەپ ئىشلەشكە باشلىغان پار قازىنىنىڭ ئاۋازى پالوبىنى تىترىتىۋەتتى ، بىز كېمىگە چىقىپ ،

كېمىدە بار بولغان بىردىنبىر كايوتىدىكى ئاستى - ئۈستى ئىككى كارىۋاتنى ئىگىلىدۇق. سائەت 10 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە كېمىنىڭ بارلىق ئارقانلىرى يېشىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ موتورلۇق كېمە چوڭ بىرتې بوغۇزنىڭ قارامتۇل سۇ يۈزىدە تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ كەتتى.

كېچە تولىمۇ قاراڭغۇ، چىقىۋاتقان شامال دېڭىز يۈزىدە غەزەپلىك دولقۇنلارنى ھاسىل قىلغانىدى، قاراڭغۇلۇقتا دېڭىز قىرغىقىدىن چاقناۋاتقان بىرنەچچە چىراغ يورۇقى كۆرۈندى، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىن بىردىنلا ماياك يورۇقى كۆرۈندى. ئۇنىڭ نۇرى كۆزلىرىمنى چاقنىتىۋەتتى، مانا بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم دېڭىز سەپىرىگە چىققان چېغىمدىكى ئېسىمگە ئالالايدىغان ئەسلىمىلەر.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە كاۋسېلدا[1] قۇرۇقلۇققا چىقتۇق. بۇ كىچىك شەھەر سىلان[2] ئارىلىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقانىدى. بىز بۇ يەردە يەنە بىر پويىزغا ئالماشتۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن خولستېپىننىڭ يېزىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۈزلەڭ رايوندىن كېسىپ ئۆتتۇق.

دانىيىنىڭ پايتەختىگە بېرىش ئۈچۈن يەنە ئۈچ سائەت سەپەر قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، تاغام پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى، مەن ئۇنىڭ تەقەززا بولغىنىدىن پويىزنى ئىتتىرىپ چاپسانراق ماڭدۇرغۇسى كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم:

ئاخىر كۆزلىرىمىزگە بىپايان دېڭىز كۆرۈندى.

— سۇندېر[3] بوغۇزى، — دەپ توۋلاپ كەتتى تاغام.

ئوڭ تەرىپىمىزدە غايەت چوڭ بىر قۇرۇلۇش كۆرۈندى، قارىماققا دوختۇرخانىدەك قىلاتتى.

— ئۇ دېگەن نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، — دېدى

---

① كاۋسېل — دانىيىدىكى سىلان ئارىلىغا جايلاشقان دانىيىنىڭ بىر شەھىرى بولۇپ، بىرتې دېڭىز بوغۇزىدىكى بىر پورت.

② سىلان ئارىلى — دانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئاراللىرىدىن بىرى.

③ سۇندېر بوغۇزى — دانىيىنىڭ سىلان ئارىلى بىلەن شۋېتسىيىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، بالتىق دېڭىزى بىلەن كاتتېگات بوغۇزىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

بىر سەپەردىشىمىز بىزگە چۈشەندۈرۈپ .
«ياخشى ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — بەلكىم مەن بۇ يەردە كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈپ قىلىشىم مۇمكىن ! بۇ دوختۇرخانا ھەرقانچە چوڭ بولغىنى بىلەنمۇ پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭكىدەك تەلۋە خىياللارنى سىغدۇرالىشى ناتايىن ! »
چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا ، بىز ئاخىر كوپېنھاگىن زېمىنىغا قەدەم باستۇق ؛ پەيتۇن بىز ۋە يۇك - تاقلىرىمىزنى بوۋلايدگارنىڭ سۇمۇرغ مېھمانسارىيىغا ئېلىپ كەلدى ، ۋوگزال شەھەرنىڭ سىرتىدا بولغاچقا ، يولدا يېرىم سائەتچە ھايال بولدۇق . تاغام ھاجەتخانىغا ئالمان - تالمان بېرىپ كەلگەندىن كېيىن مېنى تارتقىنىچە سىرتقا ئېلىپ ماڭدى . مېھمانساراي مۇلازىمى نېمىسچە ۋە ئىنگلىزچە سۆزلەشنى بىلمەيدىكەن ، لېكىن بىزنىڭ بۇ بىرنەچچە دۆلەت تىلىنى بىلىدىغان پروفېسسورىمىز بولسا ئۇنىڭدىن راۋان دانىيە تىلىدا ئۇنى - بۇنى سورىدى ، مۇلازىممۇ ئوخشاشلا راۋان دانىيە تىلىدا ئۇنىڭغا شىمالىي ياۋروپادىكى قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەر مۇزېيىنىڭ ئورنىنى ئېيتىپ بەردى .
بۇ ئاجايىپ مۇزېينىڭ ئىچى قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن تولۇپ كەتكەندى ، تاشتىن ياسالغان قورال - ياراغلار ، ھاراق رومكىلىرى ۋە بېزەك بۇيۇملىرى كىشىگە بۇ دۆلەتنىڭ تارىخىنى زاھىر قىلىپ بېرەتتى . مۇزېي باشلىقى تامسۇن ئەپەندى بىر ئالىم بولۇپ ، ئۇمۇ دانىيىنىڭ ھامبۇرگدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ دوستى ئىدى .
تاغام ئۇنىڭغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېزىلغان ھېلىقى تونۇشتۇرۇش خېتىنى بەردى . ئادەتتە ئالىملار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇئامىلىسى سالقىن بولاتتى ، ئەمما بۇ يەردە پۈتۈنلەي ئۇنداق بولمىدى . باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ئامراق تامسۇن ئەپەندى پروفېسسور لىدىنبورۇگ بىلەن ئۇنىڭ جىيەنىنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى . بىزنىڭ ئەمدى بۇ مۇزېي باشلىقىنىڭ ئالدىدا سىر ساقلىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى . چۈنكى ، بىز پەقەت ئىسلاندىيىنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشنى

نىيەت قىلغان پەرۋاسىز ساياھەتچىلەر ئىدۇق، خالاس.

تامسۇن ئەپەندى بىزگە ياردەم قىلىش نىيىتىدە ئىسلاندىيىگە بارىدىغان كېمە تېپىشىپ بېرىش ئۈچۈن بىز بىلەن پرېستانغا كەلدى. مەن بىرمۇ كېمە تېپىلمىسىكەن، دەپ تىلىدىم، لېكىن ئىش ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. ۋالكىل ناملىق قوش يەلكەنلىك كېمە 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى رېيكياۋىكقا بارىدىكەن، بۇ كېمىنىڭ كاپىتانى بۇكائىنمۇ كېمىدە بار ئىكەن. ئۇنىڭ كېمىسىنىڭ بولغۇسى يولۇچىسى خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ كۆرۈشۈپ، سۇندۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئاق كۆڭۈل كاپىتان پروفېسسورنىڭ بۇنداق قاتتىق قول سىقىپ كۆرۈشكىنىدىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىسلاندىيىگە بېرىش تولىمۇ ئاددىي بىر ئىش، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ خىزمىتى ئىدى. لېكىن، تاغام ئۈچۈن بۇ بىر قېتىملىق تولىمۇ ئالىيجانابلارچە ساياھەت ئىدى. كاپىتان تاغامنىڭ قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ چىرايىغا جىددىي تۈس بەردى ـ دە، بىزدىن قوش كىرا ھەققى ئالدى، بىز بۇ ئەرزىمەس ئىشقا ئېرەن قىلمىدۇق.

— سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە كېمىگە چىقىسىلەر، — دېدى بۇكائىن ئەپەندى كۆڭۈلدىكىدەك تاپاۋەتنى يانچۇقىغا سالغاچ.

بىز تامسۇن ئەپەندىنىڭ قىزغىن ياردىمىگە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، سۈمۈرغ مېھمانسارىيىغا قايتىپ كەلدۇق.

— ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق! تولىمۇ ئوڭۇشلۇق! — دېدى تاغام توختىماستىن، — ئەگەر ھازىرلا ماڭىدىغان كېمە تاپالىغان بولساق تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى! ئەمدى بىز بېرىپ چۈشلۈك تاماقنى يەۋېلىپ، شەھەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

بىز كونگىنستوف مەيدانىغا باردۇق، بۇ ئۆلچەمسىز بىر پارچە بوش يەر بولۇپ، بىر قاراۋۇلخانا ۋە ئىككى كېرەكتىن چىققان زەمبىرەك بار ئىدى. زەمبىرەكنىڭ ئىستوۋۇلى ساياھەتچىلەرگە قارىتىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ۋەھىمە ھېس

قىلمايتتى ، يېقىن ئەتراپتىكى 5 ـ نومۇرلۇق كوچىدا بىر فرانسىيە ئاشخانىسى بولۇپ ، ئاشپەزنىڭ ئىسمى ۋاسسان ئىدى ، بىز ھەربىرىمىز ئىككى مارك خەجلەپ تويغۇچە تاماق يېدۇق .

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ، مەن شەھەر ئىچىدە خۇددى كىچىك بالىدەك ئايلىنىپ يۈردۈم . تاغام كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭدى . ئۇ ھېچ نەرسىگە قىزىقمىدى ، ئېغىزىغا ئالغۇچىلىكى يوق پادىشاھ ئوردىسى ۋە مۇزېينىڭ ئۇدۇلىدىكى قانالنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان 17 ـ ئەسىردىكى چوڭ كۆۋرۈكنى تاماشا قىلمىدى ، تولۋاسوننىڭ① قەبرىسىنى كۆرگىلىمۇ بارمىدى . قەبرىگە قورقۇنچلۇق تام رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ ، ئىچىگە ھەيكەلتىراشنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن باغچە ئىچىدىكى روسېنبېرگ② قەلئەسىنىڭ نەپىس ئىشلەنگەن مودېلى قويۇلغانىدى ياكى بولمىسا سودا بىرژىسىنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى بىناسى ۋە ئۇنىڭ بىرونزىدىن قۇيۇلغان تۆت ئەجدىھا يۆگىشىۋالغان سائەت مۇنارىنى ئېكسكۇرسىيە قىلمىدى ، ھەتتا شەھەر سېپىلى ئۈستىدىكى غايەت چوڭ چاقپەلەككە قاراپمۇ قويمىدى . بۇ چاقپەلەكنىڭ قاناتلىرى خۇددى كېمىنىڭ شامالدا كۆپكەن يەلكەنلىرىدەك ئىدى .

ئەگەر شۇ تاپتا ۋىرلانلىق ئاشۇ گۈزەل قىزچاق يېنىمدا بولغان بولسا ، بۇ قېتىمقى سەيلە نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك بولاتتى ـ ھە ! ئۈستى قىزىل قوش قەۋەتلىك كېمە بىلەن ئۈچ ماچتىلىق ئۇرۇش كېمىسى بوغۇزنىڭ دەرەخلەر زىچ ئۆسكەن ئىككى قىرغىقىدا جىمجىتقىنا توختاپ تۇراتتى . قويۇق دەرەخلەرنىڭ سايىسى كەينىدىن بىر قەلئە خىرە ـ شىرە كۆرۈنەتتى ، قەلئە سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى زەمبىرەكلەرنىڭ قاپقارا ئىستوۋۇللىرى ھەرقايسى تەرەپلەرگە قارىتىپ قويۇلغانىدى .

ھەي ، ئىست ! بىچارە گلاۋبىن مەندىن بەكمۇ يىراقتا قالدى ، مېنىڭ ئۇنى يەنە كۆرەلىشىمدىن ئۈمىد بارمىدۇ ؟

---

① تولۋاسون — دانىيىلىك ھەيكەلتىراش .
② روسېنبېرگ قەلئەسى — سابىق دانىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسى .

بىراق، تاغام كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان مەنزىرىلەرگە دىققەت قىلمىغىنى بىلەن كوپىنهاگىننىڭ غەربىي جەنۇب چېتىدىكى ئامـاك ئارىلىدىكى بىر چىركاۋنىڭ سائەت مۇنارى ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەن ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، بىز قانالدىكى موتورلۇق قېيىققا ئولتۇرۇپ بىردەمدىلا بىر پرىستانغا يېتىپ كەلدۇق.

تارغىنا يولدا سىبرىق ۋە كۆل رەڭ بالداقلىرى بار ئۆزۈن ئىشتان كىيگەن مەھبۇسلار ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە ئىشلەۋاتاتتى، بىز يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، فلىبسي چىركاۋنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بۇ ئادەتتىكىلا بىر چىركاۋ ئىدى. ئۇنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان سائەت مۇنارىسى شۇنىڭ ئۈچۈن تاغامنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدىكى، يۇقىرىغا چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي مۇنارغا يۆگىلىپ يۇقىرىغا قاراپ سوزۇلغانىدى.

— بىز ئۈستىگە چىقايلى، — دېدى تاغام.

— بېشىڭىزنىڭ قېيىپ كېتىشىدىن قورقمامسىز؟

— دەل بېشىم قايىدىغان بولغاچقا، مۇنارغا چىقايلى دەۋاتىمەن، ئېگىزگە چىقىشقا چوقۇم ئادەتلىنىشىم كېرەك.

مەن بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم. يولنىڭ نېرىقى قېتىدىكى دەرۋازىۋەن بىزگە بىر ئاچقۇچنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىز مۇنارغا چىقىشقا باشلىدۇق.

تاغام چەبدەس قەدەم تاشلاپ ئالدىمدا ماڭدى، مەن قورقۇمسىرىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، چۈنكى ھە دېگەندىلا بېشىم قېيىشقا باشلىغانىدى، ئەستاغپۇرۇللا، مەن يا تەگچۈگلۇقنى ساقلاپ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتالايدىغان قاغا بولمىسام!

بىر سائەت مۇنارىنىڭ ئايلانما پەلەمپىيى بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىمىزدا ئىشلار ھەر ھالدا ئوڭۇشلۇق بولدى. بىراق، 150 ـ پەلەمپەيدىن كېيىن شامال ئۇدۇلدىن ئۇرغىلى تۇردى، بىز مۇنارنىڭ پەشتىقىغا يېتىپ كەلدۇق. مۇنارنىڭ سىرتقى ئايلانما پەلەمپىيى شۇ يەردىن باشلىناتتى. بۇ يەردىكى

پۈۋلىسە ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك رېشاتكا پەلەمپەي يۇقىرىلىغانسېرى تارىيىپ، كىشىگە خۇددى ئاخىرى يوقتەكلا بىلىنەتتى.

— مەن چىقالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدىم تۇۋلاپ.

— سەن توخۇ يۈرەكلەردىن ئەمەسقۇ دەيمەن؟ — دېدى تاغام قىلچە رەھىم قىلماستىن، — قېنى، يۇقىرىغا قاراپ ماڭ!

مەن نائىلاج رېشاتكىغا چىڭ ئېسىلىپ تاغامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. غۇيۇلداپ چىقىۋاتقان شامال كاللامنى قايدۇرۇپلىۋەتتى، ماڭا گويا مۇنار ئىرغاڭشىۋاتقاندەك بىلىندى، پۇتلىرىمدا جان قالمىدى، ئىلاجسىز تىزلىرىم بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدىم، ئاخىر بىراقلا يېتىپ ئۆمىلەشكە باشلىدىم، مەن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ، ئېگىزلىكتىكى باش قېيىشنى يېڭىلتىشكە ئۇرۇندۇم.

ئاخىر تاغام مېنى ياقامدىن تارتىپ سۆرىگىنىچە مۇنارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى يۇملاق شارنىڭ يېنىغا ئەكەلدى.

— قارا، — دېدى ئۇ ماڭا، — تەپسىلىي قارا! سەن ئېگىزلىكتە تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك!

مەن كۆزلىرىمنى ئېچىشىم بىلەن قىيپاش تۈز ئۆگزىلىك ئۆيلەر گويا ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە مىجىلىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئاپئاق بۇلۇتلار يېنىمدىن تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى، خاتا سېزىم تۈپەيلىدىن بۇلۇتلار ماڭا جايىدىن مىدىرلىمىغاندەك بىلىندى؛ ھالبۇكى، مۇنار، يۇملاق شار ۋە مەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى سۈرئەت بىلەن ھەرىكەتلەنگىلى باشلىدۇق. يىراقتىكى مەنزىرىنىڭ بىر تەرىپى ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان ئېتىزلىقلار، يەنە بىر تەرىپى قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىۋاتقان چەكسىز دېڭىز ئىدى. سۇندېر بوغۇزى تاكى خېلسىنگورغىچە[1] سوزۇلغان بولۇپ، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرنەچچە ئاق يەلكەن خۇددى چايكىنىڭ قاناتلىرىغىلا ئوخشايتتى. شەرق تەرەپتىكى ئىس ـ تۈتەك ئىچىدىن ئەگرى ـ بۈگرى

---

① خېلسىنگور — دانىيىنىڭ پورتى، شېكىسپىرنىڭ داڭلىق دراممىسى «خاملېت»تا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك مۇشۇ يەردە يۈز بەرگەن.

شۋېتسىيە دېڭىز قىرغىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى ، بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا توختىماي ئەلەڭلەيتتى .

بىراق ، مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ ، گەۋدەمنى رۇسلاپ ئەتراپىمغا قارىمسام بولمايتتى . شۇنداق قىلىپ ، مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق باش قېيىشقا تاقابىل تۇرۇش دەرسىم توپتوغرا بىر سائەت داۋام قىلدى . مەن ئاخىر پەسكە قايتىپ چۈشۈش رۇخسىتىگە ئېرىشتىم . پۇتلىرىم يولغا ياتقۇزۇلغان تاشلارغا دەسسىگەن چاغدا مەن ئاللىقاچان ھېرىپ ماجالىمدىن كەتكەنىدىم .

— بىز ئەتە يەنە كېلەيلى ، — دېدى پروفېسسور .

شۇنداق قىلىپ ، باش قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىدىغان بۇنداق مەشىقنى ئۇدا بەش كۈن تەكرارلىدىم . گەرچە بۇ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن بولمىغان ئىش بولسىمۇ ، ئەمما مەن «ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراش» ماھارىتى جەھەتتە خېلى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتىم .

## 9

يولغا چىقىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى ، ئالدىنقى ئاخشىمى قىزغىن مۇئامىلە قىلغان تامسۇن ئەپەندى بىزگە ئىلتىجالار بىلەن يېزىلغان بىرنەچچە پارچە خەتنى ئەكېلىپ بەردى . بۇ خەتلەر ئىسلاندىيە باش ۋالىيسى گراف ترۇمپ ، ياردەمچى ئېپىسكوپ پىكتولسىن ئەپەندى ۋە رېيكياۋىك شەھىرىنىڭ باشلىقى فىنسون ئەپەندىلەرگە قارىتىپ يېزىلغانىدى . تاغام ئۇنىڭ خەت ئەكېلىپ بەرگەنلىكىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى قولىنى چىڭ سىقىش ئارقىلىق بىلدۈردى .

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە بىزنىڭ قىممەت باھالىق يۈك ـ تاقلىرىمىز ۋالكىل ناملىق كېمىگە قاچىلاندى ، كاپىتان بىزنى پالوبا ئاستىدىكى سەل تارراق بىر كايۇتىغا باشلاپ كىردى .

— شامال يۆنىلىشى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى تاغام.

— ياخشى، — دېدى كاپىتان بۇكائىن، — چىقمۇاتقىنى شەرقىي جەنۇب شامىلى، بىز يەلكەنلىرىمىزنى كۆپتۈرگەن پېتىمىزچە سۇندېر بوغۇزىدىن ئايرىلىمىز.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ كىچىك كېمە ھەممە يەلكەنلىرىنى يايدى-دە، لەنگىرىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇپ كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن دانىيىنىڭ پايتەختى مەۋج ئۇرۇۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدا كۆرۈنمەي قالدى. ۋالكىل ناملىق كېمە خېلسىنگور پورتىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. نېرۋىلىرىم تولىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، چۈنكى شۇ تاپتا مەن رىۋايەت تۇسى ئالغان ئاشۇ جايدا خاملېتنىڭ ئەرۋاھىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغانىدىم. «ئالىيجاناب ساراڭ، — دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە، — سەن چوقۇم بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى قوللىغان بولاتتىڭ! تېخى بەلكىم بىز بىلەن بىللە يەر مەركىزىگە بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ مەڭگۈلۈك سوئاللىرىڭغا جاۋاب ئىزدىگەن بولاتتىڭ!»

بىراق، قەدىمىي شەھەر سېپىلى ئۈستىدە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. بۇ قەلئە ئاشۇ باتۇر دانىيە شاھزادىسىدىن كۆپ ياش ئىدى، ئۇ ھازىر سۇندېر بوغۇزىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ تۇرار جايى ئىدى. بۇ بوغۇزدىن ھەر يىلى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ 15 مىڭدىن ئارتۇق كېمىسى ئۆتەتتى.

كلونبورگ[1] قەلئەسى پاتلا تۇمان ئارىسىدا كۆزدىن يىتتى، شۋېتسىيە دېڭىز قىرغىقىدىكى خېلسىنگبورگدا[2] قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز مۇنارمۇ كۆرۈنمەي قالدى. كاتتېگان بوغۇزىدا[3] مەيىن شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن بۇ كىچىك كېمە سەل قىيسايغاندەك بولدى.

ۋالكىل ناملىق كېمە ئىنتايىن پۇختا يەلكەنلىك كېمە ئىدى، لېكىن ئادەملەر ھازىر يەلكەنلىك كېمىلەرگە ئانچە ئىشەنچ باغلاپ

---

① كلونبورگ قەلئەسى — 1574 - يىلى ياسالغان، خېلسىنگوردىكى مۇھىم قەلئە.
② خېلسىنگبورگ — شۋېتسىيىنىڭ پورتى، دانىيىنىڭ خېلسىنگور پورتىنىڭ ئۇدۇلىدا.
③ كاتتېگان بوغۇزى — دانىيە بىلەن شۋېتسىيىنىڭ ئارىلىقىدىكى بوغۇز.

كەتمەيتتى . بۇ رېيكياۋىكقا كۆمۈر ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ، ساپال ئەسۋابلار ، تېرە كىيىملەر ۋە كۆمۈر توشۇيدىغان كېمە ئىدى . بەش ماتروسنىڭ ھەممىسى دانىيىلىك بولۇپ ، بۇنچە ئادەم بۇ كىچىك كېمىنى باشقۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى .

— رېيكياۋىكقا قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارالايمىز ؟ — دەپ سورىدى تاغام كاپىتاندىن .

— 10 نەچچە كۈندە ، — دېدى كاپىتان ، ئەگەر بىز فائېرو[1] تاقىم ئاراللىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا چوڭراق غەربىي شىمال بورىنىغا ئۇچراپ قالمىساقلا .

— لېكىن ، بورانغا ئۇچراپ قالغان تەقدىردىمۇ بەك كۆپ كېچىكىپ كەتمەسمىز ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ ، لىدىنبورۇگ ئەپەندى ، خاتىرجەم بولۇڭ ، بىز يېتىپ بارالايمىز .

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە بۇ كىچىك كېمە دانىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سىگاگېرن[2] تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتتى . يېرىم كېچە بولغاندا سكاگېرراك[3] بوغۇزىدىن ئۆتتى ، ئاندىن نورۋېگىيىنىڭ غەربىي تەرىپىنى بويلاپ ماڭغىنىچە لىندېنەس تۇمشۇقىدىن ئۆتۈپ ، شىمالىي دېڭىز سۇ رايونىغا كىردى .

ئىككى كۈندىن كېيىن بىز پېتېرخېئادنىڭ[1] يېقىن ئەتراپىدا شوتلاندىيە دېڭىز قىرغىقىنى كۆردۇق ، ۋالكىل ناملىق كېمە ئۇركنېي[5] تاقىم ئاراللىرى بىلەن شېتلاند[6] تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن فائېرو تاقىم ئاراللىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى .

بىراق ، ئەمدى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شاش دولقۇنلىرى بىزنىڭ بۇ كىچىك كېمىمىزگە ئۇرۇلغىلى تۇردى . كېمە شامال يۆنىلىشىگە

---

[1] فائېرو تاقىم ئاراللىرى — دانىيىگە قارايدۇ .
[2] سىگاگېرن تۇمشۇقى — دانىيىنىڭ ژىللاند يېرىم ئارىلىنىڭ شىمال تەرىپىدە .
[3] سكاگېرراك بوغۇزى — دانىيە بىلەن نورۋېگىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ، شىمالىي دېڭىز بىلەن كاتتېگان بوغۇزىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ .
[1] پېتېرخېئاد — شوتلاندىيىنىڭ كىچىك پورت شەھىرى ، شوتلاندىيىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە .
[5] ئۇركنېي تاقىم ئاراللىرى — ئەنگلىيىگە قاراشلىق ، شوتلاندىيىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە .
[6] شېتلاند تاقىم ئاراللىرى ئەنگلىيىگە قاراشلىق ، شوتلاندىيىنىڭ شىمالىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان ئوتتۇرىسىدا .

قارشى مېڭىپ، بەكمۇ تەسلىكتە فائىرو تاقىم ئاراللىرىغا بېرىۋالدى، سەككىزىنچى كۈنى كاپىتان فائىرو تاقىم ئاراللىرىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى مىگانەس ئارىلىنى كۆرۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىك كېمە ئىسلاندىيىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى پورتلاند تۇمشۇقىغا قاراپ ماڭدى. بۇ دېڭىز سەپىرى تولىمۇ زېرىكىشلىك بولدى، مەن دېڭىز سەپىرىنىڭ سىناقلىرىغا هەر هالدا بەرداشلىق بېرەلىدىم. لېكىن، تاغامنىڭ هەدېسىلا كۆڭلى ئېلىشىپ بەك بىئارام بولدى. بۇنىڭدىن ئەرۋاهى ئۇچۇپ، خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى.

شۇڭا، ئۇنىڭ كاپىتان بۇكائىن بىلەن سىنافىر، قاتناش سايمانلىرى ۋە ترانسپورت ئەسلىهەلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر هەققىدە پاراڭلاشقۇدەك هەپسىلىسى قالمىدى. قارىغاندا، بۇ ئىشلار توغرىسىدا نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن پاراڭلىشىشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. هازىر ئۇ نائىلاج هالدا كايۇتىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، كېمە هەربىر چايقالغاندا كايۇتىنىڭ توسۇق تاملىرى تىترەپ كېتەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇ ئۆزى تىلەپ تاپقان بالا ئىدى.

11 ـ كۈنى بىز پورتلاند تۇمشۇقىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا هاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئېگىزلىكتىكى مىرداسيوكۆلنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. كىچىك تاغدىن شەكىللەنگەن بۇ تۇمشۇقنىڭ يانباغرى بەكمۇ تىك بولۇپ، دېڭىز ساهىلىدا يەككە ـ يېگانە هالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ۋالكىل ناملىق كېمە دېڭىز قىرغىقى بىلەن مەلۇم ئارىلىقنى ساقلىغان هالدا، توپ ـ توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن كىت ۋە لەهەڭلەرنىڭ ئارىسىدىن غەرب تامان ئۈزۈپ ماڭدى. ئۈزۈن ئۆتمەي ئالدىمىز گويا ئۈشكە بىلەن تېشىۋەتكەندەك كۆرۈنىدىغان غايەت چوڭ قىيا تاش كۆرۈندى، غەزەپ بىلەن ئۇرۇلغان دېڭىز دولقۇنى ئۇنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئاتلانتىك ئوكياندا خۇددى كۆز يەتكۈسىز سۇ يۈزىگە چېچىۋېتىلگەن ئۈششاق

تاش پارچىلىرىدەك كۆرۈنىدىغان ۋىستىبرمان تاقىم ئاراللىرى كۆرۈندى . بۇ چاغدا ئىسلاندىيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى رېكيانېس تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە يېتەرلىك ئارىلىق قالدۇرۇش ئۈچۈن كېمە كەينىگە شوخشۇشقا باشلىدى .

دېڭىز دولقۇنى بەك كۈچلۈك بولغاچقا ، تاغام پالوبا ئۈستىگە چىقىپ غەربىي جەنۇب شامىلى ئۇرۇپ تۇرىدىغان دېڭىز قىرغىقىنى تاماشا قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدى .

48 سائەتتىن كېيىن يەلكەنلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بۇ كىچىك كېمە بىر قېتىملىق بورانلىق يامغۇردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى . شۇنىڭ بىلەن شەرق تەرەپتىكى سكاگېرن تۇمشۇقىدا يېنىپ تۇرغان ماياكنى كۆردۇق . بۇ تۇمشۇقنىڭ قىيا تاشلىرى سۇ ئاستىدا خېلى ئۇزۇن يەرگىچە سوزۇلغان بولغاچقا ، بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى . شۇڭا ، ئىسلاندىيىلىك بىر يول باشلىغۇچى بىزنىڭ كېمىگە چىقتى . ئۈچ سائەتتىن كېيىن ۋالكىل ناملىق كېمە رېيكياۋىكنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى فاكسا قولتۇقىدا لەڭگەر تاشلاپ توختىدى .

پروفېسسور ئاخىر كايۇتىدىن چىقتى . ئۇنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ قالغانىدى ، بىراق ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئۈستۈن ، رازىمەنلىكىدىن كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى .

شەھەر ئاھالىلىرى پىرىستانغا توپلىشىۋالغانىدى . ئۇلار ھەربىر كەلگەن كېمىگە بەك قىزىقاتتى ، چۈنكى ھەركىم كېمىدىن ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالالايتتى .

تاغام ئالمان ـ تالمان كېمىدىن ئايرىلدى ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ كېمە گەرچە دوختۇرخانا بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا سۇ ئۈستى تۈرمىسى دېيىشكە بولاتتى . ئۇ پالوبىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى مېنى ئالدىغا تارتىپ ئەكېلىپ ، قولتۇقنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر تاغنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى . بۇ تاغنىڭ ئىككى چوققىسى ئېرىمەيدىغان قارلار بىلەن قاپلانغانىدى .

— سنافېر ! — دېدى ئۇ توۋلاپ ، — سنافېر !

ئاندىن ئۇ قول ئىشارىسى قىلىپ مېنى ئۈنچىقماسلىققا

ئەسكەرتتى ـ دە ، ساقلاپ تۇرغان قولۋاققا چىقتى . مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم ، بىز بىردەمدىلا ئىسلاندىيە تۇپرىقىدا مېڭىشقا باشلىدۇق .

كۆز ئالدىمىزدا دەسلەپ پەيدا بولغىنى رەڭگىرويى جايىدا ، ئۈستىگە گېنېراللىق ھەربىي فورما كىيىۋالغان ئادەم ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ بىر مەمۇرىي باشلىق بولۇپ ، يەنى ئىسلاندىيىنىڭ ۋالىيسى بارون[1] ترومپېنىڭ ئۆزى ئىدى . پروفېسسور دەرھاللا ئۇنىڭ ئۆزلىرى ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى . ئۇ كوپېنھاگېندىن ئېلىپ كەلگەن تونۇشتۇرۇش خېتىنى ۋالىيغا بەردى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن دانىيە تىلىدا قىسقىچە پاراڭلاشتى . مەن دانىيە تىلىنى بىلمىگەچكە ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكى بىلەن كارىم بولمىدى . ئەمما ، سۆھبەت ئاياغلىشىشى بىلەنلا بارون ترومپ پروفېسسور لىدېنبورۇگنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

تاغام يەنە شەھەر باشلىقى فىنسون ئەپەندىنىڭمۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى ، ئۇمۇ ۋالىيغا ئوخشاش ھەربىي فورما كىيىۋالغان بولسىمۇ ، ئەمما مىجەز ـ خاراكتېرى تولىمۇ مۇلايىم ئىدى .

ياردەمچى ئېپىسكوپ بېكتول ئەپەندى شىمالىي تەرەپتىكى چېركاۋغا قاراشلىق رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەتكەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدۇق ، لېكىن بىز تولىمۇ سۆيۈملۈك بىر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق . ئۇ بىزگە قىممەتلىك ياردەملەرنى بەردى ، ئۇ رېيكياۋىك مەكتىپىنىڭ تەبىئىي پەن پروفېسسورى فىرادرىكسون ئەپەندى ئىدى . بۇ كەمتەر ئالىم پەقەت ئىسلاندىيە تىلى بىلەن لاتىن تىلىنىلا بىلەتتى ؛ ئۇ خوراتىئۇس[2] ئىشلەتكەن تىل بىلەن بىزگە مۇلازىمەت قىلدى . مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا بىر ـ بىرىمىزنى

---

① ئەسلىي نۇسخىدا شۇنداق ئېلىنغان (ئەسەرنىڭ بېشىدا گراف دېيىلگەن) .
② خوراتىئۇس — (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 65 — 8) دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ لاتىن تىلى شائىرلىرىنىڭ بىرى .

چۈشىنىدىغاندەك تەسىراتقا كېلىپ قالدىم . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئىسلاندىيىدىكى مەن پاراڭ سېلىشالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى .

ئاق كۆڭۈللۈكتە چېكىگە يەتكەن بۇ ئادەم ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئىككى ئېغىزىنى بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە بوشىتىپ بەردى . بىز جايلىشىۋالغاندىن كېيىن يۈك - تاقلىرىمىزنى ئەكىردۇق ، نەرسە - كېرەكلىرىمىز ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا ، بىزنى كۆرگەن يەرلىك ئادەملەر قاتتىق ھەيران قالدى .

— بولدى ، ئاكسال ، — دېدى تاغام ماڭا ، — ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق ، ئەڭ قىيىن مەسىلىمۇ ھەل بولدى .

— نېمە ، ئەڭ قىيىنى ؟ — مەن توۋلاپ كەتتىم .

— ئەلۋەتتە ، ئەمدى بىز يەر ئاستىغا قاراپ يۈرۈپ كەتسەكلا بولىدۇ !

— دەۋاتقىنىڭىزغۇ توغرا . لېكىن ، مېنىڭچە ، بىز تۆۋەنگە چۈشكەندىن كېيىن ھامىنى قايتىپ چىقىشىمىز كېرەكقۇ ؟

— ھە ! مەن بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيمەن ! قارا ، ئەمدى ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ ، مەن كۇتۇپخانىغا بېرىپ كېلەي ، بەلكىم ئۇ يەردە ساكنۇسىمنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، ئەگەر ئازراق بولسىمۇ ماتېرىيالغا ئېرىشەلىسەم بەكمۇ ياخشى بولاتتى .

— مەن ھازىرقى بوش ۋاقتىمىن پايدىلىنىپ شەھەرنى كۆرۈپ كېلەي ، سىز بارمامسىز ؟

— مەن بۇنىڭغا قىزىقمايمەن . ئىسلاندىيىدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا قىزىقارلىق نەرسىلەر يەرنىڭ ئۈستىدە ئەمەس ، بەلكى يەرنىڭ ئاستىدا .

مەن سىرتقا چىقىپ مەقسەتسىز ئايلىنىشقا باشلىدىم .

مەن ئىككىلا كوچىسى بار رېيكياۋىكتا ئېزىپ قېلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ، دەپ ئويلىدىم . ئۆزۈمگە بىھۇدە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن قولۇم بىلەن ئىما - ئىشارەت قىلىپ يول سوراشتىن ساقلاندىم .

بۇ شەھەر ئىككى تۆپىلىكنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان ، يەر

تۈزۈلۈشى بىرقەدەر پەس بولغاچقا، سازلىقلار كۆپ ئىدى. شەھەرنىڭ بىر چېتى ئىنتايىن چوڭ يەرنى ئىگىلىگەن يانار تاغ ماگما ئېقىمى بىلەن قاپلانغان، ماگما ئېقىمى بارا ـ بارا تۆۋەنلەپ دېڭىز غىچە سوزۇلغانىدى. يەنە بىر تەرىپى بولسا كەڭ كەتكەن فاكسا قولتۇقى بولۇپ، قولتۇقنىڭ شىمالىي قىرغىقى غايەت چوڭ سىنافىر مۇزلۇقى ئىدى، ھازىر قولتۇقتا پەقەت ۋالكىل نامىلىق بىرلا كېمە بار ئىدى، ئادەتتە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ بېلىق تۇتۇش رايونلىرىنى قوغداش كېمىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە توختايتتى، ئەمما ھازىر كېمىلەر ئىسلاندىيىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

رېيكياۋىكنىڭ ئېككى كوچىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنراق بىرى دېڭىز قىرغىقى بىلەن بىر تۈز سىزىقتا بولۇپ، يول بويىدىكى ساپلا پالساندىر ياغىچىنى توغرىسىغا دەستىلەپ سالغان ئۆيلەر ئىدى، بۇ ئۆيلەر بۇ يەردىكى چوڭ ـ كىچىك سودىگەرلەرنىڭ تۇرار جايلىرى ئىدى، غەربكە قاراپ سوزۇلغان يەنە بىر يول كىچىك كۆلگە تۇتىشاتتى. بۇ يولنىڭ بويىدىكى ئۆيلەردە ئېپىسكوپ ۋە سودا بىلەن مۇناسىۋەتسىز باشقا ئادەملەر تۇراتتى.

مەن زېرىكىشلىك بۇ ئىككى كوچىنى پاتلا ئايلىنىپ بولدۇم، بەزىدە ماڭا ئىشلىتىۋېرىپ كونىراپ كەتكەن يۇڭ گىلەمگە ئوخشايدىغان سارغۇچ چۆپلۈكلەر ئۇچرىدى، يەنە ئىچىدە ئاندا ـ ساندا ياڭيۇ، كەرەپشە ئۆسكەن كۆكتاتلىقلارنى كۆردۈم، بۇ كۆكتاتلار گويا پەتەك ئادەملەر دۆلىتى ئاھالىلىرىنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ كۆكتاتلىقلاردا يەنە بىرنەچچە تۈپ نىمجان ئۆسكەن رۇخسىگۇلمۇ بار ئىدى، بۇ گۈللەر جان ـ جەھلى بىلەن قۇياش نۇرىدىن بەھرە ئېلىشقا تىرىشاتتى. سودىغا مۇناسىۋەتسىز ئادەملەر تۇرىدىغان كوچىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە مەن سوقما تام بىلەن قورشالغان تولىمۇ ئازادە جامائەت قەبرىستانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يەرگە يېقىنلا يەردە ۋالىي مەھكىمىسى جايلاشقان بولۇپ، ھامبۇرگنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىنىڭ ئالدىدا ئۇنى پەقەت بىر كونا ئۆي دېيىشكىلا بولاتتى. بىراق،

ئىسلاندىيە پۇقرالىرىنىڭ كەپە ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئوردا ـ قەسىر دېسە ئارتۇق كەتمەيتتى ، كىچىك كۆل بىلەن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چىركاۋ پروتېستانتىيە دىنى ئۇسلۇبى بىلەن سېلىنغان بولۇپ ، ئۇ يانار تاغ پارتلىغاندا ئېتىلىپ چىققان ھاك تاشلىرى بىلەن ياسالغانىدى . ھەر قېتىم غەرب شامىلى چىققان كۆلدە چىركاۋنىڭ ئۆگزىسىگە چاپلانغان قىزىل كاھىشلار تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇپ چىقىپ ، مۇخلىسلارغا ئېغىر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەتتى .

چىركاۋنىڭ يېنىدىكى بىر ئېگىزلىكتە دۆلەتلىك مەكتەپنى كۆردۈم ، كېيىن ئۆي ئىگىسىدىن بۇ مەكتەپتە ئىبراي تىلى ، ئىنگلىز تىلى ، فرانسۇز تىلى ۋە دانىيە تىلى ئۆگىتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم . مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ تۆت خىل تىلنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدىغانلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈندۈم . ئەگەر مەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بولسام ، بۇ يەردىكى قىرىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ يارىمايدىغىنى بولار ئىكەنمەن ، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن خۇددى ئىشكاپقا ئوخشايدىغان قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئۇخلاشقا لاياقىتىم توشماس ئىكەن ، دەپ جەزم قىلدىم ، ئەگەر مىشچان ئادەم مۇشۇنداق كارىۋاتتا بىر كېچە ئۇخلايدىغان بولسا ئۇنىڭ دىمىقىپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

مەن شەھەرنىڭ ھەممە يېرى ۋە ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۈچ سائەت ئىچىدىلا ئايلىنىپ بولدۇم . قىسقىسى ، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئادەتتىن تاشقىرى كۆرۈمسىز ، دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ گىياھ دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ھەممىلا يەردە ئۇچرايدىغىنى قىرلىرى ئۇچلۇق يانار تاغ داشقاللىرى ئىدى . ئىسلاندىيىلىكلەرنىڭ ئۆيلىرى توپا بىلەن تورفتىن ياسالغان بولۇپ ، تاملىرى بىردەك ئىچىگە قاراپ قىيسايغانىدى . بىر قاراشتا خۇددى يەرگە يانتۇ قويۇلغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگىلا ئوخشايتتى ، لېكىن ، بۇ ئۆگزىلەرنى بىرقەدەر مۇنبەت چۆپلۈك دېيىشكە بولاتتى . چۈنكى ، بۇ ئۆيلەردە ياشاۋاتقانلار پەيدا قىلغان ئىسسىقلىقتىن ئۆگزىلەردىكى ئوت ـ چۆپلەر خېلى بولۇق ئۆسۈپ

كېتەتتى . ئوت ئورۇش مەزگىلىدە ئۆگزىلەرگە چىقىپ بۇ ئوتلار ئورۇۋېتىلمىسە ، چارۋا ماللار ئۆگزىلەرگە ئوتلىغىلى چىقىۋالاتتى .

سەيلە قىلىپ يۈرگىنىمدە ، ماڭا ئادەم تۇزۇك ئۇچرىمىدى ، سودا كوچىسىغا كەلگەندىن كېيىن كۆپىنچە ئاھالىلەرنىڭ تىرىسكا بىــلــىقلىرىنى قۇرۇتۇش ، تۇزلاش ۋە توشۇش بىلەن ئالدىراش يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم . تىرىسكا بېلىقى مۇشۇ يەرنىڭ ئېكسپورت قـــىلىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتى ئىدى . ئەرلەر قارىماققا خېلى بېجىرىم كۆرۈنىسىمۇ ، ئەمما بەكلا كالانپاي ئىدى . كۆزلىرىدىن غــەمــكــىــنــلــىــك چــىقىپ تۇرغان ، سىرىق چاچلىق گېرمانلارغا ئوخشاپراق كەلگەن بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئىنسانلار دۇنياسىدىن چەتتە قالغان ، بۇ بىر پارچە مۇزلۇقتا ئۇنتۇلۇپ قالغان بىچارە سـەرگــەردانــلار دەپ ھـېـس قــىـلاتــتــى . ئەمەلىيەتتە ، تەبىئەت ئـېـســكـىـموسلارنىڭ پېشانىسىگە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىنىڭ چۆرىلىرىدە ياشاشنى پۈتكەنىكەن ، ئۇنداقتا ئاشۇلار ئىسلانديىنىڭ ئاھالىسى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ ! مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئازراق بولسىمۇ كۈلۈمسىرەش ئىزنالىرىنى كۆرۈشكە ئۇرۇنغان بولسامۇ ، لـېـكـىــن ئـاۋارە بولغىنىم قالدى ، ئۇلار بىرە - بىرە قاقاقلاپ كــۈلــسىمۇ ، ئەمما بۇ پەقەت يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ ئىپادىسىز تارتىشىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى ، ئۇلار ئەزەلدىن كۈلۈمسىرىمەيتتى .

ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغىنى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن قارا رەڭلىك كەڭ ھەم قوپال چاپان بولۇپ ، «ۋاتمال» دەپ ئاتىلىدىغان بۇنداق كىيىم شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئىنتايىن داڭلىق ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە كەڭ گىرۋەكلىك شىلەپە ، قىزىل يوللۇق ئىشتانمۇ بار ئىدى .

ئاياللىرىنىڭ چىرايىدىن مىسكىنلىك ھەم رايىشلىق چىقىپ تۇراتتى ، قارىماققا قوللىرىدىن ئىش كېلىدىغاندەك قىلاتتى ، پەقەت چــىــرايــىــدىن ھېسسىيات ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولمايتتى ، ئۇلار بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن پىنجەك ۋە قىنىق رەڭلىك «ۋاتمال»

كۆڭلەك ؛ قىزلار بولسا چېچىنى چوققىسىغا تۈرمەكلىشۈپلىپ ، بېشىغا جىگەر رەڭ يۇڭ يېپتا توقۇلغان باشىنىڭ كىيىشۇالاتتى . توي قىلغان ئاياللار بېشىغا رەڭلىك ياغلىق چىگىپ ، ئۇستىگە ئاق لاتا بىلەن پاسون چىقىرىۋالاتتى . مەن سىرتنى بولۇشچە ئايلىنىپ ، فىرادىرىكسون ئەپەندىنىڭ تۇرار جايىغا قايتىپ كەلگەن چېغىمدا تاغام ئالىلىقاچان قايتىپ كېلىپ ئۆيىنىڭ خوجايىنى بىلەن ئولتۇرغانىكەن .

## 10

كەچلىك تاماق تەييار بولدى ، پروفېسسور لىدىنبورۇگ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تاماقلارنى يالماپ ـ يالماپ يۇتۇپ ، بىردەمدىلا قاچىسىنى قۇرۇقداپ قويدى ، كېمىدىكى مەجبۇري يېمەكلىك تېجىگەن ئاشۇ كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ يەپ تويماس ئوپقانغا ئايلانغانىدى . بۇ قېتىمقى تاماقنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق ، ئۇنى ئىسلاندىيىچە دېگەندىن كۆرە ، دانىيىچە تاماق دېگەن تۈزۈك ئىدى . ھالبۇكى ، ئۆي ئىگىسى دانىيىلىك بولماستىن ، بەلكى ئىسلاندىيىلىك ئىدى ، ئۇ ماڭا قەدىمكى زاماندىكى مېھماندوست باتۇرلارنى ئەسلەتتى . شۇ تاپتا بىز ئۇنىڭدىنمۇ كۆرە ، بۇ ئۆيىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتۇق .

سۆھبەت ئىسلاندىيە تىلىدا ئېلىپ بېرىلدى . تاغام گېپىگە ھەدېسىلا نېمىسچىنى ئارىلاشتۇرۇۋالاتتى . فىرادىرىكسون ئەپەندى لاتىنچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ ، مېنىڭمۇ چۈشىنىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى . بۇ ئالىملار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بولغانلىقى ئۈچۈن پاراڭ ئىلىم ـ پەن ئۈستىدە بولدى . بىراق ، بىزنىڭ پىلانىمىز توغرۇلۇق تاغام ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان بولدى ، شۇڭا ھەر قېتىم سۆزلىگەندە ماڭا ئۈنچىقما دېگەندەك كۆز ئىشارىسى قىلىپ تۇردى .

فىرادىرىكسون ئەپەندى باشتا تاغامدىن كۈتۈپخانىدىن نېمىلەرنى تاپقانلىقىنى سورىدى .

— سىلەرنىڭ كۈتۈپخاناڭلار ! — دېدى تاغام توۋلاپ ، — كىتاب جازىلىرى قۇپقۇرۇقلا ئىكەن ، پەقەت پارچە - پۇرات كىتابلارلا تۇرىدۇ .

— نېمە ! — دېدى فىرادىرىكسون ئەپەندى ، — ئۇ يەردە 8000 پارچە كىتاب بار ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسان تېپىلمايدىغان قىممەتلىك قولىيازمىلار ۋە يېگانە قولىيازمىلار بار ، تېخى سىكاندىناۋىيە يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بار ، كوپېنھاگىنمۇ ھەر يىلى بارلىق يېڭى كىتابلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ .

— ئۇنداق بولسا بۇ 8000 پارچە كىتاب نەگە كەتتى ؟ مېنىڭچە ...

— لىدىنبورۇگ ئەپەندى ، چۈنكى ئۇ كىتابلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئارىيەتكە ئېلىپ كېتىلگەن . بىزنىڭ بۇ قەدىمىي مۇزلۇق ئارىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ! دېھقانلار بىلەن بېلىقچىلارمۇ كىتاب ئوقۇيالايدۇ . بىز ، كىتاب دېگەن ئوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ ، ئۇنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ ، تۆمۈر جازىلاردا كۆكىرىپ كېتىشكە يول قويۇشقا بولمايدۇ ، دەپ قارايمىز . شۇڭا ، بۇ كىتابلار نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ . ئۇلار بۇ كىتابلارنى قايتا - قايتا ۋاراقلاپ ، تەكرار كۆرىدۇ . كۆپىنچە ھاللاردا ، ئارىيەت ئېلىپ كېتىلگەن كىتابلار بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئاندىن جازىغا قايتىپ كېلىدۇ ...

— بۇ مەزگىل ئىچىدە ، — تاغام سەل ئاچچىقى كېلىپ دېدى ، — چەت ئەللىكلەر ...

— بۇنىڭغا ئامال يوق ! چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈتۈپخانىلىرى بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزمۇ تەربىيىگە ئىگە بولۇشى كېرەك . مەن شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئىسلاندىيىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ

قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن . شۇڭا ، بىز 1816 ـ يىلى بىر ئەدەبىيات جەمئىيىتى قۇردۇق ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ياخشى ، بۇ جەمئىيەتكە نۇرغۇن چەت ئەللىك ئالىملارمۇ قاتناشتى ھەمدە بۇنى شەرەپ دەپ قارىدى ، جەمئىيەت بىرمۇنچە كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى ، مەقسەت بۇ ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىزنى تەربىيىلەپ ، دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش . ئەگەر سىز جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى بولغان بولسىڭىز ، بىز چەكسىز شەرەپ ھېس قىلغان بولاتتۇق .

تاغام 100 دىن ئارتۇق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ ، ئەمما بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى . بۇنىڭدىن فىرادىرىكسون ئەپەندى قاتتىق تەسىرلەندى .

— ھازىر ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — تېز ئېيتىڭچۇ ، سىز بىزنىڭ كۇتۇپخانىدىن قانداق كىتابنى ئىزدىۋىدىڭىز ؟ بەلكىم ئۇقۇشۇپ بېرەلىشىم مۇمكىن .

مەن تاغامغا قارىدىم ، ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى ، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ئەمما ، ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى .

— فىرادىرىكسون ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، — مەن شۇنى بىلمەكچى ، كۇتۇپخانىدىكى قەدىمىي قولىيازمىلارنىڭ ئىچىدە ئارنا ساكنوسمىنىڭ كىتابلىرى بارمىدۇ ؟

— ئارناساكنوسمىنىڭ ! — دېدى رىبېكياۋىكلىق پروفېسسور ، — دەۋاتقىنىڭىز 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم ، ئۇلۇغ تەبىئىي پەن ئالىمى ، كىمياگەر ساياھەتچىمۇ ؟

— دەل شۇ .

— ئۇ دېگەن ئىسلاندىيە ئەدەبىياتى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئىپتىخارلىرىدىن بىرى .

— قىلچە خاتاسى يوق .

— ئۇ دېگەن مەشھۇر ئادەم .

— دېگىنىڭىز توغرا .

— سىز ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى خەۋەردار ئىكەنسىز ـ دە .
قەلبىدىكى قەھرىمانىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ماختالغىنىنى ئاڭلىغان تاغام بەك خۇش بولۇپ كەتتى . ئۇ فرادرىكسون ئەپەندىگە تىكىلىپ قارىدى .
— قانداق ، — دەپ سورىدى ئۇ ، — سىزدە ئۇنىڭ كىتابلىرى بارمۇ ؟
— ھەي ! مەندە ئۇنىڭ كىتابلىرى يوق .
— نېمە ؟ ئىسلاندىيىدە ساكنوسىمنىڭ كىتابلىرى يوقمۇ ؟
— ئىسلاندىيىدىلا ئەمەس ، بەلكى باشقا جايلاردىمۇ يوق .
— نېمىشقا ؟
— چۈنكى ، ئارنا ساكنوسىم بىدئەتچىلىكنى تەرغىب قىلغان دېگەن گۇناھ بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1573 ـ يىلى كوپېنھاگىندا ئۇنى قەتلى قىلغان جاللات تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن .
— ياخشى ! ئىنتايىن ياخشى ! — تاغام توۋلاپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن بىزنىڭ بۇ تەبىئىي پەن پروفېسسورى ھەيران بولغىنىدىن داڭ قېتىپ قالدى .
— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
— توغرا ! ھەممە چۈشىنىشلىك بولۇپ ، ئىشلار راۋانلاشتى ، گۇمانلىق نۇقتىلار تۈگىدى . ئەمدى مەن ساكنوسىمنىڭ نېمە ئۈچۈن چەتكە قېقىلىپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بايقاشلىرىنى ئاشكارىلىمىغانلىقى ھەمدە بۇ مەخپىيەتلىكنى ئوقۇماق تەس بولغان شىفىرلىق خەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم ...
— قانداق مەخپىيەتلىك ! — فرادرىكسون ئەپەندى قىزىقىپ سورىدى .
— بۇ مەخپىيەتلىك ... ئۇ ... — دېدى تاغام دۇدۇقلاپ .
— قارىغاندا ، سىزدە بىر ئالاھىدە خەت بار ئوخشىمامدۇ ؟ — ئۆي ئىگىسى سورىدى .
— ياق ... بۇ پەقەت مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم .

— ياخشى ، — دېدى فرادرىكسون ئەپەندى تاغامنىڭ ئوڭايسىزلانغان ھالىتىنى كۆرۈپ قايتىلاپ سورىمىدى ، — ئىشقىلىپ ، سىز بىزنىڭ بۇ ئارالدىمىزدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردىكى كان بايلىقلىرى ئىچىدىن ھاسىلاتقا ئېرىشەلىشىڭىزنى تىلەيمەن .

— ئەلۋەتتە ، — دېدى تاغام ، — قارىغاندا ، بىز سەل كېچىكىپ كەلگەندەك قىلىمىز ، بۇ يەرگە باشقا ئالىملارمۇ كېلىپ باقتىمۇ ؟

— كەلدى ، لىدىنبورۇگ ئەپەندى ، بۇ يەرنى تەكشۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلگەن ئورفىلسىن ، پوۋېلسىن ۋە تىرويىدلار بار ، يەنە فرانسىيىنىڭ تەكشۈرگۈچى نامىلىق قوغدىغۇچى پاراخوتىغا① ئولتۇرۇپ كەلگەن گارمال ۋە روبىللارمۇ بار . يېقىندا يەنە بىر تۈركۈم ئالىملار خانىش خولداس نامىلىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ بۇ يەرگە كەلدى ، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى ئىسلاندىيىنى تونۇتۇش جەھەتتىكى كۈچلۈك ئاساسلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى . لېكىن ، سىز ئىشىنىڭكى ، قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشلار يەنە تېخى كۆپ .

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى تاغام ئەتەي ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغاچ ، ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇغان خۇشاللىقىنى تەسلىكتە بېسىپ .

— شۇنداق ، ئىنسانىيەت تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن شۇنچە كۆپ چوققا ، مۇزلۇق ۋە يانار تاغلار بىزنىڭ بېرىپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ! باشقىنى دېمەيلى ، سىز يىراقتىكى تاغ چوققىسىنى كۆرۈۋاتامسىز ؟ ئۇ سنافىر دەپ ئاتىلىدۇ .

— ھىم ! — دېدى تاغام ، — سنافىر .

— توغرا ، ئۇ تولىمۇ غەلىتە يانار تاغلارنىڭ بىرى ، ئۇنىڭ

① تەكشۈرگۈچى نامىلىق پاراخوت — 1835 - يىلى ئادمىرال دوئېلىي يوقاپ كەتكەن يىراقتا يورۇش قىلىش قوشۇنىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەربىي پاراخوت . بۇ يىراقتا يورۇش قىلىش قوشۇنىنىڭ نامى «رىللىق ئايال» بولۇپ ، ئۇنىڭغا دى بولسىۋىل ئەپەندى قوماندانلىق قىلغان ، كىشىلەر ئاخىرغىچە بۇ قوشۇن ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەيدۇ (ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى) .

يانار تاغ ئېغىزىغا بېرىپ باققانلار بەكمۇ ئاز .
— ئۇ ئۆچكەن يانار تاغمۇ ؟
— شۇنداق ! ئۇنىڭ ئۆچكىنىگە 500 يىل بولدى .
— ئۇنداق بولسا ، — دېدى تاغام ، ئۇ لىككىدە تۇرۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پۇتلىرىنى توختىماستىن ئۇياق - بۇياققا ئالمايتتى ، — مەن بىزنىڭ بۇ قېتىمقى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشىمىزنى سېفېل ··· ياق ، فېسىلىدىن باشلاشنى ئۇمىد قىلىمەن ، ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى ؟
— سنافېر ، — دېدى ئاق كۆڭۈل فىرادىرىكسون ئەپەندى تەكرارلاپ .
گەپلەر لاتىن تىلىدا دېيىلگەن بولغاچقا ، مەن ھەممىنى چۈشەندىم ، تاغامنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇۋاتقان خۇشاللىقىنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان تۇرقىنى كۆرۈپ كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدىم . ئۇنىڭ ئۆزىنى سەبىي قىياپەتكە كىرگۈزۈۋالغان تۇرقى خۇددى مەسخىرىۋاز ھەيۋارغا ئوخشاپ قالغانىدى .
— توغرا ! — دېدى ئۇ ، — گەپلىرىڭىزدىن ئىرادەم تېخىمۇ چىڭىدى ! بىز سنافېرغا چىقىپ سىناپ كۆرىمىز . بەلكىم ئۇنىڭ يانار تاغ ئېغىزىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز مۇمكىن !
— بەكمۇ ئەپسۇس ، — دېدى فىرادىرىكسون ئەپەندى ، — خىزمىتىم ئايرىلىشىمغا يول قويمايدۇ ، سىلەر بىلەن بەكمۇ بارغۇم بار ئىدى . مېنىڭچە ، بۇ چوقۇم بىر قېتىملىق تولىمۇ قىزىقارلىق ھەم ئۇنۇمى قالتىس ساياھەت بولىدۇ .
— ھەم ! ياق ، ياق ، ياق ! — تاغام دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى ، — بىز ھېچكىمنى ئاۋارە قىلىشنى ئويلىمىدۇق ، فىرادىرىكسون ئەپەندى ، ئەگەر سىزگە ئوخشاش ئالىم بىز بىلەن بىللە ماڭغان بولسا ھەقىقەتەنمۇ گۈل ئۈستىگە گۈلى كەلگەندەك ئىش بولغان بولاتتى ، بىراق سىز يەنىلا خىزمىتىڭىزنى مۇھىم بىلگىنىڭىز ···
قارىغاندا ، بىزنىڭ بۇ ئىسلاندىيىلىك ئۆي خوجايىنىمىز بەكلا

سادda ئىكەن ، ئۇ تاغامنىڭ مەقسىتىنى قىلچە سەزمىدى .

— لىدىنبورۇگ ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، — مەن تەكشۈرۈشنى مۇشۇ تاغدىن باشلىشىڭىزنى پۈتۈنلەي قوللايمەن . ئۇ يەردە سىز چوقۇم نۇرغۇن ئاجايىپ ھاسىلاتلارغا ئېرىشەلەيسىز . بىراق ، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭچۇ ، سىز سىنافېر يېرىم ئارىلىغا قانداق بارماقچى بولۇۋاتىسىز ؟

— دېڭىز يولى بىلەن قولتۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش كېرەك ، بۇ ئەڭ يېقىن يول .

— بىراق ، سىز بۇ يول بىلەن ماڭالمايسىز .

— نېمە ئۈچۈن ؟

— چۈنكى ، رېيكياۋىكتا بىرمۇ كېمە يوق .

— چاتاق بوپتۇ .

— سىز چوقۇم قۇرۇقلۇق يولى بىلەن مېڭىشىڭىز كېرەك ، يول سەل يىراقراق بولغىنى بىلەن بەكمۇ كۆڭۈللۈك دەڭە .

— ياخشى ، ئۇنداقتا ئامال قىلىپ يول باشلىغۇچى تاپسام بولغۇدەك .

— مەن تونۇيدىغان بىرى بار ، شۇنى سىزگە تەۋسىيە قىلاي .

— ئۇ ئىشەنچلىك ۋە ئەقىل - ھوشى جايىدىمۇ ؟

— ئىشەنچلىك ، ئۆزى مۇشۇ يېرىم ئارالنىڭ ئاھالىسى ، ماھۇق ئۆردەك ئوۋلاپ جان باقىدۇ ، قولىدىن بەكمۇ ئىش كېلىدۇ ، سىز چوقۇم رازى بولىسىز . ئۇ تېخى دانىيە تىلىدا بەكمۇ ئوبدان سۆزلىيەلەيدۇ .

— ئۇنىڭ بىلەن قاچان ئۇچراشقىلى بولار ؟

— ئەته ، ئەگەر خالىسىڭىز .

— نېمىشقا بۈگۈن كۆرۈشەلمەيمىز ؟

— چۈنكى ، ئۇ ئەته قايتىپ كېلىدۇ .

— بوپتۇ ، ئەته بولسىمۇ مەيلى .

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ قىممەتلىك مۇھىم سۆھبەت گېرمانىيە پروفېسسورىنىڭ ئىسلاندىيە پروفېسسورىغا ئېيتقان

قىزغىن رەھمەتلىرى ئاستىدا ئايىغلاشتى ، تاغام تاماق ئۈستىلىدە نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارنى بىلىۋالدى . مەسىلەن ، ساكنوسىمىنىڭ تارىخى ، ھېلىقى سىرلىق خەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ، يەنە ئۆي خوجايىنىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىگە بىز بىلەن بىللە بارمايدىغانلىقى دېگەندەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئەتە بىر يول باشلىغۇچىغا ئېرىشىدىغان گەپ .

## 11

كەچتە مەن رېيكياۋىكنىڭ دېڭىز بويىدا ئازراق ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن بالدۇرلا قايتىپ كەلدىم ۋە كەڭ ياغاچ كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاپ قالدىم .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپلا ياندىكى ئۆيدە تاغامنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم . شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم .

ئۇ بىر ئادەم بىلەن دانىيە تىلىدا پاراڭلىشىۋاتقانىكەن ، بۇ ئېگىز بوي ، قاۋۇل ئادەم بولۇپ ، قارىماققا بەك كۈچتۈڭگۈردەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ خىيالپەرەسلەرنىڭكىدەك كۆك كۆزلىرى ، چىرايىدىن ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەنگلىيىدىمۇ قىزىل قوڭۇر رەڭلىك دېيىلىدىغان ئۇزۇن چاچلىرى مەزمۇت يەلكىلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى ، بۇ ئىسلاندىيىلىكنىڭ ھەرىكىتى بەك چەبدەس ئىدى ، ئۇ قول ھەرىكىتى ئارقىلىق گېپىنى ئۇقتۇرۇشنى بىلمەمدۇ ياكى ياقتۇرمامدۇ ، بىلگىلى بولمايتتى ، ئىشقىلىپ ، بىلىكىنى ئاسان مىدىرلاتمايتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغىنى بىر خىل مۇتلەق تەمكىنلىك بولۇپ ، ھەرگىز ھورۇن ، يالقاۋ ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى . مېنىڭچە ، ئۇ ھەرقانداق ئادەمدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايتتى ، پەقەت ئىشنى دەل جايىغا كەلتۈرۈپ قىلىشنىلا بىلەتتى ، قارىغاندا ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى پەلسەپىسى ئەزەلدىن ھەيران قالماسلىق ۋە تەمتىرىمەسلىك

ئوخشايدۇ .

تاغام ھەدەپ توختىماي سۆزلىمەكتە ، مەن ئىسلاندىيىلىكلەردىن ئاڭلىغان ئۇسۇل بويىچە ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم . ئۇ قول - پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۆزلەۋاتقان تاغامنىڭ ئالدىدا ، بىلەكلىرىنى ئالماشتۇرغان ھالدا قىمىر قىلماستىن تىك تۇراتتى ، ئۇ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولسا بېشىنى ئوڭ تەرەپكە ئازراقلا چايقاپ قوياتتى ، ئەگەر قوشۇلسا بېشىنى ئانچىكىلا لىڭشىتىپ قوياتتى ، ئۇ بېشىنى شۇنچىلىك يېنىك لىڭشىتىتتىكى ، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى قىلچە مىدىرلىمىدى . دېمىسىمۇ ، بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئوۋچى ئىكەنلىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم ، تۇرقىدىن قۇشلارنى ئۈركۈتۈشنىمۇ خالىمايدىغان بۇ ئادەم قانداقمۇ ئوۋ ئوۋلىيالىسۇن ؟

فرادرىكسون ئەپەندى كېيىن ماڭا ، بۇ تەمكىن ئەرنىڭ ئوۋلايدىغىنى پەقەت ماموق ئۆردەكلا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ، مەن ئاندىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم . بۇ خىل ئۆردەك ماموقى ئىسلاندىيىنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى بولۇپ ، ئۇ ئۆردەك ماموقى دەپ ئاتىلىدىكەن . ئۇنى يىغىش ئانچە چوڭ ھەرىكەت تەلەپ قىلمايدىكەن . ئىسلاندىيىنىڭ قىرغاقلىرىدا قولتۇقلار[1] كۆپ بولۇپ ، ھەر يىلى يازنىڭ بېشىدا چىرايلىق چىشى ماموق ئۆردەكلەر قولتۇقلاردىكى تاشلىق ساھىللارغا ئۇچۇپ كېلىشىپ ئۇۋا ياسايدۇ . ئۇۋا پۈتكەندىن كېيىن ، چىشى ئۆردەك ئۆزىنىڭ مەيدىسىدىن ماموقلارنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۇۋىسىغا يېيىتىدۇ . بۇ چاغدا ئوۋچى ياكى سودىگەرلەر يېتىپ كېلىپ بۇ ئۇۋىنى ئېلىپ كېتىدۇ . چىشى ماموق ئۆردەك بولسا ئامالسىز باشقىدىن ئۇۋا سالىدۇ . ئۇنىڭ بەدىنىدە پەيلىرىلا بولىدۇ ، بۇ جەريان توختىماي داۋاملىشىۋېرىدۇ . ئاخىر ماموق چىشى ئۆردەكنىڭ پەيلىرى

[1] كىشىلەر سكاندىناۋىيىنىڭ تار قولتۇقلىرىنى «قولتۇقلار» دەپ ئاتىشىدۇ (ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىزاھاتى) .

يۇلۇۋېلىنغاندىن كېيىن ، ئەركەك ماموق ئۆردەك كېلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ . بىراق ، ئەركەك ماموق ئۆردەكنىڭ پەيلىرى قاتتىق ھەم يىرىك بولغاچقا ، ھېچقانچە سودا قىممىتى بولمايدۇ ، شۇڭا ئوۋچىلار بۇنداق ئۇۋىلا بىلەن چاتىقى بولمايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇۋىلا ئاخىر سېلىنىپ پۈتىدۇ . كېيىن بۇ ئۇۋىدا چىشى ماموق ئۆردەك تۇخۇملايدۇ ۋە كىچىك ماموق ئۆردەكلەر تۇخۇمنى يېرىپ چىقىدۇ . ئىككىنچى يىلى ئۆردەك ماموقىنى يىغىش خىزمىتى يەنە قايتىدىن باشلىنىدۇ .

ماموق ئۆردەكلەر ئۇۋىلىرىنى تىك قىيا تاشلىقلارغا سالماستىن ، بەلكى دېڭىزغا قاراپ ئىچكىرىلىگەن تۈزلەڭ تاشلىقلارغا سېلىشنى ياخشى كۆرگەچكە ، ئىسلاندىيىلىك ئوۋچىلار ئۆردەك ماموقلىرىنى ئانچە كۆچىمەيلا يىغىۋالىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىشىمۇ دېھقانلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىش ھالقىسىدا تېرىش ۋە ئورۇش دېگەنلەر يوق ، پەقەت يىغىۋېلىشلا بار .

بۇ سوغۇق قان ۋە كەم سۆز ئادەمنىڭ ئىسمى ھانس بولۇپ ، ئۇنى بىزگە فىرادىرىكسون ئەپەندى تونۇشتۇرغانىدى . ئۇ ئەمدى بىزگە يول باشلىغۇچى بولاتتى . ئۇنىڭ مىجەزى تاغامنىڭ مىجەزى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى .

بىراق ، ئۇلار پاتلا ئوبدان چىقىشىپ كەتتى . ھەر ئىككىسى ئىش ھەققى دېگەندەك ئىشلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى . بىرى قانچىلىك بەرسىڭىز ، شۇنىڭغا رازى دېسە ، يەنە بىرى قانچىلىك بەرمەكچى بولغان بولسام ، شۇنچىلىك بېرىمەن دەيتتى ، بۇنداق ئاسان كېلىشكەن سودا ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ ، جۇمۇ .

— كېلىشىم بويىچە ھانس بىزنى چوقۇم سنافېر يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يانار تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان ستابى كەنتىگە ئاپىرىش كېرەك ئىدى . بۇ ئارىلىق 20 مىل ئەتراپىدا كېلەتتى . تاغامنىڭ مۆلچەرى بويىچە بۇ مۇساپىنى ئىككى كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . بىراق ، ئۇ بۇنىڭ دانىيە ئۆلچىمىدىكى مىل بولۇپ ، بىر دانىيە مىلىنىڭ 24 مىڭ فۇت كېلىدىغانلىقىنى

ئۇققاندىن كېيىن ، نائىلاج ئۆزىنىڭ ھېسابلىشىدىن ۋاز كېچىپ ، بۇ يولنى يەتتە كۈندىن سەككىز كۈنگىچە مېڭىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى .

تاغامنىڭ ئىختىيارىدا تۆت ئات بار ئىدى ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىردىن ئاتقا مىنىمىز ، قالغان ئىككى ئاتقا يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئارتىمىز ، ھانس بولسا ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە پىيادە ماڭىدۇ . ئۇ بۇ يەرنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى بەش قولدەك بىلگەچكە ، بىزنى ئەڭ قىسقا يول بىلەن ئېلىپ مېڭىشقا ماقۇل بولدى .

ھانسىنىڭ تاغام بىلەن تۈزۈشكەن توختامى ستابى كەنتىگە يېتىپ بېرىش بىلەن ئاياغلاشمايتتى ، ئەكسىچە ، ئۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا چوقۇم تاغامغا ھەر ۋاقىت ھەمكارلىشىشى كېرەك ئىدى ، بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ھەپتىسىگە ئۈچ كۈمۈش تەڭگە[1] ئىدى . توختامدا يەنە ئىش ھەققى ھەر شەنبە كەچتە يول باشلىغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ، دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ ، توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت ئىدى .

يولغا چىقىش ۋاقتى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە بېكىتىلدى . تاغام ئۇۋچىغا بىر قىسىم پۇلنى ئالدىن بەرمەكچى بولۇۋىدى ، لېكىن ئۇ رەت قىلدى .

— كېيىن بىر گەپ بولسۇن ، — دېدى ئۇ .

— كېيىن ، — دېدى پروفېسسور مېنى تەربىيەت قىلىش ئۈچۈن تەكرارلاپ .

توختام پۈتكەندىن كېيىن ھانس قايتىپ كەتتى .

— قالتىس ئادەم ! — دېدى تاغام توۋلاپ ، — ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىن ئاجايىپ ئىشلارنىڭ شاھىتى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ـ دە !

— ئۇنداقتا ، ئۇ بىزگە باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولۇپ ...

— توغرا ، ئاكسال ، ئۇ بىزگە ھەمراھ بولۇپ يەرنىڭ

---

[1] بىر كۈمۈش تەڭگە 16.98 فرانك — ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىزاھاتى .

مەركىزىگە بارىدۇ .
يولغا چىقىشقا يەنە 48 سائەت قالدى ، مۇشۇ ۋاقىتنى تەييارلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىۋېتىش مېنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇردى . بىز كاللا قاتۇرۇپ ، ھەربىر نەرسىنى ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرگە جايلاشتۇرۇشقا كىرىشتۇق : بۇ تەرەپكە ئەسۋابلارنى ، ئۇ تەرەپكە قورال - سايمانلارنى جايلاشتۇردۇق ، بۇ سومكىغا سايمانلارنى ، ئۇ سومكىغا يېمەكلىكلەرنى سالدۇق .

نەرسە - كېرەكلەر تۆت گۇرۇپپا بولدى .

ئەسۋابلار :

1 . بىر دانە 150 گرادۇسلۇق سېلىسىي تېرمومېتىرى ، مېنىڭچە ، بۇ گرادۇس بەك يۇقىرى ، شۇنداقلا بەك تۆۋەن ئىدى . بەك يۇقىرى دېيىشىم ، ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى راستىنلا شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدىغان بولسا بىز ئاللىقاچان پىشىپ قالىمىز . بەك تۆۋەن دېيىشىم ، ئۇنىڭ بىلەن قايناق ئارىشاڭلار ياكى ئېرىگەن باشقا ماددىلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس .

2 . قىسىلغان ھاۋا بارومېتىرى ، ئۇنىڭ بىلەن دېڭىز يۈزى ھاۋا بېسىمىدىن يۇقىرى بولغان ئاتموسفېرا بېسىمىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ ، يەر مەركىزىگە چوڭقۇرلاپ كىرگەنچە ھاۋا بېسىمى تەدرىجىي ئېشىپ بارىدۇ ، شۇڭا ئادەتتىكى بارومېتىرلار ئىشلىمەي قالىدۇ .

3 . بىر خرونوسكوپ .

4 . ئىككى كومپاس ، ئۇلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا يانتۇ بولۇڭ ۋە قىيپاش بولۇڭلار ئۆلچىنىدۇ .

5 . كېچىدە كۆرۈش دۇربۇنى .

6 . لوموكوف[1] يورۇتۇش چىرىغىدىن ئىككى دانە ، ئۇ ئۆزىگە تۇراقلىق توكنى مەنبە قىلغان بولۇپ ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ،

---

[1] لوموكوف (1803 — 1877) گېرمانىيە فىزىكى .

بىخەتەر ھەمدە تولىمۇ ئەپچىل يورۇتۇش ئۇسكۇنىسى[1] ئىدى .

قـورالـلار — پودىلمور شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر مىلتىقى ، ئىككى تۇلۇقچا تاپانچا ئىدى . نىمە ئۇچۇن قورال ئېلىۋالىدىغاندىمىز ؟ مەن بىز ھېچقانداق ياۋايى ئادەم ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئۇچراپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ، دەپ قارايمەن . لېكىن ، تاغامنىڭ نەزىرىدە قورال ئاپپاراتلارغا ئوخشاش مۇھىم ئىدى . ئۇ ، بولۇپمۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر دۆۋە نەم ئۆتمەس پىروكسىلىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ پارتلاش كۈچى ئادەتتىكى پارتلىتىش دورىلىرىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى .

جـابـدۇق ـ سايمانلارنىڭ ئىچىدە ئىككى گۈرجەك ، ئىككى مېتىن ، بىر تال سىم ، ئۈچ تال تۆمۈر تاياق ، بىر پالتا ، بىر بولقا ، ئون نەچچە تال ئىسكىنە ۋە بۇرما مىخ ھەمدە ئىنتايىن ئۇزۇن بىر تال ئارغامچا بار ئىدى . بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىلا يوغان بىر بولاق بولدى ، چۈنكى ئارغامچا شوتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۆزىلا 300 فۇت كېلەتتى .

يـەنـە تـېـخـى يـېـمەكلىكلەرمۇ بار ، بۇ بولاق ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، ئەمما ئادەمنى خاتىرجەم قىلىدۇ ، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئـىـچـىـدىكى پىرىسلانغان گۆش ۋە پېچىنىلەر بىزنىڭ ئالتە ئاي يـېـيىشىمىزگە يېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . ئىچىملىك پەقەت قارا ئـارچـا ئۇرۇقى ھارىقىلا بولۇپ ، بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى . بىراق ، بىز سۇدانلارنى ئېلىۋالدۇق ، تاغام يول ئۈستىدە بۇلاق

[1] لوموكوف يورۇتۇش چىرىغى — ئىچىگە بىر تال بېنسوت باتارېيىسى سېلىنىدۇ . بۇ خىل باتارېيە كالىي خروماتقا تايىنىپ ئىشلەيدۇ ، ھېچقانداق غەيرىي پۇرىقى يوق . باتارېيە ئىشلەپ چىقارغان تـوك ئـىـنـدۇكـسـىـيـلىك ئورام ئارقىلىق قوزۇلمىسى ئالاھىدە بولغان لامپۇچكىغا يەتكۈزۈلىدۇ ، لامپۇچكىنىڭ ئىچىدە بىر تال يىلان شەكىللىك ئەينەك نەيچە بولۇپ ، ئىچىدە ئاز مىقداردا كاربون دىئوكسىد بىلەن ئازوت گازى بولغاندىن سىرت ئاساسەن ۋاكۇئۇم ھالەتتە تۇرىدۇ . يورۇتۇش چىرىغى ئـىـشلىگەندە يۇقىرىقى گازلار داۋاملىق يورۇقلۇق چىقىرىدۇ . ئۇ بولسا ساياھەتچىلەر پارتلاش يۈز بېرىشىدىن قورقمايلا ئاسان كۆيىدىغان گازلار بار يەرلەرگىمۇ كىرىشۋېرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چىراغ ھەرقانداق چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ ئاستىدىمۇ ئۆچۈپ قالمايدۇ . لوموكوف كۆپ تەرەپلىك بىلىملىك ھەم ئىقتىدارلىق فىزىك بولۇپ ، ئۇ يۇقىرى بېسىملىق توك ھاسىل قىلالايدىغان ئىندۇكسىيىلىك ئورامنى كەشىپ قىلغان . ئۇ 1864 ـ يىلى 50 مىڭ فرانك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ . بۇ ، فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئېلېكترنىڭ ئىشلىتىلىش ساھەسىدىكى ئەڭ ئىجادىي كەشپىياتلارغا بېرىدىغان مۇكاپاتى (ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىزاھاتى) .

تېپىپ سۇدانلارنى توشقۇزۇۋالىمىز دېدى . مەن بۇلاق سۇلىرىنىڭ تەركىبى ۋە تېمپېراتۇرىسى ، ھەتتا بۇلاقنى تېپىش - تاپالماسلىقىمىز ھەققىدىكى گۇمانىي قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم . لېكىن ، نەتىجىسى بولمىدى .

بىز ئېلىپ ماڭغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە دورا ساندۇقىمۇ بار ، ئۇنىڭ ئىچىگە دىقماق تۇمشۇقلۇق قايچا ، سۇنغان جاينى تېڭىشتا ئىشلىتىلىدىغان تاختا ، خام مەشۇت پلاستىر ، بىنت ، قان توختاتقۇچى بىنت ، پلاستىر ، قان ئېلىش پىچىقى دېگەن قورقۇنچلۇق سايمانلار سېلىنغانىدى ، يەنە بىرمۇنچە بوتۇلكىلارمۇ بار بولۇپ ، بۇلارغا تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىدىغان ئىسپىرت ، دېكىستېرىن ، سۇيۇق ھالەتتىكى قوغۇشۇن ئاتسېتات ، ئېتىل ئېفىر ، سىركە ۋە ئاممىياك سۇيى قاتارلىق كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان ھەر خىل دورىلار قاچىلانغانىدى . بۇلاردىن باشقا ، خىزمەت قىلغاندا لازىم بولىدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بار ئىدى . تاغام يەنە تاماكا ، پوروخ ، پىلتە ۋە بىر تال تېرە بەلۋاغنىمۇ ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىدى . ئۇ ئىچىگە يېتەرلىك تىللا ، كۇمۇش تەڭگە ۋە قەغەز پۇللار قاچىلانغان تېرە بەلۋاغنى بېلىگە باغلىۋالدى . سايمانلار سېلىنغان بولاقنىڭ ئىچىدە يەنە سۇپىتى ئىنتايىن ياخشى ئالتە جۇپ ئاياغ بار بولۇپ ، بۇلارغا بىر قەۋەت قارىماي ۋە كاۋچۇك يالىتىلغان بولغاچقا سۇ ئۆتمەيتتى .

— بىز مۇشۇنداق كىيىم - كېچەك ۋە قورال - سايمانلارغا ئىگە تۇرۇقلۇق ، يىراق جايلارغا بارمايمەن دەيدىغانغا ھېچقانداق ئاساسىمىز قالمىدى ، — دېدى ئۇ ماڭا .

14 - چېسلا پۈتۈن بىر كۈن يۈك - تاقلارنى ھازىرلاشقا كەتتى . شۇ كۈنى كەچتە بىز بارون ترۇمپىنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يېدۇق ، رېيكياۋىك شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋە شۇ جايدىكى داڭلىق دوختۇر يالتانلار تاماقتا بىللە بولدى . تاماقتا ھەمراھ بولغانلار ئىچىدە فىرادىرىكسون ئەپەندى يوق ئىدى ، كېيىن ئۇقسام ، ئۇ بىر مەمۇرىي ئىش توغرىسىدا ۋالىي بىلەن ئارازلىشىپ

قالغاچقا ، ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىكەن . شۇڭا ، يېرىم ھۆكۈمەت تۈسى ئالغان بۇ قېتىمقى كەچلىك زىياپەتتە بولۇنغان پاراڭلاردىن بىر ئېغىزىنىمۇ چۈشەنمىدىم .

ئەتىسى چېسلاغا 15 بولدى ، تەييارلىقلار پۈتتى . بىزنىڭ ئۆي خوجايىنىمىز پروفېسسورنى قەۋەتلا خۇش قىلمۇەتتى ، ئۇ تاغامغا ئىسلاندىيىنىڭ ماشتابى 1:480000 لىك خەرىتىسىدىن بىرنى ئەكېلىپ بەرگەندى ، بۇ ئولىن نىكولاي ئورسىنىنىڭ شارىل فولساكىنىڭ گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش ۋە بۇرۇئېن كېملىگىنىنىڭ تopoگرافىك سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلىنىپ سىزىپ چىققان خەرىتىسى بولۇپ ، ئۇنى ئىسلاندىيە ئەدەبىيات نەشرىياتى نەشر قىلغانىدى . بۇ خەرىتە ئاندېرسېن سىزغان خەرىتىدىن كۆپ ياخشى ئىدى . بىر گېئولوگ ئۈچۈن بۇ تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىناتتى . يولغا چىقىشنىڭ ھارپا ئاخشىمى مەن فىرادىرىكسون ئەپەندى بىلەن خېلى ئۇزۇن قىزغىن پاراڭلاشتىم . چۈنكى ، مەن بۇ ئادەمنى ئوبدانلا ياقتۇرۇپ قالغانىدىم . سۆھبەتتىن كېيىن مەن ئۇخلاشقا ياتتىم ، بىراق كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىدىم . ئەتىگەن سائەت بەشتە دېرىزە يېنىدا تۆت ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى مېنى ئويغىتىۋەتتى . مەن دەرھال كىيىملىرىمنى كىيىپ كوچىغا چىقتىم . ھانس بىزنىڭ يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئاتلارغا ئارتىپ بوپتۇ ، ئۇنىڭ ئىش قىلغاندىكى ھەرىكىتى ئەزمىدەك قىلغىنى بىلەن ، ئەمما بەكلا چەبدەس ، تاغامنىڭ بولسا قىلغان ئىشىدىن گېپى جىق ئىدى . بىراق ، بىزنىڭ بۇ يول باشلىغۇچىمىز ئۇنىڭ تاپىلاشلىرىغا ئانچە ئېرەن قىلمىغاندەك قىلاتتى .

سائەت ئالتە بولدى ، ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى . فىرادىرىكسون ئەپەندى بىز بىلەن قول سىقىشتى . تاغام ئۇنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا ئىسلاندىيە تىلى بىلەن چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى . مەن بولسام ئەڭ گۈزەل لاتىن تىلى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم . بىز ئاتلىرىمىزغا مىندۇق ، فىرادىرىكسون ئەپەندى ۋېنىلنىڭ بىر مىسرا شېئىرىنى ئوقۇپ بىز

بىلەن خوشلاشتى . بۇ شېئىر گويا بىزگە ئوخشاش تەقدىرى نائېنىق ساياھەتچىلەر ئۈچۈنلا يېزىلغاندەك تۇيۇلدى :

«تەقدىرىمىزگە قايسى يولدا مېڭىش پۈتۈلگەن بولسۇن ، بىز بەرىبىر مېڭىۋېرىمىز » .

## 12

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولسىمۇ ، ھەر ھالدا ھاۋا بۇزۇلمىدى ، ئانچە ئىسسىق ئەمەس ، يامغۇرمۇ ياغمىدى ، شۇڭا ساياھەت قىلىدىغان ياخشى كۈن بولغانىدى .

بىر ناتونۇش دۆلەتتە ئائىلىلىك ئايلىنىپ يۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش . بۇ قېتىمقى ساياھەتنىڭ ياخشى باشلانغانلىقىمۇ كۆڭلۈمنى خېلى ئاۋۇندۇردى . مەن مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىش شادلىقىغا غەرق بولۇپ ۋۇجۇدۇمدا ئۈمىد ۋە ئەركىنلىك ئۇرغۇدى . شۇ تاپتا مەن بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنى ياقتۇرۇپ قېلىشقا باشلىغانىدىم .

«ئۈنىڭ ئۈستىگە ، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە ، — مەن نېمىدىن ئەنسىرەيتتىم ؟ بىر ناتونۇش ئەلدە ساياھەت قىلىشمۇ ياكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئېگىز تاغقا چىقىشمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئەڭ يامىنى ئۆچكەن بىر يانار تاغ ئېغىزىدىن ئۈنىڭ تېگىگە چۈشۈشقۇ شۇ ! بۇنداق ئىشنى ھېلىقى ساكنوسىم قىلغانىكەنغۇ . لېكىن ، يەرنىڭ مەركىزىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان بىر يول بار دېگىنى پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ ! بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ! شۇڭا ، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي بۇ قېتىمقى ساياھەت جەريانىدا ھۇزۇر ئالغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھۇزۇرلىناي . »

ئاشۇنداق خىياللارنى سۈرگەنچە مېڭىپ ، رېيكياۋىكتىن ئايرىلغاچان يىراقلاپ كەتكەنلىكىمىزنى تۇيماي قاپتىمەن .

ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان ھانىسىنىڭ قەدەم تاشلاشلىرى بىر خىل ھەم ئىتتىك ئىدى، يوك ـ تاقلار ئارتىلغان ئىككى كۆنۆك ئات ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ كەينىدە تاغام بىلەن ئىككىمىز جۇغى كىچىك، ئەمما قاۋۇل كەلگەن ئاتلارنىڭ ئۈستىدە ئىدۇق، قارىماققا روھىمىز خېلى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

ئىسلاندىيە ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ئاراللارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆلىمى 1400 كۋادرات چاقىرىم[1]، ئاھالىسى ئاران 60 مىڭ ئىدى. جۇغراپىيىشۇناسلار بۇ ئارالنى تۆت بۆلەككە بۆلگەن، شۇ تاپتا بىز غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى «سودىۋىست فۇرۇدونگىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۆلەكنى قىيپاش كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق. رېيكياۋىكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھانىس دەرھال دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ماڭىدىغان بىر يولنى تاللىۋالدى. بىز تۇپرىقى ئۇنۇمسىز چارۋىچىلىق مەيدانىنى كېسىپ ئۆتتۇق، بۇ يەرنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنى يېشىل دېگەندىن كۆرە، سارغۇچ دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. يىراقتىكى مانانلىشىپ تۇرغان ئۇپۇق كەينىگە ئېگىز ـ پەس چوقچىيىپ تۇرغان تىك قىيالار يوشۇرۇنغانىدى، چوققىلاردىكى قېلىن قارلاردىن قايتقان ئەكس نۇرلار كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى، ئېگىزرەك بەزى چوققىلار ئاسمان قەرىدىكى كۆل رەڭ بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا يېرىپ كىرگەن بولۇپ، كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرى ئىچىدىن خۇددى يوشۇرۇن خادا تاشلاردەك بىردىنلا كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

ھەدېسىلا ئۇچراپ تۇرىدىغان تىك تاغ جىنسلىرى كۆپىنچىسى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل دېڭىزغىچە سوزۇلغانىدى، لېكىن بۇ يەرلەردىن ئۆتۈشتە بىزگە يېتەرلىك بوشلۇق بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ ئاتلىرىمىز تۇغما ئىقتىدارغا تايىنىپ ئەڭ قولاي يوللارنى تاللاپ ماڭاتتى ھەمدە سۈرئىتى قىلچە ئاستىلاپ قالمايتتى، شۇڭا تاغامنىڭ ئاتلارنى تېزرەك مېڭىشقا دەۋەت قىلىپ توۋلاش ۋە قامچا شىلتىشلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھەتتا ئالدىراشقىمۇ

① بۇ ئالدىدىكى بابلاردا تىلغا ئېلىنغان دانىيە چاقىرىمى.

پۇرسەت يوق ئىدى . ئۇ مىنىۋالغان جىۋەك ئىتىنىڭ ئۇستىدە تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . پۇتلىرى ھەدېسىلا يەرگە تېگىپ قېلىپ ، خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئالتە پۇتلۇق مەخلۇققىلا ئوخشاپ قالغانىدى ، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدىم .

— بەلەن ئات ئىكەن ! ياخشى ئات ئىكەن ! — دېدى ئۇ ، — قارا ، ئاكسال ، ھېچقانداق ھايۋان ئىسلاندىيىدىكى ئاتلارچىلىك ئەقىللىق ئەمەس . قاتتىق ياغقان قار ، بوران - چاپقۇن ، تىك قىيالار ، مۇزلۇقلار ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇيالمايدۇ . بۇ ئاتلار باتۇر ، ئاددىي - ساددا ، ئىشەنچلىك ، ھەرگىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدۇ ھەم قارشىلىق بىلدۈرمەيدۇ . ئالدىغا ھەرقانداق دەريا ياكى بوغۇز ئۇچرىسا ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ ، ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەي سۇغا چۈشۈپ ، خۇددى قوش ماكانلىق ھايۋانلاردەك قارشى قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىدۇ ! بىز ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشىمىز كېرەك ، بىز ئۇلار بىلەن بىر كۈندە 25 مىل يول يۈرەلەيمىز .

— بىزغۇ شۇنداق قىلالىشىمىز مۇمكىن ، — دېدىم مەن ، — لېكىن ، يول باشلىغۇچىچۇ ؟

— ھىم ! مەن ئۇنىڭدىن قىلچە ئەنسىرىمەيمەن . بۇ ئادەملەر يول يۈرگەندە ھېچقانداق سېزىم بولمايدۇ . ئۇ يول يۈرگەندە گەۋدىسى ئاساسەن دېگۈدەك مىدىرلىمايدۇ . شۇڭا ، چارچاپ قالمايدۇ . بىراق ، زۆرۈر بولغان چاغدا مەن ئېتىمنى ئۇنىڭ مىنىشىگە بېرىمەن . مەن ئەگەر ھەرىكەت قىلىپ تۇرمىسام ، پەيلىرىم تارتىشىپ قېلىشى مۇمكىن . بىلەكلىرىمدىغۇ چاتاق يوق ، ئەمما پۇتلىرىمنى ئويلاپ قويمىسام بولمايدۇ - دە .

بىز ئىنتايىن تېز ماڭدۇق ، ئەتراپ ئاساسەن ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن يەرلەر ئىدى . بەزىدە بىرەر - يېرىم يەككە - يېگانە دېھقان قورۇقلىرى ياكى بىرەر ئىغىز ياغاچ ، لاي ۋە يانار تاغ لاۋاسى بىلەن ياسالغان دېھقان ئۆيلىرى[1] ئۇچراپ قالاتتى . پەس جايلاردىكى يول

---

① دېھقان ئۆيلىرى -- ئىسلاندىيە دېھقانلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر (ئاپتورنىڭ ئەسلىمە ئىزاھاتى) .

بويلىرىغا جايلاشقان بۇ ئۆيلەر خۇددى تىلەمچىلەردەك تولىمۇ غېرىبانە ، گويا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى تىلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ھالبۇكى ، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئۇلارغا راستتىنلا ئاز ـ تولا بىرنېمە بېرىشكە تاسلا قالدى . بۇ يەرلەردە تاشيول يوق ، ھەتتا يېزا ـ كەنتلەر ئارىسىدا چىغىر يولمۇ يوق ئىدى . گەرچە ئوت ـ چۆپلەر تولىمۇ ئاستا ئۆسسىمۇ ، لېكىن ئاندا ـ ساندا كېلىپ قالىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى يېپىۋېلىشقا تامامەن كۇپايە قىلاتتى .

بىراق ، پايتەختكە بەكلا يېقىن بۇ يەر ئىسلاندىيىنىڭ ئادەملەر ياشايدىغان ، زىرائەت تېرىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى . ئۇنداقتا ، بۇ يەرلەردىنمۇ قاقاس يەرلەر قانداقتۇ؟ بىز يېرىم مىل ماڭدۇق ، ئەمما بىزگە كەپىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرەرمۇ دېھقان ئۇچرىمىدى ، شۇنداقلا مال بېقىۋاتقان بىرەرمۇ مالچىنى كۆرمىدۇق ... بىز پەقەت ئوتلاپ يۈرگەن بىرنەچچە ئېشەك بىلەن قويلارنىلا كۆردۇق . دېمىسىمۇ ، دائىم يانار تاغ پارتلاش ۋە يەر تەۋرەش بولۇپ تۇرىدىغان يەر قانچىلىك بولماقچىدى دەيسىز .

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز كېيىن بىلىپ قالىمىز . بىراق ، ئورسىن سىزغان خەرىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ، مەن بىزنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن ، يۇقىرىدا دېيىلگەن جايلاردىن مېڭىشتىن ساقلىنىپ قالغانلىقىمىزنى بىلدىم . ئەمەلىيەتتە ، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى زور كۆلەملىك ھەرىكەتلەر ئاساسەن ئىسلاندىيىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقاندى ، ئۈستى ـ ئۈستىگە قاتلانغان گورىزونتال تاش قاتلاملىرى ، قوپال يۇزلۇك تاش بەلۋېغى ، يانار تاغ ئېتىپ چىقارغان بازالت ، تۇف ۋە قورام تاشلار ھەمدە يانار تاغ لاۋاسى ۋە ئېرىتمە ھالەتتىكى چېپار جىنسلار بىرلىكتە رول ئوينىشى نەتىجىسىدە ، بۇ رايون ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەنىدى . غالجىرلاشقان تەبىئەت سىنافېر يېرىم ئارىلىنىمۇ ئاشۇنداق ئاۋارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى .

بىراق ، ئەينى چاغدا مەن ئاشۇ يەردە كۆرگەن مەنزىرىلەر توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم .

رېيكياۋىكتىن ئايرىلىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن بىز گۇففېرنېيگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ كىچىك بازار «باش چېركاۋ» دەپ ئاتىلىدىكەن . بۇ بازارنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق ، پەقەت بىرنەچچە يورۇش ئۆيلا بار ئىدى ، گېرمانىيىدە بۇنى زورىغا كىچىك كەنت دەپ ئاتاشقىلا بولاتتى .

ھانس بۇ يەردە يېرىم سائەت توختىدى ، ئۇ بىز بىلەن بىر ۋاخىلىق ئاددىي چۈشلۈك تاماق يېدى . تاغام ئۇنىڭدىن يول ھەققىدىكى بەزى ئىشلارنى سورىدى ، ئۇ پەقەت «شۇنداق» ياكى «ئۇنداق ئەمەس» دەپلا جاۋاب بەردى . بىز ئۇنىڭدىن بۈگۈن ئاخشام قەيەردە قونىمىز ، دەپ سورىۋىدۇق ، ئۇ قىسقىلا جاۋاب بەردى :

— گاردادا !

مەن خەرىتىنى ئېچىپ گاردانىڭ قەيەردىلىكىنى تەكشۈردۈم . مەن رېيكياۋىكتىن تۆت مىل يىراقلىقتىكى خېلفور بوغۇزىنىڭ قىرغىقىدا بۇ كىچىك بازارنىڭ نامىنى كۆردۈم ۋە ئۇنى تاغامغا ئىما قىلىپ كۆرسەتتىم .

— ئاران تۆت مىل ! — دېدى ئۇ ، — بىز ئاران 22 مىلنىڭ تۆت مىلىنى ماڭىمىز كەندە ! بۇ ساياھەتنىڭ سۈرئىتى نېمىدېگەن تېز - ھە !

ئۇ يول باشلىغۇچىغا بەزى پىكىرلەرنى بەرمەكچى بولۇۋىدى ، لېكىن ھانس ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يورۇپ كەتتى .

ئۈچ سائەتتىن كېيىن ، بىز يەنە ئوتلاقنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چۆپلۈكلىرىدە مېڭىپ كېتىۋاتاتتۇق ، بىز چوقۇم كوللا بوغۇزىنى ئايلىنىپ مېڭىشىمىز كېرەك ئىدى ، بۇنداق ماڭغاندا ئۇنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەندىن ئاسان ھەم يولمۇ قىسقىرايتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ئېيىلبورگ دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك بازارغا يېتىپ كەلدۇق ، بۇ يەرلىك سوت تورۇشلۇق جاي ئىكەن . ئەگەر

ئىسلاندىيىدىكى چىركاۋلارنىڭ ھەممىسى پۇلى بولۇپ سائەت سېتىۋالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ كىچىك بازاردىكى چىركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارى چۈش سائەت 12 گە داڭ ئۇرۇپ بولغان بولاتتى. بىراق، بۇ يەردىكى چىركاۋ ۋە چىركاۋغا قاراشلىق رايونلارنىڭ ئاھالىلىرى سائەت ئىشلەتمەيمۇ ئوخشاشلا ھايات كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

بىز بۇ يەردە دەرھال ئاتلارنى سۇغاردۇق، ئاندىن ئېدىرلىق بىلەن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىستىلاڭ دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ، بىر يولىلا بىرۋۇتانىڭ «باش چىركاۋ»ىغا يېتىپ كەلدۇق، ئاندىن يەنە بىر مىل يۇرۇپ، خېلفور بوغۇزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى «كىچىك چىركاۋ»غا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ چاغدا چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولغانىدى، بىز تۆت مىل[1] يول يۇرۇپتۇق. بۇ يەردىكى بوغۇزنىڭ كەڭلىكى ئاز دېگەندىمۇ يېرىم مىل كېلەتتى؛ بۇ يەردە دېڭىز دولقۇنى ئۇچلۇق قىيا تاشلارغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلاتتى، تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدىغان تار قولتۇقنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىزلىكى 3000 فۇت كېلىدىغان تىك قىيا بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك تاش قاتلاملىرى سۇس قىزىل رەڭلىك لاۋا جىنسلىرى تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكلا تارتاتتى. گەرچە بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ئىنتايىن ئەقىللىق بولسىمۇ، ئەمما مەن راستىنىلا بۇ تۆت پۇتلۇق ھايۋانغا مىنگەن ھالدا بوغۇزدىن ئۆتۈشكە رايىم بارمىدى.

— ئۇلار گەرچە ئەقىللىق بولسىمۇ، — دېدىم مەن، — ھەرگىز ئۆتمەيدۇ. نېمىلا بولسۇن، ئۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ مېنىڭ بىر قېتىم ئەقىللىق بولۇش مەجبۇرىيىتىم بار.

بىراق، تاغام كۈتۈشنى خالىمىدى. ئۇ ئېتىنى قىرغاق تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى. ئات دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزنى پۇراپ كۆرۈپ توختىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تاغامنىڭ ئالدىراقسانلىق مىجەزى قوزغالدى ـ دە، ئېتىنى جان ـ جەھلى بىلەن ھەيدىگىلى تۇردى. ئات بېشىنى چايقاپ قويۇپ، مېڭىشنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلدى.

---

[1] سەككىز فرانسىيە چاقىرىمغا تەڭ — ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىزاھاتى.

نەتىجىدە ، بۇ ئات تىل ـ ھاقارەت ۋە قامچا يېيىش قىسمىتىگە ئۇچرىدى . ئات توختىماي مۆڭگۈپ ، ئۇستىدىكى ئادەمنى يەرگە يىقىتىۋېتىش كويىغا چۈشتى . ئاخىر بۇ جىۋەك ئات ئالدى بىلەن پۇتلىرىنى ئېگىپلا ، پروفېسسورنىڭ چاترىقى ئاستىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ قېچىپ كەتتى ، تاغام قىرغاقتىكى ئىككى پارچە تاغ جىنسىنى دەسسىگىنىچە تۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ داڭ قېتىپ تۇرغان تۇرقى خۇددى رودىپ ئارىلىدىكى گىگانت ئادەمنىڭ[1] ھەيكىلىگە ئوخشاپ قالدى .

— ھىم ! ئۆلگۈر ھايۋان — پروفېسسور قەھرى بىلەن ۋارقىراپ كەتتى . دېمىسىمۇ ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئاتلىق ئادەمدىن پىيادە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ خىجالەتچىلىكى خۇددى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ پىيادە ئەسكەرلەرگە ئايلىنىپ قالغان چېغىدىكى خىجالەتچىلىكىگە ئوخشاپ كەتتى .

— كېمە ، — دېدى يول باشلىغۇچى ئۇنىڭ يەلكىسىگە نوقۇپ دانىيە تىلىدا .

— نېمە ! كېمە ؟

— ئاۋۇ يەردە ، — دېدى ھانس بىر كېمىنى كۆرسىتىپ .

— توغرا ، — دېدىم ئۇنلۇك ئاۋازدا ، — راست ، بىر كېمە بار ئىكەن .

— بالدۇر دېسەڭ بولمامدۇ ؟ بولدى ، يولغا چىقايلى !

— دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە ، — دېدى يول باشلىغۇچى يەنە دانىيە تىلىدا .

— ئۇ نېمە دەيدۇ ؟

— ئۇ دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە دەيدۇ ، — تاغام ئۇنىڭ گېپىنى ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى .

— قارىغاندا ، دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتىدىغان ئوخشايمىز .

---

[1] رودىپ ئارىلى ئېگېي دېڭىزىدا ، ئارالدا ئىلاھ ئاپوللونىڭ گىگانت ھەيكىلى بار . بۇ ، دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزىنىڭ بىرى .

— زادى مۇشۇنداق قىلماي بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى تاغام دانىيە تىلىدا.

— شۇنداق، — دېدى ھانس.

تاغام يەرنى تېپىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاتلار كېمە تەرەپكە قاراپ ماڭغىلى تۇردى. مەن دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ مەلۇم ئېگىزلىككە يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن دېڭىزدىن ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. چۈنكى، دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ ئەڭ ئېگىز نۇقتىغا يەتكەندە دېڭىز يۈزى بىرقەدەر تىنچ بولىدۇ، بۇنداق پەيتتە دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ - پەسىيىشى ئانچە روشەن بولمايدۇ. شۇڭا، كىچىك كېمە بىلەن دېڭىزدىن ئۆتكەندە دولقۇن ئۇنى بوغۇزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئېقىتىپ كەتمەيدۇ ھەمدە دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكېتىپ قالمايدۇ.

كەچ سائەت ئالتە دېڭىزدىن ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىدى. ئاخىر تاغام، يول باشلىغۇچى، ئىككى كېمىچى، تۆت ئات ۋە مەن قارىماققا ئانچە مەزمۇت كۆرۈنمەيدىغان ئاستى تۈز كېمىگە چىقتۇق. مەن ئىلگىرى دەرياسىدا قاتنايدىغان كېمىگە ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، كېمىچىلەرنىڭ قوللىرىدىكى پالاقلار كۆزۈمگە بەكلا ئاجىز كۆرۈندى. قولتۇقنى كېسىپ ئۆتۈشكە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كەتتى، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن بىز ئاخىر ساق - سالامەت قارشى قىرغاققا بېرىۋالدۇق. يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز گاردادىكى چوڭ چېركاۋغا يېتىپ كەلدۇق.

## 13

بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ بولاتتى، لېكىن شىمالىي كەڭلىك 65 گرادۇسقا جايلاشقان شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى ئاق كېچىدىن مەن ئانچە ھەيران قالمىدىم، چۈنكى ئىسلاندىيىدە 6 - ئاي ۋە 7 - ئايدا قۇياش ئولتۇرمايتتى.

لېكىن، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتتى، مەن سەل توڭلىدىم،

قورسقىمىزمۇ ئېچىپ كەتتى . بىر دېھقان ئۆيى مېھماندوستلۇق بىلەن ئىشىكىنى ئاچتى . بىز قىزغىن كۈتۈۋېلىندۇق .

بۇ بىر دېھقاننىڭ ئۆيى بولسىمۇ ، ئەمما خوجايىنىنىڭ مېھماندوستلۇقى بۇ ئائىلىنى خان سارىيىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى . بىز يېتىپ كېلىشىمىزگە خوجايىن بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . ئاندىن قىلچە تەكەللۇپ قىلمايلا كەينىدىن مېڭىشىمىزنى ئېيتتى .

دېمىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭمايمۇ باشقا ئامال يوق ئىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان مېڭىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى . تار ھەم قاراڭغۇ دەھلىز قويال ياغاچلار بىلەن ياسالغان ئۆيگە تۇتاشقان بولۇپ ، بۇ دەھلىز ئارقىلىق ھەربىر خانىغىمۇ كىرگىلى بولاتتى . بۇ ئۆينىڭ ئاشخانا ، توقۇش ئۆيى ، ياتاق ، مېھمانخانىدىن ئىبارەت تۆت خانىسى بار ئىدى ، مېھمانخانا بارلىق ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىناتتى . خوجايىن بۇ ئۆينى سالدىغان چاغدا ، تاغامغا ئوخشاش بۇنداق ئېگىز بويلارنى ھېسابقا ئالمىغان بولغاچقا ، پروفېسسور تورۇسقا ئۇچ ـ تۆت قېتىم ئۇسۇۋالدى . ئۆي ئىگىسى بىزنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى ، تولىمۇ يوغان بۇ ئۆينىڭ بىر دېرىزىسىدىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى . ئىسلاندىيە ماقال ـ تەمسىللىرى يېزىلىپ نەقىش چۈشۈرۈلگەن ، پالساندىر ياغىچىدىن ياسالغان كارىۋات ئۈستىگە قۇرۇق شال پاخلى سېلىپ قويۇلغانىدى . مەن بۇنداق ياخشى كۈتۈۋېلىشقا ئۇچرىشىمىزنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم . بىراق ، بۇ ئۆيلەر قۇرۇتۇلغان بېلىق ، تۇزلىغان گۆش ۋە قېتىقلارنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى بىلەن تولغان بولغاچقا ، بۇرنۇمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى .

بىز نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى قويۇپ تۇرۇشىمىزغا ، خوجايىن بىزنى ئاشخانا ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى ، پەقەت ئاشخانا ئۆيىگىلا ئوت يېقىلغان ، ھاۋا ھەرقانچە سوغۇق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەھۋال شۇ ئىدى .

بۇ دوستانە بۇيرۇققا تاغام شۇئان بويسۇندى ، مەنمۇ تاپ بېسىپ

ئەگەشتىم . ئاشخانا ئۆيدىكى ئوچاق كونا پاسوندا سېلىنغان ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوچاق ئورنىدا يوغان بىر ياپىلاق تاش قويۇلغاندى ، تورۇستا بىر تۆشۈك بولۇپ ، ئىس شۇنىڭدىن چىقىپ كېتەتتى ، بۇ ئۆي ئاشخانا ھەم تاماقخانا ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى . ئۆيگە كىرگەن چېغىمىزدا خوجايىن بىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك بىزگە : «سىزگە خۇشاللىق يار بولسۇن» دېدى ھەمدە مەگزلىرىمىزگە سۆيۈپ قويدى .

ئارقىدىنلا ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ شۇنداق گەپنى قىلىپ ئوخشاش ھۆرمەت بىلدۈردى ، ئاندىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ بىزگە ئېگىلىپ سالام قىلدى .

بىر ئىشنى دەرھال سىلەرگە ئېيتىپ بەرمىسەم بولماس . بۇ ئىسلاندىيىلىك ئايال 19 بالىنىڭ ئانىسى ئىكەن ، بۇ چوڭ - كىچىك باللار ئىس تۈتەپ تۇرغان ئۆينىڭ ئۇيەر - بۇيېرىگە غۇجەمەكلىشىۋالغاندى . چىرايىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان سېرىق چاچلىق بىر بالا پات - پاتلا ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى . ئۇ خۇددى يۈزىنى پاكىز يۇمىغان كىچىك پەرىشتىلەرگىلا ئوخشايتتى .

تاغام ئىككىمىز بۇ بىر توپ بالىنىڭ قاتتىق قىزىقىشىنى قوزغىدۇق ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ - تۆت كاساپەت يەلكىلىرىمىزگە يامىشىپ چىقىۋالدى ، يەنە باشقا باللارمۇ قۇچاقلىرىمىزغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى ، قالغانلىرى پۇتلىرىمىزنىڭ ئارىلىقىدا يېتىۋالدى . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەپ قىلالايدىغانلىرى ھەر خىل تەلەپپۇز بىلەن «سىزگە خۇشاللىق يار بولسۇن» دېگەن سۆزنى توختىماي تەكرارلايتتى ، گەپ قىلىشنى بىلمەيدىغانلىرى بولسا بار ئاۋازى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ گۇڭرايتتى .

تاماق تەييار بولۇشى بىلەن تەڭ بۇ مۇزىكا كېچىلىكى ئاخىر توختىدى . بۇ چاغدا بىزنىڭ ئوۋچى يول باشلىغۇچىمىزمۇ قايتىپ كەلدى . ئۇ باياتىن ئاتلارنىڭ يەم - بوغۇز مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندى ، ئېنىقراق قىلىپ دېگەندە ، ئۇ ئارتۇقچە ئاۋارە بولمايلا

ئاتلارنى دالاغا قويۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭدا بۇ بىچارە هايۋانلار تاش يېرىقلىرىدا ئاندا - مۇندا ئۆسكەن مۇخ ۋە تۇزۇك ئوزۇقلۇقى بولمىغان دىگىز يۇسۇنلىرىنىلا يېيەلەيتتى، ئەتە ئۇلار ئۆيگە ئۆزلىرى قايتىپ كېلىپ، ئالدىنقى كۈندىكى ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇراتتى.

— سىزگە خۇشاللىق يار بولسۇن، — دېدى هانس.

ئارقىدىنلا ئۇ خاتىرجەم هەم ئىختىيارسىز هالدا ئەر - ئايال خوجايىن ۋە ئۇلارنىڭ 19 بالىسىنى بىر - بىرلەپ سۆيۈپ چىقتى.

مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن هەممىمىز تاماققا ئولتۇردۇق. تاماق يەۋاتقانلار جەمئىي 24 ئادەم بولغاچقا، بەكلا قىستىلىشىپ كەتتۇق. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا ئەڭ تەلەيلىك ئادەمنىڭ تىزىدا ئاز دېگەندىمۇ ئىككى بالا بار ئىدى. بىراق، شورپا ئېلىپ كېلىنىشى بىلەن بىزنىڭ بۇ كىچىك كوللېكتىپ سۈكۈتكە چۆمدى. ئىسلاندىيىلىكلەر، هەتتا بۇ يەرنىڭ باللىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇنداق سۈكۈتكە چۆمۈش تولىمۇ تەبىئىي ئىش ئىدى. خوجايىن بىزنى باشتا لىشاينىك شورپىسىغا ئېغىز تەگكۈزدى، شورپىنىڭ تەمى هەر هالدا بولىدىكەن، ئارقىدىن چۆچۈمەل سىرىقماي ئىچىدە 20 يىل «ئۈزۈپ يۈرگەن» قۇرۇتۇلغان بېلىق ئېلىپ كېلىندى. ئىسلاندىيىلىكلەرنىڭ تاماقلىنىش ئادىتىدە چۆچۈمەل سىرىقماي يېڭى سىرىقمايدىن يېيىشلىك دەپ قارىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە پىچىنە ئارىلاشتۇرۇلغان «سىكىل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قېتىق بولۇپ، ئۇنىڭغا قارا ئارچا ئۇرۇقى قىيامى ئارىلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، خېلى تەملىك ئىدى. ئەڭ ئاخىردا بىز يەرلىكلەر «بورانتا» دەپ ئاتايدىغان سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت ئىچتۇق، مەن بۇ غەلىتە يېمەكلىكلەر مەززىلىكمۇ بىلەلمىدىم. پەقەت قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەن بولغاچقا، ئاخىردا تاتلىق - تۈرۈم ئورنىدا ئېلىپ كېلىنگەن قارا بۇغداي ئۈمىچىنىمۇ پاك - پاكىز ئىچىۋەتتىم.

كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن باللار يوقاپ

كەتتى ، چوڭلار تورف ، ئوتۇن ، كالا تېزىكى ۋە قۇرۇتۇلغان بېلىق سۆڭەكلىرى قالانغان ئوچاق ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئولتۇردۇق . ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆز خانىلىرىمىزغا تارقالدۇق . بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئايال خوجايىن كېلىپ بىزنىڭ پايپاق ، ئىشتانلىرىمىزنى سالدۇرۇپ قويىدىكەن ، بۇنى بىز ئەدەپ بىلەن رەت قىلدۇق ، ئۇمۇ چىڭ تۇرۇۋالمىدى ، مەن ئاخىر شال پاخلى يوتقىنىمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم .

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشتە بىز بۇ ئىسلاندىيىلىك دېھقان بىلەن خوشلاشتۇق . تاغام ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ئانچە كۆپ ئەمەس ، بەكمۇ ئاز ئەمەس ھەقنى ئېلىشقا قايىل قىلدى ، ئارقىدىن ھانس بىزگە يولغا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى .

گاردادىن ئەمدىلا ئايرىلىشىمىزغا ئالدىمىزدا مېڭىش قىيىن بولغان چەكسىز كەتكەن پاتقاقلىق كۆرۈندى ، ئوڭ تەرىپىمىزدىكى يىراقلارغا سوزۇلغان تاغلارنىڭ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى ، بۇ تاغلار گويا غايەت چوڭ تەبىئىي قورغانغىلا ئوخشايتتى ، بىز بولساق بۇ قورغاننىڭ قورۇق تېمىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق ، بىز يول بويى پات - پات ئۇچراپ تۇرىدىغان كىچىك ئېقىنلاردىن كېچىپ ئۆتتۇق ۋە ئامالىنىڭ بارىچە يۈك - تاقلارنى ھۆل قىلىۋالماسلىققا تىرىشتۇق .

ئەتراپىمىزدىكى مەنزىرە بارغانسېرى قاقاسلاشقىلى تۇردى . ئەمما ، بەزىدە غىل - پاللا قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم سايىسىنىمۇ كۆرۈپ قالاتتۇق . بىز كېتىۋاتقان ئەگرى - بۈگرى يول بىزنى تۇيۇقسىزلا مەلۇم بىر ئەرۋاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندە ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا پۈتۈن ئەزايى ئىششىپ كەتكەن ، پارقىراپ تۇرغان بېشىدا تۈك دىدارى يوق ، ۋەيرانە كىيىملىرىنىڭ يىرتىقلىرىدىن يىرگىنچلىك يارا ئېغىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر مەخلۇق پەيدا بولدى ، ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى .

بۇ بەختسىز كاساپەت بىزگە شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن قولىنى سۇنمىدى ، ئەكسىچە قاچقان پېتى كۆزدىن يىتتى . بىراق ، ئۇنىڭ

يۈگۈرۈشى تېز ئەمەس ئىدى ، شۇڭا هانىس يەنىلا ئۇنىڭغا دەپ ئادەتلەنگىنى بويىچە :

— سىزگە خۇشاللىق يار بولسۇن ، — دېگەن سۆزنى قىلدى .

— ماخاۋ كېسەللىكى ، — دېدى ئۇ دانىيە تىلىدا .

— ئۇ ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانىكەن ، — دېدى تاغام تەكرارلاپ .

بۇنى ئاڭلاپ بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى . بۇ خىل قورقۇنچلۇق كېسەللىك ئىسلاندىيىدە كۆپ ئۇچرايتتى ، ئۇ يۇقمايدۇ . ئەمما ، ئىرسىيەتلىك بولىدۇ ، شۇڭا بۇ شور پېشانە ئادەملەرنىڭ توي قىلىشىغا بولمايتتى .

بۇ ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەتراپىمىزدىكى بارغانسېرى كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىۋاتقان مەنزىرىنى جانلاندۇرالمىدى ، پۇتلىرىمىزنىڭ ئاستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئوت - چۆپلەرمۇ قۇرۇپ قالايلا دەپ قالغانىدى . پاكارلىقىدىن خۇددى تىكەنچىلىك كېلىدىغان بىرنەچچە تۈپ قېيىن دەرىخى ۋە ئىگىسى باقالماي دالاغا قويۇۋەتكەن بىرنەچچە ئاتتىن باشقا ، مەن بىرەر تۈپ دەرەخ ياكى بىرەر هايۋاننىمۇ كۆرمىدىم . بەزىدە بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن بىرەر بۈركۈت كۆرۈنۈپ قالاتتىيۇ ، ئۇ بىردىنلا جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېتەتتى ، بۇ خىل قاقاس مەنزىرە كەيپىمنى بۇزۇۋەتكەچكە ، مېنى غەم بېسىپ ، يۇرتۇم ئېسىمگە كەلدى .

ئۇزاق ئۆتمەي ، بىز يەنە كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بىرنەچچە كىچىك قولتۇق ۋە ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر چوڭ قولتۇقتىن ئۆتتۇق . يەنە بىر مىل ماڭغاندىن كېيىن ، بىر ئالفتانانىڭ بىر كىچىك كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق .

بىز ئىككى دەريادىن كېچىپ ئۆتتۇق ، ئالفا دەرياسى ۋە ئېتا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دەريالاردا تروت بېلىقى بىلەن ئاق قاسىراقلىق ئىتبېلىقلىرى بار ئىكەن . كەچتە بىز ئامالسىزلىقتىن بىر تاشلاندۇق ۋەيرانە ئۆيدە تۈنىدۇق ، بۇ ئۆي خۇددى شىمالىي ياۋروپا رىۋايەتلىرىدىكى جىن - ئالۋاستىلار دائىم كىرىپ چىقىدىغان

يەرلەرگە ئوخشايتتى . شۇنداقلا بۇ يەرنى قەھرىتان سوغۇقنى ئىدارە قىلىدىغان ئىلاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى دەپ بىلگەچكە ، بىز كىچىچە سوغۇقتىن تىترەپ چىقتۇق .

ئىككىنچى كۈندىكى سەپەر ئالدىنقى كۈندىكىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمىدى . يەرلەر ئوخشاشلا پاتقاق ، ئوخشاشلا قاقاس مەنزىرە ، كەيپىياتمۇ ئوخشاشلا چۈشكۈن . كەچ كىردى ، بىز پۈتۈن سەپەرنىڭ يېرىمىنى تۈگىتىپ كىروسولىبوتتىكى «كىچىك چىبركاۋ »دا قوندۇق .

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىز بىر مىل ئەتراپىدا سوزۇلغان يانار تاغ لاۋاسى ئۈستىگە قەدەم قويدۇق ، لاۋانىڭ يۈزى بەزىدە ئارقاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلسا ، بەزىدە تۈرۈلۈپ قالغان ئارقاندەك يۆگىشىپ كەتكەنىدى ، ياندىكى جىرادىن غايەت زور لاۋا تۆۋەنگە ئېقىپ چۈشكەنىدى ، گەرچە ھازىر بۇ تاغلار ئۆچكەن يانار تاغلار بولسىمۇ ، ئەمما بۇ يەردىكى ئىزنالار بۇ يانار تاغلارنىڭ ئەينى چاغدا قانچىلىك دەھشەتلىك پارتلىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . بىز پات - پاتلا يەر ئاستىدىكى قايناق ئارىشاڭلاردىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىنى كۆرۈپ قالاتتۇق .

مەقسىتىمىز بارماقچى بولغان يەرگە چاپسانراق بېرىۋېلىش بولغاچقا ، بۇ مەنزىرىلەرنى كۆزىتىشكە چولىمىز تەگمىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە پاتقاقلىق باشلاندى ، يولىمىزنى ھەدېسىلا كىچىك كۆللەر ئۇزۇپ قوياتتى ، شۇ تاپتا بىز غەرب تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق ، ئەمەلىيەتتە بىز فاكسا قولتۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بولغانىدۇق ، ھازىر سنافېرنىڭ ئىككى ئاقۋاش چوققىسى بەش مىل كەلمەيدىغان جايدىكى بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى .

ئاتلار ياخشى مېڭىۋاتاتتى ، پاتقاقلىق يول ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويالمىغانىدى ، لېكىن مەن بەكلا ھېرىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم ، تاغامنىڭ بولسا خۇددى تۇنجى كۈندىكىدەكلا غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى ، مەن بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىزغا ئىختىيارسىز قايىل بولدۇم . قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇزۇن سەپەر ئادەتتىكى بىر ساياھەتنىڭ ئورنىدا ئىدى .

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شەنبە ، كەچ سائەت ئالتىدە بىز دېڭىز بويىدىكى كىچىك بازار بۇتىلغا يېتىپ كەلدۇق ، يول باشلىغۇچى دەسلەپ دېيىشكەن ئىش ھەققىنى سورىدى . تاغام دېيىشكەن پۇلنى ئۇنىڭغا بەردى . بىزنى كۈتۈۋالغانلار ھانىسنىڭ تۇغقانلىرى ئىدى ، راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ تاغىسى بىلەن بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدى . بىز ياخشى كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق ، ئەگەر بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ياخشى كۆڭلى ئالدىدا ئەدەپسىزلىك بولۇشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل دەم ئېلىپ سەپەر ھاردۇقىنى چىقارغۇم بار ئىدى . بىراق ، تاغامدا ھاردۇق چىقارغۇدەك ھارغىنلىق يوق بولغاچقا ، بۇنداق قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئەتىسى يەنە ئاشۇ ئىشچان ئاتلارغا مىنمەي بولمىدى .

سنافېرغا يېقىنلاشقانسېرى بۇ يانار تاغنىڭ تەسىرى روشەنلەشكىلى تۇردى ، بۇ يەردىكى گرانىت تاشلار يەر يۈزىدە خۇددى قېرى دۇب دەرىخىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى . بىز يانار تاغنىڭ غايەت كەڭ ئېتىكىنى ئايلىنىپ ماڭدۇق ، پروفېسسور سنافېرغا كۆز ئۈزمەستىن قارايتتى ، ئۇ قوللىرىنى ھەر قىسما شىلتىپ ، گويا ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ : «مانا بۇ مەن بويسۇندۇرماقچى بولغان گىگانت ئادەم !» دەۋاتقاندەك قىلاتتى . ئاخىر 48 سائەتلىك يول يۈرۈشتىن كېيىن ، ئاتلار ئۆزلۈكىدىنلا ستابى كەنتىدىكى پوپنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

## 14

ستابى بىر كىچىك بازار بولۇپ ، بۇ يەردە لاۋالار ئۈستىگە قۇرۇلغان ئوتتۇز نەچچە ئېغىز كەپە ئۆيلەرلا بار ئىدى ، سنافېر يانار تېغىنىڭ ئۈستىدىكى كۆلتۈك قارلارنىڭ ئۈستىگە قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن قايتقان ئەكس نۇرنىڭ شولىسى بۇ يەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى . كىچىك تار قولتۇقنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان

بۇ بازارنىڭ ئەتراپىنى غەلىتە شەكىلدىكى بازالىت تاش تاملىرى ئورىۋالغانىدى .

بىزگە مەلۇم ، بازالىت بىر خىل قوڭۇر رەڭلىك تاغ جىنسى بولۇپ ، ماگما جىنسلىرىدىن شەكىللەنگەنىدى . بۇ تاغ جىنسلىرىنىڭ شۇنچە رەتلىك تىزىلىپ كېتىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى . بۇ يەردە تەبىئەت تاغ جىنسلىرىنى خۇددى ئادەمگە ئوخشاش گېئومېتىرىك ئۇسۇل بىلەن تاراشلىغانىدى ، ئۇ گويا ئۇچ بۇلۇڭلۇق سىزغۇچ ، سىركۇل ۋە تىك سىزىقلارنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى . ئەگەر ئۇنى باشقا جايلاردا بىر دۆۋە قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز نەرسىلەردىن قوپال كونۇس شەكىللىرىنى ياساپ چىققان ھەمدە ئانچە مۇكەممەل بولمىغان پىرامىدالار بىلەن بىر قاتار غەلىتە كۆرۈنۈشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۇستىكار دېسەك ، ئۇنداقتا ئۇ بۇ يەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئارخىتېكتورىدىن ئىلگىرى تەكشىلىكنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ ، مۇكەممەل تەرتىپنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى . مەيلى بابىلونىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ياكى قەدىمكى يۇناننىڭ ئاجايىباتلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا قويۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

مەن ئىرلاندىيىدىكى گىگانت ئادەملەر داغدام يولى[1] ھەمدە خېبرىد تاقىم ئاراللىرىدىكى[2] ۋانگال[3] ئۆڭكۈرى ھەققىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغان بولساممۇ ، ئەمما ئەزەلدىن بازالىت پەيدا قىلغان بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم . ئەمدىلىكتە ستابىدا بۇنداق مەنزىرىلەرنىڭ تولۇق كارتىنىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولغانىدى .

بۇ تار قولتۇقتىكى تاش تاملار ۋە يېرىم ئاراللىنىڭ باشقا

---

① گىگانت ئادەملەر داغدام يولى — ئىرلاندىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تەبىئىي مەنزىرە . بۇ ئەسلىي بازالىت ئېقىنى بولۇپ ، سوۋۇغاندىن كېيىن قېتىپ رومبا شەكلىگە كىرىدۇ ، ئاندىن دېڭىز سۈيىنىڭ يالىشى نەتىجىسىدە غايەت چوڭ تاش ياتقۇزۇلغان يول پەيدا بولىدۇ .

② خېبرىد تاقىم ئاراللىرى شوتلاندىيىنىڭ غەربىي شىمال دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن جايدا بولۇپ ، ئەنگلىيىگە قارايدۇ ، بۇ تاقىم ئاراللار چوڭ - كىچىك 500 دىن ئارتۇق ئارالدىن تەركىب تاپقان .

③ ۋانگال ئۆڭكۈرى — خېبرىد تاقىم ئاراللىرىنىڭ ستافا ئارىلىدا ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بازالىت تۈۋرۈكلىرى توپى بار .

جايلىرى دىڭىز قىرغاقلىرىغا ئوخشاش 30 فۇت ئېگىزلىكتىكى تىك يۆنىلىشلىك تاش تۈۋرۈكلەر بىلەن تولغانىدى . بۇ تاش تۈۋرۈكلەر سىپتا ھەم تۈز بولۇپ ، بىر ئەگمە ئېشىكنى تىرەپ تۇراتتى ، ئەگمە ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدە توغرىسىغا ياتقان تاش تۈۋرۈكلەر بار ئىدى ، بۇلار سىرتىغا ئۆسۈپ چىقىپ ، دېڭىز ئۈستىدە يېرىم گۈمبەزسىمان ئۆگزە ھاسىل قىلغانىدى . بۇ ئۆگزىلەر خۇددى تەبىئىي ھاسىل بولغان قەدىمىي رىمنىڭ يامغۇرلۇق سۈيى يىغىلىدىغان كۆلچەككىلا ئوخشايتتى ، ھەربىر مەلۇم ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئاستىدىكى شەكلى تولىمۇ ئاجايىپ ئىشكسىمان ئۆچلۇق كامارلارنى كۆرۈپ ئادەم ھەيرەتتە قالىدۇ . دېڭىز دولقۇنى بۇ ئىشكسىمان كامارلارغا توختىماي ئۇرۇلۇپ دولقۇن بۇژغۇنلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ . غەزەپ بىلەن قوترىغان دېڭىز دولقۇنى بىرنەچچە بازالت تاش تۈۋرۈكىنى تۈۋىدىن يۇلۇۋېلىپ ئۆرۈۋەتكەن بولۇپ ، بۇ كۆرۈنۈش خۇددى قەدىمىي رىم ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىگىلا ئوخشايتتى . بۇ ، بىزنىڭ قورۇقلۇقتا ماڭغان ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلدە كۆرگەنلىرىم . ھانس تولىمۇ چېچەنلىك بىلەن بىزگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ بىزگە داۋاملىق ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى .

پوپنىڭ ئۆيى ئاددىي ھەم پاكار كەپە بولۇپ ، يېقىن ئەتراپتىكى ئۆيلەردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى ، بىز ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ، تېرە پەرتۇق تارتىۋالغان بىر ئادەم قولىدىكى بولقا بىلەن ئات تاقىلاۋاتقانىكەن .

— سىزگە خۇشاللىق يار بولسۇن ، — دېدى ھانس ئۇنىڭغا .

— ياخشىمۇسەن ، — دېدى ئات تاقىلاۋاتقان ئادەم ساپ دانىيە تىلىدا .

— پوپ ، — دېدى ھانس بېشىنى كەينىگە بۇراپ تاغامغا .

— پوپ ! — دېدى تاغام تەكرارلاپ ، — ئاكسال ، قارىغاندا ، بۇ ئادەم ئىشچان پوپ ئوخشايدۇ .

بۇ چاغدا ھانس بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى پوپقا ئېيتىپ بەردى ،

پوپ قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ قويۇپ ، ئاڭلىماققا ئات بىلەن ئات سودىگەرلىرى ئارىسىدا ئۇدۇم بولۇپ كەتكەن بىر خىل تەلەپپۇزدا بىرەيلەننى چاقىردى ، شۇئان ئېگىز بوي بىر چەبدەس ئايال كەپىدىن چىقتى . مەن ئۇنىڭ بويى ئالتە فۇت كەلسە كېرەكلىكى ، ئۇنىڭدىن پاكار ئەمەس ، دەپ مۆلچەرلىدىم .

مەن ئۇنىڭ بىز بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئىسلاندىيىچە سۆيۈپ كۆرۈشۈشىدىن ئەنسىرىۋىدىم ، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى ، ئەكسىچە بىزنى خۇشياقمىغان هالدا ئۆيىگە باشلىدى .

مېنىڭچە ، مېھمانخانا ئۆي پوپ ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ۋەيرانە خانىسىدەك قىلاتتى . بۇ ئۆي ھەم كىچىك ، ھەم پاسكىنا ، ئۆي ئىچىدىن بەتبۇي پۇراق بىقسىپ تۇراتتى . لېكىن ، بىز قانائەت قىلمىساق بولمايتتى ، قارىغاندا ، بۇ پوپتا ئەنئەنىۋى مېھماندوستلۇقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوقتەك قىلاتتى . قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى بىز بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى ئەمەس ، بەلكى تۆمۈرچى ، بېلىقچى ، ئوۋچى ۋە ياغاچچىلار ئىكەنلىكىنى بىلدىم . ئەلۋەتتە ، ھازىر شەنبە ئەمەس ، ئېھتىمال تاغام بۇلارنىڭ ھەققىنى يەكشەنبە كۈنى تولۇقلىۋېتىشى مۇمكىن .

مېنىڭ بۇ پوپنىڭ يامان گېپىنى قىلغۇم يوق . دېمىسىمۇ ئۇلار بەكمۇ كەمبەغەل ئىدى ، دانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان ئىش ھەققى تولىمۇ ئاز ، چېركاۋغا قاراشلىق رايونلاردىن يىغىلىدىغان باج كىرىمىنىڭ ئاران تۆتتىن بىر قىسمىلا ئۇلارغا تەئەللۇق ، ھەممىسىنى قوشقاندا 60 ماركقىمۇ[1] يەتمەيدۇ ، شۇڭا جان بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش ـ ئوقەت قىلماي ئامالى يوق ئىدى . بېلىق تۇتۇش ، ئوۋ ئوۋلاش ، ئات تاقىلاشتەك ئىشلارنى قىلىۋېرىش نەتىجىسىدە ئۇلار تەبىئىيلا ئوۋچى ، بېلىقچى ۋە باشقا قوپال ئادەملەرنىڭ گەپ ـ سۆز ، مىجەز ۋە ئادەتلىرىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغانىدى . شۇ كۈنى كەچتە بىزنىڭ خوجايىنىمىز بىزنى

[1] ھامبۇرگ پۇلى ، تەخمىنەن 90 فرانكقا توغرا كېلىدۇ (ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىزاھاتى) .

مېھمان قىلىشتا ئۆزى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مېھماندوستلۇق ئەخلاقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقىنى بىلىپ قالدىم .

تاغام ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى ، بۇ ئادەم قانداقتۇر ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئىلمىي ئادەم بولماستىن ، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن دېۋەڭ ھەم چاكىنا دېھقان ئىدى . شۇنىڭ بىلەن تاغام مېھماندوستلۇقنى ئۆزىگە يات بىلىدىغان پوپنىڭ ئۆيىدىن ئىمكانقەدەر تېزرەك ئايرىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى باشلاش قارارىغا كەلدى . ئۇ ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي تاغ ئىچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇشقا تەييارلاندى .

شۇنداق قىلىپ ، سىز ستابىغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يولغا چىقىشىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتۇق . ھانىس ئاتلارنىڭ ئورنىدا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈشكە ئۈچ ئىسلاندىيىلىكنى ياللاپ ئەكەلدى . بىراق ، توختامدا يانار تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بارغان ھامان بۇ ئۈچ ئىسلاندىيىلىك قايتىپ كېتىدۇ ، يۈك ـ تاقلارنى ئۆزىمىز توشۇيمىز ، دەپ ئېنىق يېزىلدى .

تاغام مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، يول باشلىغۇچىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يانار تاغنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئويى بار ئىكەنلىكىنى دېدى . ھانىس پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى . مەيلى بۇ يەر بولسۇن ياكى ئۇ يەر بولسۇن ، مەيلى يانار تاغنىڭ ئىچكىرىسى ياكى يەر ئۈستى بولسۇن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى . مەن بولسام يول بويى يۈز بەرگەن ئىشلار دىققىتىمنى چېچىۋەتكەچكە ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىشنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدىم . ئەمدىلىكتە بولسا ھاياجانلىق كەيپىياتىم باشقىدىن كۆچىيىپ كېتىۋاتاتتى . مەن ئەمدى نېمىمۇ قىلالىشىم مۇمكىن؟ پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ گېپىگە قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولسام ، دەسلەپ ھامبۇرگدىكى چاغدىلا شۇنداق قىلىپ ، سنافېر تېغىنىڭ ئېتىكىگە كەلگەندە سىناپ كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . خىلمۇخىل خىياللار

كاللامغا كىرىۋېلىپ بىر ئىش مېنى ئازابلىماقتا ئىدى . بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولۇپ ، نېرۋا سەزگۈلىرى مەندىن گال ئادەملەرنىمۇ چوقۇم ھەيرانۇھەستە قالدۇراتتى .

«بوپتۇ ، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە ، — بىز ئەمدى سىنافېر تېغىغا چىقىمىز ، ياخشى . بىز ئۇنىڭ يانار تاغ ئېغىزىنى كۆرىمىز ، توغرا . بەزىلەر بۇ ئىشنى قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئىش تۇپەيلى جېنىدىن ئايرىلىپ قالماپتۇ . ياق ، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ . ئەگەر راستىنلا يەرنىڭ مەركىزىگە بارغىلى بولىدىغان بىر يول بولسا ، ئەگەر كىشىنى بىزار قىلىدىغان ساكنوسىمنىڭ دېگەنلىرى راست بولسا ، ئۇنداقتا بىز يانار تاغنىڭ ئاستىدىكى يوللاردا ئېزىپ قېلىشىمىز تۇرغان گەپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنافېرنىڭ ئۆچكەن يانار تاغ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق پاكىت يوق ! ئۇنى يەنە پارتلاشقا تەييارلىق قىلمايۋاتىدۇ دەپ كىم مەيدىسىگە ئۇرالايدۇ . ئەجەبا ، بىز بۇ مەخلۇقنىڭ 1229 - يىلىدىن باشلاپ ئۇخلاشقا باشلىغانلىقىغا قاراپلا ئۇنى مەڭگۈ ئويغانمايدۇ دېيەلەمدۇق ؟ ئەگەر ئۇ ئويغىنىپ قالسا ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز ؟ »

بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولغاچقا ، مەن بۇ ئىش خۇسۇسىدا كاللا قاتۇرۇۋاتاتتىم . مەن كۆزۈمنى يۇمسامال يانار تاغنىڭ پارتلىشىنى چۈشەيتتىم ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن يانار تاغ ئۆۋۈندىسىغا ئايلىنىپ كېتىشىمنى ئويلاپ بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى .

ئاخىر چىداشقا تاقىتىم قالمىدى - دە ، ئويلىغانلىرىمنى ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن تاغامغا ئېيتىپ ، پەرەزلىرىنى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئۇنى ئىشەندۈرۈش قارارىغا كەلدىم .

مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەندىشەمنى ئېيتتىم .

— مەنمۇ بۇ ئىشنى ئويلاۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا .

بۇ نېمە دېگىنى ئەمدى ؟ ئەجەبا ، ئۇ توغرا مەسلىھەتنى قوبۇل

قىلىپ ، ئېكسپېدىتسىيە پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى ـ هە !

ئۇ بىر پەس جىم بولۇپ كەتتى ، مەن بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدىم .

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەنمۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىۋاتىمەن . بىز ستابىغا يېتىپ كېلىشىمىز بىلەنلا مەن باياتىن سەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ جىددىي مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانىدىم ، چۈنكى بۇ ئىشتا قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ .

— ئەلۋەتتە شۇنداق ، — دېدىم قەتئىيلىك بىلەن .

— سىنافېر يانار تېغى ئۇخلاپ ياتقىلى 600 يىل بولدى . بىراق ، ئۇ ھەر ۋاقىت ئويغىنىپ كېتىشى مۇمكىن . ئەمما ، يانار تاغ پارتلاشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئۇنىڭ بەزى روشەن بېشارەتلىرى بولىدۇ . مەن بۇ يەردىكى ئاھالىلەردىن سوراپ كۆردۈم ھەمدە يەر يۈزىنى تەتقىق قىلدىم ، ئاكسال ، مەن ساڭا كاپالەت بېرىمەنكى ، ئۇ پارتلىمايدۇ .

جەزملەشتۈرۈپ ئېيتىلغان بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ گاڭگىرىغىنىمدىن گەپمۇ قىلالماي قالدىم .

— سەن گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەن ؟ — دېدى تاغام ، — بويتۇ ، قېنى كەينىمدىن ماڭ .

مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم ، پروفېسسور مېنى باشلاپ پوپنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى . بىز بازالىت ياراداڭلىقىنىڭ پۈچۈلغان يېرىدىن ئۆتۈپ دېڭىزنىڭ قارشىسىغا قاراپ ماڭدۇق . ئۇزۇن ئۆتمەي بىز كەڭ دالاغا — ئەگەر بۇ كۆز يەتكۈسىز يەرلەرگىچە سوزۇلغان يانار تاغ ئېتىپ چىقارغان نەرسىلەر چېچىلىپ ياتقان يەرنى «دالا» دەپ سۈپەتلەشكە مۇمكىن بولسا — يېتىپ كەلدۇق ، بۇ يەر گويا بىر قېتىم غايەت چوڭ تاش يامغۇرى چۈشكەندەك بازالىت ، گرانىت تاش ۋە پىروكسېنلار بىلەن تولۇپ

كەتكەن بولۇپ ، پۈتۈن دالا خۇددى تاش يامغۇرى تەرىپىدىن يانجىپ تاشلانغان ھالەتتە ئىدى .

مەن ھەممىلا يەردە يانار تاغ گازلىرىنىڭ ئۆرلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ، بۇ ئاق رەڭلىك گاز ئىسلاندىيە تىلىدا «رىيكىل» دەپ ئاتىلاتتى ، ئۇ يەر ئاستىدىكى قايناق ئارىشاڭلاردىن دەھشەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ ، كىشىلەرگە يانار تاغ ھەرىكىتى ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرەتتى . بۇ مەنزىرە مېنىڭ ئەندىشەمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى ، شۇڭا تاغام ماڭا تۆۋەندىكى گەپلەرنى قىلغان چېغىدا مەن بەكمۇ ھەيران قالدىم .

— ئاكسال ، بۇ ئىسلارنى كۆردۈڭمۇ ؟ ئۇلار دەل يانار تاغنىڭ ئۆكتەملىكىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنىڭ ئىسپاتى .

— نېمە ئۈچۈن ؟ — مەن تورۇلاپ كەتتىم .

— ئېسىڭدە بولسۇن ، — دېدى پروفېسسور گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — يانار تاغ پارتلاشتىن ئىلگىرى بۇ خىل گازلار ھەسسىلەپ ھەرىكەتكە كېلىدۇ ، ئەمما يانار تاغ پارتلىغان چاغدا بولسا ئۇلار يوقاپ كېتىدۇ ؛ چۈنكى ماگما يېتەرلىك بېسىمدىن ئايرىلغاچقا ، يەر قاتلىمىنىڭ يېرىقلىرىدىن سىرتقا ئاقماستىن ، بەلكى يانار تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقىدۇ . شۇڭا ، بۇ سۇ پارلىرى مۇشۇ ھالىتىنى ساقلاپ تۇرسا ، ئۇلاردىكى بېسىم كۈچى قايتا ئېشىپ كەتمىسە ، ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، دىمىق ۋە جىمجىتلىق يۈز بەرمىسە ، ئۇ ھالدا يانار تاغ يېقىن ئارىدا ھەرگىز پارتلىمايدۇ …

— لېكىن …

— بولدى ، ئىلىم - پەن ئالدىدا سەن ئەڭ ياخشىسى ئۈنچىقمىغىن .

مەن سالپايغان ھالدا يوپنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم . تاغام ئىلمىي دەلىللەر ئارقىلىق مېنى مات قىلىۋەتكەندى ! لېكىن ، مېنىڭدە يەنىلا ئاز - تولا ئۈمىد بار ئىدى ، ئۇ بولسىمۇ يانار تاغ ئېغىزىنىڭ تېگىدە يەر مەركىزىگە بارىدىغان يولنى تاپالماسلىق !

بۇنداق بولغاندا دۇنيادىكى بارلىق ساكنوسىملار كەلگىنى بىلەنمۇ ھېچنېمە قىلالمايتتى .

مېنى كېچىچە قارا بېسىپ چىقتى ، چۈشۈمدە ئۆزۈمنى يانار تاغنىڭ ئېغىزى ئوتتۇرىسىدا ، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يۈرىمەن دېگۈدەكمەن ، بىر چاغدا بىر پارچە يانار تاغ تېشىغا ئايلىنىپ ، ئالەم بوشلۇقىغا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپتىمەن .

ئەتىسى ، يەنى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھانس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېمەكلىك ، سايمان ۋە ئاپپاراتلارنى يۈدۈگەن ھالدا بىزنى كۈتۈپ تۇراتتى . تاغام ئىككىمىز ئىككى تال تۆمۈر تاياق ، ئىككى مىلتىق ۋە ئىككى قۇتا ئوقنى ئېلىپ مېڭىشقا مەسئۇل بولدۇق . ھانس بەكمۇ ئەستايىدىل بولۇپ ، ئۇ بىز ئېلىپ ماڭىدىغان نەرسىلەرگە لىق سۇ قاچىلانغان چاناچ بىلەن مېنىڭ سۇدىنىمنى قوشۇپ قويدى ، بۇ بىزنىڭ بىر ھەپتە ئىچىشىمىزگە يېتەتتى .

سائەت توققۇز بولغاندا يوپ بىلەن ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق تەمبەل خوتۇنى بىزنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى ، بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئۆي خوجايىنلىق سالاھىيىتى بىلەن بىزدەك ساياھەتچىلەرگە بىلدۈرگەن ئالىي ئېھتىرامى ئوخشايدۇ ، لېكىن ئويلىماپتۇقكى ، بۇ ئۇزىتىش مۇراسىمى ئاخىر ھېسابات تۇرلىرى تولىمۇ تەپسىلىي يېزىلغان بىر پارچە ھېسابات جەدۋىلىنى قولىمىزغا تۇتقۇزۇش بىلەن خۇلاسىلەندى . ھېساباتقا بىز ياتقان ئۆيدىكى ھاۋامۇ ھېسابلاپ كىرگۈزۈلگەندى . مەن جەزم قىلىپ ئېيتىمەنكى ، بۇ ھاۋا بەكمۇ بەتبۇي سېسىق ئىدى . بۇ بىر جۈپ ئالىيجاناب ئەر - خوتۇن بىزنى خۇددى شۋېتسارىيىدىكى كىچىك مېھمانساراي خوجايىنلىرىدەك قاقتى - سوقتى قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش مېھماندوستلۇقىغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا قويغانىدى .

تاغام ئۇلار بىلەن باھا تالاشمايلا دېگىنىنى بەردى . دېمىسىمۇ يەر مەركىزىگە كېتىپ بارغان ئادەم بىرنەچچە كۈمۈش تەڭگىنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرمەيدۇ - دە . ھېسابات تۈگىگەندىن كېيىن ھانس

يولغا چىقىش ئىشارىسى قىلدى، ئۆزۈن ئۆتمەي بىز ستابىدىن ئايرىلدۇق.

## 15

سىنافىر يانار تېغىنىڭ ئېگىزلىكى 5000 فۇت كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىككى چوققىسى تراخىت تاشلىرىدىن شەكىللەنگەن دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى بولۇپ، بۇ تراخىت تاشلىرى بەلۋېغى ئىسلاندىيىدىكى باشقا تاغلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بىز يولغا چىققان يەردىن كۆل رەڭ ئاسمان فەرىگە سوزۇلغان بۇ ئىككى چوققىنى كۆرگىلى بولمايتتى، كۆزگە چېلىقىدىغىنى پەقەت گىگانت ئادەمنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈلگەن غايەت چوڭ ئاق بۆكلەر ئىدى.

بىز قاتار تىزىلىپ ئىلگىرىلىدۇق، ھانس ئەڭ ئالدىدا ماڭدى، ئۇ يۇقىرىغا قاراپ سوزۇلغان چىغىر يولدا ئەپچىللىك بىلەن كېتىپ باراتتى. تاغ يولى تولىمۇ تار، ئىككى ئادەم ياندىشىپ ماڭغىلى بولمايتتى، شۇڭا پاراڭلىشىپ مېڭىشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

ستابىنىڭ بازالىت تاش تاملىقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر خىل ئوت - چۆپ تالالىق تورف تۇپرىقى كۆزگە چېلىقتى، بۇ يېرىم ئارالدىكى سازلىقلاردا ئۆسكەن قەدىمكى ئۆسۈملۈكلەردىن قالغان يادىكارلىق ئىدى، تېخى ئېچىلمىغان بۇ يېقىلغۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئىسلاندىيىنىڭ ھەممە ئاھالىسىنىڭ 100 يىل ئىشلىتىشىگە يېتەتتى، ئەگەر مەلۇم جىرانىڭ ئاستى قىسمىدىن باشلاپ ئۆلچەلسە، بۇ پايانسىز كەتكەن تورف قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 70 فۇتتىن ئاشاتتى.

مەن پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ ئۆز جىيەنى بولغانلىقىم ئۈچۈن، كۆڭلۈمدە غەم - ئەندىشە تولۇپ تۇرسىمۇ، يەنىلا بۇ غايەت چوڭ تەبىئىي تارىخىي كۆرگەزمىخانىسىدىكى ئەتىۋارلىق مىنېراللارنى قىزىقىپ كۆزەتتىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

كالىلامىدا پۈتۈن ئىسلاندىيىنىڭ گېئولوگىيىلىك تارىخى ئەكس ئەتتى .

بۇ ئاجايىپ ئارالنىڭ بىرقەدەر يېقىن دەۋردە سۇ ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ شەكىللەنگەنلىكى ئېنىق ، ئېھتىمال ئۇ ھازىر بىلىندۈرمەي يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، بۇ پەقەت يانار تاغ ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ، خالاس . ئۇنداقتا ، ھېنرى داۋىنىڭ نەزەرىيىسى ، ساكنوسىمنىڭ شىفىرلىق خېتى ۋە تاغامنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ دېگەن گەپ . بۇ تەسەۋۋۇر كاللامغا كېلىشى بىلەن يەر يۈزىنىڭ خاراكتېرىنى تەپسىلىي كۆزەتتىم ، نەتىجىدە تېزلا يېرىم ئارالنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا يۈز بەرگەن بارلىق ھادىسىلەرنى بىلىۋالدىم .

ئىسلاندىيىدە ئازراقمۇ چۆكۈندە تۇپراق يوق ، پۈتۈنلەي يانار تاغ كۈلى تۇفلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، ھەممىسى كۆپ تۆشۈكلۈك ، كاللەك تاغ جىنسلىرى ئىدى . يانار تاغلار بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەر بىر پارچە چوڭ يېشىل تاش بولۇپ ، يەر شارىنىڭ ئىچكى كۈچىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان ، بۇ چاغدا يەر مەركىزىدىكى يانار تاغ ماگمىسى تېخى ئېتىلىپ چىقمىغانىدى .

كېيىن ئىنتايىن كەڭ بىر يېرىق پەيدا بولۇپ ، پۈتۈن ئارالنى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ، تراخىت ماگمىسى بۇ يېرىقتىن سىرتقا قاراپ ئېقىپ چىقىشقا باشلىغان ، بۇ جەريان ئەينى چاغدا تولىمۇ ئاستا داۋام قىلغان ، يېرىق ئىنتايىن چوڭ بولۇپ ، ماگما يەر مەركىزىدىن ئوخچۇپ چىقىپ ئاستا ـ ئاستا يامراپ ، كەڭرى تۈزلەڭلىك ياكى ئېگىز ـ پەس تۆپىلىكلەرنى ھاسىل قىلغان . بۇ مەزگىلدە دالا شپاتى ، توغرا شپات جىنس ۋە چىپار جىنسلار پەيدا بولغان .

ماگمىنىڭ يامرىشى بىلەن ئارالنىڭ يەر قاتلىمى زور مىقداردا قېلىنلاپ كەتكەن ، نەتىجىدە ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى

ئاشقان . يامراپ چىققان تراخىت ماگمىسى سوۋۇغاندىن كېيىن بىر قــەۋەت قېلىن قاتلام ھاسىل قىلىپ يېرىقنى ئېتىپ تاشلىغان ، شــۇنــىــڭ بــىلەن زور مىقداردىكى ماگما يەر ئاستىدا يىغىلىشقا بــاشــلــىغان . ئاخىر بىر كۈنى يەر مەركىزىدىكى بېسىم مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە ، يەر پوستى تەدرىجىي كۆپچۈپ ، نۇرغۇن يانار تــاغ ئېغىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . شۇنداق قىلىپ ، يانار تاغ ماگمىسى بۇ ئېغىزلار ئارقىلىق تاش قاتلاملىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تاغ چوققىسىدا يانار تاغ ھاسىل قىلغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ماگمىنىڭ يامراش رولىنى يانار تــاغ پــارتلىشى ئۈستىگە ئالغان . ئەڭ دەسلەپتە يېقىن ئارىلىقتا شەكىللەنگەن يانار تاغ ئېغىزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققىنى بازالىت ماگمىسى بولۇپ ، بىز ھازىر كېسىپ ئۆتكەن تۆزلەڭلىك بۇنىڭ ئەڭ تىپىك بەلگىسى ئىدى . بىز ئۈستىدە مېڭىۋاتقان بۇ قېنىق قوڭۇر رەڭلىك ئېغىر تاشلار سوۋۇش جەريانىدا ئالتە قىرلىق پىرىزمىغا ئايلانغانىدى . يىراقتىن ئۇچى كۆتمەك نۇرغۇن تاغ چوققىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى . بۇ تاغ چوققىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى يانار تاغ ئېغىزلىرى ئىدى .

بــەزى يــانــار تــاغلار پارتلاشتىن توختىغاچقا ، يانار تاغلاردا يــىـغــىــلـغــان ئــېنېرگىيە ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بارغان ، بازالىت ماگمىلىرى ئېتىلىپ تۆگىگەندىن كېيىن ، ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چــىــقىدىغىنى لاۋا ، تۇفلار ۋە يانار تاغ داشقاللىرى بولۇپ ، بۇ نەرسىلەر تاغ يانباغرىدا تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان ، خۇددى قويۇق چاچتەك ئۇزۇن ئىزلارنى ھاسىل قىلغانىدى .

مانا بۇ ئىسلاندىيىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ھادىسىلەر ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان . ئەگەر بىرەرى يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمى بىر كاللەك ئوتتەك قىزىق ئاقما جىسىمدىن تەركىب تاپمىغان دەپ قارىسا ، ئۇنى ساراڭ دېسە بولىدۇ ، ئەگەر يەر مەركىزىگە بارىمەن دېسە ، ئۇنى ساراڭلىقتا چېكىگە يەتكەن دېسە

ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ !

مەن شۇ تاپتا سىنافىر يانار تېغىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىمەن. ىىراق، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆڭلۈمدە ئاللىقاچان سان پەيدا بولغانىدى.

يول مېڭىش بارغانسېرى قىيىنلاشقىلى تۇردى، يەر يۈزى تېخىمۇ تىكلىشىپ كەتتى، بىز ھەر ۋاقىت دومىلاپ چۈشۈشى مۇمكىن بولغان قورام تاشلاردىن ئېھتىيات قىلمىساق بولمايتتى، بولمىسا، بۇ تاشلار بىزنى يانجىپ تاشلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ھانس خۇددى تۈز يەردە ماڭغاندەك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغان ھالدا كېتىۋاتاتتى، بەزىدە ئۇ بىرەر يوغان تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىپ، نەزىرىمىزدىن بىردەم يوقاپ كېتەتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ دەرھال ئىسقىرتىپ بىزگە يول باشلايتتى. ئۇ يەنە دائىم توختاپ، ئۇششاق تاشلار بىلەن يەرگە بەلگە قويۇپ، ماڭىدىغان يولىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى ماختاشقا ئەرزىيتتى، لېكىن يۈز بەرگەن ئىشلار بۇ خىل ئەستايىدىللىقنى يوققا چىقىرىۋەتتى.

بىز مىڭ بىر جاپادا ئۈچ سائەت مېڭىپ، ئاران دېگەندە يانار تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدۇق. ھانس قول ئىشارىسى قىلىپ بىزنى توختاتتى، ھەممىمىز ئاددىيغىنا چۈشلۈك تاماق يېدۇق، تاغام تېخىمۇ تېزرەك مېڭىش ئۈچۈن ئىككى كىشىلىك يېدى. تاماق يېگەندىن كېيىن ئاز ـ تولا دەم ئالمىسا بولمايتتى، شۇڭا ئۇ نائىلاج كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بىر سائەتتىن كېيىن يول باشلىغۇچىنىڭ كەيپىياتى جايىغا چۈشتى، ئۇ داۋاملىق مېڭىشقا قول ئىشارىسى قىلدى، قالغان ئۈچ ئىسلاندىيىلىكمۇ يول باشلىغۇچى يۇرتلۇقىغا ئوخشاشلا كەم سۆز ئىدى، ئۇلار تاماقنى بەكمۇ تېجەپ يېدى.

بىز ئەمدى سىنافىر يانار تېغىنىڭ يانباغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدۇق. تاغ ئېچىدە ئادەمنىڭ كۆرۈش سېزىمىدا خاتا تۇيغۇ پەيدا بولىدىكەن، ماڭا يانار تاغنىڭ ئاقۋاش چوققىسى يېقىنلا

جايدا تۇرغاندەك بىلىنىدى ، لېكىن ئۇنىڭغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى ، ئاھ ، نېمىدېگەن جاپالىق ئىش ـ بۇ ! بۇ يەردىكى تاشلار توپا ئىچىدە ئەمەس ھەمدە ئەتراپىدا ئوت ـ چۆپلەر بولمىغاچقا ، ھەدېسىلا ئاياغ ئاستىمىزدىن سىيرىلىپ خۇددى قار كۆچكەندەك سۇرئەت بىلەن پەستىكى تۇزلەڭلىككە چۈشۈپ كېتەتتى .

بەزى جايلاردىكى دۆڭلۈكلەر ئۇپۇق بىلەن ئاز دېگەندىمۇ 36 گرادۇس ھاسىل قىلغانىدى ، بۇنداق تۆپىلىككە چىقىش زادىلا مۇمكىن ئەمەستەك بىلىنەتتى ، پەقەت جاپاغا بەرداشلىق بېرىپ ، ئاشۇ تىك تاشلىق يول بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئايلىنىپ مېڭىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىز تۆمۈر تاياقتىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا ياردەملىشىپ ماڭدۇق .

شۇنى دېيىش زۆرۈركى ، تاغام ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماڭا يېقىن ئىدى ، ئۇ نەزىرىنى مەندىن ئۈزمىدى ، ئۇنىڭ كۈچلۈك يەلكىلىرى مېنى بىرنەچچە قېتىم خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى . ئۆزى بولسا گويا تۇغما تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگىدەك قىلاتتى . چۈنكى ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر يىقىلىپ باقمىدى . ئېغىر يۈكلەرنى يۈدۈپ كېتىۋاتقان ئىسلاندىيىلىكلەر بولسا ، تاغ كىشىلىرىدە بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە چەبدەسلىك بىلەن كېتىۋاتاتتى .

مەن سىنافېر يانار تېغىنىڭ ئېگىز چوققىسىغا نەزەر تاشلاپ ، ئەگەر ئالدىمىزدىكى يوللارمۇ بىز كېتىۋاتقان مۇشۇ يولدەك تىك بولىدىغان بولسا ئۇنىڭغا چىقالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم . بەختكە يارىشا ، ئالدىمىزدا بىردىنلا پەلەمپەي شەكىللىك يول پەيدا بولۇپ ، مېڭىش خېلى ئاسانلاشتى . بۇ يولنى يانار تاغ ئېتىپ چىقارغان ماگما ئېقىنى شەكىللەندۈرگەنىدى . يەرلىكلەر ئۇنى «ستىنا» دەپ ئاتايدىكەن . ئەگەر بۇ تاغ جىنس ئېقىنى تۆۋەنگە ئاققان چېغىدا ئۇنى تاغ يامزىلىدىكى ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر توسۇۋالمىغان بولسا ، ئۇدۇل دېڭىزغا ئېقىپ بېرىپ يېڭى ئارال

ھاسىل قىلار ئىكەن .
بۇ چىغىر يول بىزگە خېلى كۆپ ياردەم بەردى ، تاغ يامىزلىق يەنە بارغانسېرى تىكلەشكىلى تۇردى ، لېكىن بۇ پەلەمپەيلەر بىزنىڭ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىشىمىزنى كۆپ ئاسانلاشتۇردى ھەم سۈرئىتىمىزمۇ خېلى تېزلەشتى . باشقىلار يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقاندا ، مەن ئارقىدا قېلىپ ئازراقلا ھايال بولۇپ قېلىۋىدىم ، ئالدىمدىكىلەر بىردەمدىلا ئۆزاپ كېتىپ ، ئۇلار بەكلا كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى .
كەچقۇرۇن سائەت يەتتە بولغاندا بىز 2000 پەلەمپەينى بېسىپ بولدۇق . بۇ ئېگىزلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر يۇملاق تۆپىلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى ، سىنافېر يانار تېغىنىڭ ۋولقان كونۇسى مۇشۇ يۇملاق تۆپىلىكنىڭ ئۇستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى .
دېڭىز بىزنىڭ ئاياغلىرىمىز ئاستىدىكى 3200 فۇت تۆۋەن يەردە دولقۇنلىنىپ تۇراتتى . بىز قارلىق بەلۋاغدىن ئۆتۈپ بولغاندۇق ، چۈنكى ئىسلاندىيىنىڭ ھاۋا كىلىماتى يىل بويى نەمخۇش بولغاچقا ، بۇ يەردىكى قارلىق بەلۋاغ ئانچە ئېگىز يەردە ئەمەس ئىدى . ھاۋا بەكلا سوغۇق ، يەنە تېخى گۈركىرەپ شامال چىقىۋاتاتتى . مەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم ، مېنىڭ پۇت - قوللىرىمنىڭ قولاشماي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پروفېسسور ئۆزى بەكلا ئالدىراقسان بولسىمۇ ، ئەمما يەنىلا توختاشنى قارار قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يول باشلىغۇچىغا قول ئىشارىسى قىلدى ، بىراق ئۇ بېشىنى چايقاپ :
— توختىمايلى ، — دېدى .
— قارىغاندا ، يەنە ئازراق ماڭىدىغان ئوخشايمىز ، — دېدى تاغام ، ئاندىن ھانىستىن نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىدى .
— مېستت بورىنى ، — دېدى يول باشلىغۇچى .
— توغرا ، مېستت بورىنى ، — دېدى يەنە بىر ئىسلاندىيىلىك بۇ گەپنى ۋەھىمىلىك تەلەپپۇزدا تەكرارلاپ .
— بۇ گەپنىڭ مەنىسى نېمە ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئالدىراپ .

— قارا ، — دېدى تاغام .

مەن تۈزلەڭلىك تەرەپكە قارىدىم . ئىچىگە ئۇششاق لەيلىمە تاشلار ، قۇم ۋە توپا ـ چاڭلارنى يۆگىۋالغان هاۋا ئېقىمى تۈۋرۈكى خۇددى قۇيۇنغا ئوخشاش پىرقىرىغىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ، سىنافىر يانار تېغىنىڭ تۆپىلىكلىرى تەرەپكە قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى ، بۇ دەل بىز تۇرۇۋاتقان جاي ئىدى . هاۋا ئېقىمى تۈۋرۈكى خۇددى يورۇقلۇق ئۆتكۈزمەس پەردىدەك قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغاچقا ، تاغنىڭ ھەممە يېرى غايەت چوڭ قارا سايە ئاستىدا قالغانىدى . ئەگەر بۇ قارا قۇيۇننىڭ يولى بۇ تەرەپكە يەنە ئازراق سۈرۈلىدىغان بولسا ھەممىمىزنى ئۇچۇرتۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى . ئىسلاندىيىدە قاتتىق بوران چىققان مەزگىللەردە بۇنداق ھادىسە دائىم يۈز بېرەتتى ، ئىسلاندىيىلىكلەر ئۇنى «مېسىت بورىنى» دەپ ئاتايتتى .

— چاپسان ئەگىشىڭلار ، چاپسان ئەگىشىڭلار ، — دېدى يول باشلىغۇچى توۋلاپ .

گەرچە مەن دانىيە تىلىنى بىلمىسەممۇ ، ئەمما ھانسنىڭ چاپسان ماڭا ئەگىشىڭلار دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم . ھانس يانار تاغ كونۇسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشكە باشلىدى ، ئەمما ئۇ كۈچىنى تېجەش ئۈچۈن ئايلىنىپ ماڭدى . ئۇزۇن ئۆتمەي قارا قۇيۇن تاغقا يېتىپ كەلدى ، ئۇنىڭ زەربىسىدىن پۈتۈن تاغ تىترەشكە باشلىدى ، قارا قۇيۇن ئۇچۇرتۇپ چىققان ئۇششاق تاش پارچىلىرى خۇددى يانار تاغ پارتلىغاندەك تەرەپ ـ تەرەپكە چاچراپ چۈشكىلى تۇردى . بەختكە يارىشا تۆپىلىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىكەنمىز . شۇڭا ، خەتەرگە ئۇچرىمىدۇق . ئەگەر بىزنىڭ بۇ ئەستايىدىل يول باشلىغۇچىمىز بولمىغان بولسا بىز چوقۇم پارە ـ پارە بولۇپ خۇددى نامسىز مېتېئورىتتەك يىراقلارغا بېرىپ چۈشكەن بولاتتۇق .

ھانسنىڭ قارىشىچە ، يانار تاغ كونۇسىنىڭ يانتۇ تۆپىلىكىدە كېچىنى ئۆتكۈزۈش خەتەرلىك ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئەگرى ـ بۈگرى يول بىلەن داۋاملىق يۇقىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق ، بەش

سائەتكە يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، قالغان 1500 فۇت ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكەنتۇق ، تاغ يولى ئايلانما ۋە ئەگرى ـ بۈگرى بولغاچقا ، بەزى چاغلاردا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن كەينىگە يېنىشقا توغرا كېلەتتى ، شۇڭا بىز ئاز دېگەندىمۇ سەككىز مىل ماڭدۇق . مەن توڭلاپ ۋە قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەچكە ، زادىلا بولالماي قالدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ بولغاچقا ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى .

كەچ سائەت 11 دە بىز ئاخىر قاراڭغۇدا سىيپىلاپ يۈرۈپ سنافېر يانار تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقتۇق . يانار تاغ ئېغىزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ پاناھلىنىشتىن ئىلگىرى ، مەن ئەڭ تۆۋەن نۇقتىدا تۇرغان «يېرىم كېچىدىكى قۇياش»نى كۆردۈم ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقۇچ نۇرىنى ئايغىم ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان ئارالغا سەپمەكتە ئىدى .

## 16

كەچلىك تاماقنى پاتلا يەپ بولدۇق ، ئاندىن ھەممىمىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشىراق جايلىشىۋېلىپ ياتتۇق . دېڭىز يۈزىدىن 5000 فۇت ئېگىزلىكتىكى بۇ جايدا يەرنىڭ يۈزى بەكمۇ قاتتىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئارام ئالماقچى بولغان يەرمۇ ئانچە پۇختا بولمىغاچقا ، شارائىت بەكمۇ جاپالىق ئىدى . لېكىن ، مەن قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىم . بۇ مېنىڭ ئۆزۈمدىن بېرى ئەڭ ياخشى ئۇخلىغان ئۇيقۇم ئىدى ، ھەتتا چۈشمۇ كۆرمەپتىمەن .

ئەتىسى بىز ئىللىق قۇياش نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن ئويغانغان چېغىمىزدا ، جاندىن ئۆتىدىغان ئىزغىرىن سوغۇق شامال دەستىدىن قېتىپ قالايلا دېگەندۇق . مەن گرانىت تاش كارىۋىتىمدىن قوپۇپ ، كۆز ئالدىمدا نامايان بولغان گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشقا باشلىدىم .

مەن شۇ تاپتا سنافېر يانار تېغىنىڭ جەنۇبىي چوققىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئىدىم . بۇ يەردىن ئارالنىڭ كۆپىنچە يەرلىرىنى كۆرگىلى

بولاتتى . ھەرقانداق ئېگىز جايغا چىقىپ پەسكە قارىسا ، دېڭىز قىرغىقى گويا كۆتۈرۈلۈپ ، ئارالنىڭ ئوتتۇرىسى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى . بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئادەم بۇ چوقۇم خېلىبۇرۇن سىزغان خەرىتىنىڭ مودېلى ئىكەن ، دېيىشى تۇرغان گەپ . مەن بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن جىرالارنى ، چوڭقۇر قۇدۇقلارنى ئەسلىتىدىغان قاتار كەتكەن تىك قىيالارنى كۆردۈم . بۇ يەردە تۇرۇپ قارىغاندا چوڭ كۆللەر كۆلچەكلەردەك ، دەريالار ئېرىقلاردەك كۆرۈنەتتى . ئوڭ تەرىپىدە سان ـ ساناقسىز مۇزلۇق ۋە چوققىلار سوزۇلۇپ ياتاتتى ، بەزى چوققىلارنى مانالىق تۇمان ئورىۋالغانىدى . بۇ كۆز يەتكۈسىز تاغلار تويى بەزىدە ئېگىزلىسە ، بەزىدە پەسلەپ كېتەتتى ، تاغ چوققىلىرىدىكى خۇددى ئاق رەڭلىك دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشايدىغان قارلار ماڭا ئۆركەشلەپ بۇژغۇن چاچرىتىۋاتقان دېڭىز يۈزىنى ئەسلەتتى . غەربكە قارىسا ، يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان چەكسىز كەتكەن دېڭىز بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى ھەمدە ئاقۋاش تاغ چوققىلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . كۆزلىرىم قايسىسى قۇرۇقلۇقنىڭ چېتى ، قايسىسى ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنلارنىڭ باشلانغان يېرى ، پەرق ئېتەلمەي قالدى .

مەن ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ كۆرگەن بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيلا قالدىم . بۇ قېتىم بېشىممۇ قايغاندەك بولمىدى ، چۈنكى مەن يۇقىرىدا تۇرۇپ تۆۋەنگە نەزەر سېلىشقا كۆنۈپ قالغانىدىم . كۆزلىرىم ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كەتتى ، شۇ تاپتا مەن كۆچلۈك قۇياش نۇرىغا بۆلەنگەنىدىم . مەن ئۆزۈمنىڭ كىم ۋە قەيەردە ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىم ، ئۆزۈمنى خۇددى سكاندىناۋىيە رىۋايەتلىرىدىكى شامال ئىلاھى ، سۇ ئىلاھى ۋە تۇپراق ئىلاھىدەك ھېس قىلدىم . مەن ئېگىزلىك ماڭا ئاتا قىلغان خۇشاللىقتىن مەستخۇش بولدۇم ، ئۇزۇن ئۆتمەي تەگسىز ھاڭغا چۈشۈش پېشانەمگە پۈتۈلمىگەنلىكىنى نەدىن بىلەي . پروفېسسور بىلەن ھانسمۇ تاغ چوققىسىغا چىقتى ، ئۇلارنىڭ پەيدا

بولۇشى مېنى رېئال دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلدى .
تاغام غەرب تەرەپكە قاراپ قولى بىلەن ئىس ـ تۈتەك ، سۇ پارلىرى ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ دائىرىسىمۇ ، ئىشقىلىپ ، بىر يەرنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى .
گرېنلاند ئارىلى ، — دېدى ھانس .
گرېنلاند ئارىلى ؟ — دېدىم مەنمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا .
— توغرا ، بىز شۇ تاپتا ئۇنىڭغا 90 مىل كەلمەيدىغان يەردە تۇرۇۋاتىمىز ، مۇزلار ئېرىگەن مەزگىللەردە ئاق ئېيىقلار شىمالىي قۇتۇپتىن ئاقما مۇزلار بىلەن ئىسلاندىيىگە لەيلەپ كېلىدۇ . لېكىن ، بۇ مۇھىم ئەمەس ، بىز ھازىر سنافېر يانار تېغىنىڭ چوققىسىدا ، بۇ يەردە ئىككى چوققا بار ، بىرى جەنۇب تەرەپتە ، يەنە بىرى شىمال تەرەپتە . ھانس بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان بۇ تاغ چوققىسىنى ئىسلاندىيىلىكلەرنىڭ نېمىدەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىزگە دەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھانس جاۋاب بەردى :
— سكارتالىس چوققىسى .
تاغام ماڭا قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى .
— يانار تاغ ئېغىزىغا بارايلى ، — دېدى ئۇ .
سنافېر يانار تېغى خۇددى تەتۈر سىگە قويۇپ قويۇلغان كونۇسقىلا ئوخشايتتى . ئېچىلغان ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى بىر مىلدىن ئارتۇق كېلەتتى ، مۆلچەرىمدە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالاھازەل 2000 فۇت كېلەتتى ، بۇنداق قاچىغا چاقماق ۋە يالقۇن قاچىلانسا قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ . كونۇسنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ پېرىمېتىرى (ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ) 500 فۇتتىن كۆپ ئەمەس . چۈنكى ، ئۇنىڭ يانتۇلۇقى ئانچە چوڭ ئەمەس ، پەسكە چۈشمەك خېلى ئاسان ئىدى . مەن ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يانار تاغ ئېغىزىنى غايەت چوڭ كانايچە ئېغىزلىق قارا مىلتىققا ئوخشاتتىم ، بۇ ئوخشىتىشتىن ئۆزۈممۇ قورقۇپ شۈمشىيىپ كەتتىم .

مەن كۆڭلۈمدە «شۇ تاپتا بۇ قارا مىلتىققا ئۇق - دورا قاچىلىنىپ، ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق قارا مىلتىقنىڭ ئىچىگە كىرىش ئۆتۈپ كەتكەن ساراڭنىڭ ئىشى» دەپ ئويلىدىم.

لېكىن، مېنىڭ چېكىنىش يولۇم يوق ئىدى. ھانىس ئىسپادىسىز چىرايىنى تۈرگىنىچە ئەترەتنىڭ بېشىغا ئۆتتى، بىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق.

تۆۋەنگە چۈشۈشتە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، بىز كونۇسنىڭ ئىچكى تېمىنى بويلاپ ئۇزۇن بىر ئايلانما يول بىلەن ئىلگىرىلىدۇق. بىز يانار تاغ ئېتىپ چىقىرىۋەتكەن تاغ جىنسلىرىنىڭ ئارىسىدىن ماڭدۇق، پات - پاتلا يۇقىرىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن تاشلار چوڭقۇرلۇققا گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كېتىپ كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. كونۇسنىڭ ئىچى تەرىپىنىڭ بەزى جايلىرى مۇز بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، ئىلگىرىلەپ مېڭىشتا ھانىس بەكمۇ ئېھتىيات قىلدى، ئۇ تۆمۈر تاياق بىلەن ئۇيەر - بۇيەرنى چوقۇپ يېرىق بار - يوقلۇقىنى تەكشۈردى. بەزى گۇمانلىق يەرلەرگە كەلگەندە بىز بىر - بىرىمىزنى ئارغامچا بىلەن چېتىۋالدۇق. بۇنىڭدا ئەگەر بىرەرىمىز پەسكە چۈشۈپ كەتكۇدەك بولساق، ئۇنى تارتىۋالغىلى بولاتتى. لېكىن، بۇ خىل ئۆزئارا ياردەملىشىش پەقەت ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇشتىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما چاتاق چىقمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. بۇ پەسكە چۈشىدىغان خەتەرلىك يول يول باشلىغۇچىغىمۇ ئانچە تونۇش ئەمەس، شۇڭا بىز خېلى ھەرەج تارتتۇق، پەقەت بىر ئىسلاندىيىلىكنىڭ قولىدىن بىر بولاق ئارغامچا چىقىپ كېتىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، يولدا ھېچقانداق كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەرمىدى.

بىز كۆزلىگەن يەرگە چۈش مەزگىلىدە يېتىپ كەلدۇق. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ كونۇسنىڭ ئېغىزىنى كۆردۈم، بۇ ئېغىزدىن يۇملاقلىقى تولىمۇ مۇكەممەل، ئەمما تولىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن

ئاسمان كۆرۈندى ، بۇلۇتلارغا تاقاشقان سىكارتالىس چوققىسىمۇ ئاسماننىڭ بىر يېرىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .
كونۇسنىڭ ئاستى قىسمىدا ئۈچ يانار تاغ تۇرۇبا يولى بولۇپ ، سىنافىر يانار تېغى پارتلىغان چاغدا يەر مەركىزىدىكى ماگما ئۇچىقى مۇشۇ يەر ئارقىلىق ماگما ۋە سۇ پارلىرىنى پۈركۈپ چىقارغانىدى . ھەربىر يانار تاغ يولىنىڭ دىئامېتىرى 100 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ ، بۇلار ئايىغىمىز ئاستىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى . پروفېسسور لىدىنبورۇگ دەرھال بۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆلچەشكە باشلىدى . ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە بىر يانار تاغ يولىدىن يەنە بىر يانار تاغ يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ، قوللىرىنى شىلتىغىنىچە ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتى . ھانىس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تاش ئۈستىدە ئۇنىڭغا قارىشىپ ئولتۇراتتى . قارىغاندا ، ئۇلار پروفېسسورنى ئېلىشىپ قاپتۇ ، دەپ ئويلاپ قالغاندەك قىلاتتى .
تاغام توساتتىنلا توۋلاپ كەتتى ، مەن تېخى ئۇنى تېيىلىپ كېتىپ چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن ، لېكىن ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىكەن . قارىسام ، ئۇ قوللىرىنى كەڭ يايغان ھالدا پۇتلىرىنى كېرىگىنىچە يانار تاغ ئېغىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان بىر پارچە گرانىت تاشنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ . بۇ گرانىت تاش خۇددى ئەزرائىل ھەيكىلىنىڭ غايەت چوڭ تەگلىكىگە ئوخشايتتى . ئۇ مىدىرلىماي تۇرغان پېتى گاڭگىرىغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغاندەك قىلاتتى ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدىكى بۇ خىل گاڭگىراش تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىققا ئۆزگەردى .
— ئاكسال ! ئاكسال ! — ئۇ توۋلىدى ، — چاپسان كەل ! چاپسان كەل !
مەن يۈگۈرگىنىمچە ئۇنىڭ قېشىغا باردىم ، ھانىس بىلەن ئىسلاندىيىلىكلەر قىمىرلاپمۇ قويمىدى .
— بۇنىڭغا قارا ، — دېدى پروفېسسور ماڭا .
مەنمۇ پروفېسسورغا ئوخشاش ھەيران قالغىنىم ياكى خۇشال

بولغىنىمنى بىلەلمەي قالدىم . مەن تاشنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر ئىسىمنى كۆردۈم ، رونىك يېزىقىدا يېزىلغان بۇ خەتلەر ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەچكە تۇتۇقلىشىپ كەتكەنىدى . بۇ مەن ئىچىمدە مىڭ قېتىملارچە قارغىغان ئىسىم ئىدى :



— ئارنا ساكنوسىم ، — دېدى تاغام توۋلاپ ، — ئەمدى سەن يەنە نېمىدىن گۇمانلىنىسەن ؟

مەن جاۋاب بەرمەستىن سالپايغان هالدا باياتىن ئولتۇرغان لاۋانىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم . پاكىت مېنى مەغلۇپ قىلغانىدى .

مەن قانچىلىك ئۇزاق ۋاقىت خىيال سۈرگەنلىكىمنى بىلمىدىم . پەقەت بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، تاغ ئېغىزىنىڭ تۈۋىدە تاغام بىلەن هانسنىڭلا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . قايتۇرۇۋېتىلگەن ئۈچ ئىسلاندىيىلىك شۇ تاپتا سنافېر يانار تېغىنىڭ تۆپىلىكلىرىدىكى چىغىر يول بىلەن ستابىغا قاراپ يولغا چىققانىدى .

هانس يوغان قورام تاشنىڭ تۈۋىدىكى قاتقان ماگما ئېقىنىنىڭ ئۈستىگە ئاددىي كارىۋات راسلىۋېلىپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەنىدى ، تاغام تاغ ئېغىزىنىڭ تېگىدە خۇددى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان يىرتقۇچ هايۋاندەك ئۇياق - بۇياققا پىرقىراپ يۈرەتتى . شۇ تاپتا ئورنۇمدىن قوپۇشقا ، هەتتا بىرنېمە ئويلاشقىمۇ رەۋىتىم قالمىغانىدى ، مەنمۇ هانسنى دوراپ يېتىۋالدىم - دە ، ئازابلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم . ئۇيقۇلۇقتا قۇلىقىمغا تاغ يانباغرىدىن كېلىۋاتقان گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى ۋە يەر تىترىگەندەك بىلىندى .

يانار تاغ ئېغىزىنىڭ تېگىدىكى تۇنجى كېچە مانا مۇشۇنداق ئۆتتى .

ئىككىنچى كۈنى هاۋا تۇتۇق بولۇپ ، ئېغىر بۇلۇتلار كونۇسنىڭ ئۈستىنى ئورىۋالغانىدى . مېنىڭ هاۋاغا دىققەت قىلىشىمغا تاغ ئېغىزىنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ بولغانلىقى ئەمەس ،

بەلكى پروفېسسورنىڭ قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىشلىرى سەۋەب بولغانىدى .

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى . شۇڭا ، كۆڭلۈمدە ئۈمىد تۇغۇلدى ، سەۋەبى مۇنداق :

پۈتلىرىمىز ئاستىدىكى ئۈچ ئېغىزدىن پەقەت بىرىلا ساكنوسىم ماڭغان يول ئىدى . ئىسلاندىيىلىك بۇ ئالىمنىڭ شىفىرلىق خېتىدىكى كۆرسەتمە بويىچە بىز قايسى يولدا مېڭىشنى بىلمەكچى بولساق پەقەت 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى سكارتالىس چوققىسىنىڭ سايىسى قايسى ئېغىزنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىنى كۆرۈشىمىز كېرەك ئىدى .

ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئۈچلۈق چوققا بىز ئۈچۈن غايەت چوڭ قۇياش سائىتى ئىستىرېلكىسىنىڭ رولىنى ئۆتەيتتى ، يەنى مەلۇم بىر ئالاھىدە كۈندە ئۇنىڭ ئىستىرېلكىسىنىڭ سايىسى بىزگە يەر مەركىزىگە بارغىلى بولىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرەتتى .

بىراق ، قۇياش بولمىسا ، سايە بولمايدۇ ، ئۇنداقتا مېڭىش نىشانىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ . بۈگۈن 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ، ھاۋا يەنە بەش كۈن ئېچىلمايدىغان بولسا ، بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىز كېلەر يىلىغا سوزۇلۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ .

مېنىڭ پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ ئىلاجسىز ئەھۋالدىكى بىمەنە ئاچچىقلىنىشلىرىنى تەسۋىرلىگۈم كەلمىدى . بىر كۈن ئۆتتى ، تاغ ئېغىزىنىڭ تېگىدە ھېچقانداق سايە كۆرۈنمىدى . ھانس ئۆزىنىڭ كارىۋىتىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى ، ئەگەر ئۇنىڭدا ئازراقلا قىزىقىش بولغان بولسا ، چوقۇم بىزنىڭ نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىمىزنى بىلىۋالغان بولاتتى ! تاغام ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . ئۇ ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى ۋە ئاشۇ ئېغىر كۈل رەڭ بۇلۇتلارغا تىكىلگىنى تىكىلگەنىدى .

26 ـ چېسلا قۇياش يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى ، قار ئارىلاش يامغۇر توپتوغرا بىر كۈن ياغدى . ھانس لاۋا تاشلىرىدىن بىر كىچىك ئۆي ياسىدى . مەن يېڭىدىن شەكىللەنگەن كىچىك شارقىراتمىلارنىڭ كونۇسنىڭ يانتۇ تۆپىلىكىنى بويلاپ تۆۋەنگە

ئېقىشىنى تاماشا قىلدىم، بۇ شارقىراتمىلار ھەر قېتىم تاشلارغا ئۇرۇلغان چېغىدا قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك بىر خىل ئاۋاز چىقىراتتى.

تاغام ئەمدى تاقەت قىلالمىدى. چۈنكى، ئەڭ سەۋرچان ئادەممۇ بۇنداق ھاۋادا چىچىلماي قالمايتتى.

ئەتىسى ھاۋا يەنىلا ئېچىلمىدى، لېكىن 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يەكشەنبە، يەنى مۇشۇ ئاينىڭ ئارقىدىن سانىغاندا ئۈچىنچى كۈنى ئايدا ئۆزگىرىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھاۋامۇ ئېچىلدى. تاغ ئېغىزىنىڭ ئىچىگە قۇياش نۇرى چۈشۈپ ھەممە يەرنى يورۇتۇۋەتتى. ھەربىر تاغ چوققىسى، ھەربىر قورام تاش، ھەربىر تال شېغىل، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يەر يۈزلىرى قۇياشنىڭ نۇرىدىن بەھرە ئېلىشقا باشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ سايىلىرى يەر يۈزىگە چۈشكىلى تۇردى. سكارتالىس چوققىسىنىڭ ئۇچلۇق گىرۋىكىمۇ كۆزگە چېلىقتى، ئۇنىڭ سايىسى ۋە ھەممە يەرگە نۇر چېچىۋاتقان قۇياشمۇ ئاستا - ئاستا سۇرۇلۇشكە باشلىدى. تاغاممۇ سايىگە ئەگىشىپ ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى.

چۈش مەزگىلى سايە ئەڭ قىسقارغان چاغدا، سايە ئەڭ ئوتتۇرىدىكى يانار تاغ يولىنىڭ ئېغىزىغا توغرىلاندى.

— مۇشۇ ئىكەن! — تاغام توۋلاپ كەتتى، — يەر مەركىزىگە بارىدىغان يول مۇشۇ ئىكەن!

مەن ھانىسقا قارىدىم.

— ماڭايلى! — دېدى يول باشلىغۇچى خاتىرجەم ھالدا.

— ماڭايلى! — دېدى تاغام جاۋابەن.

بۇ چاغدا ۋاقىت چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن 13 مىنۇت ئۆتكەنىدى.

## 17

ھەقىقىي سەپەر باشلاندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېرىپ - چارچاپلا ھالىمىزدىن كەتكەندۇق، لېكىن بۇ قىيىنچىلىق ئەمەس

ئىدى ، ئەمدى بولسا بىزگە قىيىنچىلىق ماڭدامدا بىر ئۇچرىغىلى تۇردى .

ئېنىقراق كۆرۈپ ئۆلگۈرمەيلا چوڭقۇرلۇقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان يانار تاغ يولىنىڭ ئىچىگە كىرىش ئالدىدا تۇرىمەن ، شۇنداق قىلىپ ، بۇ قىسمەت ئاخىر يېتىپ كەلدى . شۇ تاپتا مېنىڭ يەنىلا ئېكسپېدىتسىيىگە قاتنىشىش ياكى سىناپ كۆرۈشنى رەت قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىش پۇرسىتىم بار ئىدى . لېكىن ، يول باشلىغۇچىنىڭ ئالدىدا قورقۇپ تۇگۇلۇۋېلىشتىن خىجىل بولدۇم . دېمىسىمۇ هانسىنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھەتكە نىسبەتەن شۇنچە تەمكىنلىكى ، پەرۋا قىلماسلىقى ۋە خەتەرنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويماسلىقى ئالدىدا ، ئۆزۈمنىڭ باتۇرلۇقتا ئۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى . ئەگەر باشقىلار بولمىغان بولسا ، مەن چوقۇم بىرمۇنچە ئاساسلىرىمنى شىپى كەلتۈرگەن بولاتتىم ، لېكىن يول باشلىغۇچىنىڭ ئالدىدا نائىلاج ئۈنچىقمىدىم . توساتتىن ئېسىمگە گۈزەل گلاۋبېن كەلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاشۇ يانار تاغ يولىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم .

مەن بۇ يانار تاغ يولىنىڭ دىئامېتىرى 100 فۇت ، پېرىمېتىرى 300 فۇت كېلىدۇ دېگەنىدىم . مانا ، مەن بۆرتۈپ چىققان بىر تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پەسكە قارىدىم . بىراق ، ئۆزۈمنى مۇئەللەقتە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قورقىنىمدىن تىترەپ كەتتىم . ماڭا گويا ئېغىرلىق مەركىزىم يۆتكىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ، خۇددى مەست ئادەمدەك بېشىم قېيىپ ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . تەگسىز ھاڭنىڭ تارتىش كۈچىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەسلىكىگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى . مەن پەسكە چۈشۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان چاغدا مېنى بىر قول كاپپىدە تۇتۇۋالدى ، بۇ ھانس ئىدى . گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا ، مەن كوپېنھاگىندىكى چېغىمدا فېلىس چېركاۋىغا بېرىپ قىلغان «باش قېيىشقا تاقابىل تۇرۇش مەشقى» لىرىم بۇ يەردە ئاقماي قالغانىدى .

شۇغىنىسى ، مەن تەگسىز ھاڭغا لەپپىدە قاراپ قويغىنىم

بىلەن ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلىۋالغانىدىم . ئۇنىڭ تۆت تېمى ئاساسەن تۈز بولغاچقا ، يۇقىرى تەرەپتىكى بۆرتۈپ چىققان تاغ جىنسلىرى بىزنىڭ پەسكە چۈشۈشىمىزگە بەكمۇ قۇلايلىق ئىدى . لېكىن ، بۇنىڭدا بىز پەسكە چۈشۈشتە پەلەمپەيگە ئېرىشكىنىمىز بىلەن ئۇنىڭ تۇتقۇدەك يېرى يوق ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئارغامچىنى كىرىش ئېغىزىدىكى تاشقا باغلاپ قويۇپ ، ئاندىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ چۈشسە بولاتتى . لېكىن ، تۆۋەنگە چۈشكەندىن كېيىن ئارغامچىنى قانداق يېشىۋېلىش كېرەك ؟

تاغام تولىمۇ ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى . ئۇ تومۇلۇقى بارماقچىلىك ، ئۇزۇنلۇقى 400 فۇت كېلىدىغان بىر باغلام ئارغامچىنى يەشتى ، ئاندىن ئۇنىڭ يېرىمىنى كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىچىگە چۈشۈردى ۋە ئۇنى بۆرتۈپ چىققان بىر تاشقا يۆگىۋەتكەندىن كېيىن ، قالغان يېرىمىنىمۇ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىچىگە چۈشۈردى . بىز تۆۋەنلىگەندە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تال ئارغامچىنى تەڭ تۇتۇپ چۈشۈۋېدۇق ، ئارغامچا سىيرىلىپ كەتمىدى ؛ بىز 200 فۇت تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى قويۇۋېتىپ ، يەنە بىر ئۇچىنى تارتىپ ئارغامچىنى يىغىۋالدۇق ، بۇنىڭدا ئىشلار بەكلا ئاسانلاشتى ، چۈنكى بۇ جەرياننى توختىماي قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەرگىلى بولاتتى .

— ئەمدى ، — دېدى تاغام تەييارلىق ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، — يوك ـ تاقلارنى ئويلىشايلى ، ئۇلارنى ئۈچ بولاق تېڭىپ ، ھەربىرىمىز بىردىن ئېلىۋالايلى ، دەۋاتقىنىم ئاشۇ ئاسان سۇنىدىغان نەرسىلەر .

ئېنىقكى ، باتۇر پروفېسسور بىزنى ئاسان سۇنىدىغان نەرسىلەر قاتارىغا كىرگۈزمىگەنىدى .

— ھانس ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — سەن سايمانلار بىلەن بىر قىسىم يېمەكلىككە مەسئۇل بولغىن ، ئاكسال ، سەن قوراللار بىلەن بىر قىسىم يېمەكلىككە مەسئۇل بولغىن ، مەن

نازۇك ئەسۋابلار بىلەن قالغان يىمەكلىككە مەسئۇل بولاي .

— لېكىن ، — دېدىم مەن ، — بۇ كېيىم - كېچەكلەر بىلەن ئارغامچا شوتىنى قانداق قىلىمىز ؟ ئۇنى ئەچۇشۇشكە كىم مەسئۇل بولىدۇ ؟

— ئۇلار ئۆزلىرى چۈشىدۇ .

— قانداق چۈشىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— سەن بىلىپ قالىسەن .

تاغام دائىم ئادەتتىن تاشقىرى ۋاستىلەرنى قوللىنىشنى ياخشى كۆرەتتى ، بۇنداق قىلىشتا ھەرگىز ئىككىلەنمەيتتى . ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا ھانس ئاسان سۇنمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر بولاق قىلىپ مەھكەم تاڭغاندىن كېيىن ، ئۇنى چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئىچىگە تاشلىدى .

مەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھەرىكەتلەنگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ، تاغام بولاقنىڭ چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشىنى كۆزىتىپ تۇردى . ئۇ كۆرۈنمەي قالغاندىلا ئاندىن بېشىنى رۇسلىدى .

— ياخشى ، — دېدى ئۇ ، — ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى .

مەن «ھەرقانداق سەممىي ئادەممۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغان چېغىدا چوقۇم تىترەپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىدىم .

پروفېسسور ، ھانس ۋە مەن دۇمبىلىرىمىزگە ئاپپارات ، سايمان ۋە قورallar لىق قاچىلانغان بولاقلارنى ئارتىشتۇق . بىز باشتا ھانس ، ئاندىن تاغام ، ئەڭ ئاخىرىدا مەن تەرتىپ بويىچە تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدۇق . بىز تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا ھېچكىم ئۈنچىقمىدى ، پەقەت سىيرىلىپ چۈشۈپ تۇرغان تاش پارچىلىرىنىڭ شاراق - شۇرۇق ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى .

شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم . مەن بىر قولۇم بىلەن ئاشۇ ئىككى تال ئارغامچىنى سارائدەك چىڭ تۇتۇۋېلىپ ، يەنە بىر قولۇمدىكى تۆمۈر تاياق بىلەن تىرەجەپ تۇرۇۋالدىم . كاللامدا پەقەت ئارغامچىنى ئۈزۈپ قويغان

ئاشۇ تاش بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ دېگەن ئەندىشىلا ھۆكۈم سۈرەتتى. مەن بۇ ئارغامچا ئانچە پىششىق ئەمەس. ئۇچىمىزنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى ئىشلەتمەسلىككە تىرىشتىم. مەن بۆرتۈپ چىققان لاۋا تاشلارغا مەزمۇت دەسسىۋېلىپ ئۇنى قاماللاپ چىڭ تۇتتۇم ۋە تەڭپۇڭلۇقۇمنى بارا ـ بارا مۆجىزىدەك ساقلىيالايدىغان بولۇپ كەتتىم. ھانسىنىڭ پۇتى ئاستىدىكى تاش مىدىرلاشقا باشلىدى، ئۇ خاتىرجەم ھالدا:

— ئېھتىيات قىلىڭلار! — دېدى.

— ئېھتىيات قىل! — دېدى تاغاممۇ تەكرارلاپ.

يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز ئۆڭكۈر تېمىدىن سىرتقا خېلىلا بۆرتۈپ چىققان يوغان بىر پارچە تۈز تاشنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدۇق.

ھانس ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ تۆۋەنگە تارتىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ـ دە، ئۈستىدىكى تاشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قايتىدىن تۆۋەنگە چۈشتى. ئارغامچا بىلەن تەڭ بىرمۇنچە تاش ۋە لاۋا پارچىلىرى خۇددى يامغۇردەك، ھەتتا مۆلدۈردەك چۈشكىلى تۇردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك خەتەرلىك ئىدى.

مەن دەسسەپ تۇرغان تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پەسكە ئېڭىشىپ قارىدىم، ئەمما چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېگى كۆرۈنمىدى.

بىز باياتىنقى ئۇسۇل بىلەن پەسكە چۈشۈشنى داۋاملاشتۇردۇق، يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز يەنە 200 فۇت تۆۋەنلىدۇق.

مەن پەسكە تۆۋەنلەش جەريانىدا، گېئولوگىيىگە ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق پەيتتە ئەتراپىدىكى يەر قاتلىمىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ياكى بارمايدىغانلىقىنى بىلمىدىم. لېكىن، مەن بەربىر بۇنىڭغا قىزىقمايمەن. مەيلى بۇ يەر قاتلىمى ئاخىرقى يېڭىلىنىش

ئېپوخاسى مىئوتسېن ئېپوخاسى ، دەسلەپكى يېڭىلىنىش ئېپوخاسى ياكى بولمىسا بور دەۋرىدە ، يۇرا دەۋرىدە ، پرىم دەۋرىدە ياكى تاشكۆمۈر دەۋرىدە ، دېۋون دەۋرىدە ، سىلور دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولسۇن ، مەيلى ئۇ دەسلەپكى تاغ جىنسلىرى بولسۇن ، ھەممىسى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز . لېكىن ، تاغام شۇ تاپتا ئەتراپنى كۆزىتىپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى ، چۈنكى ئۇ بىر قېتىملىق قىسقا دەم ئېلىش ۋاقتىدا ماڭا :

— شۇ تاپتا بىز قانچە تۆۋەنلىگەنچە ، مېنىڭ ئىشەنچىم شۇنچە كۈچىيىۋاتىدۇ . بۇ يەردىكى يانار تاغ قاتلىمىنىڭ تۈزۈلۈشى داۋىنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . بىز ھازىر ئىپتىدائىي يەر قاتلىمىدا تۇرۇۋاتىمىز ، بۇ يەردە مېتاللار سۇ ۋە ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندا كۆيۈپ خىمىيىلىك رېئاكسىيە ھاسىل قىلغان . مەن يەر مەركىزىدە ئىسسىقلىق بار دەيدىغان قاراشقا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ، بۇ نۇقتىنى بىز كېيىن بىلىپ قالىمىز ، — دېگەنىدى . يەنىلا شۇ ھۆكۈم مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىم كۆپچىلىككە ئايان . ئۇ مېنىڭ ئۈنچىقمىغانلىقىمنى قوشۇلغانلىق دەپ چۈشەندى . شۇنىڭ بىلەن بىز تۆۋەنگە چۈشۈشنى داۋاملاشتۇردۇق .

ئۈچ سائەت بولدى ، لېكىن يانار تاغ ئېغىزى يولىنىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولمىدى . مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، ئۆڭكۈر ئېغىزىنىڭ روشەن ھالدا كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم . يانار تاغ ئېغىزى يولىنىڭ يان تېمى سەل يانتۇلاشتى ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىمۇ بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى .

لېكىن ، بىز پەسكە چۈشۈشنى داۋاملاشتۇرىۋەردۇق ، مەن ئاياغلىرىمىز ئاستىدىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن تاش پارچىلىرى چىقارغان بوغۇق ئەكس سادا ئاۋازىدىن چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېگىگە يېتىپ كېلەي دەپ قالغانلىقىمىزنى بىلدىم . مەن ئارغامچىنى ئالماشتۇرۇش قېتىم سانىنى ئېسىمدە ساقلىۋېلىپ ، بىز چۈشكەن يەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە بۇنىڭغا كەتكەن ۋاقىتنى ئېنىق ھېسابلاپ

چىقىماقچى بولدۇم. بىز ئارغامچىنى 14 قېتىم ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتتۇق. ھەر قېتىمىغا يېرىم سائەت ۋاقىت كەتتى. دېمەك، بۇ بىز يەتتە يېرىم سائەت سەرپ قىلدۇق دېگەن گەپ. ئارىلىقتا 14 قېتىم 15 مىنۇتتىن دەم ئالدۇق. بۇ ئۈچ يېرىم سائەت دېگەن گەپ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى قوشۇلسا 10 يېرىم سائەت بولىدۇ. بىز پەسكە چۈشۈشكە باشلىغاندا سائەت بىر بولغانىدى. دېمەك، ھازىر سائەت 11 بولدى دېگەن گەپ. ئەمدى بىز تۆۋەنلىگەن چوڭقۇرلۇققا كەلسەك، 14 قېتىملىق ئارغامچا سانىغا 200 فۇتنى كۆپەيتسەك 2800 فۇت بولىدۇ. شۇ ئەسنادا ھانس گەپ قىلدى:

— توختاڭلار!

ئۇ قەدەملىرىنى توساتتىنلا توختاتقاچقا، مېنىڭ پۇتۇم تاغامنىڭ بېشىغا تېگىپ كېتىشكە تاسلا قالدى.

— بىز يېتىپ كەلدۇق، — دېدى تاغام.

— قەيەرگە يېتىپ كەلدۇق؟ — مەن شۇنداق دەپ سورىغاچ ئۇنىڭ يېنىغا سىيرىلىپ باردىم.

— ۋېرتىكال شەكىلدىكى يانار تاغ ئېغىزى يولىنىڭ ئاستى قىسمىغا يېتىپ كەلدۇق.

— ئەمدى ماڭىدىغان باشقا يول يوقمۇ؟

— بار، مەن ئوڭ تەرەپتىكى يانتۇلۇققا تۇتاشقان بىر يولنى غىل - پال كۆرۈپ قالدىم، بۇ ھەقتە ئەتە بىرنېمە دېيىشەيلى، بىز ھازىر كەچلىك تاماق يەۋېلىپ ئۇخلايلى.

ئۆڭكۈر ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. بىز يېمەكلىك سېلىنغان خالتىنى ئاچتۇق. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، لاۋا تاشلىرى ۋە ئۇششاق تاشلاردىن راسلانغان كارىۋاتلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوبدانراق جايلىشىۋېلىپ ياتتۇق. مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئاچقىنىمچە ئۇخلىسىغا ياتتىم. چوڭقۇرلۇقى 3000 فۇت كېلىدىغان بۇ يانار تاغ ئېغىزى يولى خۇددى غايەت چوڭ دۇربۇنغا ئوخشايتتى، مەن ئۇنىڭ ئۈچىدىكى پارقىراپ تۇرغان بىرنەرسىنى كۆردۇم.

ئۇ بىر يۇلتۇز ئىدى. ئۇ ئاززاقمۇ چاقنىمايتتى،

ھېسابلىشىمچە، بۇ كىچىك ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى B يۇلتۇزى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم.

## 18

ئەتىگەن سائەت سەككىز بولغاندا يۈزۈمگە چۈشكەن قۇياش نۇرىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قۇياش نۇرى يانار تاغ تۈرۈبا تاملىرىدىكى سانسىزلىغان لاۋا ئۇيۇقچىلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ، خۇددى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك ئەتراپقا ئەكس نۇر قايتۇرۇۋاتاتتى.

مۇشۇ ئازغىنا يورۇقلۇق ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنى پەرق ئېتىشكە كۇپايە قىلاتتى.

— ماڭا قارا، ئاكسال، سېنىڭچە قانداق؟ — دېدى تاغام قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — سەن كونى كوچىسىدا مۇشۇنداق تىنچ ئۇخلىيالامتىڭ؟ بۇ يەردە ھارۋىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى، ھۆپىگەرلەرنىڭ توۋلاشلىرى ۋە كېمىچىلەرنىڭ تىللاشلىرى يوق!

— توغرا، بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئاستى ھەقىقەتەن تىنچ ئىكەن، لېكىن بۇ جىمجىتلىق ئادەمنى قورقۇنچقا سېلىپ قويىدىكەن.

— بولدى، — دېدى تاغام توۋلاپ، — ئەگەر ھېلىتىنلا قورقىدىغان بولساڭ كېيىن قانداق قىلىسەن؟ بىز تېخى يەر مەركىزىگە بىر دىيۇيمۇ يېقىنلاشقىنىمىز يوق!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— شۇنداق دېمەكچىمەنكى، بىز تېخى ئەمدىلا ئىسلاندىيىنىڭ يەر ئۈستىگە يېتىپ كەلدۇق! بۇ ئۇدۇل كەتكەن يانار تاغ ئېغىزى يولى سىنافېر يانار تېغىنىڭ ئاغزىغا تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭ تەكتى تەخمىنەن دېڭىز يۈزى بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتە.

— سىز جەزم قىلالامسىز؟

— ئەلۋەتتە، سەن بارومېتىرغا قاراپ باق.

دەرۋەقە بىزنىڭ تۆۋەنلىشىمىزگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان سىماب تۇۋرۇكى 29 دىيۇيىم شكالىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بۇنىڭغا قارا، — دېدى پروفېسسور گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ يەرنىڭ ئاتموسفېرا بېسىمى پەقەت مۇشۇنچىلىكلا ئىكەن، مەن ئادەتتىكى بارومېتىرنىڭ ئورنىنى سۇيۇقلۇق بارومېتىرى ئالسىكەن دەيمەن.

دېمىسىمۇ، ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى دېڭىز يۈزىدە ئۆلچەنگەن ئاتموسفېرا بېسىمىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئادەتتىكى بارومېتىر ئىشلىمەي قالاتتى.

— لېكىن، — دېدىم مەن، — ئەجەبا بىز بۇنداق ئۆزلۈكسىز ئاشىدىغان ھاۋا بېسىمىدىن ئەنسىرىمەمدۇق؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، بىز ناھايىتى ئاستا تۆۋەنلەۋاتىمىز، بىزنىڭ ئۆپكىلىرىمىز زىچلىقى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھاۋادا نەپەس ئېلىشقا تەدرىجىي كۆنۈپ كېتىدۇ. ئۇچقۇچىلار يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئەمما بىز ئېھتىمال ھاۋا بەك كۆپتەك ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. مەن دەل مۇشۇنداق بولسىكەن دەيمەن. ئەمدى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلى. بىز پەسكە تاشلىغان نەرسىلەر قەيەردىدۇ؟

ئاخشام ئۇ نەرسىلەرنى ئىزدىگەن بولساقمۇ، ئەمما تاپالمىغانلىقىمىز ئېسىمگە كەلدى. تاغام ھانىستىن سورىۋىدى، ئۇ ئەتراپىنى ئوۋچىنىڭ سىنچى كۆزى بىلەن تەپسىلىي كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— يۇقىرىدا ئىكەن!

— يۇقىرىدا؟

بۇ نەرسىلەر بېشىمىزدىن 100 فۇت ئېگىز جايدىكى بۆرتۈپ چىققان بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئىكەن. چەبدەس ئىسلاندىيىلىك يۇقىرىغا خۇددى مۈشۈكتەك يامىشىپ چىقىپ كەتتى، بىرنەچچە

مىنۇتتىن كېيىن بۇ نەرسىلەر قولىمىزغا قايتىپ كەلدى .

— ئەمدى ، — دېدى تاغام ، — ئەتىگەنلىك تاماق يەيمىز ، لېكىن بىزنىڭ يەنە ئىنتايىن ئۇزۇن مۇساپىنى باسىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار .

بىز ئاززاقتىن پىچىنە ۋە قۇرۇتۇلغان گۆش يەپ ، بىرنەچچە يۇتۇمدىن قارا ئارچا ئۇرۇقى ھارىقى قوشۇلغان سۇدىن ئىچىشتۇق .

ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ، تاغام چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر خاتىرىنى چىقاردى ، ئاندىن تۇرلۇك ئاپپاراتلار بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى سان - سىپىرلارنى خاتىرىلىۋالدى .

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۈشەنبە[1] .

ۋاقتى : ئەتىگەن سائەت 18 دىن 17 مىنۇت ئۆتكەندە .

ھاۋا بېسىمى : 29.71 دىيۇيم .

تېمپېراتۇرا : ئالتە گرادۇس .

يۆنىلىش : قىيپاش شەرقىي جەنۇب .

بۇ يۆنىلىش كومپاس ئارقىلىق ھېسابلاپ چىقىلغان بولۇپ ، كومپاسنىڭ ئىستىرېلكىسى ئۆڭكۈرنىڭ قاراڭغۇ ئېغىزىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .

— ئەمدى ئاكسال ، — دېدى پروفېسسور ھاياجان بىلەن توۋلاپ ، — بىز ئەمدى ھەقىقىي تۇردە يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرىمىز . بۇ ساياھەتنى باشلاشنىڭ ئېنىق ۋاقتى .

تاغام سۆزلىگەچ ، بوينىغا ئېسىۋالغان يورۇتۇش چىرىغىنى قولىغا ئالدى - دە ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئەگرى - بۈگرى لامپۇچكىسىغا توك ماڭغۇزدى . كۈچلۈك يورۇقلۇق قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئاغزىنى يورۇتۇۋەتتى .

ھانسنىڭ قولىدىكى يەنە بىر چىراغمۇ يورۇتۇلدى . ئېلېكترشۇناسلىق پرىنسىپىنىڭ بۇنداق ئەپچىل ئىشلىتىلىشى

① ئەسلىي ئورىگىنالدا شۇنداق (تېكىستنىڭ كېيىنكى قىسمىغا ئاساسلانغاندا 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بولۇشى كېرەك ) .

گەرچە ئەتراپىمىز ئاسان ياندىغان گازلار بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ، بىزنى سۈنئىي يورۇقلۇق ئاستىدا ئۇزاق ۋاقىت يول يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

— ماڭايلى، — دېدى تاغام.

ھەرقايسىمىز ئۆزلىرىمىزنىڭ يۈكلىرىنى ئالدۇق. ھانس ئارغامچا شوتا ۋە كىيىم - كېچەكلەر تېڭىلغان بولاقنى ئىتتىرگىنىچە ئالدىدا ماڭدى، مەن رەتنىڭ ئۈچىنچىسى بولدۇم، شۇنداق قىلىپ، بىز ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتۇق.

بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ غايەت چوڭ يانار تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئىسلاندىيە ئاسمىنىغا ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلىدىم، چۈنكى ئۇنى قايتا كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى.

1229 - يىلى بۇ يانار تاغ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پارتلىغان چاغدا، ماگما مۇشۇ يەر ئارقىلىق ئۆزىگە بىر يول ئاچقانىدى. ماگما بۇ ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىغا بىر قەۋەت قېلىن ھەم پارقىراق نەرسىنى چاپلاشتۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭغا چىراغ يورۇقى چۈشكەندە ئەكس نۇر قايتىپ، ئەتراپ تېخىمۇ بەكرەك يورۇپ كېتەتتى.

پەسكە ئىتتىك سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىك يول ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئىدى، چۈنكى يانتۇلۇقنىڭ قىيپاشلىق دەرىجىسى تەخمىنەن 45 گرادۇس كېلەتتى. بەختكە يارىشا، بەزى ئويۇلغان ۋە بۆرتۈپ چىققان ئېگىز - پەس يەرلەرنى پەلەمپەي ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولاتتى. بىز پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقاچ، يۈك - تاقلارنى بىر تال ئۇزۇن ئارغامچىغا باغلاپ پەسكە سىيرىلدۇرۇۋەتسەكلا بولاتتى. بىزنىڭ ئاياغلىرىمىز ئاستىدىكى پەلەمپەيلەر ئەمەلىيەتتە ئۆڭكۈرنىڭ تېمىدىكى تېشىغا بۆرتۈپ چىققان تاشلار ئىدى. بەزى جايلاردىكى لاۋىلارنىڭ ئۈستى يۇمىلاق كىچىك لامپۇچكىغا ئوخشايدىغان ئۈششاق تۆشۈكچىلەر بىلەن قاپلانغانىدى، يەنى يورۇق ئۆتكۈزمەيدىغان كۋارتس خرۇستال ئارىسىغا ساپ ئەينەك شارچىلار قىستۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خۇددى

تورۇستىكى بىزنىڭ ماگار يولىمىزغا يورۇق چۈشۈرۈپ بېرىۋاتقان خرۇستال چىراغلارغىلا ئوخشايتتى . كىشىلەر ئېھتىمال بۇنى ، بۇ ئۆڭكۈرنى قوغدايدىغان جىن ـ ئالۋاستىلار بۇ يەرگە كەلگەن مېھماننى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ قەسرىنى ئالاھىدە يورۇتۇۋاتىدۇ ، دېيىشى مۇمكىن .

— پاھ ! — دەۋەتتىم مەن ئىختىيارسىزلا توۋلاپ ، — نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك مەنزىرە بۇ . تاغا ! سىز ئاۋۇ قىزغۇچلۇقتىن بارا ـ بارا توق سېرىق رەڭگە ئۆزگەرگەن لاۋا قاتلىمىنى كۆردىڭىزمۇ ؟ يەنە تېخى ئاۋۇ نۇر چېچىۋاتقان كىچىك شارچىلارغا ئوخشايدىغان خرۇستاللارمۇ بار .

— ھىم ، مەنمۇ كۆردۈم ، ئاكسال ! — دېدى تاغام ، — سەن تېخى مۇشۇلارنى بەك ھەيۋەتلىك مەنزىرە دەۋاتامسەن ، بالام ، سېنىڭ باشقا ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرنىمۇ كۆرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن . ماڭايلى ! چاپسان ماڭايلى !

ئەمەلىيەتتە ، ئۇ «سىيرىلايلى» دېگەن بولسا تېخىمۇ توغرا بولاتتى ، چۈنكى بىز بۇ يانتۇلۇقتا ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتۇق . بۇ خۇددى ۋېرگىلنىڭ «دوزاخقا چۈشۈش بەكلا ئاسان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۆزى ئىدى . مەن توختىماستىن كومپاسقا قاراپ ماڭدىم ، ئۇنىڭ ئىسترېلكىسى ئىزچىل تۇردە جەنۇبنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . بۇ ئۆڭكۈر ئۇدۇل ئالدى تەرەپكە سوزۇلغانىدى .

شۇغىنىسى ، تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى . بۇ ، داۋىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاۋاتاتتى . مەن ئۆزۈمنىڭ تېرمومېتىرغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قانچە قېتىم قارىغانلىقىمنى بىلمەيمەن . بىز ماڭغىلى تۇرغىلى ئىككى سائەت بولدى ، ئەمما ئۇنىڭ شكالىسى 10 گرادۇسنىلا كۆرسىتىپ تۇراتتى ، دېمەك ، بۇ تېمپېراتۇرا پەقەت تۆت گرادۇسلا ئۆرلىدى دېگەن گەپ . بۇنىڭدىن مەن بىز تۆۋەنگە تىك تۆۋەنلەۋاتىمىز دېگەندىن كۆرە ، ئالدىغا قاراپ

تۇز سىزىق بويىچە كېتىۋاتىمىزمۇ قانداق؟ دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. قانچىلىك چوڭقۇرلۇققا چۆشكەنلىكىمىزگە كەلسەك، بۇ بەك ئاسان ئىدى. پروفېسسور ئىزچىل تۆردە يول ئۈستىنىڭ ئېغىش بۇلۇڭى بىلەن يانتۇلۇق بۇلۇڭىنى ئېنىق ئۆلچەپ ماڭدى. ئەمما، ئۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى باشتىن ـ ئاخىر بىزگە ئېيتىپ بەرمىدى.

كەچقۇرۇن سائەت سەككىز ئەتراپىدا پروفېسسور قول ئىشارىسى قىلىپ بىزنى توختاتتى. هانس دەرھال ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلار قوللىرىدىكى چىراغنى بۆرتۈپ چىققان لاۋانىڭ بۇرجىكىگە ئېلىپ قويدى. بىز بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك قىلاتتۇق، بۇ يەردە ھاۋا يېتەرلىك، تېخى ئازراق سەلكىن شامالمۇ بار ئىدى. بۇ قانداق بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ بۇ سەلكىن شامال قەيەردىن كەلگەندۇ؟ مېنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرگۈم كەلمىدى. چۈنكى، قورسىقىم ئېچىپ، بەك ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن مېنىڭ بىرنېمە ئويلىغۇدەك رەۋپىم قالمىغانىدى. دېمىسىمۇ تۆۋەنگە قاراپ توختىماي يەتتە سائەت ماڭسا، ئادەمنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى زور مىقداردا خوراپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن بولغاچقا، «توختايلى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. هانس بىرمۇنچە يېمەكلىكنى بىر پارچە لاۋا تېشىنىڭ ئۈستىگە قويدى، بىز ئۇنى ھۇزۇر بىلەن يەۋەتتۇق. لېكىن، بىر ئىشتىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم، چۈنكى بىز ئېلىۋالغان سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ بولغاندۇق. تاغام ئەسلىدە يەر ئاستىدىكى بۇلاق سۇلىرى بىلەن سۇ زاپىسىمىزنى تولۇقلىماقچى ئىدى. لېكىن، تا ھازىرغىچە بىزگە بۇلاق ئۇچرىمىدى. ئاخىر ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي، تاغامنى بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشقا ئەسكەرتتىم.

— بۇلاق ئۇچرىمىغانلىقىدىن ھەيران قېلىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، دېمىسىمۇ بىزنىڭ سۈيىمىز پەقەت بەش كۈنلا يېتىدۇ، شۇڭا ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئەنسىرىمە، ئاكسال، بىزنىڭ سۇ تاپالىشىمىزغا مەن كاپالەت بېرىمەن، ھەتتا بۇ سۇ بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ.

— قاچان؟

— بۇ لاۋا قاتلىمىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن شۇنى ئويلىمىدىڭمۇ؟ سۇ بۇ تاش قاتلىمىدىن قانداقمۇ سىرغىپ چىقالىسۇن.

— لېكىن، بۇ لاۋا ئېقىنى ئېھتىمال ئىنتايىن چوڭقۇر جايلارغىچە سوزۇلۇشى مۇمكىنغۇ، بىز پەسكە تېخى تىك ھالەتتە ھېچقانچە چۈشەلمىدۇق.

— سەن نېمىگە ئاساسلىنىپ بۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىسەن؟

— ئەگەر بىز يەر پوستىنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر جايغا يېتىپ كەلگەن بولساق، ئۇ ھالدا تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك ئىدى.

— بۇ پەقەت سېنىڭ نەزەرىيەڭ، — دېدى تاغام، — ھازىر تېرمومېتىر نەچچە گرادۇستا؟

— ئاران 15 گرادۇستا، يەنى بىز يولغا چىققاندىن بۇيان تېمپېراتۇرا ئاران توققۇز گرادۇس ئۆرلەپتۇ.

— ئۇنداقتا، سېنىڭ بۇ ھەقتىكى خۇلاسەڭ نېمە؟

— مېنىڭ خۇلاسەم شۇكى، ئەڭ ئېنىق كۆزقاراشلارغا ئاساسلانغاندا، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۆۋەنگە قاراپ 100 فۇت ئىلگىرىلىگەندە تېمپېراتۇرا بىر گرادۇس يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمما، بەزى قىسمەن شارائىتلار بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، سىبىرىيىدىكى ياكوتىسكىدا ئادەملەر تۆۋەنگە قاراپ ھەر 36 فۇت ئىلگىرىلىگەندە تېمپېراتۇرىنىڭ بىر گرادۇس يۇقىرى ئۆرلىگەنلىكىنى بايقىغان. دەرۋەقە، بۇنداق پەرق تاشلارنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ. مەن يەنە شۇنى قوشۇمچە قىلماقچىمەنكى، ئۆچكەن يانار تاغنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى گنېيس

قاتلىمىدا تۆۋەنگە قاراپ 125 فۇت تۆۋەنلىگەندە تېمپېراتۇرا ئاران بىر گرادۇس ئۆرلەيدۇ. مەن مۆلچەرلەپ كۆرگەندىن كېيىن، بىزگە ئەڭ پايدىلىق بولغان كېيىنكى تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھېسابلاپ باقايمىكىن.

— قېنى ھېسابلىغىن، بالام.

— بۇ بەك ئاسان، — مەن شۇنداق دېگەچ بىر خاتىرىگە سان - سىپىرلارنى يېزىشقا باشلىدىم، — 125 فۇتنى توققۇزغا كۆپەيتسەك، 1125 فۇت چوڭقۇرلۇق دېگەن گەپ.

— پۈتۈنلەي توغرا.

— قانداق؟

— كۆزىتىشىمچە، بىز ھازىر دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ فۇت تۆۋەن بولغان چوڭقۇرلۇققا يېتىپ كەلدۇق.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟

— ئەلۋەتتە مۇمكىن، چۈنكى بۇ ئىنتايىن توغرا ھېسابلانغان.

پروفېسسورنىڭ ھېسابلىشى توغرا ئىكەن. بىز ئىنسانىيەت يېتىپ بارالىغان ئەڭ چوڭقۇر جايلار — تىلوردىكى[①] كىسبوخىل[②] كان رايونى بىلەن بوخېمىيەدىكى[③] ۋىلتېنبورگ[①] كان رايونىدىنمۇ 6000 فۇت چوڭقۇر جايغا يېتىپ بارغانىدۇق.

بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەسلىدە 81 گرادۇس بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئەمەلىيەتتە تېمپېراتۇرا ئاران 15 گرادۇسقا چىققانىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەھۋال ئىدى.

## 19

ئىككىنچى كۈنى، يەنى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەيشەنبە، سائەت ئالتىدە بىز يەنە تۆۋەنگە چۈشۈشنى باشلىدۇق.

① تىلور — ئالىپ تاغلىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى، ئاۋستىرىيە بىلەن ئىتالىيە ئىككى دۆلەت چېگراسى ئىچىدە.
② كىسبوخىل — ئاۋستىرىيىنىڭ تىلور رايونىدا.
③ بوخېمىيە — چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەرب تەرىپىدە.
① ۋىلتېنبورگ — گېرمانىيىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

بىز ئاۋۋالقىدەكلا لاۋا يولى ئارقىلىق پەسكە قاراپ ماڭدۇق. بۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق يانتۇلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ تەكشىلىكى خۇددى بەزى كونا پاسونىدىكى ئۆيلەرنىڭ پەلەمپەيلىرىگە ئىشلىتىلگەن يانتۇ تاختايلارغىلا ئوخشايتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز سائەت 12 دىن 7 مىنۇت ئۆتكەندە ئەمدىلا توختىغان ھانىسقا يېتىشىۋالدۇق.

— ئاھ! — دېدى تاغام توۋلاپ، — بىز يانار تاغ تۇرۇبا يولىنىڭ باش تەرىپىگە يېتىپ كەپتۇق.

مەن ئەتراپىنى كۆزەتتىم. بىز بىر - بىرى بىلەن كېسىشكەن ئىككى يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئىدۇق، ئىككى ئوخشاش قاراڭغۇ ھەم تار يول يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. قايسى يول بىلەن مېڭىش كېرەك؟ بۇ بىر تەس ئىش بولدى.

بىراق، تاغام ھانىس بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا ئىككىلەنگەنلىكىنى پەقەتلا بىلىندۈرگۈسى كەلمىدى. ئۇ قولى بىلەن شەرق تەرەپتىكى لەخمىنى ئىما قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچىمىز بۇ لەخمىگە كىرىپ كەتتۇق.

گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، بۇ ئىككى يولنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئىككىلەنگەن بىلەن پايدىسى يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە ئىككى يولدىن بىرنى تاللىۋېلىشقا ياردىمى بولىدىغان ھېچقانداق بەلگە يوق ئىدى، شۇڭا بۇ تەلىيىمىزگە باغلىق ئىش بولۇپ قالدى.

بۇ يېڭى يولنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى ئانچە روشەن بولمىسىمۇ، ئەمما ھەربىر بۆلەكىنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. بەزىدە كۆز ئالدىمىزدا خۇددى گوتچە چېركاۋلارنىڭ كەينى ئېتىكاپخانىسىغا ئوخشايدىغان ئەگمە ئىشكلەر پەيدا بولاتتى. بۇ يەردە ئوتتۇرا ئەسىردىكى سەنئەتكارلار ئۈستىگە گۈمبەز قوندۇرۇلغان دىنىي قۇرۇلۇش شەكلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسىمۇ بولاتتى. ئالدىغا قاراپ بىر مىل ماڭغاندىن كېيىن، بىز رىم ئۇسلۇبىدىكى يېرىم يۇمىلاق ئەگمە ئىشىك ئالدىدا بېشىمىزنى ئېگىشكە توغرا كەلدى، تاش تامنىڭ قېتىغا كىرىپ كەتكەن غايەت يوغان تاش

تۆۋرۆكلەر تاش ئەگمە چۈشۈرگەن ئېغىرلىقتىن سەل ئېگىلگەنىدى. ئاخىر بىز ئامالسىزلىقتىن بۇ تار چىغىر يوللاردىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق. تېمپېراتۇرا ئاۋۋالقىدەكلا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدىغان دائىرە ئىچىدە ئىدى. كاللامغا ھەدېسىلا سنافېر يانار تېغى پۈركۈپ چىقارغان ماگما مۇشۇ جىمجىت يولنىڭ ئىچىنى بويلاپ ئاققان چاغدا، بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى قانچىلىك يۇقىرى بولغىيدى دېگەن خىيال كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمغا يولدىكى ئۇچلۇق تاشلارنىڭ ماگما ئېقىنى بۆلۈپ تاشلاۋاتقان ۋە بۇ تار جايغا يىغىلغان قايناق سۇ پارلىرىنىڭ چىققىلىغان مەنزىرىسى كەلدى.

«ئىشقىلىپ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — قەدىمدىن بېرى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت جىمجىت ياتقان بۇ قەدىمكى يانار تاغ توساتتىنلا پارتلاپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ.»

مەن بۇ ئويلىرىمنى تاغام لىدىنبورۇگقا دېمىدىم، چۈنكى ئۇ بەرىبىر چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ بىردىنبىر خىيالى ئالدىغا قاراپ مېڭىش. ئۇ ماڭاتتى، بەزىدە تېيىلىپ، ھەتتا دومىلاپمۇ كېتەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت كىشىنى قايىل قىلىدىغان بىرلا خىيال بار ئىدى. كەچ سائەت ئالتە بولدى. بىز بەكمۇ قىينىلىپ كەتمەي، جەنۇبقا قاراپ بەش مىل ماڭدۇق، لېكىن ئاران چارەك مىل تۆۋەنلەپتۇق.

تاغام بىزگە دەم ئېلىش ئىشارىسى قىلدى. بىز تاماق يەۋاتقاندا ئارتۇق گەپ قىلىشمىدۇق، تاماقتىن كېيىن ئۇخلاپ قالدۇق.

بىزنىڭ كېچىنى ئۆتكۈزۈش تەييارلىقىمىز بەكلا ئاددىي ئىدى، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ سەپەر يوتقىنىمىزنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدۇق، بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر ئورۇن - كۆرپىمىز ھېسابلىناتتى. شۇڭا، سوغۇق ۋە بىرەر دەخلى - تەرۇزدىن ئەنسىرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئافرىقا قۇملۇقى ياكى يېڭى قۇرۇقلۇقنىڭ ئورمانلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ساياھەتچىلەر ئۇخلىغاندا چوقۇم ئالمىشىپ نۆۋەتچىلىك قىلمىسا بولمايتتى. ھالبۇكى، بۇ يەر بولسا شۇنچىلىك تىنىچ ۋە بىخەتەر، ياۋايى ئادەم ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن

ئەنسىرىمىسەكمۇ بولاتتى .

ئەتىسى ئويغانغان چېغىمىزدا ئۆزىمىزنى روھلۇق ھېس قىلدۇق . بىز قايتىدىن يولغا چىقتۇق . ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش لاۋا لەخمىسىنىڭ ئىچىدە ئالدىغا قاراپ ماڭدۇق . بىز لەخمە كېسىپ ئۆتكەن يەر قاتلىمىنىڭ خاراكتېرىنى پەقەت ئىلغا قىلالمىدۇق . بۇ لەخمە تۆۋەندىكى يەر مەركىزىگە قاراپ ماڭغان بولماستىن ، بەلكى تۈز سىزىق بويىچە ئالدىغا قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەنىدى . ھەتتا ماڭا بۇ تېخى يەر يۈزى تەرەپكە قاراپ ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 11 بولغاندا بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ روشەنلەشتى ، بۇ ھال بىزنى بەكمۇ ھاردۇرۇۋەتتى ، مەن ئىختىيارسىز ھالدا قەدەملىرىمنى ئاستىلاتتىم .

— نېمە بولدى ، ئاكسال ؟ — تاقەتسىزلەنگەن پروفېسسور سورىدى .

— مەن بەرداشلىق بېرەلمەي قالدىم .

— نېمە ؟ تۈپتۈز يولدا ئۈچ سائەت ماڭار ـ ماڭمايلىما ؟

— يول تۈزدەك قىلغان بىلەن ئادەمنى بەك ھاردۇرۇۋېتىدىكەن .

— بۇ نېمە گەپ ؟ بىز تۆۋەنگە قاراپ كېتىۋاتىمىزغۇ !

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ ، بىز يۇقىرىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز !

— يۇقىرىغا ! — دېدى تاغام مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ .

— توغرا ، يانتۇلۇقتا يېرىم سائەت ئىلگىرىلا ئۆزگىرىش يۈز بەردى . مۇشۇنداق مېڭىۋېرىدىغان بولساق چوقۇم ئىسلاندىيىنىڭ يەر يۈزىگە چىقىپ قالىمىز .

پروفېسسور قايىل بولماي بېشىنى چايقىدى . مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋىدىم ، ئۇ پەرۋا قىلماي داۋاملىق مېڭىش ئىشارىسى قىلدى . ئۇنچىقماي تۇرغىنىدىن ئۇنىڭ غەزىپىنى ئاران بېسىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم .

مەن ئېغىر سومكىنى دۈمبەمگە ئارتقان ھالدا تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ ھانسىقا ئەگەشتىم . چۈنكى ، ئۇمۇ ئاللىقاچان تاغامنىڭ

كەينىدە قالغانىدى. مەن كۆچۈمنىڭ بارچە ئۆلاردىن بەك يىراقتا قېلىپ قالماسلىققا ۋە ئۆلارنىڭ قارىسىنى كۆزۈمدىن يوقىتىپ قويماسلىققا تىرىشتىم. چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ سىرلىق ئوردىنىڭ ئىچىدە ئېزىپ قېلىشنى ئويلىغىنىمدا ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتىم.

شۇ تاپتا يۇقىرىغا ئۆرلەپ بېرىۋاتقان بۇ يولدا مىڭىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كەلدى، بىراق بۇ يولنىڭ بىزنى يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى. بۇ مېنىڭ ئۈمىدىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر قەدەم ماڭساق ئۈمىدىمنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىۋاتاتتى. مەن گلاۋبېن بىلەن يەنە كۆرۈشەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىققا چۆمدۈم.

چۈش مەزگىلىدە لەخمىنىڭ يان تېمىنىڭ سىرتقى قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى، يەنى ئۇ قايتۇرغان يورۇتقۇچى چىراغ يورۇقى تۇتۇقلاشقىلى باشلىدى. تاش تامنىڭ يۈزىدىكى لاۋا قاتلىمىنىڭ ئورنىنى بارا - بارا چوقچايغان تاشلار ئىگىلىدى. تاش تامنى شەكىللەندۈرگەن تاش قاتلىمى يانتۇلاشقان بولۇپ، ھەدېسىلا ۋېرتىكال قاتار تىزىلغان ھالەتتە كۆرۈندى. بىز شۇ تاپتا گېئولوگىيىلىك ئۆتكۈنچى دەۋر، يەنى سىلۇر دەۋرىگە[1] مەنسۇپ قاتلامدا تۇرۇۋاتاتتۇق.

— ناھايىتى روشەنكى، — دېدىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بۇ سېغىز تاختا تاش، ھاك تاش ۋە قۇمتاشلار ئىككىنچى دەۋردە سۇنىڭ تىندۇرۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن! بىز شۇ تاپتا گرانىت تاش قاتلىمىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز! بىز خۇددى بەزى ھامبۇرگلۇقلارغا ئوخشاش لۇبېكقا بارىمىز دەپ خانوۋېرغا[2] بارىدىغان يولدا كېتىۋاتىمىز.

مەن ئەسلىدە بۇ گەپلەرنى ئىچىمدە ساقلىماقچىدىم. لېكىن،

---

[1] شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغانكى، بۇ دەۋرگە مەنسۇپ يەر قاتلىمى ئەنگلىيىدە بەكمۇ كەڭ تارقالغان. بۇ يەرلەردە ئىلگىرى سىلۇر دەۋرىدىكى كېلت مىللىتى ياشىغان (ئاپتورنىڭ ئەسلى ئىزاھاتى).

[2] لۇبېك ۋە خانوۋېر گېرمانىيىنىڭ شەھەرلىرى، ئۇلار ھامبۇرگنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدە.

مـىنىڭ گېئولوگلارغا خاس مىجەزىم ئېھتىياتچانلىقىمنى بېسىپ چۈشتى ، تاغام مېنىڭ توۋلىغىنىمنى ئاڭلاپ قالدى .
— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
— قاراڭ ، — دېدىم ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگىرىش ئىزنالىرىغا باي ئـاشـۇ بـىـر قـاتـار قـۇمتاش ، ھاك تاش ۋە سىغىز تاختا تاش قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بەلگىلىرىنى كۆرسەتتىم .
— نېمە بوپتۇ .
— بـىـز ھـازىـر تۇرۇۋاتقان گېئولوگىيە مەزگىلىدە ئەڭ دەسلەپكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر كۆرۈلدى .
— ھىم ! سەن شۇنداق ئويلىدىڭما ؟
— ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ ، ئۆزىڭىز تەكشۈرۈڭ ، ئۆزىڭىز ھۆكۈم قىلىڭ !
شۇنىڭ بىلەن مەن پروفېسسورنى لەخمىنىڭ تېمىغا چىراغ تۇتۇپ تەكشۈرگۈزدۈم . مەن ئەسلىدە ئۇنى توۋلاپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغىدىم ، ئەمما ئۇنچىقماي مېڭىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى .
ئۇ مېنىڭ پىكرىمنى چۈشەنگەندىمۇ ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىملىق غۇرۇرىغا ئېلىپ ، خاتا يولدا مېڭىپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتامدۇ يا؟ ياكى بولمىسا بۇ لەخمە يولىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بـېـرىـشـنـى ئـاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدىمۇ يا؟ روشەنكى ، بىز لاۋا ئېتىلىپ چىققان يولدىن ئايرىلىپ كەتكەندۇق ، يـول بـىـزنى ھەرگىزمۇ سنافېر يانار تېغىنىڭ ئۇزىكىگە ئېلىپ بارمايتتى .
شۇنداقتىمۇ ، مەن يەنىلا ئۆزۈمگە «يەر قاتلىمى ئۆزگىرىشىنى بەكلا كۆپتۈرۈۋەتتىممۇ ، قانداق؟ ياكى مەن خاتا قىلىپ قويدۇممۇ يـا ؟ ئەجەبا بىز ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاغ جىنس قاتلىمى گرانىت تاش تېمىنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت يۈز قىسمىمۇ يا؟» دەپ سوئال قويدۇم .
«ئـەگـەر مېنىڭ دېگىنىم خاتا بولمىسا ، — دەپ ئويلىدىم ئـىـچـىـمـدە ، — چـوقـۇم بـەزى ئـىـپتىدائىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ

پارچىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ . پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن ، قېنى ، ئىزدەپ كۆرەي ! »

مەن تېخى يۈز قەدەم ماڭمايلا رەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىسپاتنى كۆرۈپ قالدىم ، بۇ ئىسپات تولىمۇ ئېنىق ئىدى . چۈنكى ، سىلۇر دەۋرىدە دېڭىز سۈيىدە 1500 خىلدىن ئارتۇق هايۋان ۋە ئۆسۈملۈك ياشايتتى . مېنىڭ پۇتلىرىم ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق لاۋا تاشلىرىغا كۆنۈپ قالغانىدى ، لېكىن شۇ تاپتا پۇتلىرىم بىر دۆۋە ئۆسۈملۈك ۋە قاسىراقلىق هايۋانلارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى ئۈستىگە دەسسىۋالدى . تاش تامدىكى فوكۇس يۇسۇنى ۋە لىكوبودى دەرىخىنىڭ ئىزنالىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ بۇلارغا دىققەت قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . مەن ئۇنى ئەتەي كۆرمەسكە سېلىۋاپتۇ ، دەپ ئويلىدىم ، دېمىسىمۇ ئۇ بىر خىلدا قەدەم تاشلاپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى .

ئۇنىڭ جاھىللىقى سەل هەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تاقىتىم چېكىگە يەتتى ـ دە ، يەردىن تولىمۇ مۇكەممەل ساقلانغان بىر قاسىراقنى قولۇمغا ئالدىم ، بۇ ئېشەكقۇرتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان هايۋان ئىدى ، مەن تاغامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا دېدىم :

— بۇنىڭغا قاراڭ !

— بۇ دېگەن ، — دېدى ئۇ خاتىرجەم هالدا ، — تىرىلوبىتا قۇرتى سىنىپىدىكى نەسلى ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەن بىر خىل قاسىراقلىق هايۋاننىڭ قېپى ، بۇنىڭ هېچبىر هەيران قالغۇچىلىكى يوق .

— ئەجەبا سىز بۇنىڭدىن ...

— سىزنىڭكىگە ئوخشاش يەكۈنگىمۇ ؟ ياق ، مەن سىزنىڭ يەكۈنۈڭگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن : بىر گرانىت تاش قاتلىمى ۋە لاۋا ئېتىلىپ چىققىدىغان يولدىن ئايرىلىپ كەتتۇق . ئېھتىمال بىز يولنى خاتا مېڭىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن . لېكىن ، مەن مۇشۇ يولنىڭ

بېشىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزۈم سادىر قىلغان خاتالىقنى جەزملەشتۈرىمەن .
— توغرا قىلدىڭىز تاغا ، ئەگەر كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان خەتەرنىڭ ۋەھىمىسى بولمىغان بولسا ، مەن چوقۇم سىزنى قوللىغان بولاتتىم .
— نېمە خەتەر ؟
— سۇ يېتىشمەسلىك .
— ئۆنداقتا ، بىز سۇنى تېجەپ ئىچەيلى ، ئاكسال .

## 20

دېمىسىمۇ بىز ئەمدى سۇنى چەكلىمە بويىچە ئىچمىسەك زادى بولمايتتى . كەچلىك تاماق يەۋاتقاندا ، بىزنىڭ سۇيىمىزنىڭ ئاران ئۈچ كۈن ئىچىشكە يېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم . كىشىنى ھەممىدىن بەك ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى ، ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ يەر قاتلىمىدا بىزنىڭ بۇلاق سۇيى تېپىش پۇرسىتىمىز يوق دېيەرلىك ئىدى .
ئىككىنچى كۈنى بىز پۈتۈن بىر كۈن تۈگىمەس ئەگمە ئىشكلەردىن ئۆتتۇق . خۇددى بىزگىمۇ ھانسىنىڭ كەم سۆز مىجەزى يۇققاندەك ، ھەممىمىز ئۈنچىقماي مېڭىش بىلەنلا بولدۇق .
يول يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىمىدى . ئۆرلىسىمۇ ئانچە روشەن ئەمەس ئىدى ، بەزىدە ھەتتا تۆۋەنگە قاراپ يانتۇلاشقاندەك بىلىنىدى ، ئەمما بۇ يانتۇلۇق ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . بۇ خىل ئەھۋال پروفېسسورنى خاتىرجەم قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ، يەر قاتلىمىنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولمىدى ، ئەكسىچە ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ بەلگىلىرى بارغانسېرى روشەنلەشكىلى باشلىدى .
چىراغ يورۇقى تاش تامدىكى سېغىز تاختا تاش ، ھاك تاش ۋە قەدىمىي قىزىل رەڭلىك قۇمتاشلارغا ئەكس نۇر قايتۇراتتى .

ئادەملەر خۇددى دېۋون ئوبلاستىدىكى[1] ئۈستى ئوچۇق لەخمىلەردە يۈرگىنىدە، دېۋون دېگەن بۇ ئىسمنى دېۋون دەۋرىگە مەنسۇپ يەر قاتلىمىنىڭ نامى ئورنىدا ئىشلەتكەنىدى. تاش تامنىڭ يۈزى بىر قەۋەت چىرايلىق مەرمەر تاشلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بەزىلىرى كۆل رەڭ ھېقىق رەڭدە، ئارىسىدا تېخى ئاق رەڭلىك روشەن سىزىقچىلىرى بار ئىدى، بەزىلىرى بولسا گۆش رەڭ ياكى قېتىغا پارچە - پارچە قىزىل ئارىلاشقان سېرىق رەڭدە ئىدى، يىراقتىكىلىرى بولسا قېنىق قىزىل سىزىقچىلىرى بار مەرمەر تاشلار بولۇپ، ئارىسىدىكى ھاك تاشلىرى كۆركەملىكىدىن كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇ مەرمەر تاشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىپتىدائىي ھايۋانلارنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى. ئۇلۇشكۇندىن باشلاپلا بۇ يەردىكى نەرسىلەردە روشەن ئىلگىرىلەش بولغانىدى. مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ئاددىي ئۈچ بوغۇملۇق قۇرتلار بولماستىن، بەلكى قۇرۇلمىسى تېخمۇ مۇكەممەل بولغان ھايۋانلارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى ئىدى. مەسىلەن، قاتتىق قاسىراقلىق بېلىق، كەسلەنچۈك دېگەندەك. بىئولوگلار كەسلەنچۈكنى ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان ئۆمىلىگۈچى ھايۋان دەپ قارايدۇ. دېۋون دەۋرىدە دېڭىزدا بۇنداق ھايۋانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كېيىن ئۇلار مىڭلاپ - تۈمەنلەپ يېڭى ھايات ئىبراسى مەزگىلىدىكى تاشلاردا تىنىپ قالغانىدى.

ناھايىتى روشەنكى، بىز ھايۋاناتلار سىستېمىسى دەرىخىنى بويلاپ يۇقىرىغا ماڭىدىغان بولساق، بۇ سىستېما دەرىخىنىڭ ئەڭ چوققىسىدىكى ئورۇن ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. لېكىن، پروفېسسور لىدىنبوروگ بۇ نۇقتىغا پەقەت دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىككى ئىشنى كۈتۈۋاتاتتى: بىرى، ئاياغلىرى ئاستىدا ۋېرتىكال كەتكەن لەخمە پەيدا بولۇپ، ئۇنى دېگەن يېرىگە

[1] دېۋون ئوبلاستى - ئەنگلىيىدىكى جاي نامى، ئېنگىلاندىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، يەنى لاھانشى بوغۇزى بىلەن برىستول قولتۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. بۇ جايدىكى دېۋون دەۋرىگە ئائىت يەر قاتلىمى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەڭ بالدۇر ئېلىپ بېرىلغان. قەدىمىي لاتىن تىلىدا «دېۋون» دېگەن سۆزنى «دېۋون دەۋرى» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

يەتكۈزۈش ؛ يەنە بىرى ، ئالدىدا توسالغۇ پەيدا بولۇپ ، داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلمەي قېلىش . بىراق ، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى . ئەتراپنى تۇن پەردىسى قاپلاپ كېتىۋاتاتتى .

بۇ كۈنى كېچىدە مەن ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتتىم . ئەتىسى كۈنگە جۈمە بولدى ، بىزنىڭ بۇ كىچىك ئەترەتنىڭ ئادەملىرى ئەگرى - بۈگرى لەخمىدە مېڭىشنى يەنە باشلىدى .

ئون سائەت ماڭغاندىن كېيىن مەن لەخمە تېمىدىن قايتىۋاتقان ئەكس نۇرنىڭ بىردىنلا ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم . لەخمە تېمىدىكى مەرمەر تاش ، سېغىز تاختا تاش ، هاك تاش ۋە قۇمتاشلارنىڭ ئورنىنى بارا - بارا نۇر چاقنىمايدىغان بىر خىل خۇنۇك تاش قاتلىمى ئىگىلىگەنىدى . لەخمىنىڭ ئىچىدىكى تار يەردە سول تەرەپتىكى تاش تامغا يۆلەندىم .

مەن بۇ تاش تامغا قاراپلا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي قارىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم ، تەپسىلىي كۆزىتىۋىدىم ، ئەتراپىمىزنىڭ هەممىسى كۆمۈر ئىكەن .

— بۇ يەر كۆمۈركان ئىكەن ! — مەن توۋلاپ كەتتىم .
— كانچىلىرى يوق كۆمۈر كان ، — دېدى تاغام .
— هەي ! كىم بىلىدۇ ؟
— مەن بىلىمەن ، — دېدى پروفېسسور هاسىراپ تۇرۇپ ، — جەزم قىلىمەنكى ، كۆمۈر قاتلىمىنى كېسىپ ئۆتكەن لەخمە يولى قول بىلەن قېزىلغان ئەمەس ، ئەمما ئۇ تەبىئەتنىڭ ئېسىل ئەسىرىمۇ ؟ بۇ مۇهىم ئەمەس . تاماق يەيدىغان چاغ بولۇپ قاپتۇ ، بىز كەچلىك تاماق يەيلى .

هانس يەيدىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدى . مەن زورىغا بىرنەچچە چىشلەم بىرنىمە يەپ ، ماڭا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بىرنەچچە تامچە سۇنى ئىچتىم . يول باشلىغۇچىنىڭ سۇدىنىدا ئازراق سۇ قالغان ، بۇ ئۈچىمىزنىڭ ئىچىشىمىزگە قېلىپ قالغان سۇنىڭ هەممىسى ئىدى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىككى هەمراهىم ئۆزلىرىنىڭ سەپەر يوتقىنىغا كىرىپ ، چۈشىدە هېرىپ -

چارچاشنىڭ دورىسىنى ئىزدىگىلى باشلىدى .

شەنبە كۈنى سائەت ئالتىدە بىز سەپىرىمىزنى باشلىۋەتتۇق . 20 مىنۇتتىن كېيىن بىز غايەت چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدۇق ، مەن پەقەت ئەمدىلا بۇ كۆمۈر ئۆڭكۈرىنى قول بىلەن قېزىپ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدىم . بۇنداق ھالەتتە ئۆڭكۈرنىڭ ئەگمە تورۇسى تۈۋرۈكلەر بىلەن تىرەپ قويۇلۇشى كېرەك ئىدى ، ھالبۇكى ، بۇ يەردە بولسا ئەگمە تورۇسنى تۇتۇپ تۇرغىنى بىر خىل سىرلىق تەڭپۇڭلۇقنىڭ كۈچى ئىدى .

بۇ ئۆڭكۈرنىڭ كەڭلىكى 100 فۇت ، ئېگىزلىكى 150 فۇت كېلەتتى ۋە يەر قاتلىمى كۈچلۈك يەر ئاستى تەۋرىشىدىن يېرىلىپ كەتكەنىدى . تۇيپا تاشلار غايەت زور ئىتتىرىش كۈچىنىڭ زەربىسىدىن پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپ ، بۇ كەڭ بوشلۇقنى قالدۇرغان ، ئەمدى يەر شارى ئاھالىلىرىنىڭ قەدىمىمۇ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم يەتكەنىدى .

ئۆڭكۈرنىڭ قارىيىپ تۇرغان تاملىرىغا تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ پۈتكۈل تارىخى يېزىلغان بولۇپ ، گېئولوگلار بۇنىڭدىن ئوخشىمىغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالالايتتى . بۇ يەردىكى كۆمۈر قەۋىتىنى زىچ قۇمتاش قاتلىمى بىلەن يېپىشقاق تۇپا قەۋىتى ئايرىپ تۇراتتى .

بۇ دەۋر ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدىن بالدۇر بولۇپ ، ئەينى چاغدىكى قاتتىق ئىسسىق ۋە ئۇزۇن داۋاملاشقان ھۆلچىلىكتىن ئىبارەت قوش تەسىر نەتىجىسىدە ، يەر شارىدا نۇرغۇن گىگانت ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەنىدى . بىراق ، يەر شارىنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان سۇ پارلىرى قەۋىتى قۇياش نۇرىنى يۇتىۋېلىپ يەر شارىغا ئۆتكۈزمىگەنىدى .

بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى ، يەر شارىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا قۇياشتىن ئىبارەت بۇ ئوچاقتىن كەلگەن ئەمەس . ئېھتىمال ، قۇياش بۇ چاغدا تېخى ئىسسىقلىق تارقىتىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇ چاغدا

يەر شارىدا تېخى ئاتالمىش كىلىمات مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ ، مەيلى ئېكۋاتور ياكى ئىككى قۇتۇپ بولسۇن ، ئوخشاشلا قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان يەرلەر ئىدى . ئۇنداقتا ، بۇ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى قەيەردىن كەلگەن ؟ ئەلۋەتتە يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدۇ ــ دە .

پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئەكسىچە يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غايەت زور ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ساقلانغان ، ئادەملەر ھەتتا يەر پوستىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىدىمۇ ئۇنىڭ رولىنى ھېس قىلالايدۇ . ئۆسۈملۈكلەر قۇياش نۇرىغا ئېرىشەلمىسە ، گۈلى ئېچىلمايدۇ ، خۇش پۇرىقى بولمايدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ يىلتىزى بولسا قەدىمىي ھەمدە قاتتىق ئىسسىق يەر پوستىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ ئۆزىگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇقنى قەيسەرلىك بىلەن سۈمۈرىدۇ .

بۇ چاغدا دەل ــ دەرەخلەر بەك ئاز ، پەقەت بىرمۇنچە سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرلا ئۆسكەندى ، پايانى يوق چۆپلۈكلەر ، پاپوروتنىكلار ، پلائۇنلار ۋە سىگىللارىيە دەرەخلىرى بار ئىدى . ھازىر بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر بەكمۇ ئاز قالدى ، لېكىن ئۇ چاغلاردا مىڭلاپ ــ تۈمەنلەپ بار ئىدى .

كۆمۈر دەل مۇشۇ بولۇق ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەردىن پەيدا بولغان . ئۇ چاغدا يەر پوستى كېڭىيىپ تارىيالايدىغانلىقى ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھەرىكىتى تەسىرىدە ، يەر پوستىنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن يېرىقلار ۋە ئويمانلىقلار پەيدا بولغان . نەتىجىدە ئۆسۈملۈكلەر سۇ ئاستىدا قېلىپ ، تەدرىجىي ھالدا غايەت چوڭ كان ياتمىلىرىنى ھاسىل قىلغان .

بۇ چاغدا تەبىئەت دۇنياسىدا خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەر باشلىنىپ كەتكەندى . ئۆسۈملۈك كان ياتمىلىرى باشتا تورفقا ئايلىنىدۇ ، ئاندىن گازلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئېچىپ ، تولۇق كانلىشىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق غايەت چوڭ كۆمۈر قاتلىمى شەكىللىنىدۇ . ئەگەر

سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى دىققەت قىلماي ھەددىدىن زىيادە قازدىغان بولسا ، بۇ كۆمۈر قەۋەتلىرى ئۈچ ئەسىر ئىچىدىلا تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن .

مەن بىر تەرەپتىن ئويلانغاچ ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەردىكى يەر قاتلىمىنىڭ ئىچىدە ساقلانغان مول كۆمۈر بايلىقىنى كۆزەتتىم . ئېھتىمال بۇ بايلىق ئادەملەر تەرىپىدىن مەڭگۈ قېزىلماسلىقى مۇمكىن ، چۈنكى بۇنداق چوڭقۇر قاتلامدىكى كۆمۈرنى قېزىشنىڭ تەننەرخى بەك يۇقىرى بولاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن جايلاردا يەر يۈزىدىلا زور مىقداردا كۆمۈر ساقلانغان تۇرسا ، بۇنداق چوڭقۇر جايدىكى كۆمۈرنى قېزىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن ! شۇڭا مەن كۆرگەن بۇ كۆمۈر قەۋىتى تاكى ئاخىر زامان بولغۇچە ئەسلىي قىياپىتى بويىچە تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن .

بىز داۋاملىق مېڭىۋاتاتتۇق ، ئۈچىمىزنىڭ ئارىسىدا پەقەت مەنلا گېئولوگىيىگە ئائىت تەپەككۇر قىلىۋاتاتتىم ، شۇڭا ماڭا يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ ئانچە بىلىنمىدى . تېمپېراتۇرا بىز لاۋا تاشلىرى ۋە شېغىل قاتلىمىدىن كېسىپ ئۆتكەن چاغدىكىدىن قىلچە پەرقلەنمىدى . لېكىن ، بۇرنۇمغا بىر خىل ئېپىتىدائىي ھىدروكاربونلار پۇرىقى ئېنىق پۇرىدى . شۇنىڭ بىلەن دەرھال بۇ لەخمىدە كۆپ مىقداردا كانچىلار گاز دەپ ئاتايدىغان بىر خىل گاز جىسىمىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ، بۇنداق گازنىڭ پارتلىشى دائىم قورقۇنچلۇق ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى .

بەختكە يارىشا ، بىزنىڭ يورۇتۇشقا ئىشلىتىۋاتقىنىمىز رومكوفنىڭ ئاجايىپ كەشپىياتى ئىدى . ئەگەر بىز ئېھتىيات قىلماي ، بۇ لەخمە ئىچىدە ھاماقەتلەرچە مەشئەل كۆتۈرۈپ ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بارغان بولساق ، ئۇ چاغدا قورقۇنچلۇق پارتلاش بۇ قېتىمقى ساياھەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ ، ھەممە ساياھەتچىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويغان بولاتتى .

بىز كۆمۈر قاتلىمىدا تاكى كەچ كىرگۈچە ماڭدۇق . تاغام ئۆڭكۈردە گورىزونتال ھالەتتە ماڭىدىغان يولنىڭ ئۆزگە

كەلتۈرگەن بىئاراملىق كەيپىياتىنى ئارانلا بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى . ئەتراپىمىز قاپقاراڭغۇ ، يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . شۇڭا ، لەخمىنىڭ ئۈزۈنلۇقىنىمۇ مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى ، شۇ تاپتا مەن ھەتتا بۇ لەخمىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم . لېكىن ، سائەت ئالتە بولغاندا توساتتىن ئالدىمىزنى بىر تاش تام توسۇۋالدى . يۇقىرى - تۆۋەن ۋە ئوڭ - سولدا ھېچقانداق ئۆتۈش يولى يوق ئىدى ، بىز تۇيۇق يولنىڭ ئەڭ بېشىغا كېلىپ قالغاندەك قىلاتتۇق .

— بەك ياخشى بولدى ! — تاغام توۋلاپ كەتتى ، — ئەمدى مەن ھېچبولمىغاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم . بىزنىڭ ماڭغىنىمىز ساكنوسىم ماڭغان يول ئەمەس ئىكەن . شۇڭا ، كەينىمىزگە قايتىشىمىز كېرەك . بىر كېچە دەم ئېلىۋالساق ، بىز ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىككى يولنىڭ كېسىشكەن ئېغىزىغا قايتىپ بارالايمىز .

— توغرا ، — دېدىم مەن ، — بىزدە شۇنچىلىك ماغدۇر بولسىلا .

— نېمىشقا بولمايدىكەن ؟

— چۈنكى ، ئەتە بىزنىڭ ئىچىدىغان سۈيىمىز تۈگەيدۇ .

— ئەجەبا ، بىزنىڭ غەيرىتىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كېتەرمۇ ؟ — دېدى پروفېسسور ماڭا ھومىيىپ قاراپ .

مەن جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم .

## 21

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىز يەنە يولغا چىقتۇق . ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك ئىدى ، چۈنكى ئىككى لەخمىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە يېتىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن يەنە بەش كۈنلۈك مۇساپە بار ئىدى .

قايتىش يولىمىزدا تارتقان جەبىر - جاپالىرىمىزنى بۇ يەردە يەنە

سۆزلەپ ئولتۇرغۇم يوق . تاغام قەيسەرلىكى ئاجىزراق ئادەملەرگە ئوخشايدىغان غەزەپلىنىشلىرى بىلەن بۇ جەبىر ـ جاپالارغا بەرداشلىق بەردى ، هانس بولسا تۇغما مۇلايىملىقى بىلەن رايىش ماڭدى ، مەن بولسام ئېتىراپ قىلىمەنكى ، ئىنچىكە تۇردە ئۇمىدسىزلىنىپ ئاغرىنىپلا ماڭدىم ، مېنىڭ بۇنداق تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن قارشىلىشىشقا قىلچە رەۋىتىم قالمىغانىدى .

دەل مېنىڭ مۆلچەرلىگىنىمدەك تۇنجى كۈندىكى سەپەر ئاياغلىشىشى بىلەن تەڭ سۇيىمىز تۈگىدى ، قېلىپ قالغىنى پەقەت ئازراق قارا ئارچا ئۈزۈمى هارىقى ئىدى . بۇنداق كۈچلۈك هاراقنى ئىچسە ئادەمنىڭ كانىيىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى ، مېنىڭ هەتتا ئۇنىڭغا قارىغۇمىمۇ كەلمەيتتى . مەن تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن تۇنجۇقۇپ قالاي دەۋاتقانلىقىمنى هېس قىلدىم ، هارغىنلىق دەستىدىن پۇت ـ قوللىرىمدا مادار قالمىدى . مەن بىرنەچچە قېتىم يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ هوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم . شۇنىڭ بىلەن بىز توختاپ دەم ئالدۇق ، تاغام بىلەن هانس بىر ئاماللار بىلەن مېنىڭ روهىمنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى ، لېكىن تاغامنىڭمۇ هارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىغا ئارانلا بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم .

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەيشەنبە ، بىز ئۆمىلەپ دېگەندەك يېرىم جان هالدا ئىككى لەخمىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە يېتىپ كەلدۇق . مەن خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك لاۋانىڭ ئۈستىدە يېتىپ قالدىم . بۇ چاغدا ۋاقىت چۈشتىن كېيىن سائەت ئون بولغانىدى .

تاغام بىلەن هانس تاش تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ، بىرنەچچە تال بولسىمۇ پېچىنە يەپ قورسىقىنى گوللىدى . كالپۇكلىرىم ئىششىپ كەتكەن ، بىر چاغدا ئىختىيارسىز ئىڭراپ تاشلىدىم ـ دە ، هوشۇمنى يوقاتتىم .

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، تاغام يېنىمغا كېلىپ مېنى قۇچىقىغا ئالدى .

— بىچارە بالام ! — دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتقان هالدا .

مەن بۇ قوپال پروفېسسورنىڭ بۇنداق مۇلايىملىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، تىترەپ تۇرغان قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئۇ قارشىلىق بىلدۈرمەي ماڭا قاراپ تۇردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى نەمدەلگەنىدى.

ئۇ مۇرىسىگە ئېسىۋالغان سۇداننى ئېلىپ، ئۇنى ئاغزىمغا تەڭلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم.

— قېنى ئىچكىن، — دېدى ئۇ.

خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن؟ تاغام ساراڭ بولۇپ قالمىغاندۇ؟ مەن ئۇنىڭغا گومۇشلارچە ئەلەڭلەپ قارىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەنىدىم.

— ئىچكىن، — ئۇ گېپىنى تەكرارلىدى.

مەن سۇداننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە سۇنى ئاغزىمغا تۆكتۈم. ئاھ! نېمىدېگەن ھۇزۇر! بىر يۇتۇم سۇ مېنىڭ ئوتتەك كۆيۈۋاتقان كانىيىمنى نەمدىدى، بۇ پەقەت بىرلا يۇتۇم سۇ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تېنىمدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقان جېنىمنى قايتۇرۇپ كېلىشكە تامامەن كۇپايە قىلاتتى.

مەن ئالقانلىرىمنى تۈگۈپ، تاغامغا مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم.

— توغرا، — دېدى ئۇ، — بىر يۇتۇم سۇ! ئەڭ ئاخىرقى بىر يۇتۇم سۇ! سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئەڭ ئاخىرقى بىر يۇتۇم سۇ! مەن ئۇنى سۇداندا ئېھتىيات بىلەن ساقلىدىم. شەيتىنىم ئۇنى ئىچىۋەت دەپ تالاي قېتىم دەيدەيگە سېلىشلىرىغا بەرداشلىق بەرگىنىمنى بىلمەيمەن! ياق، ئاكسال، بۇنى مەن سەن ئۈچۈن ساقلىغانىدىم.

— تاغا! — دېدىم غودۇڭشىپ، شۇ تاپتا كۆزلىرىم ياشقا تولغانىدى.

— توغرا، بىچارە بالام، بىز لەخمىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا، سېنىڭ چالا ئۆلۈك بولۇپ

يىقىلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم ، شۇڭا بۇ ئاخىرقى بىر يۇتۇم سۇنى سېنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغانىدىم .
— رەھمەت ! كۆپ رەھمەت ! — دېدىم تووۋلاپ .
گەرچە بۇ بىر يۇتۇم سۇ مېنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇمغا نىسبەتەن خۇددى تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك ئىش بولسىمۇ ، ئەمما مەندە ئاز - تولا ماغدۇر پەيدا قىلغانىدى . مېنىڭ قاتتىق جىددىيلەشكەن كانىاي مۇسكۇللىرىم سەل ئەسلىگە كەلدى ، كالپۇكلىرىمنىڭ ئوتتەك كۆيۈشلىرىمۇ يېنىكلىدى ، مەن گەپ قىلالايدىغان ھالغا كەلدىم .
— مېنىڭچە ، — دېدىم مەن ، — ھازىر بىزگە پەقەت بىرلا يول قالدى ، بىزدە سۇ يوق ، شۇڭا چوقۇم قايتىش كېرەك .
مەن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ، تاغام باشتىن - ئاخىر ماڭا قارىماي بېشىنى پەسكە قىلىۋالدى . ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئۆزىنى تارتتى .
— چوقۇم قايتىپ كېتىش كېرەك ، — دېدىم تووۋلاپ ، — سنافېر يانار تېغىنىڭ ئېغىزىغا ئېلىپ بارىدىغان ئاشۇ يولغا قايتىش كېرەك . بىز پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان قۇدرىتى بىلەن يانار تاغ ئېغىزىغا بېرىۋالايلى !
— قايتايلى ! — دېدى تاغام خۇددى ماڭا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىگە جاۋاب بەرگەندەك .
— توغرا ، قايتىش كېرەك ، قىلچە ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ .
كۆپچىلىك خېلى بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتى .
— ئۇنداقتا ، ئاكسال ، — دېدى پروفېسسور بىر خىل غەلىتە تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بۇ بىر يۇتۇم سۇ سېنىڭ جاسارىتىڭ ۋە ئىرادەڭنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەپتۇ - دە ؟
— جاسارىتىڭ !
— قارىغاندا ، سەن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۈمىدسىزلىنىپ ، بەل قويۇۋېتىدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتقاندەك قىلىسەن .
مەن زادى قانداق ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقاندىمەن ؟

ئۇنىڭ قورقۇمسىز كاللىسىدا يەنە قانداق پىلانلار تەييار بولغاندۇ؟
— نېمە؟ سىز قايتىشنى خالىماسىز؟ ...
— مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈمىدلىرىنى كۆرۈۋاتقان بۇنداق پەيتتە، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدىن ۋاز كېچىشتەك ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.
— ئۇنداقتا، بىزگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىكەن - دە؟
— ياق، ئاكسال، ياق! سەن قايتىپ كەتكىن، مەن سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن! ھانىسمۇ سەن بىلەن قايتسۇن، مەن يالغۇز قېلىپ قالاي!
— مەن سىزنى تاشلاپ كېتىمەنما؟
— مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، گېپىمنى ئاڭلا! مەن بۇ قېتىمقى سەپەرنى باشلىغانىكەنمەن، ئۇنى چوقۇم مېڭىپ تۈگىتىشىم كېرەك، بولمىسا، قايتمايمەن. سەن كېتىۋەرگىن، ئاكسال، كېتىۋەرگىن!
تاغام بۇ گەپلەرنى قاتتىق ھاياجان بىلەن دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى باشتا مۇلايىم چىققان بىلەن كېيىن دەرھاللا قوپال ھەم تەھدىتلىك تەلەپپۇزغا ئۆزگەردى. ئۇ بىر خىل ئېچىنارلىق ئىرادە كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىشقا جەڭ ئېلان قىلىۋاتاتتى! ئۇنى تەگسىز ھاڭغا يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن! لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى قوغداشتىن ئىبارەت تۇغما سەزگۈ مېنى بۇ يەردىن ئايرىلىشقا ئۈندەۋاتاتتى.
يول باشلىغۇچى ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن سوغۇق قانلىقى بىلەن بىزنىڭ تالاش - تارتىشىمىزنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككى سەپەردىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. بىزنىڭ قول ئىشارەتلىرىمىز بىر - بىرىمىزنى ئوخشىمىغان يولدا مېڭىشقا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ھانىس گويا ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشقا قىلچە قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ خوجايىنى يولغا چىق دېسە، دەرھال يولغا چىقاتتى، ئەگەر

خوجايىندا ئازراقلا قىلىپ قىلىش ئويى بولسا ، ئۇ ئىككىلەنمەيلا قىلىپ قالاتتى .

ئەگەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلىگەن بولسام قانداق ياخشى بولغان بولاتتى ـ هە ! مېنىڭ ناله ـ پەريادلىرىم ، گەپلىرىم ، تەلەپپۇزلىرىم بۇ سوغۇق قان ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈشى كېرەك ئىدى . ئۇ بىز دۇچار بولغان خەتەرلىك ئەهۋالنى تازا هېس قىلمىغاندەك قىلاتتى ، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭغا خەتەرلىك ئەهۋالنى بىلدۈرەلەيتتىم هەم هېس قىلدۇرالايتتىم . بىز ئىككىمىز بىرلەشسەك ، ئېهتىمال جاهىل پروفېسسورنى قايىل قىلالىشىمىز مۇمكىن ئىدى . زۆرۈر بولغاندا ، بىز ئۇنى سنافېر يانار تېغىنىڭ ئېغىزىغا مەجبۇرلاپ بولسىمۇ ئېلىپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن ئىدى .

مەن هانسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، قولۇمنى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم . لېكىن ، ئۇ قىمىرلاپمۇ قويمىدى . مەن ئۇنىڭغا يانار تاغ ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان يولنى ئىما قىلدىم . ئۇ پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى . مەن قاتتىق خورسىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دەردىمنى ئۇقتۇردۇم . ئىسلاندىيىلىك بېشىنى چايقىدى ، خاتىرجەم هالدا تاغامنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى .

— خوجايىن ، — دېدى ئۇ .

— خوجايىن ! — مەنمۇ توۋلاپ كەتتىم ، — هۇ ساراڭ ! ياق ، ئۇنىڭ هاياتىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى يوق ! بىز چوقۇم قايتىپ كېتىشىمىز كېرەك ! چوقۇم ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەك ! سەن ئاڭلىدىڭمۇ ؟ گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسەن ؟

مەن هانسىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ ئۇنى زورلاپ تۇرغۇزماقچى بولدۇم . بىز شۇنداق تارتىشىپ تۇرغاندا تاغام ئارىلاشتى .

— بولدى قىل ، ئاكسال ، — دېدى ئۇ ، — سەن بۇ تەپسە تەۋرىمەس يول باشلىغۇچىدىن هېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن ، شۇڭا سەن تەكلىپىمنى ئاڭلاپ باققىن .

مەن قوللىرىمنى قوۋۇشتۇرۇپ تاغامغا قارىدىم .

— پىلانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر قىيىنچىلىق، — دېدى ئۇ، — سۇ يوق بولغانلىقى. شەرق تەرەپتىكى بۇ لەخمە لاۋا، سېغىز تاختا تاش ۋە كۆمۈر قاتلاملىرىدىن تەشكىل تاپقاچقا، ئۇ يەردە بىز بىر تامچىمۇ سۇ تاپالمىدۇق. ئەگەر بىز غەرب تەرەپتىكى لەخمە بىلەن ماڭساق، بەلكىم ئامىتىمىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن بېشىمنى چايقىدىم، چۈنكى بۇنداق بولۇشىغا زادى ئىشەنگۈم كەلمىدى.

— توختا، گېپىمنى دەپ بولاي، — دېدى تاغام ئۈنلۈك ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەن بۇ يەردە مىدىرلىماي ياتقان چېغىڭدا مەن بىرىپ لەخمىنىڭ ئىچىنى تەكشۈرۈپ كەلدىم. ئۇ يەر شارىنىڭ چوڭقۇر جايىغا قاراپ ئۇدۇل سوزۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇزۇنغا بارمايلا بىزنى گرانىت تاش قاتلىمىغا يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ئۇ يەردە بىز يېتەرلىك بۇلاق سۈيىگە ئېرىشەلىشىمىز تۇرغان گەپ. بۇنى تاش قاتلىمىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن، مېنىڭ سېزىمىم ۋە ماددىلارنىڭ مەنتىقىسى مېنىڭ بۇ ئويۇمنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن، شۇڭا ساڭا بىر تەكلىپ بەرمەكچىمەن. كولومبومۇ ئەينى چاغدا يېڭى قۇرۇقلۇقنى تېپىشقا كېمىچىلەردىن ئۆزىگە يەنە ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. گەرچە بۇ چاغدا كېمىچىلەرنىڭ تولىسى كېسەل بولۇپ، ھەممىسى ۋەھىمە ئاستىدا قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا كولومبونىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ يېڭى دۇنيانى تاپىدۇ. مەن بولسام يەر ئاستى دۇنياسىنىڭ كولومبوسى، مەن سېنىڭدىن ماڭا يەنە بىر كۈن ۋاقىت بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. بىر كۈندىن كېيىن بىز ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق سۇنى تاپالمىساق، قەسەم قىلىمەنكى، بىز يەر ئۈستىگە قايتىپ كېتىمىز.

قاتتىق ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا تاغامنىڭ گەپلىرى ۋە بۇ گەپلەرنى قىلغان چېغىدىكى قەيسەرانە روھىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمىدىم.

— بوپتۇ ! — دېدىم تورغۇلاپ ، — تەڭرى بىزگە ئىلتىپات قىلىپ قالسا ھەمدە سىزنىڭ بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى غەيرەت - شىجائىتىڭىزنى مۇكاپاتلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئامىتىڭىزنى سىناپ كۆرۈشكە سىزنىڭ بىرنەچچە سائەت ۋاقتىڭىز بار ئىكەن ، قېنى ، دەرھال يولغا چىقايلى !

## 22

بىز يەنە باشقا بىر لەخمە بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدۇق . ھانىس ئادەتتىكىدەك ئالدىمىزدا ماڭدى . پروفېسسور چىراغ يورۇقى بىلەن تاش تامنى يورۇتقىنى يورۇتقاندى ، بىرەر يۈز قەدەم ماڭمايلا ئۇ توۋلاپ كەتتى :

— بۇلار ئىپتىدائىي يەر قاتلىمى ئىكەن ، توغرا يولدا مېڭىپتۇق ، ماڭايلى ! ماڭايلى !

يەر شارى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە تەدرىجىي سوۋۇپ ، ھەجمى كىچىكلەپ بارغان ، شۇنىڭ بىلەن يەر پوستىدا خاتا قاتلام ، ئۈزۈلۈش - يىغىلىش ۋە يېرىقلار پەيدا بولغان . شۇ تاپتا بىز كېتىۋاتقان بۇ لەخمە مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن ، ئۇ ئىلگىرى يانار تاغ پارتلىغان چاغدا گرانىتلىق ماگمىنىڭ ئېتىلىپ چىقىش يولى بولغانىدى . لەخمىدىكى مىڭلىغان ئەگرى - بۈگرىلىكلەر بۇ ئىپتىدائىي جايدا يوللىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ سىرلىق ئوردىنى شەكىللەندۈرگەنىدى .

پەسكە تۆۋەنلىشىمىزگە ئەگىشىپ ، ئىپتىدائىي قاتلامنى شەكىللەندۈرگەن بىرمۇنچە ئەگرى - بۈگرى سىزىقلار كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەنلەشكىلى تۇردى . گېئولوگلار بۇنداق ئىپتىدائىي قاتلامنى كان قاتلىمىنىڭ ئاساسى دەپ بىلىدۇ ھەمدە سېغىز تاختا تاش ، گىنېيس ۋە چىرىمتال ياپراقچىلىرىدىن تەركىب تاپقان ، دەپ قارايدۇ . بۇ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ تاغ جىنس قاتلىمى ئوخشاشلا بىر خىل تولىمۇ قاتتىق تاغ جىنسقا يېپىشقان بولۇپ ، بۇ دەل گرانىت تاشنىڭ ئۆزى ئىدى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر گېئولوگ ئامىتى كېلىپ ، بۇنداق ئاجايىپ مۆھىت ئاستىدا تەبىئەتنى تەتقىق قىلالىغان ئەمەس . ئىقتىدارى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان تەكشۈرۈش ئەسۋابىمۇ بەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئائىت ئەھۋاللارنى يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، لېكىن بىز بۇلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۈق ھەمدە ئۆز قولىمىز بىلەن سىلاپ يۈرىمىز .

چىرايلىق ھەمدە سۇس يېشىل سېغىز تاختا تاش قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزىبىر مېتال رودىسى بەلۋاغلىرى بولۇپ ، مىس ، مانگان يەنە ئاز مىقداردىكى ئاق ئالتۇن ۋە ئالتۇن بار ئىدى . مەن كۆڭلۈمدە ، ئاچ كۆز ئىنسانلار يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بۇ بايلىقلاردىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ، دەپ ئويلىدىم . يەر شارىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنى مۇشۇنداق چوڭقۇر يەرگە كۆمۈۋەتكەن بولغاچقا ، ئۇلارنى گۈرجەك ياكى مېتىنلار بىلەن كولاپ ئېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

سېغىز تاختا تاشتىن كېيىنكى قاتلام قۇرۇلمىسى گىنېيس بولۇپ ، ئۇنىڭ نېپىز قاتلام دەز ـ چاكلىرى رەتلىك ھەم تەكشى ئىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى چىرىمتال ياپراقچىسى قاتلىمى ئىدى ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئىنتايىن چوڭ نېپىز ياپراقچە شەكلىدە تىزىلغان بولۇپ ، پارقىراق نۇر چاقنىتىپ تۇرغان ئاق چىرىمتال كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى .

چىراغ يورۇقى تاشلارنىڭ تۈزرەك يېرىگە چۈشكەندە قايتقان نۇرلار ئوخشىمىغان ئورۇندا ئۆزئارا كېسىشىپ ، ئادەمگە خۇددى ئىچى كاۋاك برىلىيانتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىپ كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتەتتى .

سائەت ئالتە ئەتراپىدا بۇنداق چاقناشلار روشەن ئاجىزلاشتى ، كېيىن يوقالدى ، تاش تام بىر خىل تۇتۇق خىرۇستال رەڭگىگە كىردى ، چىرىمتاللارمۇ دالا شپاتى ۋە كۋارتس ئارىسىغا تىخىمۇ زىچ

ئارىلىشىپ، قاتتىق بولغان تاغ جىنسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ خىل تاغ جىنسى يەر شارى تۆت قەۋىتىنىڭ ئېغىرلىقى ئاستىدا يىمىرىلىپ كەتمەي مەزمۇت تۇراتتى. بىز شۇ تاپتا غايەت چوڭ گىرانىت تاش تۇرمىسىنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالغاندۇق. كەچ سائەت سەككىز بولدى. سۇ تېخى تېپىلمىدى. مېنىڭ ئازابلىنىشىم چېكىگە يەتتى. ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان تاغام توختاش دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى. مەن قۇلاقلىرىمنى دىڭ قىلىپ، بۇلاق سۈيىنىڭ تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئۇرۇندۇم. بىراق، بۇنداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

ئاخىر پۇتلىرىم گەۋدەمنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەس ھالغا كەلدى. مەن تاغامنى مېڭىشتىن توختىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئازابقا بەرداشلىق بەردىم. توختاش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىلكىدىكى بىر كۈن ئۆتۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

مەن ئاخىر ماجالىمدىن كەتتىم ــ دە، ئىڭرىغىنىمچە يېشىم قېيىپ گۈپپىلا يىقىلدىم.

— قۇتۇلدۇرۇڭلار! مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم!

تاغام كەينىگە ئۆرۈلۈپ يېنىپ كەلدى. ئۇ قوللىرىنى بېلىگە تىرىگىنىچە ماڭا قارىدى، ئاندىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن:

— ھەممە ئىش تۈگىدى! — دېگەن سۆز چىقتى.

مەن ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ھەم غەزەپلىك ھەرىكەتلىرىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر سېلىۋېتىپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم.

مەن قايتىدىن كۆزۈمنى ئاچقان چېغىمدا ئىككى سەپەردىشىمنىڭ يوتقانلىرىغا ئورىلىپ، قىمىر قىلماي ياتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇلار ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟ لېكىن مەن پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم، دېمىسىمۇ بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. بولۇپمۇ بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلىغىنىمدا تارتىۋاتقان ئازابىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. تاغامنىڭ باياتىن «ھەممە ئىش تۈگىدى!» دېگەن گېپى قۇلىقىم تۈۋىدە

جاراڭلىدى . ئادەم بۇنداق ئاجىزلاپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىش تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش ئىدى .

بۇ يەردىن يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىش ئۈچۈن تەخمىنەن تۆت مىل يول يۇقىرىغا تىك كىتىش كېرەك ئىدى . مەن بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى مىنىڭ يەلكەمگە چۈشكەندەك تەسىراتقا كېلىپ قالدىم . شۇ تاپتا مەن گرانىت تاش كارىۋاتتا يېتىپ ، ھەتتا ئۆرۈلگۈدەكمۇ ھالىم قالمىغانىدى .

بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى . ھەممىمىز گۆرىستان جىمجىتلىقى ئىچىگە مەھكۇم بولغانىدۇق . بۇ يەردىكى تاش تام ئەڭ نىپىز دېگەندىمۇ بەش مىل قېلىنلىقتا ئىدى . شۇڭا ، تاش تامنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كەلگەن ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى .

بىراق ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ قانداقتۇر بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم . لەخمىنىڭ ئىچى قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى . مەن كۆزۈمنى تەستە ئېچىپ ، ھانسىنىڭ بىر چىراغنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىرە ـ شىرە كۆردۈم .

ئۇ نېمىشقا كېتىدۇ ؟ قىزىق ، بىزنى تاشلاپ كەتمەكچىمىكىنا ؟ تاغام ئۇخلاۋاتاتتى . مەن تووۋلىماقچى بولدۇم ، ئەمما قۇرۇپ كەتكەن ئاغزىمدىن ئاۋاز چىقمىدى ، ئەتراپ بارغانسېرى قاراڭغۇلاشتى ، ئاخىر ئەتراپىمنى جىمجىتلىق باستى .

— ھانس بىزنى تاشلاپ كەتتى ، — مەن تووۋلىغىلى تۇردۇم ، — ھانس ! ھەي ھانس ! مەن ئىچىمدە تووۋلاۋاتاتتىم ، شۇڭا ھېچكىم ئاڭلىيالمايتتى . بىراق ، دەسلەپكى ۋەھىمە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، مەن ئۆزۈمنىڭ گۇمانخورلۇقۇمدىن خىجالەت بولۇشقا باشلىدىم . سەپىرىم باشلىنىپ ھازىرغىچە ھانسىنىڭ ئەخلاقىدا ھېچقانداق گۇمانلىق تەرەپ كۆرۈلمىگەنىدى . ئۇ يۇقىرىغا چىقىدىغان يول بىلەن ئەمەس ، بەلكى تۆۋەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتكەنىدى . مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم سەل ئارام تېپىپ قالدى ، خىيالىم باشقا تەرەپكە يۆتكەلدى . ھانس تولىمۇ سالماق ئادەم

بولۇپ، مۇھىم سەۋەب بولمىسىلا ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشىنى توختىتىپ قويمايتتى. ئۇ بىرەر ئىشنى بايقاپ قالغانمۇ يا؟ ياكى بولمىسا بۇ تىپتىنچ قاراڭغۇ كېچىدە مەن ئاڭلىيالمىغان بىرەر شەپىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس!

## 23

مەن ئېلىشىپ قالاي دېگەن كاللام بىلەن بۇ رايىش يول باشلىغۇچىنىڭ بىزدىن ئايرىلىپ كېتىش سەۋەبى ئۈستىدە تولۇق بىر سائەت ئويلاندىم. ئوي ـ خىياللىرىم ھەددىدىن زىيادە قالايمىقانلىشىپ، كاللامغا تۈرلۈك بىمەنە خىياللار كىرىۋالدى. قارىغاندا، كاللامدىن چاتاق چىققاندەك قىلاتتى!

ئاخىر لەخمىنىڭ ئىچكىرىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ھانس قايتىپ كەلگەندى. توختىماي مىدىرلاپ تۇرغان چىراغ يورۇقى باشتا تاش تامغا چۈشتى. ئاندىن لەخمە ئىچىنى يورۇتتى، كۆز ئالدىمدا ھانس پەيدا بولدى.

ئۇ تاغامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يېنىك تۈرتتى. تاغام قوپۇپ ئولتۇردى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— سۇ، — دېدى يول باشلىغۇچى.

ئېپتىراپ قىلىش كېرەككى، ئادەتتىن تاشقىرى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك قىسمەت بېشىغا كەلگەن پەيتلەردە، ئادەم بىرنەچچە خىل تىلنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ كېتىدىكەن. مەن گەرچە دانىيىچە بىرەر ئېغىز سۆزنى بىلمىسەممۇ، ئەمما سېزىمىمغا تايىنىپ يول باشلىغۇچى دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالدىم.

— سۇ! سۇ! — مەن بىر ياقتىن توۋلاپ، يەنە بىر ياقتىن خۇددى ساراڭدەك قوللىرىمنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدىم.

— سۇ؟ — تاغام بۇ گەپنى تەكرارلىدى، — قەيەردە؟

— تۆۋەندە، — دېدى ھانس.

قەيەردە؟ تۆۋەندە! ھەممىنى چۈشەندىم، مەن يول باشلىغۇچىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ مەھكەم سىقتىم. ئۇ ماڭا جىمجىت قاراپ تۇراتتى.

تەييارلىق خىزمەتلىرى پاتلا تەخ بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي بىز لەخمە ئىچىدىكى سەپىرىمىزنى قايتىدىن باشلىدۇق. بىز ھەر ئۇچ فۇت ئىلگىرىلىسەك، لەخمە پەسكە بىر فۇت يانتۇلاشقىلى تۇردى.

بىر سائەتتىن كېيىن 6000 فۇتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، پەسكە 2000 فۇت تۆۋەنلىدۇق.

بۇ چاغدا مەن ياندىكى گرانىت تاش تامدىن كېلىۋاتقان، خۇددى يىراقتىكى گۈلدۈرماما ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر غەيرىي ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىدىم. لېكىن، بىز يېرىم سائەت ماڭغان بولساقمۇ، ئەمما ھانس ئېيتقان بۇلاق سۈيىنى كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدىم. بۇ چاغدا تاغام ماڭا بۇ ئاۋازنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېيتىپ بەردى.

— ھانس خاتالاشماپتۇ، — دېدى ئۇ، — شۇ تاپتا سېنىڭ ئاڭلىغىنىڭ سۇنىڭ ئاققان ئاۋازى.

— شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ يېقىن ئەتراپىمىزدا يەر ئاستى دەرياسى بار ئىكەن!

ئۈمىد ۋە ھاياجانلىنىش تۇرتكىسىدە قەدەملىرىمىز تېخىمۇ ئىتتىكلەشكىلى باشلىدى. مەن ھېرىپ ـ چارچىغىنىمنى ئۇنتۇدۇم. گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى كاللامنى سەگەكلەشتۇرۇۋەتكەندى. بۇ ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ، بېشىمىز ئۈستىدىلا ئاڭلاندى. سۇ ئەمدى سول تەرىپىمىزدىكى تاش تامنىڭ ئىچىدە شارىلداشقا باشلىدى. مەن تاشلارنى توختىماستىن سىلاپ ئازراق بولسىمۇ سۇنىڭ ئىزناسى ياكى نەملىك تېپىشنى ئويلىدىم، لېكىن تاپالمىدىم.

ئارىدىن يېرىم سائەت ۋاقىت ئۆتتى، بىز يەنە يېرىم مىل ماڭدۇق.

دەرۋەقە، يول باشلىغۇچى باياتىن بىزدىن ئايرىلىپ سۇ

ئىزدىگىلى بارغان چېغىدا، بىز يېتىپ كەلگەن بۇ جايدىن ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەنىدى. ئۇ تاغدا ياشايدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن سېزىمىغا تايىنىپ تاش تامنىڭ نېرىسىدا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. بىراق، شۇنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىنكى، ئۇ بۇ قىممەتلىك سۇيۇقلۇقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ۋە ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ بەھۇزۇر ئىچىپ باقمىغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ئالدىمىزغا ماڭغانسېرى بۇلاق سۇيىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق، چۈنكى سۇنىڭ ئاققان ئاۋازى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى.

بىز كەينىمىزگە قايتتۇق، سۇ ئېقىنىغا ئەڭ يېقىن جايغا يېتىپ كەلگەندە، ھانس قەدەملىرىنى توختاتتى.

مەن تاش تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم، شۇ تاپتا بۇ سۇ مەندىن ئىككى فۇت يىراق يەردە شارىلداپ ئېقىۋاتاتتى. لېكىن، گرانىت تاش بىزنى ئايرىپ تۇراتتى.

كاللام ئىشلىمەيلا قالدى، قانداق قىلىپ بۇ سۇغا ئېرىشىش توغرۇلۇق بىرەر چارە ـ ئامالمۇ كاللامغا كەچمىدى، مېنى يەنە ئۈمىدسىزلىك باستى.

ھانس ماڭا قارىدى، ئۇ ماڭا مىيىقىدا كۈلگەندەك كۆرۈندى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ئالدى، مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

ئۇ تاش تام تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇردۇم. ئۇ قۇلىقىنى قۇرۇق تامغا ياققىنىچە ئاستا سۈرۈلدى ۋە زەن قويۇپ تىڭشىدى. مەن ئۇنىڭ سۇنىڭ ئاۋازى ئەڭ قاتتىق ئاڭلانغان جاينى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئاخىر ئىزدىگەن يېرىنىڭ سول ياندىكى يەردىن ئۈچ فۇت ئېگىزلىكتىكى جايدا ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

مەن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتىم! ھەتتا يول باشلىغۇچىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. لېكىن، مەن ئۇنىڭ قولىغا مېتىننى ئېلىپ تاشنى چوقۇشقا تەمشەلگىنىنى كۆرۈپ مەقسىتىنى چۈشەندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ چاۋاك چېلىپ كەتتىم.

— قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇق ! — دېدىم ئۇنلۇك ئاۋازدا .
— توغرا ! — دېدى تاغامۇ مېنىڭ گېپىمنى قۇۋۋەتلەپ ، — ھانس توغرا قىلىۋاتىدۇ !

ئاھ ! ئەقىللىق يول باشلىغۇچى ! بۇ ئامال ھېچقايسىمىزنىڭ ئېسىگە كەلمەپتۇ !

بۇ گەپكە مەن پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن . گەرچە بۇ ئامال شۇنچە ئاددىي بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ھېچقايسىمىز ئويلاپ تاپالمىغانىدۇق . بىراق ، مېتىن بىلەن يەر شارىنىڭ ئاساسىنى چوقۇش ھەقىقەتەنمۇ بەك خەتەرلىك ئىدى . ناۋادا ئۆرۈلۈش يۈز بەرسە ھەممىمىز مىجىلىپ كېتەتتۇق ! ياكى بولمىسا كۈچلۈك بېسىم ئاستىدىكى سۇ بۇ يەردىن چىقىپ ، بىزنى تۈنجۇقتۇرۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى ! بۇ ھەرگىزمۇ ۋەھىمىلىك گەپلەرنى قىلىپ چۆچۈتكەنلىك ئەمەس . لېكىن ، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش بولسۇن ياكى سۇغا چۆكۈپ كېتىش بولسۇن ، ھېچقانداق ۋەھىمە بىزنى توسۇپ قالالمايتتى . بىز ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەنىدۇق ، شۇ تاپتا بىز ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، ھەتتا ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئاستىغىچە كولاپ بېرىشقىمۇ تەييار ئىدۇق .

ھانس ئىشلەشكە باشلىدى . بۇ ئىشنى تاغام بىلەن ئىككىمىزگە قىلغۇزۇشقا ھەرگىز بولمايتتى ، چۈنكى بىز بەك ئالدىراقسان بولغاچقا ، بىر چوقۇپلا تاشنى پارە - پارە قىلىۋېتىشىمىز تۇرغان گەپ ئىدى . بىراق ، يول باشلىغۇچى بولسا تولىمۇ خاتىرجەم ھەم سىلىقلىق بىلەن تاشنى يېنىك چوقۇپ يۈرۈپ ، تەخمىنەن ئالتە دىيۇيم چوڭلۇقتىكى بىر تۆشۈك ئاچتى . ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى ماڭا بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىپ ھاياتبەخش بۇلاق سۈيى بىلەن لەۋلىرىم نەمدەلگەندەك بولدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي گرانىت تاش تامدىن ئىككى فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى تۆشۈك ئېچىلدى . بۇ ئىش بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى . مېنىڭ تاقىتىم چېكىگە يەتتى ! تاغام بۇ ئىشقا ئۆز قولى بىلەن تۇتۇش قىلماقچى بولدى ، مەن ئۇنى

تـوسـۇۋالالـمىدىم . ئۇ قولىغا مېتىننى ئالدى . بۇ چاغدا قاتتىق شـارقـىرىغان بىر ئاۋاز چىقتى ـ دە ، بىر سۇ ئېقىنى ئېتىلىپ چىقىپ ، ئۇدۇلدىكى تاشلارغا زەرب بىلەن چاچرىدى .

بۇ كۈچلۈك سۇ ئېقىنى ھانىسنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى ، ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىدىماي ۋاي ـ ۋايلاپ كەتتى . قولۇمنى سۇ تـۇۋرۇكـىگە تەگكۈزۈپلا مەنمۇ ۋارقىراپ تاشلىدىم . مەن پەقەت شـۇنـدىـلا ھانىسنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋاي ـ ۋايلاپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم : بۇ سۇ ئوتتەك قىزىق ئىدى .

— بۇ قايناق سۇ ئىكەن ! — دېدىم ۋارقىراپ .

— ئۇ سوۋۇيدۇ ، — دېدى تاغام .

لەخمىنىڭ ئىچى سۇ پارلىرى بىلەن تولدى . ئارقىدىنلا ھاسىل بولغان بىر ئېرىق سۇ يىلان باغرى ئېقىپ بىر چوڭقۇرلۇققا بارغاندا غايىب بولدى ، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇنجى يۇتۇم بۇلاق سۈيىنى ئىچتۇق .

ئـاھ ! نـېـمـىـدېگەن ھۇزۇر ! بۇنداق ھۇزۇرنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ! بۇ قانداق سۇدۇ ؟ ئۇ قەيەردىن كەلگەندۇ ؟ بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى ، ئۇ گەرچە قىزىق بولسىمۇ بەرىبىر سۇ بولغاچقا ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان چېغىمىزدا ماڭا يېڭىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلغانىدى . مەن ئۇنىڭ تەمى بىلەن كارىم بولماي توختىماي ئىچىۋەردىم .

مەن بىرەر مىنۇت ئىچكەندىن كېيىن توۋلىدىم :

— بۇ سۇدا تۆمۈر تەركىبى بار ئىكەن !

— بۇنىڭ ئاشقازانغا پايدىسى بار ، — دېدى تاغام ، — ئۇنىڭ كـانـلـىـشـىـش دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ ! بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىز سىبا[1] ياكى توبرىس[2] سەپىرىدىنمۇ قىلىشمىغۇدەك .

— ئاھ ! بەك ياخشى بولدى !

— ھەقىقەتەن شۇنداق ، بۇ دېگەن يەر ئاستىنىڭ بەش مىل چـوڭـقـۇر جايىدىكى سۇ ! ئۇنىڭدا ئازراق سىياھ تەمى بولسىمۇ

---

① سـىبا — بېلگىيىدىكى كىچىك بازار ، ئاردېن تاغلىق رايونىدا . تەركىبىدە مول تۆمۈر ۋە ھىدروكاربوناتلار بولغان ، مىنېرال سۇلىرى بىلەن داڭلىق .

② توبرىس — بوخېمىيىدىكى ئارشاڭ .

ئادەمنى بىزار قىلمايدىكەن . بۇ قالتىس سۇ مەنبەسىنى هانىس بىز ئـۇچۇن تاپتى ! ئەمدى سالامەتلىككە پايدىلىق سۇ ئېقىۋاتقان بۇ ئېرىققا ئۇنىڭ ئىسمىنى نام قىلىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلىمەن .

— ياخشى ! — مەن ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتىم .

«هانس ئېرىقى» دېگەن بۇ ئىسىم دەرهال قوبۇل قىلىندى .

لېكىن ، هانس بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى . ئۇ لايىقىدا ئازراق سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ جىمجىت يۆلىنىپ تۇردى .

— ئەمدى ، — دېدىم مەن ، — بىز بۇ سۇنى بىكاردىن بىكار ئاققۇزۇۋەتمەيلى .

— ئېقىپ كەتسە نېمە بوپتۇ ؟ — دېدى تاغام ، — بۇ بۇلاق هەرگىز قۇرۇپ قالمايدۇ .

— بوپتۇ ئەمىسە ! بىز سۇدانلىرىمىزنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇ ئېغىزنى ئېتىپ قويايلى .

مېنىڭ تەكلىپىم قوبۇل قىلىندى . هانس گرانىت تاش پارچىسى ۋە ئارغامچا بىلەن تاش تامدىكى كامارنى ئېتىشكە تۇتۇندى ، لېكىن بۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . بىز هەپىلىشىپ يۈرۈپ قوللىرىمىزنى كۆيدۈرۈۋالغان بولساقمۇ ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدۇق ، سۇنىڭ بېسىمى بەك كۈچلۈك بولغاچقا ، بىزنىڭ ئۇرۇنىشىمىز بىكارغا كەتتى .

— سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىش كۈچىدىن قارىغاندا ، — دېدىم مەن ، — بۇ يەر ئاستى دەرياسىنىڭ ئورنى چوقۇم ئىنتايىن ئېگىز يەردە ئوخشايدۇ .

— چوقۇم شۇنداق ، — دېدى تاغام گېپىمگە ئۇلاپ ، — ئەگەر بۇ سۇ تۈۋرۈكى 32 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتىن چۈشۈۋاتقان بولسا ، ئۇ هالدا ئۇنىڭ بېسىمى كۆچى مىڭ ئاتموسفېرا بېسىمىغا باراۋەر بولىدۇ ، لېكىن مەندە بىر پىلان تۇغۇلۇۋاتىدۇ .

— قانداق پىلان ؟

— بىز نېمە ئۈچۈن بۇ كامارنى چوقۇم ئېتىپ قويىمىز ؟

— چۈنكى ...

مەن بۇنىڭغا بىر سەۋەب ئويلاپ تاپالمىدىم .

— بىزنىڭ سۆدانلىرىمىز يەنە قورۇپ كەتكەندە ، سەن يەنە ئۇنى توشقۇزۇشقا كاپالەتلىك قىلالامسەن ؟

— ئەلۋەتتە كاپالەتلىك قىلالايمەن .

— ئۇنداقتا ، بۇ سۇ ئىقىۋەرسۇن ! ئۇ تەبىئىيلا تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ ، بىزگە يول كۆرسىتىدۇ ، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرىدۇ !

— بۇ ھەقىقەتەن ياخشى مەسلىھەت بولدى ! — مەن توۋلاپ كەتتىم ، — بۇ ئېرىق بىزگە ھەمراھ بولسا ، پىلانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغۇدەكمىز .

— ئاھ ! سەن ئاخىر چۈشەندىڭ ، بالام ، — دېدى تاغام كۈلۈپ .

— مەن چۈشەندىم ، شۇنداقلا ھازىر كاللام شۇنداق ساز دەڭە .

— توختاپتۇر ! بىز يەنىلا بىرنەچچە سائەت دەم ئېلىۋالغىنىمىز تۈزۈك .

بۇنى ماڭا سائەت ئەسكەرتىپ قويمىغان بولسا ، راستىنىلا ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچە بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . شۇنىڭ بىلەن بىز قورساقنى ئەستەرلەپ ، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن شېرىن ئۇيقۇغا كەتتۇق .

## 24

ئەتىسى بىز تارتقان جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇق . مەن دەسلەپ ھېچبىر ئۇسسىمايۋاتقانلىقىمنى بايقاپ بەكلا ھەيران قالدىم ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىدىم . بۇنىڭغا ئايىغىم ئاستىدا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۇ جاۋاب بەردى .

بىز ناشتىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، مول تۆمۈر تەركىبلىك تېتىملىق سۇدىن ئىچتۇق . مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولۇپ ، تېخىمۇ يىراق مۇساپىنى بېسىشقا نىيەت قىلدىم .

«ھانىستەك قولىدىن ئىش كېلىدىغان يول باشلىغۇچى يەنە مەندەك ‹قەيسەر › جىيەنى بار تۇرسا ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان تاغامدەك ئادەم قىلىماقچى بولغان ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالارمۇ ؟ »

مۇشۇنداق تاتلىق خىياللار كاللامنى چۇلغىۋالدى ! شۇ تاپتا بىرى ماڭا سىنافېر يانار تېغىنىڭ چوققىسىغا قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى بېرىدىغان بولسا ، ئۇنى غەزەپ بىلەن رەت قىلىمەن .

— ماڭايلى ! — دەپ توۋلىدىم . مېنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تويۇنغان ئاۋازىم يەر شارىنىڭ قەدىمكى ئەكس ساداسىنى ياڭرىتىۋەتتى .

پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە بىز قايتىدىن يولغا چىقتۇق . بۇ ئەگرى - بۈگرى گرانىت لەخمىدە دائىم كۈتۈلمىگەن دوقمۇشلار ئۇچراپ تۇراتتى ، بۇ خۇددى يوللىرى قالايمىقان سىرلىق ئوردىنىڭ ئۆزىلا ئىدى . لېكىن ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ يۆنىلىشى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغانىدى . تاغام توختىماي كومپاسنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ، كېتىۋاتقان يولىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ تۇراتتى . لەخمە گورىزونتال ھالەتتە سوزۇلغان بولۇپ ، ھەر ئالتە فۇت ماڭغاندا ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ ئاران ئىككى دىيۇيم تۆۋەنلىدۇق . ئېرىقتىكى سۇ ئاياغلىرىمىز ئاستىدا جىمجىت ئېقىۋاتاتتى . مەن ئۇنى بىزنىڭ يەر شارىنى كېزىپ ئۆتۈشىمىزدىكى ھەمراھىمىز كۆرۈپ ، قولۇمنى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان ئىللىق سۇغا ئاستاغىنا چىلىدىم ، ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىمىزغا تەڭكەش بولۇۋاتقان شىرىلداشلىرىنى تىڭشىدىم . شۇ تاپتا مېنىڭ كەيپىياتىم تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ياخشى ئىدى .

تاغامغا كەلسەك ، ئۇ «ئالىيجاناب تۈز ئادەم» بولغاچقا ، لەخمىنىڭ ھەددىدىن زىيادە گورىزونتاللىقىدىن ئاغرىنىپلا ماڭدى . تاغامنىڭ گېپىچە ، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىكى چەكسىز سوزۇلغان بۇ يول يەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن تۆۋەنگە گورىزونتال ھالەتتە سوزۇلماستىن ، بەلكى تىك بولۇڭلۇق ئۇچبۇلۇڭ يانتۇلۇقى ھالىتىدە پەسكە سىيرىلغانىدى . بىراق ،

بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز يوق ئىدى ، يەر مەركىزىگە يېقىنلىشىدىغانلا ئىش بولسا ، قانچىلىك ئاستا بولسىمۇ ئاغرىنىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى .

بىراق ، بەزى چاغلاردا يانتولۇق تويۇقسىزلا تىكلىشىپ كېتەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئېرىقتىكى سۇمۇ شىرىلداپ ئىتتىك ئېقىشقا باشلايتتى ، بىزمۇ ئېرىقنى بويلاپ تېخىمۇ چوڭقۇر جايغا يېقىنلاپ كېلەتتۇق .

قىسقىسى ، شۇ كۈنى ۋە ئەتىسى بىز ئۇزاق ۋاقىت گورىزونتال ھالەتتە يول ماڭدۇق ، پەسكە قاراپ تۆۋەنلىشىمىزمۇ مۇناسىپ ھالدا ئازراق بولدى .

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇمە كەچتە بىز ھېسابىمىز بويىچە رېيكياۋىكنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 75 مىل يىراقلىقتىكى جايغا ۋە 6.25 مىل چوڭقۇرلۇققا يېتىپ كېلىشىمىز كېرەك ئىدى .

بۇ چاغدا ئاياغلىرىمىز ئاستىدا بىر قورقۇنچلۇق چوڭقۇر قۇدۇق پەيدا بولدى . تاغام ئۇنىڭ يانتولۇقىنى ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ كەتتى .

— بۇ قۇدۇق بىزنى ئاسانلا ئىنتايىن يىراق جايغا ئېلىپ بارىدۇ ، — دېدى ئۇ توۋلاپ ، — ئۇنىڭ تېمىدىكى بۆرتۈپ چىققان تاشلارنى پەلەمپەي ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولغۇدەك !

ھانس ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئارغامچىلارنى تەييارلىدى . بىز تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدۇق . بۇنى بەك خەتەرلىك ئىش دېگۈم كەلمىدى ، چۈنكى مەن بۇنداق ھەرىكەتلەرگە ئاللىقاچان كۆنۈپ كەتكەنىدىم .

ئەمەلىيەتتە ، بۇ قۇدۇق غايەت چوڭ بىر تاشتىكى تار يېرىق بولۇپ ، بۇ «ئۇزۇلمە قاتلام» تورىگە كىرەتتى . ئۇ يەر شارىنىڭ سوۋۇپ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەنىدى . ئۇ ئىلگىرى سىنافېر يانار تېغىنىڭ ماگما ئېتىپ چىقىرىدىغان يولى بولغان بولسىمۇ ، بۇ ئېتىلما ماددىلارنىڭ ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى . بىز بۇرما مىخقا ئوخشاپ كېتىدىغان پەلەمپەي

يول بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدۇق ، بۇ يول خۇددى قول بىلەن ئويۇپ چىقارغاندەكلا ئىدى .
بىز ھەربىر چارەك سائەت ماڭغاندا بىر قېتىم توختاپ ، ئازراق دەم ئېلىپ ، پۇت- قوللىرىمىزنىڭ مۇسكۇللىرىنى بوشىتىۋالدۇق . بۇ چاغدا بىز بۆرتۈپ چىققان تاشلارنىڭ ئۈستىدە پۇتلىرىمىزنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاچ بىرنېمە يەپ ، ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇدىن توختىماي ئىچتۇق . دەرۋەقە ، ئۇزۇلمە قاتلامدا ھانس ئېرىقى كىچىكلەپ بىر شارقىراتمىغا ئايلاندى ، ئەمما ئۇ بىزنىڭ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇشقا تامامەن يېتەرلىك ئىدى . بۇ سۇ بىرقەدەر تۇزراق يەرگە كەلگەندە دەرھال بۇرۇنقى ئەكسىگە كېلىپ تىنچ ئېقىشقا باشلايتتى . شۇ تاپتا ھۆرمەتكە سازاۋەر تاغام ۋە ئۇنىڭ ئالدىراقسان ، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان مىجەزى ئېسىمگە كەلدى ، ئەكسىچە يانتۇلۇق كىچىكلىگەندە بولسا ، بۇ ھال خۇددى بىزنىڭ مۇلايىم يول باشلىغۇچىمىزغا ئوخشايتتى .
7 - ئاينىڭ 11 - ۋە 12 - كۈنى بىز ئۇزۇلمە قاتلامدىكى بۇرما مىخ شەكىلدىكى يول بىلەن تۆۋەنگە قاراپ يەنە بەش مىل تۆۋەنلىدۇق . شۇنىڭ بىلەن بىز دېڭىز يۈزىدىن 12 يېرىم مىل تۆۋەن بولغان يەرگە يېتىپ كەلگەنىدۇق . بىراق ، 13 - كۈنى چۈش مەزگىلىدە يانتۇلۇق توساتتىن تۈز ھالەتكە كېلىپ ، يول شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ 45 گرادۇس بۇرۇلدى .
يول مېڭىش ئاسانلاشتى ، ئەمما بەك زېرىكىشلىك ئىدى . لېكىن ، بۇنداق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ ، چۈنكى سەپەر ئەتراپىتىكى مەنزىرىلەرنىڭ توساتتىن ئۆزگىرىشى بىلەنلا كۆڭۈللۈك بولۇشى ناتايىن .
15 - كۈنى چارشەنبە بىز يەر ئاستىغا 17 يېرىم مىل ، يەنى سنافېر يانار تېغىنىڭ چوققىسىدىن 125 مىل يىراقلىقتىكى جايغا يېتىپ كەلدۇق . گەرچە بىز ھېرىپ كەتكەن بولساقمۇ ، ئەمما سالامەتلىكىمىزدە گەپ يوق ئىدى ، شۇڭا سەپەر دورا ساندۇقىنىڭ ئاغزىمۇ ئېچىلىپ باقمىدى .

تاغام ھەر سائەتتە بىر قېتىم كومپاس ، سائەت ، بارومېتىر ۋە تېرمومېتىردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپ ماڭدى ، بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى كېيىن بۇ قېتىمقى ساياھەت ھەققىدە يازىدىغان ماقالىسىدە ئىشلەتمەكچى ئىدى ... ئۇ بۇ قېتىم 125 مىل ماڭدۇق » دېگەندە مەن ئىختىيارسىز توۋلاپ تاشلىدىم .

ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئەھۋالىنى ئاسانلا بىلىۋالالايتتى ، ئۇ ماڭا : «بىز گورىزونتال ھالەتتە 125 مىل ماڭدۇق» دېگەندە مەن ئىختىيارسىز توۋلاپ تاشلىدىم .

— سەن نېمە بولدۇڭ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن .

— ھېچنېمە ، پەقەت بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى .

— نېمە ئىش ، بالام ؟

— ئەگەر ھېسابىڭىز توغرا بولسا ، بىز ھازىر ئىسلاندىيىنىڭ ئاستىدا ئەمەس .

— سەن شۇنداق قارامسەن ؟

— بۇنى ئاسانلا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ .

مەن سىركۇل بىلەن خەرىتە ئۈستىدە ئۆلچىدىم .

— مەن خاتالاشمىدىم ، — دېدىم ، — بىز ھازىر پورتلاند تۇمشۇقىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 125 مىل ماڭساق ، ئۇ دېگەن دېڭىزنىڭ ئاستى .

— دېڭىزنىڭ ئاستى ، — دېدى تاغام قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ .

— شۇنداق ، — دېدىم توۋلاپ ، — بىز شۇ تاپتا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز .

— ئاھ ! ئاكسال ، بۇ تولىمۇ نورمال ئىشقۇ ! نېۋكاستىلدىكى[1] نۇرغۇن كۆمۈركانلىرىمۇ دېڭىزنىڭ ئاستىدا خېلى يىراق يەرلەرگىچە سوزۇلغانغۇ ؟

تاغام بىزنىڭ ئاجايىپ ئەھۋال ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى . لېكىن ، مەن دېڭىزنىڭ ئاستىدا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىغىنىمدا سەل دەككە -

---

① نېۋكاستىل - ئەنگلىيىدىكى بىر شەھەر ، كۆمۈرنى كۆپ ئىشلەپ چىقىرىش بىلەن داڭلىق .

دۆككە ئىچىدە قالدىم. بىراق، بىزنىڭ بىشىمىز ئۈستىدە مەيلى ئىسلاندىيە تۇزلەڭلىكى، ئېگىز تاغلار ياكى دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئاتلانتىك ئوكيان بولسۇن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. پەقەت گرانىت تاشلار مەزمۇت تۇرۇپ بەرسىلا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بايىقىدەك ۋەھىمىلىك خىياللىرىمغا پاتلا كۆنۈپ قالدىم، چۈنكى ئۇ لەخمە يولى بىردەم ئەگىلسە، بىردەم يانتۇلىشاتتى، يەنە بىر پەستىن كېيىن تۈز ھالەتكە كېلەتتى، ئىشقىلىپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. قىسقىسى، يول توختىماستىن تۆۋەنلەپ بىزنى تېز سۈرئەت بىلەن ئىنتايىن چوڭقۇر جايغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

تۆت كۈندىن كېيىن، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شەنبە ئاخشىمى بىز ئىنتايىن چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدۇق، تاغام ھانسقا ئۈچ كۈمۈش تەڭگە ھەپتىلىك ئىش ھەققىنى بەردى ۋە ئەتە دەم ئېلىشنى قارار قىلدى.

## 25

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مەن ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك يولغا چىقىشقا ئالدىراپ كەتمىدىم. گەرچە بىز يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما پېشانىمىزگە ئۆڭكۈر ئادىمى بولۇشتەك قىسمەت پۈتۈلگەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن كەيپىياتىم يەنىلا ئىنتايىن ياخشى ئىدى. مەن ھەر ھالدا قۇياش، يۇلتۇز، ئاي، دەل ـ دەرەخ ۋە شەھەرلەر شۇنىڭدەك يەر شارىدىكى دىندىن خالىي ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان، ئەمەلىيەتتە ئارتۇقچە نەرسىلەر توغرۇلۇق ئويلانماس بولدۇم. بىز خۇددى تاشقا ئايلانغان جىسىمدەك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇنداق ھېچنېمىگە كېرىكى يوق گۈزەل مەنزىرىلەر بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

بۇ ئۆڭكۈر خۇددى چوڭ زالدەك كەڭتاشا ئىدى. ئېرىقتىكى

سۇ گرانىت تاش يەردە سادىقلىق بىلەن تىنچ ئاقماقتا ئىدى . بۇنچە يىراق يەرگە ئېقىش جەريانىدا سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىگە چۈشكەن بولغاچقا ، ئىچسە ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەيتتى .

ناشتىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، پروفېسسور بىرنەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۈندىلىك خاتىرىسىنى رەتلىمەكچى بولدى .

— ئالدى بىلەن ، — دېدى ئۇ ، — ھازىر بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىمىزنى ھېسابلاپ چىقىمەن ، قايتقاندىن كېيىن بىز ساياھەت جەريانىدا ماڭغان يوللىرىمىزنىڭ ۋېرتىكال كەسمە يۈز خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ ، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنى خەرىتە يۈزىدە ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئويلاۋاتىمەن .

— بۇ چوقۇم ئىنتايىن قىزىقارلىق بولىدۇ ، تاغا ، لېكىن سىزنىڭ كۆزىتىشلىرىڭىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىقلىقتا ئىگە قىلغىلى بولامدۇ ؟

— مۇمكىن . مەن ھەممە بۇلۇڭ ۋە يانتۇلۇقلارنى تەپسىلىي خاتىرىلىۋالغان . مەن ھەرگىز خاتا قىلىپ قويمايمەن . قېنى ، باشتا ئۆزىمىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ باقايلى . كومپاسنى ئەكېلىپ بەرگىن ، يۆنىلىشنى كۆرۈپ باقاي .

مەن كومپاسقا ئەستايىدىل قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدىم :

— شەرققە قىيپاش جەنۇب .

— ياخشى ! — دېدى پروفېسسور ، ئاندىن جاۋابىمنى خاتىرىلىۋېلىپ تېز سۈرئەتتە ھېسابلاشقا باشلىدى ، — يولغا چىقىپ ھازىرغىچە جەمئىي 212 يېرىم مىل يول يۈرۈپتۇق .

— ئۇنداقتا ، بىز ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئاستىدا ئىكەنمىزدە ؟

— تامامەن توغرا .

— شۇ تاپتا دېڭىز يۈزىدىن بورانلىق يامغۇر قۇيۇۋەتكەن بولسا ، بەلكىم بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە بىرەر كېمە قارا بوران ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا چايقىلىپ يۈرگەندۇ .

— ھەقىقەتەن شۇنداق .
— كىتلار قۇيرۇقلىرى بىلەن بىزنىڭ بۇ «تۇرمە»مىزنىڭ تاملىرىنى قېقىپ يۇرمەس ؟
— ئــەنسىرىمە ، ئاكسال ، كىتلار بۇ تاملارنى تەۋرىتەلىشى مــۇمــكــىن ئەمەس . بىز ھېسابلىشىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى . بىز سىــنــافــېــر يانار تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 212 يېرىم مىل كــېــلــىــدىــغــان يــەرنىڭ ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز ، مەن قالدۇرغان خــاتــىــرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، بىز ھازىر 40 مىل چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ بولدۇق .
— 40 مىل ! — مەن تووۇلىۋەتتىم .
— شۇنداق .
— ئىلمىي نەزەرىيە بويىچە بۇ يەر پوستى قېلىنلىقىنىڭ ئەڭ چېتى بولۇشى كېرەك .
— دېگىنىڭ توغرا .
— تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش قانۇنىيىتى بويىچە ، بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1500 گرادۇس بولۇشى كېرەك ئىدى .
— پەقەت «بولۇشى كېرەك» ، بالام .
— بۇ يەردىكى گرانىت تاشلار قاتتىق جىسىم ھالەتتە مەۋجۇت بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، بەلكى ئېرىتمە ھالەتتە بولۇشى كېرەك ئىدى .
— لــېــكــىــن ، ئــۆزۈڭ كــۆرۈپ تۇرۇپسەن ، ئۇلار ئېرىپ كەتمەپتۇ . بۇ خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بۇ قېتىممۇ نەزەرىيىنى ئىنكار قىلىۋەتتى .
— بۇنىڭغا قوشۇلماي ئامالىم يوق ، ئەمما مەن راستىنلا بەك ھەيران قېلىۋاتىمەن .
— تېرمومېتىر قانچە گرادۇسقا چىقىپتۇ ؟
— 27.6 گرادۇس .
— ئالىملار ئېيتقان تــېــمــپــېــراتــۇرىــغــا يېــتــىــش ئۈچــۈن

يەنە 1474.4[1] گرادۇس كەملىك قىلىدىكەن . شۇڭا ، يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ ، دېگەن كۆزقاراش خاتا . دېمەك ، خوۋنفېررى داۋى خاتالاشمىغان . ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن . سېنىڭ يەنە دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ ؟

— يوق .

ئەمەلىيەتتە ، مېنىڭ دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى . داۋىنىڭ نەزەرىيىسىگە مەن پەقەتلا قوشۇلالمايتتىم . گەرچە مەن شۇ تاپتا يەر مەركىزىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئاززاقمۇ ھېس قىلمىغان بولسامۇ ، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىزچىل ئىشىنىپ كېلىۋاتاتتىم . ئەمەلىيەتتە ، مەن مۇنداق بىر قاراشقا تېخىمۇ مايىل ئىدىم : بۇ ئۆچكەن يانار تاغنىڭ ماگما ئېتىپ چىقىرىش يولىنى لاۋا جىنسلىرى ئېتىۋالغان ، لاۋا جىنسلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەس ماددا ئىسسىقلىقنىڭ تاش ئارقىلىق تارقىلىشىنى توسۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن .

بىراق ، ھازىر مېنىڭ رېئاللىقنى قوبۇل قىلغاچ ، يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئىزدەشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى .

— تاغا ، — دېدىم گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — مەن سىزنىڭ ھېسابلاشلىرىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە قوشۇلىمەن . لېكىن ، مېنىڭ بىر جىددىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىسىڭىز .

— تارتىنماي سۆزلەۋەرگىن ، بالام .

— ئىسلاندىيىنىڭ كەڭلىك ئورنىغا ئاساسلانغاندا ، بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان بۇ جايدىكى يەر شارىنىڭ رادىئۇسى 3957.5 مىل ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك ، توغرىمۇ ؟

— 3958.2 مىل .

— بۇنى پۈتۈنلەي 4000 مىل دەپ تۇرايلى . دېمەك ، بىز

[1] ئەسلىي تېكستتە شۇنداق (1500 بويىچە ھېسابلانسا ، 1472.4 گرادۇس بولۇشى كېرەك) .

4000 مىل مۇساپىنىڭ ئوتتۇز ملىنى[1] بېسىپ بولدۇق .
— دېگىنىڭ توغرا .
— بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۈز ھالەتتە 212.5 مىل ماڭدۇق .
— تامامەن توغرا .
— بۇنىڭغا تەخمىنەن 20 كۈن سەرپ قىلدۇق .
— ھەقىقەتەن شۇنداق .
— 40 مىل دېگەن يەر شارى رادىئۇسىنىڭ 100/1 ى .
مۇشۇنداق مېڭىۋەرسەك 2000 كۈن سەرپ قىلىشىمىز كېرەك ، يەنى دېگەن يېرىمىزگە ئاز كەم بەش يېرىم يىل ۋاقىتتا ئاندىن يېتىپ بارالايمىز !
بۇ گەپلىرىمگە پروفېسسور جاۋاب قايتۇرمىدى .
— ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە تۆۋەنگە 40 مىل تىك تۆۋەنلەش ئۈچۈن چوقۇم تۈز ھالەتتە 212.5 مىل بەدەل قىلىنىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا بىز يەر مەركىزىگە بېرىش ئۈچۈن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۈز ھالەتتە 20 مىڭ مىل مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . بۇنداق بولىدىغان بولسا ، يەر مەركىزىگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى بىز ئاللىقاچان يەر شارىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشىمىز مۇمكىن .
— بۇ ھېسابلاشلىرىڭ قۇرۇقسۇن ! — دېدى تاغام غەزەپ بىلەن ، — سېنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىڭ ئادەمنى ئەجەبمۇ بىزار قىلىدىغۇ ! بۇلارنىڭ ئاساسى نېمە ؟ كىم ساڭا بۇ يولنى يەر مەركىزىگە بارمايدۇ دېدى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بۇرۇنقىلار قىلمىغان ئىشمۇ ئەمەس ، بىز ھازىر باشقىلار ئىلگىرى قىلىپ بولغان ئىشنى قىلىۋاتىمىز ۋە ئۇلارمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ، شۇڭا بىزمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز .
— ئىشقىلىپ ، دېگىنىڭىزدەك بولغاي ، لېكىن مېنىڭ يەنىلا ...
— ئەگەر سەن يەنە مۇشۇنداق قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىدىغان بولساڭ ، ئاكسال ، ئەمدى پەقەت ئۇنىڭنى چىقارماسلىقىقا

[1] ئەسلىي تېكىستتە شۇنداق (ئالدىدىكى بۆلەكتە بۇ 40 مىل دېيىلگەن) .

ھوقۇقلۇقسەن .
مەن سۆرى يامان پروفېسسورنىڭ قايتىدىن تاغلىق نوپۇزىنى ئىشقا سېلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرۈپ ، ئىلگىرىكى ساۋاقلار ئېسىمگە كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭدىن جىم تۇردۇم .
— ئەمدى ، — دېدى ئۇ ، — بارومېتىرنىڭ قانچىلىك بېسىمنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى .
— بېسىم ئىنتايىن يۇقىرى .
— ياخشى . سەن قارا ، بىز ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ھاۋا زىچلىقىنىڭ ئېشىشىغا تەدرىجىي كۆنۈپ ، ئازراقمۇ بىئاراملىق ھېس قىلمىدۇق .
— شۇنداق ، پەقەت قۇلاقلىرىمنىڭ سەل ئاغرىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا .
— ھېچ ۋەقەسى يوق ، سەن پەقەت ئىتتىك ـ ئىتتىك نەپەس ئالساڭلا بۇ خىل ھالەتنى تۈگەتكىلى بولىدۇ .
— بولىدۇ ، — ئەمدى مەن تاغامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەسلىك قارارىغا كەلدىم ، شۇنىڭ بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردىم ، — زىچلىق دەرىجىسى بۇنداق يۇقىرى ھاۋا شارائىتى ئاستىدا ، مەن ھەتتا بىر خىل ھەقىقىي شادلىقنى ھېس قىلىۋاتىمەن . سىز دىققەت قىلدىڭىزمۇ ؟ بۇ يەردە ئاۋاز بەك ياڭراق ئاڭلىنىدىكەن .
— شۇنداق ، گاس ئادەممۇ ئېنىق ئاڭلىيالايدۇ .
— ھاۋانىڭ زىچلىق دەرىجىسى يەنە داۋاملىق ئېشىۋېرەرمۇ ؟
— ئېشىشى مۇمكىن ، بىراق ئېشىش دەرىجىسىنى بىلمەك بەك تەس . بىزگە پەقەت تۆۋەنگە قاراپ قانچە چوڭقۇرلىغانسېرى ئېغىرلىق كۈچىنىڭ شۇنچە ئاجىزلايدىغانلىقى مەلۇم . بىلىش كېرەككى ، جىسىم يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى چاغدا ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ئەڭ چوڭ بولىدۇ ، لېكىن يەر شارىنىڭ مەركىزىدە بولسا جىسىملار ئېغىرلىقىنى يوقىتىدۇ .
— بۇنى بىلىمەن . لېكىن ، سىز ماڭا ئېيتىپ بېرىڭچۇ ،

ھاۋانىڭ زىچلىق دەرىجىسى سۇنىڭكىدەك يۇقىرى بولۇپ كېتەرمۇ؟
— ھاۋا 710 ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
— ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تۈۋەنلىگەندىچۇ؟
— ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تۈۋەنلىگەندە، ھاۋانىڭ زىچلىق دەرىجىسى يەنە ئېشىشى مۇمكىن.
— ئۇنداق بولسا بىز قانداق تۈۋەنلەيمىز؟
— يانچۇقلىرىمىزغا تاشلارنى سېلىۋالساقلا بولىدۇ.
— سىز ھەقىقەتەن دانالىقتا ۋايىگە يەتكەن ئادەم ئىكەنسىز، تاغا.

مەن يەنە داۋاملىق تۇردە قىياسلىرىمنى دەۋىرىشكە جۇرئەت قىلالمىدىم، بولمىسا ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سېلىپ، پروفېسسورنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى.

شۇغىنىسى، ئىنتايىن روشەنكى، ھاۋا نەچچە مىڭ ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا قاتتىق ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشتىن قەتئىينەزەر، ھەتتا بىزنىڭ بەدىنىمىز بەرداشلىق بېرەلىگەن تەقدىردىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختاتماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

لېكىن، مەن بۇ دەلىللىرىمنى ئوتتۇرىغا قويمىدىم، بولمىسا تاغام چوقۇم ھېلىقى مەشھۇر ساكنوسمنى شىپى كەلتۇرۇپ مېنى مات قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىلگىرى ئۆتكەن بۇ ئادەمنى شىپى كەلتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى ئىسلاندىيىلىك بۇ ئالىم راستتىنلا مۇشۇنداق بىر ساياھەتنى قىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، مەن ئاددىيلا بىر جۈملە سۆز بىلەن ئۇنى مات قىلىۋېتەلەيمەن.

16 ـ ئەسىردە مەيلى ئادەتتىكى بارومېتىر بولسۇن ياكى سۇيۇقلۇق بارومېتىرى بولسۇن، تېخى ھېچقايسىسى ئىجاد قىلىنمىغان تۇرسا، ساكنوسم نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۆزىنى يەر

مەركىزىگە باردىم ، دەپ كېسىپ ئېيتىمدۇ ؟

لېكىن ، مەن بۇ ئويلىرىمنى ئىچىمدە ساقلاپ ، قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم .

بۇ كۈنىنىڭ قالغان ۋاقتى ھېسابلاشلار ۋە پاراڭلىشىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . مەن پەقەت پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ كۆزقاراشلىرىنى قوللايدىغان گەپلەرنىلا قىلدىم . ھانىسىنىڭ سوغۇق قانلىقىغا مېنىڭ بەكمۇ ھەۋىسىم كەلدى . ئۇ ئەزەلدىن ئىشلارنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن كارى بولمايتتى ، تەقدىر ئۇنى قەيەرگە باشلىسا ، شۇ يەرگە قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىۋېرەتتى .

## 26

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، نېمىلا دېگەنبىلەن تاكى بۇگۈنكى كۈنگىچە ئىشلار ھەر ھالدا ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى ، شۇڭا ئاغرىنىدىغانغا ھېچقانداق ئاساسىم يوق ئىدى . ئەگەر بىز چوڭراق قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالمىساقلا ، يەر مەركىزىگە چوقۇم يېتىپ بارالايتتۇق . بۇ نېمىدېگەن زور شان ـ شەرەپ ـ ھە ! مەن ھەتتا پروفېسسور لىدىنبورۇگ بىلەن مۇشۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىشقا باشلىدىم . راست دېيمەن ، ئېھتىمال ، مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بىز تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرى كەلتۇرۇپ چىقارغان بولسا كېرەك .

بىرنەچچە كۈن يانتۇلۇق بەكلا تىكلىشىپ كەتتى ، بەزى يەرلەرنىڭ تىكلىكى قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ ، بىزنى ئىنتايىن چوڭقۇر جايلارغا ئېلىپ باراتتى . بەزى كۈنلىرى بىز يەر مەركىزىگە قاراپ ئۈچ يېرىم مىلدىن بەش مىلغىچە ئىلگىرىلىيەلىدۇق . تۆۋەنلەش جەريانى بەك خەتەرلىك ئىدى ، ھانىسىنىڭ چېچەنلىكى ۋە تەمكىنلىكىنىڭ بىزگە ئىنتايىن زور ياردىمى بولدى . ھەممە ئىشقا بىپەرۋا قارايدىغان بۇ ئىسلاندىيىلىك ئۆز خىزمىتىنى ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل

ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەيتتى . شۇڭا ، ئۇ بولغاچقىلا بىز ئۆزىمىز ھالقىپ ئۆتەلىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يەڭدۇق .

بىراق ، ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە جىمىغۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى ، مەن ھەتتا ئۇنىڭدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ بىزگىمۇ تەسىر قىلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . سىرتقى مۇھىتتىكى نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ كاللىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوخشايدۇ . كۈن بويى تۆت تامغا يۈزلىنىپ مېڭىۋاتقان ئادەم ئاخىر تەپەككۇر قىلىش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىدىن قېلىشى تۇرغان گەپ . دېمىسىمۇ ، تۇرمىلەردىكى بىر مۇنچە مەھبۇسلار تەپەككۇر قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ساراڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئاخىر بېرىپ دەلتىگە ئايلىنىپ قالغان ئەمەسمىدى ! شۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزدىن كېيىنكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى . ئېسىمدە پەقەت ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشلا قاپتۇ ، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنىڭ ئېسىمدە قېلىشىنىڭ ئاساسى بار ئىدى .

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى توختىماي تۆۋەنلەشلەردىن كېيىن بىز 75 مىل چوڭقۇرلۇققا يېتىپ كەلدۇق ، يەنى بىزنىڭ بېشىمىز ئۈستىدە 75 مىل قېلىنلىقتىكى تاغ جىنسى ، ئوكيان ، قۇرۇقلۇق ۋە شەھەرلەر بار ئىدى . شۇ تاپتا بىز ئىسلاندىيىدىن 500 مىل يىراقلاپ كەتكەنىدۇق .

بۈگۈن بىز مېڭىۋاتقان لەخمىنىڭ يانتۇلۇقى ئانچە تىك ئەمەس ئىدى .

مەن ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتىم . تاغام بىلەن ئىككىمىزنىڭ قولىدا بىردىن لوموكوف چىرىغى بار ئىدى . مەن گرانىت تاش قاتلىمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ماڭدىم ، كەينىمگە ئۆرۈلگەن چېغىمدا ، بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز قالغانلىقىمنى بايقىدىم . «بوپتۇ ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — مەن بەك ئىتتىك مېڭىپ كېتىپ ، ھانس بىلەن تاغامنىڭ يېرىم

يولدا توختاپ قالغانلىقىنى سەزمىگەن ئوخشايمەن ، بىرىپ ئۇلارنى تاپاي ، ھەر ھالدا يول بەك تىك ئەمەس ئىكەن .» شۇنىڭ بىلەن مەن كەينىمگە قاراپ ماڭدىم . چارەك سائەت مېڭىپ ئەتراپىمغا قارىسام ھېچكىم كۆرۈنمىدى ، بىرنەچچە قېتىم توۋلىغان بولساممۇ جاۋاب قايتمىدى . مېنىڭ ئاۋازىمدىن لەخمە ئىچىدە ئەكس سادا ياڭراپ كەتتى ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئاۋازلارمۇ جىمىقتى .

مېنى ۋەھىمە بېسىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى .

«تىنچلان ، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە قاتتىق توۋلاپ ، — مەن ھەمراھلىرىمنى چوقۇم تاپالايمەن . بۇ يەردە بىرلا يول بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئالدىدا ماڭغان ، شۇڭا ئەمدى كەينىمگە قايتساملا بولىدۇ .»

مەن كەينىمگە قاراپ يەنە يېرىم سائەت ماڭدىم . بىرىنىڭ مېنى چاقىرغان - چاقىرمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن زەن قويۇپ تىڭشىدىم . بۇنداق زىچ ئاتموسفېرا بېسىمى شارائىتى ئاستىدا ئىنتايىن يىراق جايدىكى ئاۋازمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيتتى . بىراق ، غايەت چوڭ بۇ لەخمىنىڭ ئىچى ئادەتتىن تاشقىرى تىنچ ئىدى .

مەن مېڭىشتىن توختىدىم ، يەككە - يېگانە قالغىنىمغا ئىشەنمىدىم . مەن يولنى خاتا مېڭىشقا رازىكى ، ئېزىپ قېلىشنى خالىمايتتىم ، چۈنكى يولنى خاتا مېڭىپ قويسا ، ئۇنى ئوڭشىۋالغىلى بولاتتى .

«قارا ، — دېدىم يەنە ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەپ ، — يول پەقەت بىرلا ، ئۇلار مۇشۇ يولدا ماڭغان . دېمەك ، مەن ئۇلارنى چوقۇم ئۇچرىتالايمەن . مەن يۇقىرىغا قاراپ مېڭىشىم كېرەك ، ئۇلار مېنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىمنى بايقىغان چېغىدا مېنىڭ ئالدىدا ماڭغانلىقىمنى ئۇنتۇپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ مېنى ئىزدەيدۇ . بوپتۇ ! مەيلى نېمىلا بولسۇن ، مەن ئېتىبار كىرەك يۇگۈرسەملا ئۇلارنى تاپالايمەن ، چوقۇم تاپالايمەن !» مەن ئاخىرقى سۆزنى خۇددى قايىل بولمايۋاتقان ئادەمگە دېگەندەك توختىماي تەكرارلىدىم . لېكىن ،

بۇنداق تولىمۇ ئاددىي خىيالنى تەپەككۇرغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلدىم .
بىر ئازدىن كېيىن مەندە يەنە گۇمان تۇغۇلدى . مەن راستىنلا ئالدىدا ماڭغانمىدىم؟ ئەلۋەتتە ، مېنىڭ كەينىمدە هانىس ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاغام ماڭغان . شۇنىڭ بىلەن مەن مېڭىشتىن توختاپ ، يەلكەمدىكى يۈك ـ تاقنى قايتىدىن رەتلەپ تاڭدىم ، هەربىر ئىنچىكە هالقىنى ئەسلەشكە باشلىدىم . دەل شۇ چاغدا داۋاملىق تۇردە ئالدىغا قاراپ ماڭغان ئوخشايمەن .
«تەلىيىمگە ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — ئېزىپ قالماسلىقنىڭ يەنە بىر ئىشەنچلىك ئامالى بار — مېنىڭ سادىق ئېرىقىم بۇ سىرلىق ئوردىنىڭ ئىچىدە خۇددى بىر تال ئۇزۇلمەس يىپتەك مېنى يېتەكلەپ ماڭىدۇ . مەن مۇشۇ ئېرىقنى بويلاپ يۇقىرىغا ماڭىدىغانلا بولسام ، هەمراهلىرىمنى چوقۇم تاپالايمەن . »
شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ روهىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى ـ دە ، دەرهال مېڭىش قارارىغا كەلدىم ، ئەمدى بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ زايە قىلىشقا بولمايتتى .
تاغامنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىگە مىڭ رەهمەت ، يول باشلىغۇچى گرانىت تاش تامدىكى كامارنى ئېتىۋەتمەكچى بولغاندا ئۇ يول قويمىغان ئەمەسمىدى ! هاياتىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇ بۇلاق سۈيى دەسلەپ سەپەر ئۈستىدە ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇردى ، ئەمدىلىكتە بولسا لەخمە ئىچىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى يولدا مېنىڭ ئېزىپ قالماسلىقىمغا يېتەكچىلىك قىلماقتا .
قايتىشىمىزدا ئېرىقتا ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدە يۈزۈمنى يۇيۇۋالماقچى بولدۇم ، بۇنىڭ پايدىسى باركى ، زېھنىنى يوق ئىدى .
شۇنىڭ بىلەن مەن ئېڭىشىپ ، بېشىمنى هانس ئېرىقىغا تىقتىم !
شۇ چاغدا مېنىڭ قانچىلىك چۆچۈپ كەتكەنلىكىمنى كۆپچىلىك پەرەز قىلىپ بېقىڭلارچۇ !
ئاياغلىرىم ئاستىدىكىسى قاتتىق هەم قوپال گرانىت تاش !

ئېقىپ تۇرغان ئېرىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى !

## 27

مەن ئۈمىدسىزلىككە پاتقان ھالىتىمنى قانداق بايان قىلىشنى بىلەلمىدىم ، مېنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىمنى تەسۋىرلەشكە ئىنسانىيەت تىلىدا بىرەر سۆپەت سۆزى تېپىلمىسا كېرەك . مەن تىرىك كۆمۈۋېتىلگەندىم ، ئەمدى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم .

مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئوتتەك قىزىق قوللىرىم بىلەن يەرنى سىپىلىدىم ، ئاھ ، نېمىدېگەن قۇرۇق تاشلار - بۇ !

— ئېرىقتىن قانداقلارچە ئايرىلىپ كەتكەنلىكىمگە زادىلا ئەقلىم يەتمىدى . قىسقىسى ، ئېرىق بۇ يەردە ئەمەس ئىدى . مەن پەقەت شۇندىلا ھەمراھلىرىمنىڭ ئاياغ تىۋۇشىنى ئاڭلاش ئىستىكىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قۇلاق سېلىپ تىڭشىغان چېغىمدا ، ئەتراپىمنىڭ نېمىشقا بۇنچىلىك جىمجىت بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم .

ئەسلىدە مەن تۇيۇق يولغا كىرىپ كەتكەندىن باشلاپ ، ئېرىقنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن . روشەنكى ، شۇ چاغدا مەن ئاچالغا ئۇچراپ قاپتىمەن ، ھالبۇكى ھانىس ئېرىقى بولسا يەنە بىر يانتۇلۇقنى بويلاپ ئېقىپ ھەمراھلىرىمنى نامەلۇم بىر چوڭقۇر ھاڭغا باشلاپ كېتىپتۇ !

قانداق قايتىش كېرەك ؟ ئاياغ ئىزلىرىمنى بويلاپ مېڭىش كېرەكمۇ ؟ لېكىن ئاياغ ئىزلىرىم كۆرۈنمىدى ، چۈنكى گرانىت تاش يەردە مېنىڭ ھېچقانداق ئاياغ ئىزىم قالمىغانىدى . مەن قاتتىق كاللا قاتۇرۇپ ، ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان بىرەر ئامال تاپماقچى بولدۇم . مېنىڭ شۇ تاپتىكى ئەھۋالىمنى «ئېزىپ كېتىش» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولاتتى !

شۇنداق ! مەن چوڭقۇرلۇقنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە ئېزىپ قالغانىدىم . 75 مىل قىلىنلىقتىكى يەر پوستىنىڭ ھەممە ئېغىرلىقى يەلكەمنى باسقانىدى . مەن مىجىلىپ ئۆلۈپ كېتىشكە تاسلا قالغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالدىم .

مەن يەر ئۈستىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ باقمىدىم ، لېكىن بۇنداق قىلىشقىمۇ خېلى كۈچەشكە توغرا كەلدى . ھامبۇرگ ، كونى كوچىسى ، بىچارە گىلاۋبېن ، يەنە پۈتۈن دۇنيا — مەن ئۇنىڭ ئاستىدا يولدىن ئېزىپ قالدىم — ھەممە ئىشلار دەككە - دۈككە ئىچىدە خاتىرەمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى . خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە — سەپەر جەريانىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىشلار : دېڭىزدىن ئۆتۈش ، ئىسلاندىيە ئارىلى ، فىرادىرىكسون ئەپەندى ، سنافېر يانار تېغى كۆز ئالدىمغا كەلدى . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد كۈتۈش ساراڭنىڭ ئىشى ، ئەڭ ياخشىسى ، بارلىق خام خىياللاردىن ۋاز كېچىش كېرەك ، دەپ ئويلىدىم .

دېمىسىمۇ ، ئىنسانىيەت قانداق كۈچ - قۇدرىتى بىلەن بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى غايەت چوڭ ئاسمان گۈمبىزىنى يېرىپ تاشلاپ مېنى يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقالايدۇ ؟ يەنە كىم مېنى قايتىپ كېتىش يولىغا باشلاپ مېڭىپ ھەمراھلىرىم بىلەن ئۇچراشتۇرالايدۇ ؟

— ئېھ تاغا ! — مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ۋارقىراپ تاشلىدىم .

بۇ مېنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگەن بىردىنبىر گېپىم ئىدى ، چۈنكى شۇ تاپتا بۇ بىچارە ئادەمنىڭ مېنى ئىزدەپ تاپالمىغانسېرى قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم .

مەن ئەمدى مېنى ھېچقانداق ئادەمنىڭ قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ، ئۆز - ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىدىن مەدەت تىلەش ئېسىمگە كەلدى . مەن بالىلىق چاغلىرىم ۋە ئانامنى ئەسلىدىم — ئۇنىڭدىن ماڭا قالغان ئەسلىمە مېنى مېھرىبانلىق

بىلەن سۆيۈپ قويۇشلىرى ئىدى . مەن ئىبادەت قىلىشقا باشلىدىم . لېكىن ، تەڭرى مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنى ئىلىك ئالماسلىقتا تامامەن ھەقلىق ئىدى ، چۈنكى مەن ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەشنى بەك كېچىكىپ ئېسىمگە ئالغانىدىم ، شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا باشلىدىم . تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈم سەل جايىغا چۈشتى ، ئەمدى بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىمنى ئىشقا سېلىپ ، شۇ تاپتىكى ئەھۋالىم ھەققىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم .

مېنىڭ ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇقۇم بار بولۇپ ، سۇدىنىمۇ لىق ئىدى . بۇ يەردە يالغۇز ئۇزاق ۋاقىت تۇرسام بولمايتتى . ئەمدىكى گەپ ، يۇقىرىغا قاراپ مېڭىشىم كېرەكمۇ ياكى تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشىم كېرەكمۇ ؟

ئەلۋەتتە يۇقىرىغا ! ئۇدۇل يۇقىرىغا قاراپ مېڭىش كېرەك ! مەن ئېرىقتىن ئايرىلىپ كەتكەن يەرگە ، يەنى ھېلىقى ئاچالغا قايتىپ بېرىشىم كېرەك . ئېرىقنى تېپىۋالسام ، قايتىدىن سنافېر يانار تېغىنىڭ چوققىسىغا قايتىپ بارالىشىم مۇمكىن ئىدى .

نېمىشقا بالدۇرراق ئېسىمگە كەلمىدىكىنە ؟ بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ھاياتلىق پۇرسىتى ئىدى ، ئەمدىكى مۇھىم ئىش ھانس ئېرىقىنى ئىزدەپ تېپىش ئىدى .

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قولۇمغا تۆمۈر تاياقنى ئالدىم ـ دە ، لەخمىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم . يانتۇلۇق بەك تىك ئىدى ، مەن تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن گويا بۇنىڭدىن باشقا يول يوقتەك قىلچە ئىككىلەنمەي مېڭىشقا باشلىدىم .

يېرىم سائەت ئىچىدە مەن ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدىم ، لەخمىنىڭ شەكلى ، بۆرتۈپ چىققان تاشلار ھەممىدە ئېگىز ـ پەس يەرلەر ئارقىلىق يولنى ئىلغا قىلماقچى بولدۇم . بىراق ، ھېچقانداق ئالاھىدە بەلگىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن بۇ لەخمىنىڭ مېنى ئاچال ئېغىزىغا ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى بايقىدىم ، چۈنكى بۇ تۇيۇق يولدەك قىلاتتى ، دېگەندەكلا ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن

ئەمەس بىر تاش تام ئالدىمنى توسۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تاش ئۈستىدە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدىكى قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەن ھالىتىمنى سۆپەتلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن پۈتۈنلەي قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. چۈنكى، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمنى گرانىت تاش تام بىتچىت قىلىۋەتكەنىدى.

مەن بۇ سىرلىق ئۆردىنىڭ ئىچىدە ئېزىپ قالدىم. بۇ يەردە ئەگرى - بۈگرى يوللار بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەن ئەمدى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم! توساتتىن كاللامدا بىر غەلىتە خىيال تۇغۇلدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە تاشقا ئايلانغان جەسىتىم 75 مىل چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستىدا بايقالسا، چوقۇم نۇرغۇن جىددىي ئىلمىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن! مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلماقچى بولۇۋىدىم، قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىمنىڭ ئارىسىدىن بوغۇق ئاۋاز چىقتى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇق ھاسىرىغىلى باشلىدىم. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرغان چېغىمدا مېنى يەنە بىر قورقۇنچلۇق پالاكەت باستى، چىرىغىم قولۇمدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپ بۇزۇلدى، مەن ھەرقانچە قىلغىنىم بىلەنمۇ ئۇنى ياسىيالمايتتىم. چىراغ يورۇقى بارا - بارا خىرەلىشىپ، ئۆچۈپ قېلىشقا ئازلا قالدى.

مەن چىراغ يورۇقىنىڭ بارغانسېرى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردۇم. تاش تامغا مىدىرلاپ تۇرغان بىرمۇنچە سايىلار چۈشتى. مەن ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىغان يورۇقلۇقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ كۆزۈمنى چىمىلدىتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم! مەن يورۇقلۇقنىڭ مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەكسىچە زۇلمەت قاراڭغۇلۇقنىڭ مېنى قوينىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاقىۋەت ، ئەڭ ئاخىرقى زەررىچە يورۇقلۇق چىراغ تۇرۇبىسى ئىچىدە تىترەپ كەتتى . مەن ئۇنىڭغا تىكىلگىنىمچە كۆزلىرىمنىڭ بارلىق قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ قارىدىم . مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يورۇقلۇقتىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بەھرىلىنىۋالماقچى بولدۇم ، ئارقىدىنلا مەن زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە مەھكۇم بولدۇم ، ئاخىر ۋەھىمىلىك تۇۋلىۋەتتىم ! يەر شارىنىڭ يۈزىدە ئاي قاراڭغۇسى بولغان ھەرقانداق زۇلمەت كېچىدىمۇ ئاز - تولا يورۇقلۇق بولاتتى . بۇنداق يورۇقلۇق ھەرقانچە چېچىلغان ھەم ئاجىز بولسىمۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئۇنى بايقىماي قالمايتتى ! لېكىن بۇ يەردە بولسا ئازراق بولسىمۇ يورۇقلۇق يوق . بۇنداق تۇن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە مەن ئىسمى جىسمىغا لايىق قارىغۇغا ئايلاندىم .

شۇنىڭ بىلەن ئەقلىمدىن ئازدىم . قوللىرىمنى ئالدى تەرەپكە سوزۇپ ، سىلاپ - سىيپىلاپ ئالدىمغا قاراپ مېڭىشقا ئۇرۇندۇم . ئاخىر قېچىشقا باشلىدىم ، يوللىرى مۇرەككەپ بۇ سىرلىق ئوردىنىڭ ئىچىدە ئارۋاڭ - سارۋاڭ دەسسىگىنىمچە قەدەملىرىمنى ئىتتىكلىتىپ ، تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم . يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ، خۇددى ئۆككۈر ئادەملەرگە ئوخشاش بولۇشغا ۋارقىراشقا باشلىدىم . بۆرتۈپ چىققان تاشلارغا ئۇسۇۋېلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم ، يەنە قوپۇپ يۈگۈردۈم ، يۈزۈمدىن ئاققان قانلارنى ھەدەپ ئىچىمگە يۇتتۇم ، ئەمدى ئالدىمغا ئۇچرىغان تاش تامغا ئۇسۇۋېلىپ كاللامنىڭ پارا - پارە بولۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى ! مەن مۇشۇنداق ساراڭلارچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن ، لېكىن يۈگۈرۈپ نەگىمۇ بارالىشىم مۇمكىن ؟ بۇنى بىلمىدىم ، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم - دە ، تاش تامنىڭ تۈۋىگە يىقىلىپ ھوشۇمنى يوقاتتىم .

## 28

ھوشۇمغا كەلگەن چاغدا يۈزۈمنىڭ ياش يۇقى تۇرغانلىقىنى

بىلدىم . قانچە ۋاقىت ھوشسىز ياتقانلىقىم ئېسىمدە يوق ، شۇ تاپتا مەندە ۋاقىت ئۇقۇمى يوق ئىدى . دۇنيادا ماڭا ئوخشاش بۇنداق يەككە ـ يېگانە ، ياردەمسىز قالغان ئادەمدىن يەنە بىرى بولمىسا كېرەك .

يىقىلغان چاغدا مەندىن نۇرغۇن قان چىقىپ كېتىپتۇ ، ئۆزۈمنى خۇددى قانغا چۆمۈلۈپ ياتقاندەك ھېس قىلدىم ! ئاھ ! مەن ئۆزۈمنىڭ تېخىچە ئۆلمىگەنلىكىمگە قاتتىق ئەپسۇسلاندىم ، ئۆلۈش ئازابىنى يەنە يەتكۈچە تارتىدىغان ئوخشايمەن ! ئەمدى ھېچ نەرسە ئويلىغۇم كەلمىدى . بارلىق ئوي ـ خىياللارنى كاللامدىن چىقىرىۋەتتىم . مەن ئازابقا چىدىماي ، قارشى تەرەپتىكى تامنىڭ يېنىغا دومىلاپ باردىم .

مەن ئۆزۈمنىڭ باشقىدىن ھوشسىزلىنىشقا باشلىغانلىقىمنى ھېس قىلىشىم بىلەن تەڭ ھەممىدىن بىراقلا ئۈمىد ئۈزدۈم . بىر چاغدا قۇلىقىمغا ئۇزۇن داۋام قىلغان گۈلدۈرمامىغا ئوخشايدىغان بىر كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى ، بۇ ئاۋاز بارا ـ بارا يىراق جايدىكى چوڭقۇر ھاڭ ئىچىدە يوقالدى . بۇ ئاۋاز قەيەردىن كەلگەندۇ ؟ بۇنى چوقۇم يەر قاتلىمىدا يۈز بەرگەن مەلۇم بىر ھادىسە پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن ! بۇ گاز جىسىمنىڭ پارتلىشى ياكى بولمىسا يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غايەت چوڭ تاش قاتلىمىنىڭ گۈمۈرۈلۈشىمۇ يا ؟

مەن داۋاملىق تىڭشىدىم ، بۇ ئاۋازنىڭ يەنە ياڭرىشىنى ئاڭلىماقچى بولدۇم ، چارەك سائەت ئۆتۈپ كەتتى ، لەخمىنىڭ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى ، مەن ھەتتا يۈرىكىممۇ سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك ھېس قىلدىم .

تاش تامغا تېگىپ تۇرغان قۇلىقىمغا تۇيۇقسىز بىركىمنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى . بۇ ئاۋاز شۇنداق تۇتۇق ھەم يىراقتا ئىدىكى ، ئاڭقىرىغىلى بولمايتتى . مەن تىترەپ كەتتىم . «بۇ دېگەن خىيالىي تۇيغۇ» دېگەن ئوي خىيالىمدىن لىپپىدە كەچتى .

تۇرۇپ ئۇنداق ئەمەستەكمۇ قىلاتتى ، لېكىن يەنە زەن قويۇپ تىڭشىسام ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئادەمنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئىدى . ئۆزۈم ھەددىدىن زىيادە ئاجىزلاپ كەتكەن بولغاچقا ،گەپنىڭ مەزمۇنىنى بىلەلمىدىم ، ئەمما بىركىمنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى .

بىراق ، مەن بۇ ئۆزۈمنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى بولمىسۇن - يەنە دەپ ئەنسىرەپ قالدىم . ئېھتىمال بايا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ۋارقىراپ سالغان بولۇشۇم مۇمكىن . مەن ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇپ ، قولىقىمنى تاش تامغا قايتىدىن ياقتىم .

خاتا ئەمەس ، راستىنلا گەپ قىلىۋاتقان ئادەم بار ئىكەن ! بىرى گەپ قىلىۋېتىپتۇ ! نەچچە فۇت قېلىنلىقتىكى تاش تامغا قۇلىقىمنى يېقىپ تۇرۇپ ، بىرىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىم . بۇ ئاۋاز ئېگىز - پەس ، غەلىتە ھەم چۈشىنىكسىز ئىدى ، خۇددى بىرى پەس ئاۋازدا ئالدىرىماي گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى . مەن بىرنەچچە قېتىم «ئېزىپ كېتىپتۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم ھەمدە بۇ سۆز تولىمۇ ھەسرەتلىك چىقىۋاتاتتى .

بۇ نېمە دېگىنىدۇ ؟ گەپ قىلىۋاتقان زادى كىمدۇ ؟ ناھايىتى ئېنىقكى ، بۇ تاغام ياكى ھانس . مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان يەردە ، ئۇلارمۇ چوقۇم مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىيالايدۇ .

— قۇتقۇزۇڭلار ! — مەن بار كۈچۈم بىلەن توۋلىدىم ، — قۇتقۇزۇڭلار ! — مەن قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە جاۋاب قايتىشىنى ، بىرەرىنىڭ توۋلىغان ياكى ئۇھ تارتقان ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاشقا تەقەززا بولدۇم ، لېكىن ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدىم . بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى ، كاللامدا تۈرلۈك خىياللار ئەكس ئېتىشكە باشلىدى . ئېھتىمال ئاۋازىم بەك پەس بولغاچقا ، ھەمراھلىرىم بار يەرگە يېتىپ بارالمىغان بولۇشى مۇمكىن .

«چوقۇم شۇلار ، — كاللام توختىماي ئىشلەشكە باشلىدى ، — يەر ئاستىدىكى 75 مىل چوڭقۇرلۇقتىكى بۇنداق جايدا ئۇلاردىن

باشقا يەنە كىم بولۇشى مۇمكىن؟» مەن داۋاملىق تىڭشاشقا باشلىدىم، قۇلىقىمنى تاش تامنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە يېقىپ، ئاخىر ئاۋاز ئەڭ ئېنىق ئاڭلىنىدىغان يەرنى تاپتىم. مەن «ئېزىپ كېتىپتۇ» دېگەن سۆزنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدىم، ئارقىدىن مېنى بىھوشلۇقتىن ھوشۇمغا كەلتۈرگەن گۇلدۇرماما ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ياق، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — بۇ ھەرگىزمۇ تاش تامدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئەمەس، ئاۋاز ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ گرانىت تاش تامدىن ئۆتۈپ ئاڭلىنىشى مۇمكىن ئەمەس! بۇ چوقۇم لەخمە ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز! بۇ، ئاكۇستىكىدىكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە تەسىرنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن.»

مەن قايتىدىن تىڭشاشقا باشلىدىم، بۇ قېتىم ئىسمىمنى راستىنلا ئېنىق ئاڭلىدىم! تاغام توۋلاۋاتاتتى! ئۇ يول باشلىغۇچىغا گەپ قىلىۋاتقان بولۇپ، «ئېزىپ كېتىپتۇ» دېگەن سۆزنى دانىيە تىلىدا دېگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ھەممىنى چۈشەندىم. ئۇلارغا ئاۋازىمنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن تاش تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ گەپ قىلسام، تاش تام خۇددى توك سىمىدەك ئاۋازىمنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

ئەمدى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشقا بولمايتتى، ھەمراھلىرىم يىراققا قاراپ يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭىدىغانلا بولسا ئاكۇستىكا ئۇنۇمىنىڭ رولى ئۆز كۈچىنى يوقىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تاش تامغا يېقىن كەلدىم ـ دە، قۇربىمنىڭ يېتىشىچە سۆزلەرنى ئېنىق دېيىشكە تىرىشتىم ۋە:

— لىدىنبورۇگ تاغا! — دەپ توۋلىدىم.

مەن تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۇم. بۇ يەردە ئاۋازنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى تېز ئەمەس ئىدى. بۇ يەرنى قاپلىغان ناھايىتى يۇقىرى ھاۋا زىچلىقى ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىنى بىلەن تارقىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتەلمەيتتى. بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتۈپ كەتتى، بۇ بىرنەچچە سېكۇنت ماڭا خۇددى بىرنەچچە ئەسىردەك بىلىنىپ كەتتى! مەن ئاخىر ئۇياقتىن كەلگەن ئاۋازنى

ئاڭلىدىم :
— ئاكسال ، ئاكسال ! بۇ سەنمۇ ؟
— ھەئە مەن ، ھەئە مەن !
— بالام ، سەن قەيەردە ؟
— مەن ئېزىپ قالدىم ، قاراڭغۇ بىر يەردە مەن .
— سېنىڭ چىرىغىڭ قېنى ؟
— ئۆچۈپ قالدى .
— ئېرىقچۇ ؟
— يوقاپ كەتتى .
— ئاكسال ، بىچارە ئاكسال ، روھىڭنى چۈشۈرمە !
— توختاپ تۇرۇڭ ، مەن بەك ھالسىزلىنىپ كەتتىم . جاۋاب قايتۇرغۇدەك ماجالىم قالمىدى . سىز سۆزلەڭ .
— روھىڭنى چۈشۈرمە ، — دېدى تاغام ، — ئەمدى ئۇنچىقماي گېپىمنى ئاڭلا . بىز لەخمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەرىپىدە سېنى ئىــزدىگەن بولساقمۇ ، ئەمما تاپالمايۋاتىمىز . ئاھ ، سەن ئۈچۈن نۇرغۇن ياش تۆكتۈم ، بالام ! كېيىن بىز سېنى ئېرىقنى بويلاپ كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ، مىلتىق ئاتقاچ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدۇق . ھازىر بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالىغان بىــلــەن ، بــۇ دېــگــەن پۈتۈنلەي ئاكۇستىكا ھادىسىسى ! بىزنىڭ قــولــلــىرــىمــىز تېخى بىر - بىرىمىزگە تېگىشمىدى ! بىراق ، ئۈمــىــدســىــزلــەنــمــە ، ئــاكــســال ! بىر - بىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغانلىقىمىزنىڭ ئۆزى ئامەت - تەلىيىمىز !
بۇ چــاغــدا مــەن ســەل ئــويــلــىنىۋالدىم . كۆڭلۈمدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يەنە چاقنىغاندەك بولدى ، شۇنداقتىمۇ ئالدى بىلەن ئــىــنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى بىلىۋېلىشىم كېرەكلىكى ئېسىمگە كەلدى . ئاخىر ئاغزىمنى تاش تامغا يېقىپ تۇرۇپ دېدىم :
— تاغا !
— بــالام ! — مەن بــىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىدىم .

— بىز ئالدى بىلەن بىر - بىرىمىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىمىزنى بىلىۋالايلى .
— بۇ ئاسان .
— سىز خرونوسكوپنى ئىلىۋالغانمىدىڭىز ؟
— ئىلىۋالغان .
خرونوسكوپنى ئىلىڭ ، ئاندىن ئىسمىمنى توۋلاڭ - دە ، ئىسترىلكا كۆرسەتكەن سېكۇنت ئورنىنى خاتىرىلىۋېلىڭ . مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغان ھامان قايتۇرۇپ توۋلايمەن ، سىز ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ھامان شۇ ۋاقىتنى خاتىرىلىۋېلىڭ .
— بولىدۇ ، مەن ئىسمىڭىزنى توۋلاپ ، سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى ئاڭلىغۇچە ئۆتكەن ۋاقىتنى ئىككىگە بۆلسەك ، ئاۋازىڭ بۇ يەرگە يېتىشكە كەتكەن ۋاقىت كېلىپ چىقىدۇ .
— شۇنداق ، تاغا .
— تەييار بولدۇڭمۇ ؟
— تەييار بولدۇم .
— ياخشى ، دىققەت قىل ، ھازىر ئىسمىڭنى توۋلايمەن .
مەن قۇلىقىمنى تاش تامغا يېقىن ئەكېلىپ ، ئىسمىمنى ئاڭلىغان ھامان «ئاكسال» دەپ توۋلىدىم ، ئاندىن كۈتۈپ تۇردۇم .
— 40 سېكۇنت ، — دېدى تاغام ، — ئىككى ئاۋازنىڭ ئىككى نۇقتىغا يېتىپ بېرىشىغا 40 سېكۇنت كەتتى ، مېنىڭ ئاۋازىم سەن تۇرغان يەرگە يېتىپ بېرىشقا 20 سېكۇنت كېتىدىكەن . ئاۋاز ھەر سېكۇنتتا 1024 فۇت يىراقلىققا تارقىلىدۇ ، بۇنىڭدا ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى 20400 فۇت كېلىدىكەن ، بۇ تۆت مىلغا يەتمەيدىغان ئارىلىق دېگەن گەپ .
— تۆت مىلمۇ كەلمەيدۇ ؟ — دېدىم پەس ئاۋازدا .
— بۇ ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكىلى بولىدۇ ، ئاكسال !
— مەن يۇقىرىغا قاراپ ماڭامدىمەن ياكى تۆۋەنگىمۇ ؟
— تۆۋەنگە ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي . بىز ھازىر ئىنتايىن چوڭ بىر ئۆڭكۈردە تۇرۇۋاتىمىز . نۇرغۇن

لەخمىلەر مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ ، سەن ئۆزۈڭ تۇرۇۋاتقان لەخمە بىلەن مېڭىۋەرسەڭ چوقۇم مۇشۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيسەن ، چۈنكى يەر شارىدىكى ھەممە يېرىق ۋە ئۆزۈلمە قاتلاملار بىز تۇرۇۋاتقان ئۆڭكۈرنى مەركەز قىلغان ھالدا تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ . شۇڭا ، سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يولۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن . چاپسان ماڭ ، زۆرۈر بولغان چاغدا ئاياغلىرىڭنى سۆرەپ ماڭساڭمۇ بولىدۇ ، تىك يانتۇلۇق ئۇچرىسا تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلغىن ، بىز لەخمىنىڭ ئۇ بېشىدا سېنى قۇچاقلىرىمىزنى كەڭ ئېچىپ كۈتۈۋالىمىز . يولغا چىققىن بالام ، چاپسان بول .

بۇ گەپلەر روھىمنى قايتىدىن ئۇرغۇتتى .

— خەير - خوش ، تاغا ، — دېدىم توۋلاپ ، — مەن ماڭدىم ، بۇ يەردىن ئايرىلساملا بىر - بىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايمىز ! خەير - خوش !

— خەير - خوش ، ئاكسال ، خەير - خوش !

بۇ مەن ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزلەر بولۇپ قالدى .

يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ، ئاز كەم تۆت مىل ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان ، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان دىئالوگلار ئۈمىدۋارلىق بىلەن تويۇنغان ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن ئاياغلاشتى . مەن تەڭرىگە تېۋىنىپ رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم ، چۈنكى ئۇ بۇ زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مېنى ھەمراھلىرىمنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان جايغا بارىدىغان بىردىنبىر يولغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى .

كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىغان بۇنداق ئاكۇستىكا تەسىرىنى فىزىكا پرىنسىپلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ ، يەنى لەخمىنىڭ شەكلى ۋە تاشلارنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقى مۇشۇنداق ئاكۇستىكا ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان . ئادەملەر مەلۇم ۋاستىلىك بوشلۇقتىكى ئاۋازنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ، ئەمما ئاۋاز بولسا تارقىلىۋېرىدۇ . بۇنداق مىساللار بەك كۆپ ، ئېسىمدە قېلىشىچە ، مۇشۇ خىل ھادىسىلەر نۇرغۇن جايلاردا ، مەسىلەن ، لوندوندىكى سان پائۇل چېركاۋىنىڭ ئىچكىرى ئايۋانلىرىدا ، بولۇپمۇ سىتسىلىيە

ئارىلىدىكى سىراكۇزىنىڭ[1] يېقىن ئەتراپىدىكى ئۆڭكۈرلەردەك غەلىتە تاش تۈرمىلەردە يۈز بەرگەنىدى، بۇ تاش تۈرمىلەرنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن تولىمۇ ئاجايىپ ئاۋاز يەتكۈزۈش ھادىسىسىنى كىشىلەر «دېنىنىڭ[2] قۇلىقى» دەپ ئاتاشقانىدى.

مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، تاغامنىڭ ئاۋازى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلىگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. ئەمدى يېتەرلىك ماغدۇر بولسىلا، ئاۋاز تارقىلىپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئازماي ماڭسام، كۆزلىگەن يېرىمگە بارالىشىمدا گەپ يوق ئىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. مېنى ماڭدى دېگەندىن كۆرە، ئاستا سۈرۈلۈۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك. يانتۇلۇق بەك تىك بولغاچقا، مەن پەسكە سىيرىلىپ ئىلگىرىلىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي پەسكە سىيرىلىش سۈرئىتىم بارغانسېرى تېزلەشكىلى تۇردى، مېنى قورقۇنچ باستى. چۈنكى، مەن پەسكە قاراپ قۇيۇندەك چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم، شۇ تاپتا مەندە ئۆزۈمنى توختىتىۋالغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەت قالمىغانىدى.

پۇتۇم توساتتىن بوشلۇققا دەسسەپ سالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ قوپال تاشلارنىڭ ئۈستىدە دومىلاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ تىك لەخمە ئىسمى جىسمىغا لايىق چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ ئۆزى ئىدى. بىر چاغدا بېشىم بېرىپ بىر ئۇچلۇق تاشقا تەگدى - دە، ھوشۇمنى يوقاتتىم.

## 29

ھوشۇمغا كەلگەن چېغىمدا ئەتراپىمنىڭ خىرە - شىرە يورۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئۆزۈم بولسام قېلىن كۆرپە ئۈستىدە

---

① سىراكۇزى — ئىتالىيىنىڭ پورت شەھىرى، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا، سىتسىلىيە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى. بۇ شەھەردە ئاسارىئەتىقىلەر كۆپ بولۇپ، تاش تۈرمە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

② دېنى — (430 - 367) سىراكۇزىنىڭ زوراۋان پادىشاھى.

ياتاتتىم . تاغام مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي ، چىرايىمدىكى ئاداققى هاياتلىق ئىزنالىرىنى كۆزىتىۋاتاتتى . مەن ئېغىر ئۇھ تارتتىم ، تاغام دەرهال قولۇمنى تۇتۇۋالدى ، مەن كۆزۈمنى ئېچىشىم بىلەن ئۇ ۋارقىراپ كەتتى .

— ئۇ تىرىك ئىكەن ! ئۇ تىرىك ئىكەن !

— هەئە ، مەن تىرىك ، — مەن زەئىپ ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردۇم .

— بالام ، — تاغام سۆزلىگەچ مېنى قۇچاقلىدى ، — ئاخىر هايات قالدىڭ !

ئۇنىڭ گەپلىرى مېنى هاياجانغا سالدى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان غەمخورلۇقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋەتتى . پروفېسسور پەقەت مۇشۇنداق چاغلاردىلا ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى .

شۇ ئەسنادا قېشىمغا هانىس كەلدى . ئۇ تاغامنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرىنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق .

— ياخشىمۇسەن ، — دېدى ئۇ .

— ياخشىمۇسەن هانىس ، ياخشىمۇسەن ، — دېدىم پەس ئاۋازدا ، — تاغا ، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭچۇ ، بىز هازىر قەيەردە ؟

— ئەته بىرنېمە دېيىشەيلى ، ئاكسال . هازىر بەك ئاجىزلاپ كەتتىڭ ، بېشىڭنى داكا بىلەن تېڭىپ قويدۇم ، ئۇنىڭغا چېقىلما . ئۇخلا بالام ، ئەته سەن ھەممىنى بىلىۋالىسەن .

— لېكىن ، — دېدىم يەنە ، — سىز ماڭا هېچبولمىغاندا چېسلاغا قانچە ۋە هازىر قايسى چاغ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز ؟

— هازىر كەچ سائەت 11 بولدى ، بۈگۈن 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يەكشەنبە . ئەمدى 10 ـ چېسلا سەھەرگىچە سېنىڭ يەنە سوئال سورىشىڭغا رۇخسەت يوق .

دېمىسىمۇ مەن بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدىم . كۆزلىرىم

ئىختىيارسىز يۇمۇلدى، مەن بىر كىچە دەم ئالمىسام بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ يەككە - يېگانە هالدا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنگەن تۆت كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ئويلىغاچ، گاراڭ هالەتتە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتىم.

مەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپلا ئەتراپىمنى كۆزەتتىم. ئاستىمدىكى كۆرپە بىزدىكى بارلىق سەپەر ئەدىياللىرىدىن راسلانغانىدى، مەن تولىمۇ ئىللىق بىر ئۆڭكۈر ئىچىدە يېتىپتىمەن. هەممىلا يەر چىرايلىق ستالاگمىت (هاك تاشلىق ئۆڭكۈرلەردىن چىقىدىغان بامبۇك نوتىسىغا ئوخشاش جىسىم)لار بىلەن تولغان بولۇپ، يەرگە بىر قەۋەت يۇمشاق قۇم يېيىپ سېلىنغانىدى، ئۆڭكۈر خىرە - شىرە يورۇق ئىدى. گەرچە مەشئەل ياكى چىراغ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆڭكۈرنىڭ تار ئېغىزىدىن بىر خىل غەلىتە يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. مەن يەنە بوغۇق هەم تۇتۇق چۈشىنىكسىز بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بۇ دېڭىز دولقۇنى ساهىلىغا ئۇرۇلغان چاغدا چىققان ئاۋازغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى، بەزىدە ئۇنىڭغا شامالنىڭ ئۇشقىرتقان ئاۋازىمۇ قوشۇلۇپ قالاتتى. مەن ئۆزۈمنى تېخى ئويغانماي، داۋاملىق چۈش كۆرۈۋاتقان ئوخشايمەن، دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم ۋە ئۆزۈمگە «تىك ياردىن يىقىلىپ چۈشۈپ بېشىم يارىلانغان بولغاچقا، خىيالىي تۇيغۇمدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلاۋاتىمەنمۇ، قانداق؟» دەپ سوئال قويدۇم. لېكىن، مەيلى كۆزلىرىم بولسۇن ياكى قۇلاقلىرىم بولسۇن هېچقايسىسى خاتالاشمىغانىدى.

«بۇ راستىنلا قۇياش نۇرى ئىكەن، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئۇ تاش يېرىقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە چۈشۈۋېتىپتۇ! ئاڭلىغىنىم دېڭىز شاۋقۇنى ئىكەن! يەنە تېخى شامالنىڭ ئۇشقىرتقان ئاۋازىمۇ بار! مەن خاتالىشىۋاتىمەنمۇ ياكى بىز يەر ئۇستىگە چىقىپ قالدۇقمۇ؟ ئەجەبا، تاغام بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەدىن ۋاز كەچكەنمىدۇ ياكى ئامەتسىز كېلىپ پۈتۈن مۇساپىنى بېسىپ تۈگەتتۇقمۇ يا؟»

مەن جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغان مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئويلاپ ياتاتتىم، بىر چاغدا تاغام ئۆڭكۆرگە كىرىپ كەلدى.

— ياخشىمۇسەن ئاكسال، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — مەن باغلىشىمەنكى، سىنىڭ كەيپىياتىڭ ئىنتايىن ياخشىغۇ دەيمەن!

— شۇنداق، — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇردۇم.

— قارىغاندا، شۇنداقتەك قىلىدۇ، چۈنكى ئاخشام سەن ناھايىتى ياخشى ئۇخلىدىڭ، ھانىس ئىككىمىز ساڭا نۆۋەتلىشىپ قارىدۇق. ھازىر ئەھۋالىڭ خېلىلا ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ.

— كەيپىياتىم ھەقىقەتەن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى، ئىشەنمىسەڭلار ماڭا ناشتىلىق ئەكېلىپ بېرىڭلارچۇ. ئۇنى بولۇشىچە يەپ سىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرەي!

— ساڭا ھازىرلا ئەكېلىپ بېرەي، بالام! قىزىتماڭ يېنىپتۇ. ھانىس ئاللىقانداق بىر مەلھەمنى ياراڭغا سۈرۈپ قويۇۋىدى، جاراھىتىڭ تولىمۇ سىرلىق ھالدا پۈتۈپ كېتىپتۇ، بۇ ئىسلاندىيىلىكلەرنىڭ مەخپىي رېتسېپى ئوخشايدۇ. بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز ھەقىقەتەنمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن!

پاراڭ ئارىلىقىدا تاغام ماڭا ناشتىلىق تەييارلاپ بەردى. مەن ئۇنىڭ تاپىلاشلىرى بىلەن كارىم بولماي، ناشتىلىقنى بىردەمدىلا پاك - پاكىز سوقۇۋەتتىم. تاماق يېگەچ ئۇنىڭدىن بىر تالاي مەسىلىلەرنى سورىدىم، تاغام دەرھال ھەممىسىگە جاۋاب بەردى. مەن پەقەت شۇندىلا ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم. مېنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىم تەگرىنىڭ ئىرادىسى ئىدى. ئۇ مېنى دەل خېلىلا تىك بىر لەخمىنىڭ ئاخىرقى بېشىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ، مەن بىلەن يەنە بىرمۇنچە تاشلارمۇ سىيرىلىپ چۈشكەنىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىر پارچىسىمۇ مېنى تامامەن مىجىپ تاشلىيالايتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدا بىر قىسىم تاش تاملار مېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ پەسكە سىيرىلغانىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ قورقۇنچلۇق غالتەك

پۈتۈن ئەزايى قانغا بويالغان ھەم ھوشىدىن كەتكەن مېنى ئۇدۇل پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ قوينىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ .

— راستىنى دېگەندە ، — دېدى ئۇ ماڭا ، — سېنىڭ ھايات قالغانلىقىڭنى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ . ئەمدى تەڭرىنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ بىز ئايرىلىپ كەتمەيلى ، بولمىسا ، مەڭگۈ كۆرۈشەلمەي قالىمىز .

«ئەمدى ئايرىلىپ كەتمەيلى !» ئۇنداقتا سەپەر تېخى تۈگىمەپتۇ ـ دە ؟ ھەيران بولغىنىمدىن كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى . تاغام بۇ ھالىمنى كۆرۈپ سورىدى :

— نېمە بولدۇڭ ، ئاكسال ؟

— مەن بىر ئىشنى سورىماقچى ، سىز مېنى خەۋپ ـ خەتەردىن ئامان قالدىڭ ، دېگەندىڭىز .

— شۇنداق .

— مېنىڭ قول ـ پۇتلىرىم يارىلانغانمىدۇ ؟

— ئەلۋەتتە .

— مېنىڭ بېشىمچۇ ؟

— بېشىڭ يەلكەڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ ، ئازراق يېرىلىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا .

— مەن كاللام تەسىرگە ئۇچرىغانمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن .

— تەسىرگە ؟

— توغرا ، بىز تېخى يەر ئۈستىگە قايتىپ چىقمىدۇقما ؟

— تېخى قايتىپ چىقمىدۇق .

— ئۇنداقتا ، مەن چوقۇم ساراڭ بولۇپ قاپتىمەن ، چۈنكى مەن قۇياش نۇرىنى كۆردۇم ، شامال ۋە دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم !

— ھىم ! دېمەكچى بولغىنىڭ مۇشۇ ئىشمىدى ؟

— بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز ؟

— مەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن ، چۈنكى بۇنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ ، ئەمما سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن

كۆرگەندىن كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن . گېئولوگىيە تەتقىقاتىدا مەڭگۈ چېتىگە يەتكىلى بولمايدۇ .
— ئۇنداق بولسا بىز سىرتقا چىقايلى ، — دېدىم توۋلاپ ۋە ئورنۇمدىن دەس قوپتۇم .
— ياق ، ئاكسال ، ياق ! قاتتىق شامالدا ساڭا سوغۇق تېگىپ قالىدۇ .
— قاتتىق شامال ؟
— توغرا ، شامال بەكمۇ قاتتىق چىقىۋاتىدۇ ، شۇڭا سېنىڭ شاماللىق يەرگە چىقىشىڭغا يول قويالمايمەن .
— سىزگە كاپالەت بېرەي ، مېنىڭ سالامەتلىكىم ئىنتايىن ياخشى .
— ئازراق چىدىغىن بالام . كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپ قالسا بىزنىڭ ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ ، بىز ئەمدى كېچىكسەڭ بولمايدۇ ، چۈنكى دەريادىن ئۆتۈشكە ئېھتىمال نۇرغۇن ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن .
— دەريادىن ئۆتۈش ؟
— توغرا ، سەن بۈگۈن يەنە بىر كۈن دەم ئېلىۋالساڭ ، ئەتە كېمىگە چىقىمىز .
— كېمىگە چىقىمىز ؟
ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلاپ سەكرەپ كەتتىم .
نېمە كېمىگە چىقىمىز ! ئۇنداقتا ئالدىمىزدا دەريا ، كۆل ياكى چەكسىز كەتكەن دېڭىز بار ئىكەن ـ دە ؟ قارىغاندا ، بىرەر پورتتا توختىتىپ قويۇلغان كېمە بار ئوخشىمامدۇ ؟
مېنىڭ قىزىقىشىم چېكىگە يەتتى . تاغامنىڭ مېنى توسۇپ قېلىش نىيىتىدە قىلغان ئەجرى بىكارغا كەتتى . ئۇ قىزىققانلىقىمنى كۆرۈپ ، ئاخىر تەلىپىمگە ماقۇل بولدى .
مەن دەرھال كىيىملىرىمنى كىيدىم . ئۆڭكۈردىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۈستۈمگە بىر ئەديالنى يېپىنىۋالدىم .

## 30

مەن دەسلەپتە ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم ، كۆزلىرىم يورۇقلۇققا كۆنەلمىگەچكە دەرھال يۇمۇۋالدىم . مەن كۆزلىرىمنى قايتىدىن ئېچىپ كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىنى كۆرگەن چېغىمدا ھەيرانلىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى .

— دېڭىز ! — مەن ۋارقىراپ تاشلىدىم .

— شۇنداق ، — دېدى تاغام جاۋاب بېرىپ ، — لىدىنبورۇگ دېڭىزى ، مېنىڭچە ، ھېچقانداق بىر دېڭىز ساياھەتچىسى ئۇنى بايقاشنى مەن بىلەن تالىشالمايدۇ ، شۇڭا مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتىلىش ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى !

بۇ يەر بىرەر كۆل ياكى دېڭىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ، بىپايان سۇ يۈزىنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى . مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان شاش دولقۇنلار يېرىم ئاي شەكلىدىكى دېڭىز قىرغىقىغا توختاۋسىز ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . ئالتۇن رەڭ ئۇششاق قۇملۇق ساھىلنىڭ ھەممىلا يېرىدە كىچىك قۇلۇلە قاپلىرى بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەر شارىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جانلىقلىرى ياشايتتى . شامال دولقۇنىنىڭ ساھىلغا ئۇرۇلۇشىدىن چاچرىغان سۇ تامچىلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچرىتاتتى ، ھەتتا بىر تال سۇ تامچىسى يۈزۈمگە چاچرىدى . بىلىنەر ـ بىلىنمەس يانتۇ ھالەتتىكى دېڭىز ساھىلىدا بىر غايەت چوڭ تاش تام بۇ دېڭىزنىڭ سۇ يۈزىدىن 600 فۇت ئېگىزلىكتىكى جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ تۈز ھەم ئېگىز بولۇپ ، ئۇچى بۇلۇتلارغا تاقىشاتتى . تاش تامنىڭ تۈۋىدىكى بىرنەچچە ئۇچلۇق تاش ئۇدۇل دېڭىزغا يېرىپ كىرىپ ھاسىل قىلغان بىرمۇنچە تۇمشۇقلارنى ئۇرۇلغان دولقۇنلار توختىماي يالاپ تۇراتتى ، يىراقتىكى تۇمانلىق ئۇپۇق قويىنىدىكى بۇ تۇمشۇقلارنى كۆز بىلەنمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى .

بۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق دېڭىز بولۇپ ، دېڭىز قىرغىقى

تولىمۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئىدى ، ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان بۇ يەر قاقاسلىقىدىن كىشىنى ۋەھىمىگە سالاتتى .

بىر خىل ئاجايىپ نۇر ھەممە يەرنى يورۇتۇۋەتكەچكە ، دېڭىزنىڭ يىراق يەرلىرىدىكى نەرسىلەرنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولاتتى . بۇ يورۇقلۇقنى ئىسسىقلىقى چەكسىز قۇياش ياكى ئاقۇچ گۈڭگا نۇر چاچىدىغان تەلەتى سۆرۈن ئايمۇ چىقارغان ئەمەس ئىدى ، بۇ يورۇقلۇقنىڭ يورۇتۇش كۈچى ، ئۇنىڭ يورۇقلۇق جەريانىدىكى مۇقىمسىزلىق ئالاھىدىلىكى ، بۇ ئاقۇچ نۇرنىڭ يورۇق بولۇشى ، ئۇ پەيدا قىلغان تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىنىڭ ئاجىزلىقى ، ئەمەلىيەتتە تارقىلىۋاتقان يورۇقلۇقنىڭ ئاي نۇرىدىن كۈچلۈك بولۇشى بۇ يەردە بىر تۈرلۈك توك مەنبەسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى . ئۇ خۇددى شىمالىي قۇتۇپ يورۇقلۇقىغا ئوخشاش توختىماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر تۈرلۈك ئالاھىدە ھادىسىدەك ئىچىگە بىر دېڭىزنى سىغدۇرالايدىغان بىر ئۆڭكۈر ئىچىنى پۈتۈنلەي يورۇتۇۋەتكەنىدى .

ئەگەر قارشى تۇرمىسىڭىز ، بېشىم ئۈستىدىكى گۈمبەزنى «ئاسمان» دەپ ئاتايمەن ، ئۇ گويا غايەت چوڭ تۇپتوز بۇلۇتلاردىن شەكىللەنگەندەك قىلاتتى ، ناۋادا بۇ ئۆزگىرىشچان سۇ پارلىرى سوغۇق ھاۋا ئېقىمى بىلەن ئۇچراشسىلا ، ھەر ۋاقىت قارا يامغۇرغا ئايلىنىشى تۇرغان گەپ ئىدى . مەن ئەسلىدە بۇنداق يۇقىرى ھاۋا بېسىمى ئاستىدا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ ، دەپ ئويلىغۇدىم . بىراق ، بىز بىلمەيدىغان مەلۇم بىر خىل فىزىكىلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن ھاۋادا زور كۆلەملىك سۇ پارلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى ، لېكىن بۇ چاغدا «ھاۋا تولىمۇ ياخشى» ئىدى . ئېلېكتر قاتلىمى مۇئەللەقتىكى بۇلۇتلارنىڭ ئۈستى قىسمىدا غەلىتە نۇر ئۆزگىرىشلىرىنى پەيدا قىلغان بىلەن ، بۇلۇتلارنىڭ تۆۋەن تەرىپى بولسا قويۇق سايىلەر بىلەن قاپلانغانىدى . كۈچلۈك يورۇقلۇق پات ـ پاتلا ئىككى پارچە بۇلۇت ئارىسىدىن كىرىپ ئۆتۈپ ئەتراپىمىزنى يورۇتۇۋېتەتتى . بىراق ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ

ئېيتقاندا، بۇ يورۇقلۇق قۇياش نۇرى بولمىغاچقا، ئىسسىقلىق تارقاتمايتتى، بۇ ھال كىشىنى ئىختىيارسىزلا بىر خىل ئىچىنىشلىق دەھشەت تۇيغۇسىغا ئەسىر قىلاتتى. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ بۇلۇتلار قاتلىمىنىڭ ئۈستى تەرىپى يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمان بولماستىن، بەلكى بارلىق ئېغىرلىقى بىلەن يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان گرانىت تاشلىق گۈمبەز ئىدى. مەيلى بۇ بوشلۇق قانچىلىك چەكسىز چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇلتۇزلار — مەيلى ئۇ ئەڭ كىچىكى بولغان تەقدىردىمۇ — ئۇنىڭ ئىچىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىز راستىنلا بۇ غايەت چوڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالغاندۇق. بىز بۇ ئۆڭكۈرنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ دېڭىزنىڭ قىرغىقى ئىككى تەرەپكە قاراپ چەكسىز سوزۇلۇپ كەتكەنىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتۇق، چۈنكى بىزنىڭ كۆزلىرىمىزگە پەقەت غۇۋا ئۇپۇقلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى چوقۇم بىرقانچە مىل كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى گرانىت تاش تاملار تىرەپ تۇرغان گۈمبەزنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايتتى، بوشلۇقنىڭ ئالاھازەل ئىككى يېرىم مىل ئېگىزلىكتىكى يېرىدە بولسا نۇرغۇن بۇلۇت پارچىلىرى لەيلەپ يۈرەتتى، بۇلارنىڭ ئېگىزلىكى يەر شارىدىكى بۇلۇت قاتلاملىرىدىنمۇ ئېگىز ئىدى. ئېھتىمال بۇ يەردە ھاۋا زىچلىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

«ئۆڭكۈر» ئاتالغۇسى بىلەن بۇ غايەت چوڭ بوشلۇقنى سۈپەتلەش زادى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن تەۋەككۈلچىلىك قىلىۋاتقان ئادەمنى سۈپەتلەشكە ئىنسانىيەتنىڭ تىلى مەڭگۈ يېتىشمەيتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ غايەت چوڭ ئۆڭكۈرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى گېئولوگىيىنىڭ قايسى قانۇنىيەتلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشنى پەقەتلا بىلەلمىدىم. ئۇ يەر شارىنىڭ سوۋۇشى نەتىجىسىدە

شەكىللەنگەنمۇيا؟ مەن بىرمۇنچە ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇغان بولغاچقا، بىرقانچە داڭلىق ئۆڭكۈرلەرنى بىلەتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق يوغان ئەمەس ئىدى.

ئەگەر دى خومپىرىت ئەپەندى كولومبىيىدىكى گۋاشلا[1] ئۆڭكۈرىنى تەكشۈرگەن چېغىدا، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنىڭ 2500 فۇت ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقالمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇنچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئادەملەر كۆزى بىلەن مۆلچەرلەپ بىلەلىشى مۇمكىنمىدى؟ ئامېرىكىنىڭ كېنتۇككى شتاتىدىكى مامونت[2] ئۆڭكۈرىمۇ غايەت چوڭ، ئۇنىڭ ئەگمە تورۇسى چوڭقۇرلۇقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان كۆل يۈزىدىن 500 فۇت كېلىدىغان ئېگىزلىكتە بولۇپ، ساياھەتچىلەر ئۆڭكۈرگە 25 مىل ئىچكىرىلەپ كىرىپمۇ ئۇنىڭ چېتىنى كۆرەلمەيدۇ. بىراق، ھازىر مەن تورۇۋاتقان بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆڭكۈرلەر تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. بۇ يەردە ھاۋا بوشلۇقىنى قات - قات بۇلۇتلار قاپلىغان، ئېلېكتر نۇرلىرى تەرەپ - تەرەپتە چاقناپ تۇرغان، ئۆڭكۈر ئىچىدە يەنە بىر دېڭىزمۇ بار ئىدى. شۇڭا، بۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرە ئالدىدا ھەيران بولغىنىمدىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى.

مەن بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىگە جىمجىت قاراپ تۇردۇم، چۈنكى ئۇنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى چەكسىز يىراقلىقتىكى ئۇران ياكى نېپتۇن قاتارلىق يۇلتۇزلارغا چىقىپ، يەر شارىدىكى ئادەملەر زادى كۆرەلمەيدىغان ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تەسىراتقا كېلىپ قالغانىدىم. بۇ خىل تۇيغۇنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزگىچە سۆپەت سۆزلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك، لېكىن مەن بۇنداق سۆزلەرنى ئويلاپ تاپالمىدىم. مەن تاماشا قىلغاچ خىيالغا پاتتىم،

---

① بۇ ئۆڭكۈر خومپىرىتنىڭ تەسۋىرلەشلىرى بىلەن داڭلىق. ئۇ ئۇزۇنلۇقى 472 مېتىر كېلىدىغان تۈز ئۆڭكۈر يولى ۋە بۇ يول ئاخىرلاشقان جايدىكى چوڭقۇرلۇقى 110 مېتىر كېلىدىغان ئۆڭكۈردىن تەركىب تاپقان.

② ئامېرىكىنىڭ كېنتۇككى شتاتىدىكى داڭلىق ئۆڭكۈر، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 40 مېتىرغا يېتىدۇ.

توختىماي ئاپىرىن ئېيتتىم ، شۇنداقلا چۆچۈدۈم ھەم ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم . خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بۇنداق مەنزىرە چىرايىمنى نۇرلاندۇرۇۋەتتى ، ھەيرانلىق خۇددى شىپالىق دورىدەك يارىلىرىمنىش تۇپەيلىدىن بولغان ئاغرىق ئاسارەتلىرىنى ساقايتىۋەتتى ، زىچلىقى يۇقىرى ساپ ھاۋا ئۆپكەمگە كۆپلەپ ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بەرگەچكە ، مەن بەكلا روھلىنىپ كەتتىم .

تار ھەم قاراڭغۇ ئۆڭكۈر يولىغا 47 كۈن نەزەربەند قىلىنغان ئادەم ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا ، نەمخۇش ۋە سەل تۇز تەمى بار دېڭىز شامىلىدىن نەپەس ئېلىش دېمىسىمۇ چەكسىز ھۇزۇرلۇق ئىش ئىدى . شۇڭا ، مەن قاراڭغۇ يەردىن بۇ يەرگە چىققىنىمغا ئازراقمۇ پۇشايمان قىلمىدىم . تاغام بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەرگە ئاللىقاچان كۆنۈپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇنىڭدا ھەيرانلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .

— ئازراق ئايلىنىپ كېلىشكە ماغدۇرۇڭ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن .

— ئەلۋەتتە بار ، — دېدىم مەن ، — ئايلىنىپ كېلىشكە مېنىڭمۇ كۆزۈم تۆت بولۇپ كەتكەنىدى .

— ياخشى ، ئاكسال ، سەن بىلىكمىنى تۇتۇۋالغىن ، بىز بۇ ئەگرى - بۈگرى دېڭىز قىرغىقىدا ئايلىنىپ كېلەيلى .

مەن دەرھال قوشۇلدۇم ، شۇنىڭ بىلەن بىز يېڭى بايقالغان بۇ دېڭىزنىڭ بويىدا سەيلە قىلىشقا باشلىدۇق . بىزنىڭ سول تەرىپىمىزدە قاتمۇقات تاش جىنس قاتلاملىرى ھەيۋەت بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . بۇ قاتمۇقات تاغ جىنسلىرىنىڭ يانباغرىدىن چۇشۇۋاتقان سانسىزلىغان شارقىراتمىلار شاۋقۇنلۇق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى . تاش جىنسلىرى ئارىسىدىن يۆگىلىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇمانلارغا قاراپ قايناق ئارىشاڭلارنىڭ ئورنىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى ، ئېرىقلار دېڭىزدىن ئىبارەت بۇ ئاممىۋى سۇ يىغىش كۆلچىكىگە قاراپ جىمجىت ئېقىۋاتاتتى ، بەزىدە بولسا تىكرەك يەرلەرگە كەلگەندە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇلاقنى يارغۇدەك

شارىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى .

بۇ ئېرىقلارنىڭ ئارىسىدىن مەن بىزنىڭ سادىق ھەمراھىمىز — ھانس ئېرىقنى تونۇۋالدىم ، ئۇ گويا يەر شارى بارلىققا كەلگەن ئاشۇ كۈندىن تارتىپ خۇددى باشقا ئىش قىلىپ باقمىغاندەك دېڭىزغا قاراپ جىمجىت ئېقىۋاتاتتى .

— مەن ئۇنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن ، — دېدىم خورسىنىپ .

— ھەم ، — دېدى پروفېسسور سۆزۈمگە جاۋاب قايتۇرۇپ ، — بۇ ئېرىق بولسۇن ياكى باشقا ئېرىق بولسۇن ، بىزگە نىسبەتەن نېمە پەرقى بار ؟

مەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن ئاز - تولا ۋاپاسىزلىق ھېس قىلدىم .

شۇ ئەسنادا خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن بىر خىل مەنزىرە مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى . بىزدىن 500 قەدەم نېرىدىكى بىر تۇمشۇقنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدە يوغان دەرەخلەر ئۆسكەن قويۇق ئورمان كۆرۈندى . ئورماندىكى دەرەخلەر ئېگىزمۇ ئەمەس ، پاكارمۇ ئەمەس ، گېئومېترىك تۇسكە ئىگە كۈنلۈك شەكلىدە ئىدى ، ھاۋانىڭ ھەرىكىتى دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ئازراقمۇ تەسىر كۆرسەتمەيتتى ، ئۇلار مەيىن شامالدا خۇددى تاشتىن ياسالغان كېيىن دەرىخىدەك ئازراقمۇ مىدىرلاپ قويمايتتى .

مەن قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم ، بۇنداق غەلىتە دەرەخنىڭ ئىسمىنى پەقەت بىلەلمىدىم . ئېھتىمال بۇلار نۆۋەتتە ئىنسانىيەت بىلىپ بولغان 200 مىڭ تۈرلۈك ئۆسۈملۈكنىڭ ئىچىدىكى بىرەر تۈرى بولماسلىقى مۇمكىن ؟ شۇنداق ، بىز بۇ دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئاستىغا يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ھەيرانلىقىمىز ماختاشقا ئۆزگەردى ، ئەمەلىيەتتە كۆز ئالدىمىزدىكىسى يەر شارى ئۆسۈملۈكى بولۇپ ، ئىنتايىن چوڭ ئىدى . تاغام دەرھاللا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى .

— بۇ موگۇ ئورمىنى ئىكەنغۇ ، — دېدى ئۇ .

ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى . ئىللىق ھەم نەمخۇش يەرنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك ئاينىپ

كېتىدىغانلىقىنى تامامەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى. ئاڭلىشىمچە، بورىيەنىڭ[1] نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، «غايەت چوڭ يەر تورغىقى»نىڭ دىئامېتىرى سەككىز فۇتتىن توققۇز فۇتقىچە بېتىدىكەن، لېكىن بۇ يەردىكىلىرى بولسا، ئېگىزلىكى 30 فۇتتىن 40 فۇتقىچە كېلىدىغان موگۇلار بولۇپ، ھەر كۇنلۇكىنىڭ دىئامېتىرى پۇتۇنلەي ئوخشاش ئىدى. كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يورۇقلۇق بۇ يەردىكى قارا سايىلەردىن ئۆتەلمىگەچكە، موگۇ كۇنلۇكلىرىنىڭ ئاستى پۈتۈنلەي قاپقاراڭغۇ ئىدى. بۇ يۇمىلاق ئۆگزىلەر خۇددى ئافرىقىدىكى مەلۇم يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىلىك كەپىلىرىگىلا ئوخشايتتى.

مېنىڭ موگۇ ئورمىنىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كۆرۈپ باققۇم كەلدى. بۇيەردە موگۇنىڭ گۆشلۈك كۇنلۇكىدىن ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىغان بىرخىل پۇراق تارقالدى. بىز بۇ نەمخۇش قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېرىم سائەت ئايلىنىپ يۈردۇق. دېڭىز قىرغىقىغا قايتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ئۆزۈمنى ئاجايىپ راھەت ھېس قىلدىم.

بىراق، يەر ئاستى پادىشاھلىقىدىكى ئۆسۈملۈكلەر موگۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. يىراقتا توپ - توپ بولۇپ ئۆسكەن باشقا نۇرغۇن دەرەخلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ساپلا سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاسانلا تونۇۋالغىلى بولىدىغان يەر شارىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك چاتقاللار بولۇپ، پەقەت تۇرقى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يوغان ئىدى! ئېگىزلىكى 100 فۇت كېلىدىغان پلائۇن، ئاجايىپ يوغان سىگىللارىيە، يەنە يۇقىرى كەڭلىك رايونلىرىدا ئۆسىدىغان ئاق قارىغايلاردەك ئېگىز دەرەخسىمان چاپوروتىنىكلار تەڭگىسىمان ياغاچ غوللۇق پاپوروتنىكلار بار ئىدى. ئۇلاردا سىلىندىرسىمان شاخلار ۋە ئۇزۇن يوپۇرماقلار ئۆسكەن، يۈزىنى پۈتۈنلەي تىكەن قاپلىغان بولغاچقا،

---

[1] بورىيە - (1752 — 1793) فرانسىيىنىڭ بىئولوگىيە ۋە زەمبۇرۇغشۇناسلىق ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى.

قــاراشقـا ئـادەمـنـىـڭ كـۆڭـلـىـنـى ئـايـنىتمىدىغان مايلىشاڭغۇ ئۆسۈملۈكلەرگىلا ئوخشايتتى .

— ئادەمنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ ، نېمىدېگەن ئاجايىپ ، نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك ! — دېدى تاغام توۋلاپ ، — يەر شارىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى ، يەنى ئۇنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تـوپـىـنـىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ئىكەن . بۇگۈنكى كۈندە بىزنىڭ گۈللۈكلىرىمىزدە ئۆسۈۋاتقان تۆۋەن دەرىجىلىك بۇ ئۆسۈملۈكلەر يەر شارى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە خۇددى دەرەختەك يوغان ئىكەن ئەمەسمۇ ! كۆرگىن ، ئاكسال ، كۆرگىن ! ھېچقانداق بىر بوتانىك بۇنداق ئامەتلىك بولالىغان ئەمەس !

— توغرا دەيسىز تاغا ، تەڭرى بۇ قەدىمىي ئۆسۈملۈكلەرنى بۇ غايەت چوڭ پارنىكتا ساقلاپ قالغاندەك قىلىدۇ ، لېكىن ئەقىللىق ئـالـىـمـلار بـۇ ئـۆسـۈمـلـۈكـلەردىن شۇنداق ئوخشىتىپ نۇسخا ئېلىۋالغانىكەن .

— تـوغـرا دېـدىـڭ ، بـالام ، بـۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ پارنىكقا ئوخشايدىكەن ، لېكىن بۇ يەرنى ھايۋاناتلار باغچىسى دېسەك توغرا بولىدىغاندەك قىلىدۇ .

— ھايۋاناتلار باغچىسى ؟

— شۇنداق ، سەن پۇتلىرىمىز ئاستىدىكى ئۇچلۇق تاشلارغا قـاراپ بـاققىن ، تېخى ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتقان ئىسكىلىت پارچىلىرىمۇ بار .

— ئىسكىلىت پارچىلىرى ؟ — دېدىم مەن توۋلاپ ، — توغرا ، بۇلار قەدىمىي ھايۋانلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى ! مەن بىر - بىرى بىلەن چـىـڭ بـىـرىكىپ كەتكەن مىنېرال ماددىلاردىن[1] تەركىب تاپقان قـەدىـمـىـي ئـىـسـكىلىتلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، قىلچە ئارىسالدى بولمايلا بۇ چوڭ سۆڭەكلەرنىڭ ئىسمىنى دېدىم ، ئۇلار خۇددى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرىگىلا ئوخشايتتى .

— بۇ ماستودونـىـڭ تـۆۋەن تـاڭـلاي سـۆڭـىكـى ، — دېدىم

---

[1] كالتسىي فوسفات — ئاپىتورنىڭ ئەسلىي ئىزاھاتى .

مەن ، — دىنوزاۋرنىڭ ئىغىز چىشى ، بۇ غايەت چوڭ ياۋايى هايۋان مېگاتورنىڭ سۆڭەكلىرى . شۇنداق ، بۇ يەر هەقىقەتەنمۇ بىر هايۋاناتلار باغچىسى ئىكەن . مېنىڭچە ، بۇ هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى چوقۇم يەر پوستىنىڭ هەرىكىتى نەتىجىسىدە بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئەمەس . بۇ هايۋانلار ئەسلىدىلا يەر ئاستى دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ئاستىدا ياشىغان . قاراڭ . مەن بىر خىل هايۋاننىڭ مۇكەممەل سۆڭەكلىرىنى كۆردۈم . لېكىن …

— لېكىننىڭ نېمىسى ؟ — تاغام گېپىمنى بۆلۈۋەتتى .

— مەن بۇ گرانىتلىق ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بۇنداق تۆت پۇتلۇق هايۋانلارنىڭ قانداقلارچە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمىدىم .

— نېمىشقا ؟

— هايۋانلارنىڭ يەر شارىدا پەيدا بولۇشى ئىككىنچى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ، يەنى بۇ چاغدا دەريالار لاتقىلارنى تىندۇرۇشى نەتىجىسىدە چۆكمە قاتلام شەكىللىنىپ ، ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئوتتەك قىزىق تاشلارنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى .

— شۇنداق ! ئاكسال ، بىر ئاددىي جاۋاب سەندىكى بۇ گۇمانلارنى تۈگىتىدۇ ، بۇ يەرنىڭ يەر قاتلىمى ئەسلىدىنلا چۆكۈندە يەر قاتلىمى .

— نېمە ؟ يەر ئاستىدىكى شۇنچىلىك چوڭقۇر يەردىمۇ چۆكۈندە يەر قاتلىمى بارمۇ ؟

— توغرا ، بۇ خىل هادىسىنى گېئولوگىيىدە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ . يەر شارى بىر مەزگىل كېڭىيىپ ـ يىغىلىدىغان تاشقى پوستى بىلەن ئوراقلىق تۇرغانىدى . بۇ تاشقى پوست يەر مەركىزى تارتىش كۈچىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ . بىر قىسىم چۆكۈندە يەر قاتلىمى ئېھتىمال يەر يۈزىدە گۇمۇرۇلۇش يۈز بەرگەندە ئېچىلىپ قالغان يېرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن .

— ئېھتىمال شۇنداقتۇر . لېكىن ، يەر ئاستىدىكى بۇ رايوندا

ئىلگىرى قەدىمكى هايۋانلار ياشىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ هازىرمۇ قاراڭغۇ ئورمان ئىچىدە ياكى تىك تاشلىقلارنىڭ كەينىدە ئايلىنىپ يۈرمىگەنلىكىگە كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟

مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قورقۇمسىرىغان هالدا ئۇيۇققا نەزەر سالدىم. بىراق، بىپايان دېڭىز قىرغىقىدا هېچقانداق هايۋان كۆرۈنمىدى.

مەن سەل هېرىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن تومشۇقنىڭ دېڭىزغا ئۇسۇپ كىرگەن يېرىگە بېرىپ ئولتۇردۇم. دېڭىز دولقۇنى تومشۇقنىڭ تۈۋىگە ئۇرۇلۇپ، توختىماي شارىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. بۇ يەردە تۇرۇپ قارىسا، يېرىم ئاي شەكلىدىكى دېڭىز قىرغىقى ئوراپ تۇرغان قولتۇقنىڭ هەممە يېرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قولتۇقنىڭ پىرامىدا شەكىللىك تاشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك پورت بار ئىدى. بۇ يەرگە دېڭىزدىن ئۇرۇپ تۇرغان شامال تەسىر كۆرسىتەلمىگەچكە، پورتتىكى سۇ يۈزى بەكلا تىنچ ئىدى، بۇ يەردە بىر چوڭ ۋە ئىككى- ئۈچ كىچىك كېمىنى بىمالال توختاتقىلى بولاتتى. مەن تىكلىنىپ قاراپ، جەنۇب شامىلىدىن پايدىلىنىپ يەلكەنلىرىنى كۆپتۈرگىنىچە سەپەرگە ئاتلانغان كېمىلەرنى كۆرۈشكە ئۇرۇندۇم. ئەمما، بۇ خام خىياللىرىم بىردەمدىلا يوقالدى، چۈنكى بىز بۇ يەر ئاستى دۇنياسىدىكى بىردىنبىر جانلىق ئىدۇق. شامال ۋاقتىنچە توختىغان چاغدا بۇ سۆرۈن تاشلىق بىلەن دېڭىز يۈزىنى قومۇلۇقتىكىدىنمۇ ئېغىر بىر خىل سۈكۈنات باستى. مەن يىراقتىكى قويۇق تۇماننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇيۇقنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىۋېتىشنى ئويلىدىم. شۇ تاپتا مېنى دەيدەيگە سېلىۋاتقان قايسى ئىشتۇ؟ دېڭىزنىڭ چېتى قەيەردىدۇ؟ ئۇ قەيەرگە تۇتىشىدىغاندۇ؟ بىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قارشى قىرغىقىنى كۆرەلەرمىزمۇ؟

تاغامنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە بىمالال جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. بىراق، مەن ئۇنى بىلىشكە هەم تەقەززا ئىدىم، هەم بىلىشتىن قورقاتتىم.

بىز بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىر سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قۇملۇق ساھىلىدىكى چىغىر يول بىلەن ئۆڭكۈرگە قايتتۇق. مەن شۇ كۈنى كېچىدە ئاجايىپ - غارايىپ چۈشلەرنى كۆرۈپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىم.

## 31

ئەتىسى ئويغانغان چېغىمدا سالامەتلىكىم پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ. مەن يۇيۇنۇۋالسام سالامەتلىكىمگە پايدىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەننى ئويلاپ، بۇ «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى»غا سەكرەپ چۈشتۇم - دە، سۇدا بىرنەچچە مىنۇت چىلاندىم.

قايتىپ كېلىپ ناشتىلىق يەۋاتقاندا، ئىشتىھايىمنىڭ بەكلا ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم. تاماقنى بىزگە قولى ئەپچىل ھانىس تەييارلاپ بېرەتتى، ھازىر سۇ ۋە ئوت دېگەندەك نەرسىلەر تولۇق بولغاچقا، ئۇ ناشتىنىڭ تۈرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مول قىلىشقا تىرىشقانىدى. تاتلىق - تۈرۈمنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بىزگە قەھۋە ئەكېلىپ بەردى. بۇ ئىچىملىك ماڭا بەكمۇ مەززىلىك تېتىپ كەتتى.

— ھازىر، — دېدى تاغام، — دولقۇن كۆتۈرۈلىدىغان چاغ بولدى. بىز بۇ ھادىسىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىۋەتسەك بولمايدۇ.

— نېمە، دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ؟ — مەن توۋلىۋەتتىم.

— شۇنداق.

— بۇ يەرمۇ قۇياش بىلەن ئاينىڭ تەسىرىگە ئۇچرامدۇ؟

— نېمىشقا ئۇچرىمايدىكەن؟ بارلىق جىسىملار پۈتۈن ئالەملىك تارتىش كۈچى قانۇنىغا بويسۇنىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ دېڭىزمۇ بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، دېڭىز يۈزىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئىنتايىن يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما سەن بۇ دېڭىزدا خۇددى ئاتلانتىك ئوكياندىكىگە ئوخشاش دولقۇن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى

كۆرەلەيسەن .

ۋاھ ، كارامەت ئىكەن !

— ياق ، بۇ تولىمۇ ئادەتتىكى ئىش .

— مەيلى نېمە دېسىڭىز دەڭ ، تاغا ، مەن بەرىبىر بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ تولىمۇ ئاجايىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن ، مەن ھەتتا كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن . بۇ يەردە ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر دېڭىزنىڭ بار ئىكەنلىكى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن ! دېڭىز دولقۇنى ، دېڭىز شامىلى ۋە قارا يامغۇرلىرىچۇ تېخى ؟

— نېمىشقا بولمىسۇن ؟ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قايسى قانۇنىدا يەر پوستىنىڭ ئىچىدە دېڭىز بولماسلىقى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەنىكەن ؟

— يوق ، يەر مەركىزى ئىسسىقلىق نەزەرىيىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا .

— ئۇنداقتا ، ھازىرغىچە داۋى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىنىڭ توغرىلىقىغا شەك يوق ئىكەن ـ دە ؟

— ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق نەزەرىيە يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايدۇ .

— شۇنداق ، لېكىن بۇ ياشاۋاتقان ئاھالىلىرى يوق دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇق .

— توغرا ، بىراق بۇ دېڭىزدا نېمە ئۈچۈن بىز ئىسمىنى بىلمەيدىغان بەزى بېلىق تۈرلىرى يوق ؟

— بىز ھېچبولمىغاندا تېخى بىرەر تالىنىمۇ ئۇچراتمىدۇق .

— ئۇنداق بولسا بىز قارماقتىن بىرنەچچىنى ياساپ ، بۇ يەردىمۇ يەر ئۈستىدىكى دېڭىزلاردىكىدەك قارماققا بىرنېمە ئىلىنامدۇ ، يوق ؟ كۆرۈپ باقايلى .

— بىز ئەلۋەتتە سىناپ كۆرىمىز ، ئاكسال . بىز بۇ يېڭى يەرنىڭ بارلىق سىرىنى ئاچمىساق بولمايدۇ .

— تاغا، بىز ھازىر قەيەردە؟ مەن تېخى بۇ مەسىلىنى سىزدىن سورىمىدىم. مېنىڭچە، بۇنىڭ جاۋابىنى ئاپپاراتلىرىڭىز چوقۇم سىزگە ئېيتىپ بەردىغۇ دەيمەن.

— گورىزونتال يۆنىلىشتىن قارىغاندا، بىز ھازىر ئىسلاندىيىدىن 875 مىل يىراقلىقتا.

— شۇنچە يىراقتىما؟

— مەن خاتالىق پەرقىنىڭ بىر مىلدىن ئاشمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمەن.

— كومپاس يەنىلا شەرقىي جەنۇبنى كۆرسىتىۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، شەرقىي جەنۇبنىڭ قىيپاش غەربى 19 گرادۇس 42 مىنۇت، يەنى يەر يۈزىدىكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش. ئەمما، كومپاسنىڭ قىيپاش گرادۇسى ھەققىدە گەپ قىلساق، مەن بىر غەلىتە ھادىسىنى بايقىدىم، ھازىر ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىۋاتىمەن.

— قانداق ھادىسە؟

— كومپاسنىڭ يىڭنىسى شىمالىي يېرىم شاردىكىدەك ماگنىت قۇتۇپىنى كۆرسەتمەي، ئەكسىچە پۇتۇنلەي قارشى يۆنىلىشنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا، ماگنىت قۇتۇپى يەر ئۈستى بىلەن ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمامدۇ؟

— توغرا، ئەگەر بىز ماگنىت قۇتۇپى رايونىغا قاراپ، يەنى جامېس روس بايقىغان[1] ماگنىت قۇتۇپىنىڭ شىمالىي كەڭلىك 70 گرادۇس ئەتراپلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىسەك، ئۇ چاغدا بىز كومپاسنىڭ يىڭنىسى تىك يۇقىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، بۇ سىرلىق تارتىش كۈچىنىڭ مەركىزى بەكمۇ چوڭقۇر جايدا بولماسلىقى مۇمكىن.

— بۇ نۇقتىنى نۆۋەتتە ئىلىم - پەن تېخى ئويلاپ يەتكەن

---

[1] جامېس روس (1800 -- 1862) ئەنگلىيىلىك دېڭىز ساياھەتچىسى بولۇپ، تۇنجى تۇركۇمدە شىمالىي قۇتۇپقا يېتىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ بىرى. 1831 - يىلى شىمالىي يېرىم شارنىڭ ماگنىت قۇتۇپىنى بايقىغان.

ئەمەس .

— بالام ، ئىلىم ـ پەندىمۇ نۇرغۇن خاتالىقلار مەۋجۇت ، ئەمما خاتالىشىش يامان ئىش ئەمەس ، چۈنكى خاتالىق ئادەمنى ئاستا ـ ئاستا ھەقىقەتكە قاراپ يېتەكلەيدۇ .

— بىز ھازىر قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا تۇرۇۋاتىمىز ؟

— 87 يېرىم مىل .

— ئۇنداقتا ، — دېدىم مەن خەرىتىنى ئاختۇرغاچ ، — بىزنىڭ بېشىمىز ئۈستىدىكىسى شوتلاندىيە تاغلىق رايونىدىكى گرامپيان[1] تاغلىرىنىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشقان ، ئۈستى ئاپئاق قارلار بىلەن قاپلانغان چوققىسى بولۇشى مۇمكىن .

— شۇنداق ، — دېدى پروفېسسور كۈلۈپ ، — بېشىمىز ئۈستىدە بېسىپ تۇرغىنى بوش ئېغىرلىق ئەمەس . بىراق ، ئۆڭكۈرنىڭ ئەگمە تورۇسى ھەرھالدا ئىنتايىن پۇختا ، تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئارخىتېكتور ئۇنى ناھايىتى ياخشى ماتېرىياللار بىلەن ياساپتۇ ، ئىنسانىيەت چات ئارىسى بۇنداق كەڭ ئەگمە تورۇسنى مەڭگۈ ياساپ چىقالمايدۇ ! ئۇنىڭ رادىئۇسى يەتتە يېرىم مىل كېلىدۇ ، تېخى تۆۋەندىن دېڭىز دولقۇنى ۋە بوران توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ ، بۇنداق ئەگمە تورۇسقا سېلىشتۇرغاندا ، ئىنسانىيەت ياساپ چىققان كۆۋرۈك ئەگمىسى بىلەن چېركاۋلارنىڭ ئىشىك ئەگمىلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ .

— ئوھۇي ! مەنغۇ ئاسماننىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن قورقمايمەن ، تاغا ! ھازىر سىزنىڭ قانداق پىلانىڭىز بار ؟ يەر ئۈستىگە قايتىپ كېتەمدۇق ؟

— قايتىپ كېتىش ؟ قارا ، دەۋاتقان گېپىڭنى ! ئۇنىڭ ئەكسىچە سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرماقچىمەن ، ھەر ھالدا بۇگۈنگە قەدەر ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ . لېكىن ، بۇ دېڭىزنىڭ ئاستىغا قانداق قىلىپ كىرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن .

---

[1] گرامپيان تاغلىرى — شوتلاندىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ، ئاساسلىق چوققىسى نىۋىس برىتانىيە ئارىلىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا .

— ئاھ ! مەن ھەرگىزمۇ بىرىنچى بولۇپ دېڭىزغا سەكرىمەيمەن . ئەمما ، بۇ دېڭىز ئەمەلىيەتتە پەقەت بىر كۆل ، چۈنكى ئۇنى قۇرۇقلۇق ئوراپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ دېگەن گرانىتلىق تاملار ئوتتۇرىسىدىكى يەر ئاستى دېڭىزى .

— ھەقىقەتەن شۇنداق .

— دېمەك ، بىز دېڭىزنىڭ قارشى قىرغىقىدا چوقۇم يېڭى يولنى تاپالايمىز .

— سىزنىڭ مۆلچەرىڭىزچە ، بۇ دېڭىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى قانچىلىك كېلەر ؟

— 75 مىلدىن 100 مىلغىچە كېلىدۇ .

«ھىم !» دېدىم ۋە ئىچىمدە «بۇ مۆلچەر تامامەن خاتا بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم .

— ئەمدى بىز ھايال بولساق بولمايدۇ ، ئەتە دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىمىز .

مەن ئىختىيارسىز ھالدا بىز ئولتۇرىدىغان كېمىنى ئىزدىدىم .

— ئاھ ! — دېدىم مەن ، — بىز كېمىگە ئولتۇرىدىكەنمىزدە ! ياخشىغۇ ، لېكىن بىزنىڭ نەدىمۇ كېمىمىز بولسۇن ؟

— كېمە ئەمەس ، بالام ، ئۇ دېگەن ئىنتايىن پۇختا بىر سال .

— سال ! — مەن توۋلىۋەتتىم ، — سال ياكى كېمە ياسىماق ئوخشاشلا تەس ، مەن كۆرمىدىم ...

— سەن كۆرمىدىڭ ، ئاكسال ، ئەمما دىققەت بىلەن تىڭشىغان بولساڭ ئاڭلىغان بولاتتىڭ .

— ئاڭلىغان بولاتتىڭ ؟

— توغرا ، بولقىنىڭ ئاۋازى ساڭا ھانسنىڭ ئىش باشلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولاتتى .

— ئۇ سال ياساۋاتامدۇ ؟

— توغرا .

— نېمە ؟ ئۇ پالتا بىلەن دەرەخ كېسىۋاتامدۇ ؟

— ھىم ! دەرەخلەر ئاللىقاچان ئۆزلىرى ئۆرۈلگەن ، يۇر ،

بىرىپ ئۇنىڭ قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى .

بىز يېرىم سائەت مېڭىپ تۇمشۇقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تەبىئىي كىچىك قولتۇققا يېتىپ كەلدۇق . مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ھانسىنى كۆردۇم . قۇملۇقتا يېرىمى پۈتكەن بىر سالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم . بۇ سال بىر خىل ئالاھىدە ياغاچ ماتېرىياللىق دەرەخ غولىدىن ياسالغانىدى . ھەممىلا يەردە قېلىن تاختاي ، ئەگرى تۈرۈملۈق ياغاچلار ۋە كېمىنىڭ بالداق ياغاچلىرى دۆۋىلەنگەن بولۇپ ، بۇ نەرسىلەر بىر دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كېمىلىرىنى ياساشقا تامامەن يېتەتتى !

— تاغا ، — دېدىم ئۇنلۇك ئاۋازدا ، — بۇ قانداق ياغاچلار ؟

— قارىغاي ياغىچى ، شەمشاد ياغىچى ، قېيىن ياغىچى ھەمدە شىمال تەرەپلەردە ئۆسىدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ، ئۇلار دېڭىز سۈيىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئاللىقاچان كانلىشىپ كەتكەن .

— بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن ؟

— بۇلار ئادەملەر دەۋاتقان تاشقا ئايلانغان ياغاچلار .

— لېكىن ، بۇلار قوڭۇر كۆمۈردەك ھەم تاشتەك قاتتىق تۇرسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇدا لەيلىمەيدىغان تۇرسا ؟

— بەزىدە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ، بەزى دەرەخلەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىسسىز كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن باشقا بىر تۈرلۈك دەرەخلەر ، مەسىلەن ، ماۋۇلار تېخى ئەمدىلا تاشقا ئايلىنىشقا باشلىغان ، سەن ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق ، — تاغام شۇنداق دېگەچ بىر پارچە قىممەتلىك ياغاچنى دېڭىزغا تاشلىدى . ياغاچ پارچىسى بىردەم يوقاپ كېتىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى - دە ، دولقۇننىڭ ئۇرۇشى بىلەن لەپەڭشىگىلى تۇردى .

— ئەمدى ئىشەندىڭما ؟ — دەپ سورىدى تاغام .

— بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىمەن .

ئىككىنچى كۈنى كەچتە قولىدىن ئىش كېلىدىغان يول

باشلىغۇچىنىڭ ئەجىر قىلىشى بىلەن سال ياسىلىپ پۈتتى ، بۇ سالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 فۇت ، كەڭلىكى بەش فۇت كېلەتتى . تاشقا ئايلانغان ياغاچلار پۇختا ئارغامچا بىلەن بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىنىپ ، مەزمۇت ھەم تەكشى يۈزلۈك ھاسىل قىلىنغانىدى . ۋاقىتلىق ياسالغان بۇ قېيىق سۇغا چۈشۈرۈلۈۋىدى ، ئۇ لىدىنبورۇگ دېڭىزىنىڭ سۇ يۈزىدە بىمالال لەيلىدى .

## 32

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىز تاڭ سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتۇق . بىز ئەمدى تېز سۈرئەتلىك قاتناش قورالىغا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىمىز . بىر ـ بىرىگە چېتىلغان ئىككى تال ياغاچ ماچتا قىلىندى ، ئۇخلىغاندا يېپىنىپ ياتىدىغان بىر ئەدىيال يەلكەن ئورنىدا ئارتىپ قويۇلدى ، مانا بۇلار سالنىڭ ھەممە ئۈسكۈنىلىرى ئىدى . بىزدە ئارغامچا يېتەرلىك بولغاچقا ، سال ئىنتايىن پۇختا ياسالغانىدى .

سائەت ئالتە بولغاندا پروفېسسور كېمىگە چىقىش بۇيرۇقى بەردى . يېمەكلىك ، يۈك ـ تاق ، ئاپپارات ، قورال ۋە جىرادىكى ئېرىقتىن ئېلىنغان نۇرغۇن تاتلىق سۇلارنىڭ ھەممىسى سالغا بېسىلدى .

ھانس سالغا ئەپچىل رول ئورناتقانىدى . ئۇ رولنى باشقۇردى ، مەن قىرغاقتىكى تاشقا باغلاپ قويۇلغان ئارقانىنى يېشىۋەتتىم . بىز سالنىڭ يەلكىنىنى كەڭ يېيىپ ، قىرغاقتىن تېزلىك بىلەن ئايرىلدۇق .

پورتتىن ئايرىلىدىغان چاغدا جۇغراپىيىلىك ناملارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان تاغام ئۇنىڭغا ئىسىم قويىمەن دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇ بۇ پورتقا مېنىڭ ئىسمىمنى قويماقچى بولدى .

— راستىنى دېگەندە ، — دېدىم مەن ، — سىزگە بىر ئىسىمنى تەۋسىيە قىلايمىكىن .

— قايسى ئىسمنى ؟
— ئۇنى گلاۋىين پورتى دەپ ئاتايلى . بۇ ئىسمنى خەرىتىگە يېزىپ قويسا چوقۇم چىرايلىق كۆرۈنىدۇ .
— مەيلى ، شۇنداق بولسۇن .
شۇنداق قىلىپ ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ۋېرلانلىق قىزغا بولغان ئەسلىمىلىرىم بىزنىڭ تەۋەككۇلچىلىك بىلەن تولغان سەپىرىمىز بىلەن مەھكەم باغلىنىپ كەتتى .
شامال شەرقىي شىمال تەرەپتىن ئۇرۇشقا باشلىدى . سال شامالنىڭ كۈچى بىلەن تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى . كۈچلۈك شامال خۇددى قۇۋۋىتى يۇقىرى شامالدۇرغۇچتەك سالنى ئالدىغا قاراپ ئىتتىرمەكتە ئىدى .
بىر سائەتتىن كېيىن تاغام بىزنىڭ سۈرئىتىمىزنى خېلى توغرا ھېسابلاپ چىقتى .
— مۇشۇنداق ئىلگىرىلەيدىغان بولساق ، — دېدى ئۇ ، — بىز بىر كېچە - كۈندۈزدە ئاز دېگەندە 75 مىل ماڭالايمىز ، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاققا قالماي نېرىقى قىرغاققا بېرىۋالالايمىز .
مەن جاۋاب بەرمەي سالنىڭ ئالدى تەرىپىدە جىمجىت ئولتۇردۇم ، شىمال تەرەپتىكى دېڭىز قىرغىقى ئۇپۇقتىن يىتتى . ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىمىزدىكى دېڭىز قىرغاقلىرى گويا بىزنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بەرمەكچى بولغاندەك ئىككى تەرەپكە قاراپ كەڭرى سوزۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى . كۆز ئالدىمىزدا بىپايان دېڭىز نامايان بولدى . تۈركۈم - تۈركۈم بۇلۇتلار سۇ يۈزىگە كۈل رەڭ سايىلەرنى چۈشۈرەتتى ھەمدە گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقان بۇ دېڭىزنى بېسىۋالماقچى بولغاندەك شىددەت بىلەن سۈرۈلەتتى . ئېلېكتر ئېقىمى چىقارغان ئاقۇچ نۇرلار سۇ تامچىلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەندە ، سال چاچرانقان بۇژغۇنلار يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ كېتەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرۇقلۇق كۆزدىن يىتتى . ئەمدى يۆنىلىشنى بەلگىلەشتە پايدىلانغۇدەك ھېچقانداق نەرسە قالمىدى . ئەگەر سال پات - پات چاچرىتىپ تۇرغان بۇژغۇنلار

بولمىغان بولسا، مەن ئۇنى جايىدىن قىمىرلىماي تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتىم.

چۈش بولغان مەزگىلدە سۇ يۈزىدە لەپەڭشىپ تۇرغان يوغان بىر پارچە دېڭىز يۇسۇنى كۆرۈندى. مەن بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ قۇدرىتىنى بىلەتتىم. ئۇلار 12 مىڭ فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىدا ياشاپ، 400 ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدىمۇ بەھۇزۇر كۆپىيىۋېرەتتى. سۇ ئاستىدا دائىم غايەت چوڭ دېڭىز يۇسۇنى ئورمانلىرىنى ھاسىل قىلىپ، كېمىلەرنىڭ يۈرۈشىگە توسالغۇلۇق قىلاتتى، لېكىن مەن ئەزەلدىن ئىدىنبورۇگ دېڭىزىدىكىدەك بۇنداق چوڭ دېڭىز يۇسۇنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

بىزنىڭ سال 3000 — 4000 فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى فوكۇس يۇسۇنى ئورمىنىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، بۇ فوكۇس يۇسۇنلىرى خۇددى غايەت چوڭ دېڭىز يىلىنىدەك كۆز يەتكۈسىز يەرلەرگىچە سوزۇلۇپ كەتكەندى. مەن چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن دېڭىز يۇسۇنى بەلۋېغىنى قىزىقىپ تاماشا قىلىۋېتىپ، بەزىدە ئۇنىڭ چېتىنى كۆردۈمغۇ دەپ ئويلايتتىم، بىراق بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بولسا تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

بۇنداق ئۆسۈملۈكلەرنى تەبىئەتنىڭ قانداق كۈچى ئاپىرىدە قىلغاندۇ! يەر شارى شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە يەر يۈزىدە پەقەت ئۆسۈملۈكلەرلا ياشىغانىدى. بۇ چاغدا يەر شارىنىڭ مەنزىرىسى قانداق ھالەتتە بولغىيدى؟

كەچ كىرىشكە باشلىدى، خۇددى بىز ئالدىنقى كۈنى بايقىغانغا ئوخشاش، ھاۋانىڭ يورۇقلۇق تارقىتىش ئىقتىدارى ئازراقمۇ ئاجىزلىمىدى. بۇ بىر خىل ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدىغان ئەھۋال بولۇپ، بىز ئۇنىڭ مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىساق تامامەن بولاتتى.

مەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ماچتىنىڭ يېنىدا يېتىپ پاتلا

ئۇيقۇغا كەتتىم . هانس رولنى مەهكەم تۇتقىنىچە سالنى تېز سۇرئەتتە هەيدەپ مېڭىۋاتاتتى . ئولڭ شامال چىقىۋاتقان بولغاچقا، هەتتا سالنى بىر كىم باشقۇرمىسىمۇ بولىۋېرەتتى . بىز گلاۋبېن پورتىدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، پروفېسسور لىدىنبوروگ ماڭا «دېڭىز ساياھىتى خاتىرىسى» يېزىشنى تاپىلىغانىدى . شۇڭا، مەن ئۆزۈم كۆزەتكەن بارلىق تەپسىلاتلارنى — قىزىقارلىق ئەھۋاللارنى، يەنى شامال يۆنىلىشى، سالنىڭ سۈرئىتى، باسقان مۇساپە، قىسقىسى، بۇ قىتىمقى ئاجايىپ دېڭىز سەپىرى جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەپ ماڭدىم .

ئەمدى بىزنىڭ دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىمىزنىڭ جەريانىنى تېخىمۇ ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن پاكىتقا ئاساسەن خاتىرىلىنىۋالغان كۈندىلىك خاتىرىنى بىر خەتنىمۇ نېرى - بېرى قىلماي ئۆز پېتىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن .

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۈمە . داۋاملىق تۇردە شەرقىي شىمال شاملى چىقىۋاتىدۇ، سال ئالدىغا قاراپ ئىتتىك كېتىۋاتىدۇ . شۇ تاپتا بىز شامالنىڭ كۈچى بىلەن قىرغاقتىن 75 مىل يىراقلاپ كەتتۇق . ئۇپۇقتا ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئىزناسى كۆرۈنمەيدۇ . يورۇقلۇقنىڭ دەرىجىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . ھاۋا ئىنتايىن ياخشى، ئېگىزلىكتە شالاڭ بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرىدۇ . ئاق رەڭلىك بۇ بۇلۇتلار خۇددى ئېرىتىلگەن كۈمۈشكە ئوخشاش ئاتموسفېرادا ئېسىلىپ تۇراتتى . تېمپېراتۇرا 32 سېلسىيە گرادۇس .

چۈش بولغان مەزگىلدە ھانس قارماققا كىچىك بىر پارچە گۆشنى يەمچۈك ئورنىدا ئىلىپ قارماقنى دېڭىزغا تاشلىدى . ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى، قارماققا ھېچنېمە ئىلىنمىدى . بۇ سۇدا بېلىق يوق ئوخشىمامدۇ؟ ياق، قارماق يىپى مىدىرلاپ كەتتى . ھانس دەرھال قارماقنى تارتىپ، پىلتىڭلاپ تۇرغان بىر بېلىقنى تۇتۇۋالدى .

— بېلىق! — تاغام توۋلاپ كەتتى .

— بىر تال بېلىق ! — مەنمۇ توۋلاپ كەتتىم ، — بىر تال ئوستېر بېلىقى !

پروفېسسور ئۇنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن مېنىڭ دېگىنىمگە قوشۇلمىدى . بۇ بېلىقنىڭ بېشى ياپىلاق ھەم يۇمىلاق بولۇپ ، گەۋدىسىنىڭ ئالدى تەرىپى سۆڭەكسىمان قاسىراقلار بىلەن قاپلانغان ، ئاغزىدا چىشلىرى يوق ئىدى ، تۆش پالاقچىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ، ئەمما قۇيرۇقى يوق ئىدى . بۇ بېلىق چوقۇم تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئوستېر دەپ ئاتىغان بېلىق تۈرىگە تەۋە ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى ئوستېر بېلىقىغا ئوخشىمايتتى .

تاغام خاتالاشمىغانىدى . ئۇ بۇ بېلىقنى يەنە بىر پەس كۆزەتكەندىن كېيىن دېدى :

— بۇ بېلىق نەسلى قۇرۇغىلى نەچچە ئەسىر بولغان بېلىق تۈرىگە تەۋە . ھازىر بىز پەقەت دېۋون دەۋرىدىكى يەر قاتلاملىرىدىلا ئۇنىڭ تاشقاتمىسىنى تاپالايمىز .

— نېمە ؟ — دېدىم مەن ، — ئۇنداقتا بىز راستتىنلا ئىپتىدائىي دېڭىزنىڭ ئاھالىلىرىدىن بىرىنى تۇتۇۋالدۇقما ؟

— شۇنداق ، — پروفېسسور جاۋاب بەرگەچ داۋاملىق كۆزىتىشكە باشلىدى ، — قارا ، بۇ قەدىمكى بېلىقنىڭ ھازىرقى بېلىقلار بىلەن ھېچقانداق ئوخشىمايدىغان يېرى يوق . بىر تەبىئىي پەن ئالىمى ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن بۇنداق تىرىك بېلىقنى تۇتۇشنىڭ ئۆزى چەكسىز بەخت .

— ئۇنداقتا ، ئۇ قايسى بېلىق تۈرىگە كىرىدۇ ؟

— ئۇ قاتتىق قاسىراقلىقلار ئەترىتى ، قالقانباشلار ئائىلىسىگە تەۋە ، ئەمما قايسى ئۇرۇقداش …

— قايسى ئۇرۇقداشقا ؟

— قەسەم قىلىمەنكى ، بۇ ئۇزگوچ قاناتلىقلار ئۇرۇقدىشىغا كىرىدۇ ، ئەمما بۇ بېلىقنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بار ، ئادەملەر ئۇنى

يەر ئاستى دېڭىزىدا ياشايدىغان بېلىق تۈرى دېيىشى مۇمكىن.
— قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟
— ئۇ قارىغۇ!
— قارىغۇ!
— قارىغۇ بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەسلىدىلا كۆرۈش ئەزاسى يوق.
— مەن سىنچىلاپ قارىۋىدىم، دەرۋەقە شۇنداق ئىكەن. بىراق، بۇ ئالاھىدە بىر ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىز قارماققا باشقىدىن يەمچۈك ئىلىپ قارماقنى دېڭىزغا تاشلىدۇق. بۇ دېڭىزدا ھەقىقەتەن بېلىق كۆپ ئىدى، بىز ئىككى سائەت ئىچىدە ئۈزگۆچ قاناتلىقلار ئۇرۇقدىشىغا تەۋە بېلىقلار بىلەن جۇپ ئۈزگۆچ قاناتلىق بېلىقلاردىن بىرمۇنچىنى تۇتۇۋالدۇق. جۇپ ئۈزگۆچ قانىتى بار بېلىقلارمۇ ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بېلىق تۈرىدىن بولۇپ، تاغام ئۇنىڭ قايسى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. بۇ بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى يوق ئىدى. بىز تاسادىپىي ھالدا تۇتۇۋالغان بۇ بېلىقلار بىزنىڭ كۆندىلىك تامىقىمىزنىڭ مولراق بولۇشىغا كۆپ پايدىسى تەگدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز بىر نۇقتىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالدۇق: بۇ دېڭىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ھايۋانلار تۈرىگە مەنسۇپ ئىكەن. بۇ يەردىكى بېلىق ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا بار بولغىنىغا قارىماي، تەرەققىي قىلىشى ئىنتايىن مۇكەممەل ئىدى.

ئالىملار بەزى قالدۇق سۆڭەك پارچىلىرىغا ئاساسلىنىپ تۈرۈپ كەسلەنچۈك تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ياساپ چىققانىدى. ئېھتىمال بىزمۇ بۇ يەردە راستتىنلا ئاشۇنداق ھايۋانلاردىن بىرنەچچىنى ئۇچرىتىپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

مەن دۇربۇننى ئېلىپ دېڭىزنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. دېڭىز يۈزىدە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. قارىغاندا، بىز تېخى دېڭىز

قىرغىقىدىن ئانچە بەك يىراقلاپ كېتەلمىگەن ئوخشايمىز .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم . ئۈچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن كوۋېر[1] بەزى ئۇچار قاناتلارنىڭ ئۆرنەكلىرىنى تەقلىد قىلىپ ياسىغانىدى . لېكىن ، بۇ ئېغىر ھاۋا قاتلىمىدا نېمە ئۈچۈن قۇشلار قانات قېقىپ ئۇچمايدىغاندۇ ؟ بۇ يەردە بېلىقلار ئۇلارنى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدىغان تۇرسا . مەن ئاسمانغا قارىدىم ، ئاسماندا دېڭىز قىرغىقىدىكىدەك ھېچقانداق جانلىق كۆرۈنمەيتتى . بىراق ، خىيالىي تۇيغۇ مېنى تولىمۇ گۈزەل ئەمما ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر قەدىمكى ھايۋانلار دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى . گەرچە كۆزۈم ئوچۇق بولسىمۇ ، ئۆزۈم غەلەت ئۇيقۇغا ئەسىر ئىدىم . مەن سۇ يۈزىدە غايەت چوڭ يېشىل تاشپاقىنى كۆرگەندەك بولدۇم ، بۇ قەدىمكى يېشىل تاشپاقا خۇددى لەيلەپ يۈرگەن كىچىك ئارالغىلا ئوخشايتتى . گۈڭگا كۆرۈنگەن دېڭىز ساھىلىدا بىر قىسقا مۈڭگۈزلۈك ھايۋان ۋە بىر لوفىئودون ئۆتۈپ كەتتى . بۇلار يەر شارىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بولۇپ ، ئالدىدىكىسى برازىلىيىدىكى تاش ئۆڭكۈرلەردە بايقالغان ، كېيىنكىسى بولسا سىبىرىيىنىڭ قاتتىق سوغۇق جايلىرىدا ياشىغانىدى . يىراقتا تۇرقى غايەت چوڭ تاپىرغا (قىسقا خارتۇملۇق ئېمىتكۈچى ھايۋان ) ئوخشايدىغان ، تېرىسى قېلىن ، غەلىتە تۇياقلىق بىر ھايۋان تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ ئاچا تۇياقلىق ھايۋان بىلەن ئولجا تالىشىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى . ئاچا تۇياقلىق ھايۋان بىر خىل تولىمۇ غەلىتە ھايۋان بولۇپ ، تۇرقى كەركىدان بىلەن ئاتقا ئوخشاپ كېتەتتى . قارىغاندا ، تەڭرى دۇنيانى ياراتقاندا بەك ئالدىراشلىقىدىن بىرنەچچە خىل ھايۋاننىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭغا مۇجەسسەم قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى . گەۋدىسى غايەت چوڭ ماستودون خارتۇمىنى پۇلاڭلاتقىنىچە

[1] گوركىس كوۋېر — (1769 — 1832 ) فرانسىيىلىك زوئولوگ ، پالېئوبىئولوگ ، سېلىشتۇرما ئاناتومىيىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى .

كېلىپ ، دېڭىز قىرغىقىدىكى يوغان قورام تاشنى چىشى بىلەن يانجىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى . مېگاتېر بولسا قالتىس تەرەققىي قىلغان تۆت پۇتىغا تايىنىپ تۇرۇپ يەرنى توختىماي تىلغايتتى ، ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىدىن تاشلىق جىلغىدا ئەكس سادا ياڭرىدى . يۇقىرىدا بولسا يەر شارىدىكى ئەڭ بالدۇرقى مايمۇنلارنىڭ ئەجدادلىرى تىك قىيانىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىشقانىدى . تېخىمۇ يۇقىرىدا بولسا قانات قوللۇق كەسلەنچۈك قاناتلىرىدىكى پەنجىلىرىنى ئويىنىتىپ ، زىچلىقى يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا خۇددى چوڭ شەپەرەڭلەردەك پەرۋاز قىلماقتا ئىدى . ئەڭ ئاخىرقى يۇقىرى بوشلۇقتا بولسا لەيلەكسىمان تۆگىقۇشنىمۇ قاۋۇل ، تۆگىقۇشنىمۇ غايەت چوڭ بىر قۇش غايەت چوڭ قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ، بېشى بىلەن گرانىتلىق ئەگمە ئۆگزىسىگە ھەدەپ ئۇسمەكتە ئىدى .

بۇ قەدىمكى دۇنيا مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا قايتىدىن تىرىلگەندەك بولدى . خىيال قۇشلىرىم «ئىنجىل»دىكى دۇنيا بارلىققا كەلگەن دەۋرگە ئۇچۇپ كەتتى . ئۇ چاغلاردا ئىنسانىيەت تېخى بارلىققا كەلمىگەن بولۇپ ، مۇكەممەل شەكىللىنىپ بولالمىغان يەر شارى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخى چىقالمايتتى . مەن ھايۋانلار بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار يوقالدى ، ئاندىن قۇشلار ، ئارقىدىن ئىككىنچى دەۋردىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار ، ئەڭ ئاخىردا بېلىقلار ، قاسىراقلىق ھايۋانلار ، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار ۋە بارماق ئۇگىلىك ھايۋانلار ، ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۆسۈملۈكسىمان ھايۋانلارمۇ قالمىدى . كۆڭۈل ئېكرانىمدىن يەر شارىدىكى بارلىق ھاياتلىق بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى ، بۇ بىمەنە دۇنيادا پەقەت مېنىڭ يۈرىكىملا سوقۇپ تۇرۇۋاتاتتى . پەسىل ئۆزگىرىشلىرى ۋە پەسىل پەرقلىرىمۇ تۈگىدى . يەر شارىنىڭ ئۆزىدىكى ئىسسىقلىقنىڭ توختىماي ئېشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقى رولىنى يوقاتتى . ئۆسۈملۈكلەر چەكلىمىسىز ھالدا ئۆسۈشكە باشلىدى . مەن خۇددى ئەرۋاھتەك

دەرەخسىمان پاپوروتنىكلار ئارىسىدا يۈرىمەن. قىزىل رەڭلىك مارىللار ۋە ئالا - بۇلىماچ شېغىللىق ئۈستىدە ئىككىلىنىپ ئاياغ باسىمەن، بەزىدە بولسا غايەت چوڭ يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ غولىغا يۆلىنىمەن. بەزىدە بولسا ئېگىزلىكى 100 فۇت كېلىدىغان كېپىنەكسىمان يوپۇرماقلىق دەرەخ، يۇلتۇزسىمان يوپۇرماقلىق دەرەخ ۋە پلائونلارنىڭ سايىسىدا سۇنايلىنىپ ياتىمەن.

نەچچە 100 يىل ۋاقىت خۇددى بىرنەچچە كۈندەكلا ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى! مەن يەنە يەر شارىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۈستىدە خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم. ئۆسۈملۈكلەر يوقالدى، گرانىت تاشلار ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى يوقاتتى، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىدە جىسىملار قاتتىق ھالەتتىن ئېرىتمە ھالەتكە ئۆزگەردى، يەر يۈزىدە ئېقىۋاتقان سۇلار قايناپ پارغا ئايلىنىشقا باشلىدى، يەر شارىنى سۇ پارلىرى ئورىۋالدى، ئاندىن بارا - بارا گاز كاللەكچىسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن قىزىل ئاق رەڭلىك نۇرلار چاقناشقا باشلىدى، ئاخىر قۇياشتەك چوڭلۇققا ئۆزگىرىپ، قۇياشتەك يورۇق بولۇپ كەتتى. بۇ گاز كاللەكچىسى كېيىن ئۆزگىرىپ ھاسىل بولىدىغان ئاسمان جىسمىدىن 1 مىليون 400 مىڭ ھەسسە چوڭ ھالەتكە كەلدى. مەن ئۇنىڭ مەركىزىدىن پلانېتىلار ئارىسىغا ئېلىپ كېتىلدىم! مېنىڭ گەۋدەم بارغانسېرى كىچىكلەپ ۋە بارغانسېرى يېنىكلەپ، ئاخىر ھېچقانداق ئېغىرلىق يوق بىر تال ئاتومدەك ئاشۇ سۇ پارلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ سۇ پارلىرى چەكسىز ئالەمدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۇزۇن بىر تال ئوربېتا سىزىقى ھاسىل قىلغانىدى.

بۇ قانداق چۈشتۇ؟ ئۇ مېنى قەيەرلەرگە ئېلىپ كېتەر؟ مېنىڭ قولۇم بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى قەغەزگە تەلۋىلەرچە يېزىشقا باشلىدى! مەن ھەممىنى — پروفېسسور، يول باشلىغۇچى، سال دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇم! مەن پۈتۈنلەي خىيالي تۇيغۇ ئىچىگە غەرق بولغانىدىم...

— سەن نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى تاغام.

مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغىنىم بىلەن كۆزلىرىم ھېچنېمىنى كۆرمىگەنىدى .

— دىققەت قىل ، ئاكسال ، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتمىگىن يەنە !

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا مەن ھانسىنىڭ قوللىرى مېنى مەھكەم تۇتۇۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا مەن راستتىنلا دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن بولاتتىم .

— ئۇ ساراڭ بولۇپ قاپتىما ؟ — دېدى پروفېسسور توۋلاپ .

— نېمە بولدى ؟ — دېدىم ئاخىر ئېسىمگە كېلىپ .

— سەن ئاغرىپ قالمىغانسەن ؟

— ياق ، مەن باياتىن چۈش كۆرگەندەك قىلدىم ، ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى . ئىشلار جايىدا كېتىۋاتامدۇ ؟

— ناھايىتى ياخشى ! شامال يۆنىلىشى ، دېڭىز سۈيى يامان ئەمەس ! سالمۇ ناھايىتى تېز مېڭىۋاتىدۇ ، ئەگەر مۆلچەرىم خاتا بولمىسا ، بىز پاتلا قارشى قىرغاقتا يېتىۋالىمىز .

مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن قوپۇپ ، ئۇدۇلىمىزدىكى ئۇپۇققا نەزەر سالدىم . بىراق ، كۆزۈمگە پەقەت يىراقتىكى سۇ بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ كەتكەن مەنزىرىلا كۆرۈندى .

## 33

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شەنبە . دېڭىز بۇرۇنقىدەك زېرىككىشلىك ئىدى . قۇرۇقلۇقنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايتتى ، ئۇپۇق بەكمۇ يىراقتەك بىلىنەتتى .

— تۈنۈگۈنكى قالايمىقان خىياللار تۈپەيلىدىن بېشىم تېخىچە قېيىپ تۇراتتى .

تاغام قالايمىقان خىياللارغا بېرىلمىگىنى بىلەن كەيپىياتى بەكلا يامان ئىدى . ئۇ دۇربۇن بىلەن ئەتراپتىكى ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقنى كۆزەتكەندىن كېيىن قوللىرىنى قوۋۇشتۇردى .

مەن پروفېسسور لىدېنبورۇگنىڭ ئالدىراقسانلىق كونا

كېسىلىنىڭ يەنە قوزغالغانلىقىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇنى كۆڭۈلسىزلىك خاتىرىگە يېزىپ قويدۇم. مەن خەتەرگە يولۇقۇپ ئازاب چەككەن چاغلاردىلا ئۇ مېھرىبان بولۇپ قالغانىدى، لېكىن مەن ساقىيىپ كېتىشىم بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغالدى.

لېكىن، بۇ يەردە ئاچچىقلانغۇدەك بىرەر ئىش يۈز بەرمىدىغۇ؟ ئەجەبا، بىزنىڭ ساياھىتىمىز ئوڭۇشلۇق داۋام قىلىۋاتامدىكىنە؟ سالنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش سۈرئىتى تېخى يېتەرلىك ئەمەسمىكىنە؟

— قارىغاندا، سىز ئالدىراۋاتقاندەك قىلىۋاتامسىز نېمە، تاغا، — دېدىم ئۇنىڭ دۈربۇن بىلەن ئەتراپنى توختىماي كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— ئالدىراۋاتىسىز دېدىڭمۇ؟ ياق.

— ئۇنداقتا، ئىچىڭىز پۇشۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— بۇنىڭدىنمۇ كىچىك ئىشلار ئادەمنىڭ ئىچىنى پىشۇرۇۋېتىشى مۇمكىن!

— لېكىن، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش سۈرئىتىمىز ئىنتايىن تېزغۇ...

— تېز بولسا نېمە پايدىسى؟ سۈرئىتىمىز بەك ئاستا دەپ ئەمەس، بەلكى بۇ دېڭىزنىڭ بەك چوڭلۇقىدىن ئىچىم پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ!

بىز دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى پروفېسسور بۇ دېڭىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى 75 مىل ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىگەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. لېكىن، بىز شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۆلچەرىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىغان مۇساپىنى بېسىپ بولغان بولساقمۇ، ئەمما جەنۇب تەرەپتىكى دېڭىز قىرغىقىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيۋاتاتتى.

— بىز پەسكە قاراپ تۆۋەنلىمەيۋاتىمىز! — دېدى پروفېسسور، — بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەن شۇنچە يىراق يەردىن بۇ كۆلچەكتە كېمە ھەيدىگىلى كەلگەن ئەمەس!

تاغام دېگىزدىن ئۆتۈشنى كىمە ھەيدەش ، بۇ دېڭىز ـ ئوكياننى كۆلچەك دەۋاتاتتى .

— لېكىن ، — دېدىم مەن ، — بىز ساكنوسىمنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ماڭساقمۇ...

— مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە . بىزنىڭ مېڭىۋاتقىنىمىز راستىنلا ئۇ ماڭغان ئاشۇ يولمىدۇ ؟ ساكنوسىممۇ چەكسىز كەتكەن مۇشۇ دېڭىزغا ئۇچرىغانمىدۇ ؟ ئۇمۇ بۇ دېڭىزنى كېسىپ ئۆتكەنمىدۇ ؟ بىزگە يول كۆرسىتىپ بەرگەن ئېرىق بىزنى توپتوغرا يولغا باشلاپ قويدىمۇ يا ؟

— مەيلى نېمىلا بولسۇن ، مەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزگە ئازراقمۇ ئەپسۇسلانمايمەن . بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بەكمۇ ئاجايىپ ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ...

— بىز بۇ يەرگە مەنزىرە تاماشا قىلغىلى كەلگەن ئەمەس . مەن ئۆزۈمگە بىر نىشان بەلگىلىۋالغان . ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم كېرەك ! شۇڭا ، سەن ماڭا مەنزىرە تاماشا قىلىمىز دېگەندەك گەپلەرنى قىلما !

شۇنىڭ بىلەن مەن پروفېسسورنىڭ بۇ گېپىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ ، پروفېسسورنىڭ كوتۇلداشلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدۇم . كەچقۇرۇن سائەت ئالتە بولغاندا ھانس ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلدى . تاغام ئۇنىڭغا ئۈچ كۇمۇش تەڭگە بەردى .

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەكشەنبە . ئىشلار بۇرۇنقىدەكلا ، ھاۋامۇ ئادەتتىكىدەك . شامال سەل ـ پەل كۈچەيدى . مەن ئويغىنىپلا ھەممىدىن بەكرەك يورۇقلۇققا كۆڭۈل بۆلدۈم . چاقماق نۇرىنىڭ تەدرىجىي خىرەلىشىپ ، ئاخىر يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈردۈم ، ھەر ھالدا بۇ ئەنسىرەشلىرىم رېئاللىققا ئايلانمىدى . سالنىڭ سايىسى دېڭىز يۈزىگە ئېنىق چۈشۈپ تۇراتتى . بۇ دېڭىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چېكى يوق ئىكەن ! ئۇ ئېھتىمال ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ، ھەتتا ئاتلانتىك ئوكياندىنمۇ كەڭ بولۇشى مۇمكىن .

دېمەمسەممۇ نېمەمشقا ئۇنداق بولمىغۇدەك؟ تاغام سۇنىڭ چوكقۇرلۇقىنى بىرنەچچە قېتىم ئۆلچىدى. ئۇ ئۇزۇنلۇقى 1200 فۇت كېلىدىغان بىر تال ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا ئېغىر مېتىننى باغلىغاندىن كېيىن ئۇنى سۇغا تاشلىدى، لېكىن ئۇ سۇنىڭ تېگىگە يەتمىدى. بىز بىرمۇنچە ئاۋارە بولۇپ مېتىننى تارتىپ چىقىرىۋالدۇق.

مېتىن سال ئۇستىگە تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، هانس ماڭا ئۇنىڭ ئۇستىدىكى روشەن ئىزلارنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ گويا ئىككى قاتتىق جىسىم تەرىپىدىن كۈچلۈك قىسىلغاندەك قىلاتتى.

مەن يول باشلىغۇچىغا قارىدىم.

ئۇ دانىيە تىلىدا بىر گەپنى قىلدى.

مەن چۈشەنمىگەچكە ئۆرۈلۈپ تاغامغا قارىدىم، بۇ چاغدا تاغام چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن قايتىدىن يول باشلىغۇچىغا قارىدىم. ئۇ ئاغزىنى ئاچتى ۋە ئارقىدىنلا يۇمۇۋالدى، ئۇ بىرنەچچە قېتىم شۇنداق قىلدى، مەن ئاندىن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندىم.

— چىشنىڭ ئىزلىرى! — دەۋەتتىم مېتىننى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن قاتتىق هەيران قالغان هالدا.

شۇنداق، بۇ هەقىقەتەنمۇ مېتىنغا چوكقۇر پاتقان چىشنىڭ ئىزلىرى ئىدى! بۇنداق چىشلار جايلاشقان تاڭلاينىڭ قۇدرىتى چەكسىز بولۇشى تۇرغان گەپ! ئۇنداقتا، بۇ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە لەهەڭدىنمۇ ۋەھشىي، كىتتىنمۇ قورقۇنچلۇق، يەر شارىدا ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇپ كەتكەن غەلىتە هايۋان هەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ئوخشىمامدۇ؟ مەن چايناپ ئۇزۇپ تاشلىنىشقا ئازلا قالغان مېتىنغا قارىغىنىمچە كېچەدىن بېرى كۆرگەن چۈشلىرىم راستتىنلا رېئاللىققا ئايلىنىپ قالامدۇ نېمە؟ دەپ ئويلىدىم. مەن كۈن بويى مۇشۇنداق خىياللار ئىلكىدە ئازابلىنىپ يۈردۈم. بىر سائەت ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشتى.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۈشەنبە. مەن ئىككىنچى دەۋردىكى قەدىمكى ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىسمىگە كەلتۈرۈپ بېقىشقا ئۇرۇندۇم. بۇ ھايۋانلار يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار، قاسىراقلىق ھايۋانلار ۋە بېلىقلاردىن كېيىن، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن بۇرۇن پەيدا بولغانىدى. بۇ چاغلاردا يەر شارى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارغا تەئەللۇق ئىدى. بۇ غەلىتە ھايۋانلار يۇرا دەۋرىدىكى دېڭىزلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى①. تەبىئەت ئۇلارغا ئەڭ مۇكەممەل تۈزۈلۈشنى ئاتا قىلغان بولۇپ، گەۋدىسى غايەت يوغان، كۈچ ـ قۇدرەتتە تەڭداشسىز ئىدى! بۈگۈنكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار، مەيلى ئۇ كەسلەنچۈك ياكى تىمساھ بولسۇن، ئۇلار قانچىلىك چوڭ ھەم ۋەھشىي بولسۇن، ئۇلارنى ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىنىڭ ئالدىدا پەقەت ئاجىز ھەم كۈچسىز كىچىك قۇرت دېيىشكىلا بولاتتى!

بۇ غەلىتە ھايۋانلارنى ئىسمىگە ئېلىشىم بىلەن بەدەنلىرىم شۈركىنىپ كېتەتتى. بۇ خىل تىرىك ھايۋانلارنى ھېچكىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار گەرچە ئىنسانىيەت پەيدا بولۇشتىن نەچچە يۈز مىڭ يىللار ئىلگىرى يەر شارىدا ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ئادەملەر ھاك تەركىبلىك يېپىشقاق توپا قاتلىمىدا بايقالغان ھەمدە ئەنگلىيىلىكلەر تەرىپىدىن «كېيىنكى يۇرا دەۋرىدە تاشقا ئايلانغان جىسىم» دەپ ئاتالغان سۆڭەك قاتمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەقلىد قىلىپ ياساپ چىققاندىن كېيىن، بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ گەۋدىسى غايەت چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

مەن ھامبۇرگ مۇزېيىدا ئۇزۇنلۇقى 30 فۇت كېلىدىغان بىر ئۆمىلىگۈچى ھايۋاننىڭ ئىسكىلىتىنى كۆرگەنىدىم. ئەمدىلىكتە مەندەك بىر يەرشارى ئاھالىسىنىڭ پېشانىسىگە مۇشۇنداق قەدىمكى ھايۋانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

① يۇرا دەۋرىگە تەئەللۇق يەر قاتلىمى ئىككىنچى دەۋردە دېڭىزلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن (ئاپتورنىڭ ئەسلي ئىزاھاتى).

ياق ، مۇمكىن ئەمەس ! بىراق ، مېتىننىڭ ئۈستىدە ھەقىقەتەنمۇ كۆچلۈك چىشلارنىڭ ئىزى بار تۇرسا . بۇ چىشلاردىن قارىغاندا ، بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ چىشلىرى كونۇس شەكىللىك بولۇپ ، تىمساھنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى .

مەن ۋەھىمە ئىچىدە دېڭىزغا سەپسالدىم ، كۆڭلۈمدە بولسا دېڭىز ئاستىدىكى ئۈڭكۈر ئاھالىسىنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورقتۇم .

مەن كۆڭلۈمدە «پروفېسسور لىدېنبورۇگ مەندەك قورقۇپ يۈرمىسىمۇ ، ھېچبولمىغاندا مېنىڭ قاراشلىرىمغا قوشۇلۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم . چۈنكى ، ئۇ مېتىننى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن دېڭىزغا كۆز ئۇزمەي بىر ھازاغىچە قاراپ كەتكەنىدى . «قاملاشمىغان ئىشتىن بىرنى ئويلاپ تاپقىنىنى قارىمامدىغان ، — مەن ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلىدىم ، — ئۇ قانداق بولۇپ سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەشنى ئويلاپ قالدىكىنە ؟ ئۇ چوقۇم دەم ئېلىپ ياتقان بىرەر ھايۋاننى پاراكەندە قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ، ئەگەر بىز دېڭىزدا ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالساق ... » .

مەن قوراللارغا قاراپ قويدۇم ، ھەممىسى راسلاقلىق تۇراتتى ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم سەل جايىغا چۈشتى . مېنى كۆزىتىپ تۇرغان تاغام قول ئىشارىسى قىلىپ مېنىڭدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۇردى .

بىر چاغدا سۇ يۈزى شىددەت بىلەن داۋالغۇپ كەتتى ، بۇ سۇ ئاستىدا بىرنېمىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى . خەتەر يېقىنلاپ كەلدى ، ئەمدى ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ .

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سەيشەنبە . كەچ كىرىشكە باشلىدى ، ئېنىقراقىنى دېگەندە ، ئۇيقۇمىز كېلىدىغان ۋاقىت بولغانىدى . بۇ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە كېچە بولمايتتى . خۇددى قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان شىمالىي قۇتۇپ دېڭىزىدا سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقاندەك ، تىك چۈشۈپ تۇرغان يورۇقلۇق كۆزلەرنى بەك تالدۇرۇۋېتەتتى . ھانىس رولنى باشقۇرۇۋاتاتتى ، ئۇ نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقاندا مەن ئۇخلاپ

قالدىم .

ئىككى سائەتتىن كېيىن بىر خىل دەھشەتلىك تەۋرىنىشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . سال تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل كۈچ تەرىپىدىن ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ 130 نەچچە فۇت يىراقلىققا شىددەت بىلەن تاشلاندى .

— نېمە بولدى ؟ — تاغام توۋلاپ كەتتى ، — خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتتۇقمۇ ؟ ھانىس 1300 فۇت يىراقلىقتىكى دېڭىز يۈزىنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى . ئۇ كۆرسەتكەن يەردە بىر قاپقارا نەرسىنىڭ بىر پەسىيىپ ، بىر يۇقىرىلاپ تۇرغانلىقى كۆرۈندى . مەن ئۇنى كۆرۈپ ۋارقىراپ تاشلىدىم :

— بىر غايەت چوڭ دېڭىز چوشقىسى ئىكەن !

— توغرا ، — دېدى تاغام جاۋابەن ، — ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە بىر غايەت چوڭ دېڭىز كەسلەنچۈكى قوشۇلدى !

-- يىراقتا يەنە بىر قورقۇنچلۇق تىمساھ بار ئىكەن ! قاراڭ ، ئۇنىڭ تاڭلاي سۆڭىكى نېمىدېگەن چوڭ ! چىشلىرىچۇ تېخى ! ۋاي ! ئۇ يوقاپ كەتتى !

— كىت ! بىر كىت ! — شۇ ئەسنادا پروفېسسورمۇ توۋلاپ كەتتى ، — مەن ئۇنىڭ چوڭ پالاقلىرىنى كۆردۈم ! ئۇنىڭ بۇرنىدىن سۇ ۋە ھور ئېتىلىپ چىقىۋاتىدۇ !

دېگەندەكلا دېڭىز يۈزىدە ئېگىز ئىككى سۇ تۈۋرۈكى كۆتۈرۈلدى . كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ بىر توپ دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ئالدىدا قاتتىق قورقۇنچقا چۈشتۇق . ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى يوغان ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكىمۇ بىزنىڭ سالنى چىشلىرى بىلەن پارە ـ پارە قىلىۋېتەلەيتتى . ھانىس رولنى چىڭ تۇتقان ھالدا سالنى شامال يۆنىلىشى بويىچە ھەيدەپ ، بۇ بىر توپ خەتەرلىك ھايۋانلاردىن نېرى كېتىشكە تىرىشاتتى . بىراق ، ئۇ سالنىڭ نېرىقى چېتىدىمۇ ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق دۈشمەنلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى ، بۇ يەردە كەڭلىكى 40 فۇت كېلىدىغان بىر يېشىل تاشپاقا بىلەن ئۇزۇنلۇقى 30 فۇت كېلىدىغان بىر دېڭىز يىلىنى ئۇزۇپ يۈرەتتى ، دېڭىز يىلىنى يوغان بېشىنى سۇدىن

چىقىرىشۋالغانىدى .

قىيچىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇ ئۈمىلىگۈچى ھايۋانلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى ، ئۇلار سالنىڭ ئەتراپىدا شىددەت بىلەن ئايلانغىلى تۇردى . بۇلارنىڭ سۇرئىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزدىنمۇ تېز ئىدى ، ئۇلار سالنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر چەمبەر ھاسىل قىلدى . مەن قولۇمغا مىلتىقنى ئالدىم ، بىراق ، ئوق بۇ ھايۋانلارنىڭ قاسىرىقىغا تەگسە قانچىلىك رولى بولسۇن ؟

بىز قورققىنىمىزدىن نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدۇق . ئۇلار كەلدى ! بىر تەرىپىمىزدە تىمساھ ، يەنە بىر تەرىپىمىزدە بولسا دېڭىز يىلىنى ، باشقا دېڭىز ھايۋانلىرى يوقاپ كەتتى . مەن مىلتىق ئېتىشقا تەمشىلىۋىدىم ، ھانس قول ئىشارىسى قىلىپ مېنى توختىتىۋالدى . بۇ ئىككى دېڭىز ھايۋىنى سالغا 300 فۇتچە كېلىدىغان يەردىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ بىر - بىرىگە شىددەت بىلەن ئېتىلدى ، ئۇلار بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان بولغاچقا بىزنى كۆرمەي قالغانىدى .

ئېلىشىش سالدىن 600 فۇت يىراقلىقتىكى دېڭىز يۈزىدە باشلىنىپ كەتتى . بىز بۇ ئىككى غەلىتە ھايۋاننىڭ ئېلىشىشىنى ئېنىق كۆردۇق .

شۇ ئەسنادا ، باشقا دېڭىز ھايۋانلىرىمۇ كېلىپ بۇ ئېلىشىشقا قاتناشتى : دېڭىز چوشقىسى ، كىت ، دېڭىز كەسلەنچۈكى ، يېشىل تاشپاقىلارمۇ بۇ جېدەلنىڭ ئىشتىراكچىلىرىغا ئايلاندى . مەن كۆز ئۈزمەي كۆزەتكەچ ئىسلاندىيىلىككە ئىما قىلدىم ، ئۇ بېشىنى چايقىدى .

— پەقەت ئىككىسىلا ، — دېدى ئۇ .

— نېمە ! ئىككىسى ؟ ئۇ پەقەت ئىككىلا غەلىتە ھايۋان بار ، دېگەنىدى .

— ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ، — دېدى تاغام تۇۋلاپ ، ئۇ ئىزچىل تۇردە بۇ غەلىتە ھايۋانلارنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىۋاتقانىدى .

— نېمىشقا بۇنداق بولسۇن ؟

— خاتا ئەمەس ! بىرىنچى غەلىتە ھايۋاننىڭ دېڭىز چوشقىسىنىڭكىدەك ئاغزى ، دېڭىز كەسلەنچۈكنىڭكىدەك بېشى ۋە تىمساھنىڭكىدەك چىشلىرى بار ئىكەن ، شۇڭا بىزنىڭ خاتا كۆرۈپ قېلىشىمىز تۇرغان گەپ . بۇ قەدىمكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى ئىختىئوزاۋر !

— يەنە بىرىچۇ ؟

— يەنە بىرى بولسا ئۈستىدە قۇلۇلە قېپى بار دېڭىز يىلىنى ، ئۇ پلېسىئوزاۋر دەپ ئاتىلىدۇ ، ئىختىئوزاۋرنىڭ كۈشەندىسى !

ھانسىنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى . شۇ تاپتا بۇ ئىككى مەخلۇق دېڭىز يۈزىنى ئۆركەي - توڭتەي قىلىۋەتكەنىدى . مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكىسى ئىپتىدائىي دېڭىزلاردىكى ئىككى ئۆمىلىگۈچى ھايۋان ئىدى . مەن ئىختىئوزاۋرنىڭ قان تولغان كۆزلىرىنىڭ ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىنى كۆردۈم . تەبىئەت ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۈچلۈك كۆرۈش ئەزاسىنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ، سۇنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر ئاستىدا ياشايتتى . كىشىلەرنىڭ ئۇنى دېڭىز كەسلەنچۈكلىرى ئارىسىدىكى كىت دەپ ئاتىشى بىكار ئەمەس ئىدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ گەۋدىسى كىتنىڭكىدەك چوڭ بولۇپ ، سۈرئىتى ئوخشاشلا ئىنتايىن تېز ئىدى . ئىختىئوزاۋر سۇ يۈزىدە قۇيرۇق پالىقىنى تىك كۆتۈرگەن چېغىدا ، مەن ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ھېسابلاپ چىقتىم : ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاز دېگەندىمۇ 100 فۇت كېلەتتى . ئۇنىڭ تاڭلاي سۆڭىكى غايەت يوغان بولۇپ ، تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئۇنىڭ ئاز دېگەندىمۇ 180 تال چىشى بار دەپ قارايتتى .

پلېسىئوزاۋرنىڭ گەۋدىسى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ ، قۇيرۇقى ئىنتايىن قىسقا ، تۆت پۇتى كېمە پالىقىغىلا ئوخشايتتى . پۈتۈن گەۋدىسىنى قاسىراق قاپلىغان ، ئاق قۇنىڭكىدەك يۇمشاق بېشى سۇ يۈزىدىن 30 فۇت ئېگىزلىككە سوزۇلغانىدى .

بۇ ئىككى دېڭىز مەخلۇقى شىددەت بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى . ئۇلارنىڭ ئېلىشىشىدىن تاغدەك دولقۇن كۆتۈرۈلدى ، ھەتتا بىزنىڭ سالغىمۇ سۇ چاچرىغىلى تۇردى . بىز بىرنەچچە قېتىم سۇغا غەرق

بولغىنلى تاسلا قالدۇق . ئۇلار ئېلىنىشۋاتقان تەرەپتىن قۇلاقنى يارغۇدەك چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ ئىككى دېڭىز مەخلۇقى بىر - بىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن بولغاچقا ، بىز ئۇلارنى پەرق ئېتەلمەي قالدۇق . غەلىبە قىلغۇچىنىڭ قەھرلىك ھۆركىرىشىنى ئاڭلاپ ، قورقۇپ جېنىمىز چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى .

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى ، ئىككى سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى ، دەھشەتلىك ئېلىشىش يەنىلا داۋام قىلماقتا ئىدى . بۇ ئىككى دېڭىز مەخلۇقى بىردەم سالغا يېقىنلاشسا ، بىردەم يىراقلاپ كېتەتتى . بىز قىمىر قىلماستىن مىلتىقلاردىن ئوق ئۈزۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇردۇق .

توساتتىن ئىختىئوزاۋر بىلەن پلېسىئوزاۋر يوقاپ كەتتى ، سۇ يۈزىدە ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر قاينام پەيدا بولدى . بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى ، ئەجەبا ، ئېلىشىش دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئاياغلىشامدىغاندۇ ؟

تۇيۇقسىزلا سۇ يۈزىدە غايەت يوغان بىر باش پەيدا بولدى ، بۇ پلېسىئوزاۋرنىڭ بېشى ئىدى . بۇ غەلىتە مەخلۇق ئەجەللىك يېرىدىن زەخمە يېگەنىدى ، مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قېپىنى كۆرەلمىدىم ، پەقەت ئۇزۇن بوينى خۇددى غايەت چوڭ قامچا سۇنى ساۋىغاندەك كۆتۈرۈلۈپ - پەسلەپ تۇرغانلىقى كۆرۈندى . ئۇنىڭ گەۋدىسى خۇددى ئۈزۈپ تاشلانغان ئۇچەي قۇرتىدەك غۇجمەكلىشىپ قالغانىدى . تەرەپ - تەرەپكە چاچرىغان سۇ بۇژغۇنلىرى كۆز ئالدىمىزنى يۇتۇنلەي توسۇۋالدى . بىراق ، بۇ دېڭىز مەخلۇقىنىڭ جان تالىشىشى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ھەرىكىتى بارغانسېرى ئاجىزلاپ ، گەۋدىسىمۇ بارا - بارا غۇجمەكلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى ، ئاخىر بۇ ئۇزۇن يىلان سۇ يۈزىدە قىمىر قىلماي لەيلەپ قالدى .

ئىختىئوزاۋرچۇ ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ دېڭىز ئاستىدىكى ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كەتكەنمىدۇ ياكى دېڭىز يۈزىدە قايتىدىن پەيدا بولارمۇ ؟

# 34

8 ـ ئايىنىڭ 19 ـ كۈنى چارشەنبە . بەختىمىزگە قاتتىق چىققان شامال بىزنىڭ ئىلىشىش مەيدانىدىن قېچىپ كېتىشىمىزگە ياردەم قىلدى . هانس ئىزچىل تۆردە رولنى باشقۇردى . بۇ كۆتۈلمىگەن ئىلىشىش تۆپەيلىدىن سورۇۋاتقان خىيالنى ئۈزۈپ قويغان تاغام ئەمدى دېڭىزنى ئەنسىزلىك ئىچىدە قايتىدىن كۆزىتىشكە باشلىدى . سەپەر يەنە زېرىكىشلىك هالىتىگە قايتتى ، مەن «زېرىكىشلىك بولسىمۇ بولسۇن ، ئىشقىلىپ ، تۈنۈگۈنكىدەك خەتەرلىك ئەهۋال ئەمدى تەكرارلانمىسىلا بولدى» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم .

8 ـ ئايىنىڭ 20 ـ كۈنى پەيشەنبە . شەرقىي شىمال شامىلى قىيپاش شىمالغا سوقۇشقا باشلىدى . شامال گاه كۈچىيىپ ، گاه پەسىيەتتى . تېمپېراتۇرا بەكلا يۇقىرى ئىدى . بىزنىڭ يۈرۈش سۈرئىتىمىز سائىتىگە يەتتە يېرىم مىل بولۇۋاتاتتى .

چۈش مەزگىلىدە ئىنتايىن يىراق يەردىن بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى . مەن ئۇنى خاتىرىلىۋالدىم . لېكىن ، بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى ، توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇ ئاۋاز تولىمۇ بوغۇق ئىدى .

— يىراقتا بىر بولسا قىيا ياكى ئارال بار ، — دېدى تاغام ، — بۇ ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ بىرنېمىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز .

هانس ماچتىنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقتى ، ئەمما ئۇ هېچقانداق قىيانى كۆرەلمىدى ، دېڭىز ئاۋۋالقىدەكلا يىراقتىكى ئۇپۇققا قاراپ چەكسىز سوزۇلغانىدى .

ئۈچ سائەت ئۆتۈپ كەتتى ، بۇ ئاۋاز گويا يىراقتىكى بىر شارقىراتمىدىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى .

مەن بۇ ئويۇمنى تاغامغا ئېيتتىم ، لېكىن ئۇ بېشىنى چايقىدى .

بىراق ، خاتا ئاڭلىمىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى . ئەمدى بىز بىر شارقىراتمىغا ئۇدۇللاپ مېڭىپ ، ئاخىر تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتەرمىزمۇ ؟ پەسكە بۇنداق ئۇدۇللاپ چۈشۈش شەكلى ئېھتىمال پروفېسسورنى خۇشال قىلىشى مۇمكىن ، چۈنكى بۇنداق بولغاندا بىز پەسكە قاراپ ئۇدۇللا چۈشەلەيمىز ، لېكىن مەن…

مەيلى نېمىلا بولسۇن ، بىزدىن بىرنەچچە مىل يىراقلىقتا بىر ئاۋاز مەنبەسى بولغاچقا ، بۇ ئاۋازنى شامال ئۇچۇرتۇپ ئەكېلىۋاتاتتى . ئەمدى بۇ ئاۋاز بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى . بۇ ئاۋاز ئاسماندىن كېلىۋاتامدىغاندۇ ياكى دېڭىزدىنمىدۇ ؟

مەن نەزىرىمنى ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا ئاغدۇرۇپ ئۇنىڭ قانچىلىك قېلىنلىقتا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ كۆرمەكچى بولدۇم . ئاسمان تولىمۇ تىنچ ئىدى ، ئاسمان گۈمبىزىدە ئېسىلىپ تۇرغان بۇلۇتلار گويا كۆچلۈك نۇرنىڭ ئىچىدە ئېرىپ كەتكەندەك قىمىر قىلماي جىمجىت تۇراتتى . قارىغاندا ، بۇ ئاۋاز ئاسماندىن كەلگەندەك قىلمايتتى .

شۇنىڭ بىلەن مەن تۈپتۈز ھەم جىمجىت دېڭىز يۈزىگە سەپسېلىشقا باشلىدىم . ئۇنىڭ تۇرقى بۇرۇنقىدەكلا ، باشقىچە ئۆزگىرىش يوق ئىدى . ئەگەر بۇ ئاۋاز شارقىراتمىدىن كەلگەن بولۇپ ، دېڭىز سۈيى مەلۇم بىر ئويمانلىققا ئېقىپ كىرىپ كېتىۋاتقان بولسا ياكى راستىنلا تىك چۈشۈۋاتقان ئېقىن چىقارغان ئاۋاز بولسا ، ئۇ ھالدا دېڭىز سۈيىنىڭ ئېقىنى جانلىنىپ ھەمدە ئېقىن سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتكەن بولاتتى . ئەمدى مەن ئېقىن سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىنى ئۆلچەپ چىقىپ ، بىزنىڭ خەتەردىن قانچىلىك يىراقتا ئىكەنلىكىمىزنى بىلىۋالسام بولغۇدەك . مەن دېڭىزغا بىر قۇرۇق بوتۇلكىنى تاشلىدىم ، ئۇ پەقەت شامال يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ لەيلىدى . سائەت تۆت بولغان مەزگىلدە ھانس ئورنىدىن قوپتى ــ دە ، ماچتىنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقتى . ئۇ سالنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى سۇ بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ كەتكەن

تەرەپكە نەزەر تاشلىدى ، ئاخىر ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى . ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق چۆچۈش ئىپادىسى كۆرۈنمىدى ، ئەمما ئۇ ھېلىقى نۇقتىغا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى .

— سەن قانداق نەرسىنى كۆردۈڭ ؟ — دەپ سورىدى تاغام .

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم .

ھانىس ماچىتىدىن چۈشۈپ جەنۇب تەرەپنى ئىما قىلىپ :

— ئاۋۇ تەرەپتە ، — دېدى .

— ئاۋۇ تەرەپتە ؟ — تاغام ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى .

ئۇ قولىغا دۇربۇننى ئېلىپ بىرەر مىنۇت ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى . بۇ بىر مىنۇت ۋاقىت ماڭا بىر ئەسىردەك بىلىنىپ كەتتى .

— توغرا ! توغرا ! — دېدى تاغام توۋلاپ .

— سىز نېمىنى كۆردىڭىز ؟

— دېڭىز ئۈستىدە بىر سۇ تۈۋرۈكى ئېتىلىپ چىقىۋېتىپتۇ .

— قانداقتۇر دېڭىز مەخلۇقلىرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە ؟

— ئېھتىمال شۇنداق بولۇشى مۇمكىن .

— ئۇنداقتا ، بىز غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭايلى ، بۇنداق قەدىمىي غەلىتە مەخلۇقلارغا ئۇچراپ قېلىشنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز !

— ئەسلىي يۆنىلىش بويىچە مېڭىۋېرىمىز ، — دېدى تاغام .

مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ھانىسقا قارىدىم ، ئۇ رولنى چەبدەسلىك بىلەن مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى .

بىزنىڭ بۇ دېڭىز مەخلۇقى بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز ئاز دېگەندىمۇ 30 مىل كېلەتتى . مۇشۇ ئارىلىقتا تۇرۇپ ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇ تۈۋرۈكىنى كۆرەلىگەنلىكىمىزدىن قارىغاندا ، بۇ دېڭىز مەخلۇقى ئادەتتىن تاشقىرى يوغان ئىدى . ئەسلىدە بۇنداق چاغدا ئېھتىيات نۇقتىسىدىن غېپىدە تىكىۋېتىش ئەڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش ئىدى . بىراق ، بىز

بۇ يەرگە ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەن ـ دە .

شۇنىڭ بىلەن بىز داۋاملىق تۆردە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق . سال ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنسېرى ، سۇ تۈۋرۈكىمۇ بارغانسېرى يوغان كۆرۈنگىلى تۇردى . بۇنداق جىق سۇنى سۈمۈرۈۋېلىپ ، ئۇنى يەنە توختىماي پۈركۈپ چىقىرىۋېتەلەيدىغان قانداق مەخلۇقتۇ ؟ كەچ سائەت سەككىز بولغاندا بىز بۇ غەلىتە مەخلۇقتىن بەش مىل يىراقلىقتىكى يەرگە يېتىپ كەلدۇق . ئۇنىڭ بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەپ تۇرغان قاپقارا ھەم غايەت چوڭ گەۋدىسى دېڭىز يۈزىدە خۇددى بىر كىچىك ئارالدەك كۆرۈندى . بۇ مەندىكى خىيالىي تۇيغۇمۇ ياكى رېئاللىقمۇ ؟ قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مىلدىن ئارتۇق كېلىدىغاندەك قىلاتتى ! بۇنداق يوغان كىتنى كوۋېر بىلەن برۇمىنباخدەك[1] ئالىملارمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدى ، ئۇ زادى نېمىدۇ ؟ ئۇ قىمىر قىلماي جىم تۇراتتى ، قارىغاندا ، ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى ، ھەتتا دېڭىز دولقۇنىمۇ ئۇنى ئېگىز كۆتۈرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى ، دولقۇنلارمۇ پەقەت ئۇنىڭ ئەتراپىدىلا بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىقىۋاتقان سۇ تۈۋرۈكى 500 فۇت ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ، قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئاۋاز چىقارغاندىن كېيىن پەسكە يامغۇردەك شارىلداپ چۈشەتتى . بىز خۇددى ساراڭغا ئوخشاش بۇ غايەت يوغان گەۋدىگە قاراپ ئۇزۇپ ماڭدۇق ، بۇ غەلىتە مەخلۇققا 100 كىتنى ئەكېلىپ بەرسىمۇ ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقلۇقىغا دال بولمايدىغاندەك قىلاتتى .

مەن بەك قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئالغا قاراپ مېڭىشتىن ۋاز كەچتىم ! ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا ، ھەتتا يەلكەننىڭ ئارقىنىنى كېسىۋېتىش نىيىتىگىمۇ كەلدىم ! ئەگەر پروفېسسور قوشۇلمىسا ، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرىمەن !

ھانس تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقنى كۆرسىتىپ :

— ئارال ! — دېدى .

---

[1] برۇمىنباخ — (1752 — 1840) گېرمانىيە ئاناتومىكى ، فىزىئولوگى ۋە ئىنسانشۇناسى .

— ھەئە ، ئارال ئىكەن ! — تاغامۇ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى .

— بىر ئارال ئىكەنغۇ ! — دېدىم مەنمۇ يەلكەمنى قىسىپ قويۇپ .

— ئەلۋەتتە بىر ئارال ، — دېدى تاغام جاۋابەن ۋە قاقاقلاپ كۈلگىلى تۇردى .

— ئەمىسە سۇ تۈۋرۈكى قانداق ئىش ؟

— فونتان ، — دېدى ھانس .

— ھوي ! تامامەن توغرا ، راستىنلا فونتان ئىكەن ! — دېدى تاغام ، — خۇددى ئىسلاندىيىدىكى فونتانغا[1] ئوخشاش !

مەن باشتا بىر كىچىك ئارالنى غەلىتە مەخلۇق دەپ قارىغانىدىم ، بۇنچىلىك خاتالىق سادىر قىلغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمىدى ! ئەمما كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىقنى كۆرگەندىن كېيىن خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلماي بولمىدى ، دېمىسىمۇ كۆز ئالدىمدا تەبىئىي ئارالدىن بىرى تۇراتتى .

ئارالغا يېقىنلاشقانچە سۇ تۈۋرۈكى بارغانسېرى ھەيۋەتلىك كۆرۈندى . بۇ كىچىك ئارال دېمىسىمۇ غايەت چوڭ كىتقا بەكلا ئوخشايتتى . كىتنىڭ بېشى سۇ يۈزىدىن ئالاھازەل 70 فۇت چىقىپ تۇراتتى . «فونتان» دېگەن سۆزنى ئىسلاندىيە تىلىدا «غەزەپلىنىش» دەپمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى . بۇ كىچىك ئارالنىڭ بىر چېتىدىن ھەيۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ فونتان توختىماي بوغۇق گۈلدۈرلىگەن شاۋقۇن چىقىراتتى ، غايەت يوغان سۇ تۈۋرۈكى پەيسىمان سۇ پارلىرىنى ھاسىل قىلىپ ئەتراپنى بىر ئالغانىدى ، سۇ تۈۋرۈكىنىڭ ئۇچى ھەتتا تۆۋەنرەك يەرلەردە لەيلەپ يۈرگەن ئېغىر بۇلۇتلارغىچە يېتىپ باراتتى . سۇ تۈۋرۈكى چاقماق نۇرىنىڭ يورۇتۇشى بىلەن رەڭدار تۇسكە كىرگەن بولۇپ ، ھەربىر سۇ تامچىسىدىن ئۆتكەن نۇر ھەر خىل رەڭلەرنى چاقنىتاتتى .

---

[1] ئىسلاندىيىدىكى داڭلىق فونتان . خېكلا يانار تېغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە -- ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىزاھاتى .

— قىرغاققا يېقىنلىشايلى ، — دېدى تاغام .

بىراق ، بىز دەھشەت بىلەن قايتىپ چۈشۈۋاتقان سۇ تۇۋرۇكىدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالمىساق بولمايتتى ، بولمىسا ، بىزنىڭ سال ھەش - پەش دېگۈچىلا چۆكۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ھانىس پىشقان ماھارەت بىلەن سالنى ھەيدەپ ، بىزنى كىچىك ئارالنىڭ نېرىقى چېتىگە ئېلىپ كەلدى .

مەن قىرغاقتىكى بىر تاشقا سەكرەپ ئۆتتۈم . تاغامنۇ ئەپچىللىك بىلەن كەينىمدىن ئەگەشتى . يول باشلىغۇچى بولسا خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلمىدى . بىز كرېمنىيلىق تۇف گرانىت تاشلىرى ئۈستىدە ماڭدۇق . ئاياغلىرىمىز ئاستىدىكى زېمىن تىترەپ تۇراتتى ، خۇددى ئوتتەك قىزىق پار كاتول ئىچىدە توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك قىزىق ئىدى . بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئويمانلىققا چۈشتى ، فونتان مۇشۇ يەردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى . مەن تېرمومېتىرنى قايناپ تۇرغان سۇ ئىچىگە سېلىۋىدىم ، سىماب تۇۋرۇكى 163 گرادۇسنى كۆرسەتتى .

بۇنىڭدىن سۇ مەنبەسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى ، بۇ ئەھۋال پروفېسسور لىدېنبورۇگ نەزەرىيىسىگە زىت ئىدى ، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭغا دېدىم .

— نېمە بولدى ؟ — دېدى ئۇ ماڭا رەددىيە بېرىپ ، — بۇ نېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ ؟ مېنىڭ نەزەرىيەمنىڭ قەيىرى خاتا ئىكەن ؟

— ھېچنېمە بولمىدى ، — مەن ئۇنىڭ شۇ قەدەر جاھىللىقىنى كۆرۈپ قوپاللا جاۋاب قايتۇردۇم .

بىراق ، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى ، تا ھازىرغىچە ئىشلىرىمىز تولىمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە سەۋەبتىنكىن ، بىزنىڭ سەپىرىمىز ئىزچىل تۇردە ئالاھىدە تېمپېراتۇرا ئاستىدا ئورۇندىلىپ كېلىۋاتىدۇ ، لېكىن شۇنىڭغا

ئىشەنچىم كامىلكى، ھامان بىر كۈنى بىز يېتىپ بارغان رايوننىڭ يەر ئىسسىقلىقى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ، ھەرقانداق تېرمومېتىرنىڭ شكالا دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.

قېنى كۆرەرمىز. بۇ، تاغامنىڭ دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان گېپى ئىدى. ئۇ بۇ كىچىك يانار تاغ ئارىلىغا مېنىڭ ئىسمىمنى نام قىلىپ قويغاندىن كېيىن سالغا قايتىش ئىشارىسى قىلدى.

مەن فونتانغا بىرنەچچە مىنۇت قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىنىڭ تولىمۇ قانۇنىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، يەنى بەزىدە كۈچەيسە، بەزىدە ئاجىزلىشىپ كېتەتتى. مەن بۇنى يەر ئاستىدا يىغىلغان سۇ پارلىرىنىڭ بېسىم ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم.

بىز بۇ كىچىك ئارالنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تىك قىيانى ئايلىنىپ ئۆتۈپ يولىمىزغا راۋاب بولدۇق. ھانس بۇ قېتىمقى توختاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سالنى بىر قۇر ئوڭشۇۋالغانىدى.

كىچىك ئارالدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، مەن بىز باسقان مۇساپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن، نەتىجىنى كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىپ قويدۇم. بىز گلاۋبېن پورتىدىن بۇ يەرگىچە دېڭىزدا 675 مىل مۇساپىنى بېسىپتۇق. شۇ تاپتا بىز ئەنگلىيىنىڭ ئاستىدا بولۇپ، ئىسلاندىيىدىن 1550 مىل يىراقلاپ كەتكەندۇق.

## 35

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۈمە. ئەتىسى ھەيۋەتلىك فونتان كۆزدىن يىتتى. بىز بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان شامالنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئاكسال ئارىلىدىن تېزلا يىراقلاپ كەتتۇق. فونتاننىڭ گۈرۈلدىگەن شاۋقۇنىمۇ بارا - بارا ئاڭلانماي قالدى.

ھاۋا — ئۇنى مۇشۇنداق ئاتىشىمىزغا مۇمكىن بولسا — ئۇزاق

ئۆتمەيلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ھاۋانى زەرەتلىك سۇ پارلىرى قاپلاپ كەتتى. بۇ سۇ پارلىرى دېڭىز سۈيىنىڭ پارلىنىشىدىن كەلگەن بولۇپ، بىر خىل تۇزلۇق تەم بار ئىدى، بۇلۇت قاتلاملىرى بەكلا تۆۋەنلەپ، سۇس زەيتۇنسىمان يېشىللىق ھاسىل قىلدى. بىر قېتىملىق بوراننىڭ چىقىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالدى، قېلىن بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ پەسلەشكە باشلىدى. چاقماق نۇرى بۇ بۇلۇتلار قاتلىمىدىن بەكمۇ تەستە كېسىپ ئۆتەتتى.

مەن يەر شارىدىكى ھەممە بالا ـ قازا بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان جانلىقلا ئوخشاش ۋەھىمە ئاستىدا قالدىم. جەنۇب تەرەپتىكى شۇملۇقتىن دېرەك بېرىپ تۇرغان توپ ـ توپ بۇلۇتلار بەكمۇ ۋەھىملىك كۆرۈنەتتى، بۇنداق مەنزىرىنى مەن دائىم بوران يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى تولا كۆرگەنىدىم. ھاۋا تولىمۇ دىمىق، ئەمما دېڭىز يۈزى بولسا بەكلا تىپتىنچ ئىدى.

يىراقتىكى بۇلۇتلار خۇددى يوغان پاختا دۆۋىلىرىدەك ھەم قالايمىقان، ھەم چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ئۇلار بارا ـ بارا يوغىناشقا باشلىدى، ئەمما سانى ئازلىغىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ھەجمى بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى، بۇ ئېغىر بۇلۇتلار ئاخىر ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ كەتتى. بىراق، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن بۇ بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا بىرلىشىپ، ئاخىر قورقۇنچلۇق ھالەتكە كەلدى، يورۇق سۇ پارلىرى تۇرۇپلا بۇ كۆل رەڭ گىلەمنىڭ ئۈستىدە سەكرەپ كېتەتتى ـ دە، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قېلىن بۇلۇت قاتلاملىرى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولاتتى.

ھاۋانى قويۇق سۇ پارلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. مېنىڭ پۈتۈن ئەزايىم ھۆل بولۇپ، خۇددى ئېلېكتر مەيدانىنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك چاچلىرىم دىڭگىدە تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا «ھەمراھلىرىمدىن بىرەرى ماڭا تېگىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇلارنى چوقۇم كۈچلۈك توك سوقۇۋېتىشى مۇمكىن» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

چۈشتىن ئىلگىرى سائەت ئون بولغاندا بوران چىقىشنىڭ ئالامەتلىرى روشەنلەشكىلى تۇردى، شامال سەل دېمىنى

ئېلىنىۋېلىپ ، قايتىدىن يوپۇرۇلۇپ كەلمەكچى بولغاندەك پەسىيىپ قالدى ، بۇلۇتلار خۇددى ئىچىگە دەھشەتلىك بورانلىق يامغۇرنى قاچىلىۋالغان غايەت چوڭ خالتىدەك كۆرۈنەتتى .

مەن تەڭرىنىڭ بىزگە تەھدىت سېلىشىغا ئىشەنمىدىم ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي دېدىم :

— قارىغاندا ، ھاۋا ئۆزگىرىدىغان ئوخشايدۇ .

پروفېسسور جاۋاب قايتۇرمىدى ، كۆز ئالدىدىكى چېكىگە كۆز يەتكۈسىز دېڭىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى . ئۇ مېنىڭ گېپىمگە پەقەت يەلكىسىنى قىسىپلا قويدى .

— بىز بورانغا ئۇچرايدىغان ئوخشايمىز ، — دېدىم ئۇپۇقنى كۆرسىتىپ ، — بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقان بۇ بۇلۇتلار ، قارىغاندا ، ئۇپۇقنى يانجىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ ! ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى ، شامالمۇ توختىدى ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇدات گويا ئۆلگەندەك نەپەس ئېلىشتىن توختىدى .

يىرىم چۈشۈرۈلگەن يەلكەن مەھكەم قاتلىنىپ ، ماچتىغا باغلاپ قويۇلدى ، ماچتىنىڭ ئۇچىدا ئېلمۇ ئۇچقۇنى[①] خىرە - شىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى . سال تىمتاسلىقتا چۆككەن دېڭىز يۈزىدە قىمىر قىلماي جىم تۇراتتى . بىز ئىلگىرىلەشتىن توختىغانىكەنمىز ، ئۇنداقتا يەلكەننىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ئەگەر بوران چىقسىلا ، بىز دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىنغۇ ؟

— يەلكەننى بىراقلا چۈشۈرۈۋېتەيلى ، — دېدىم مەن ، — ماچتىنىمۇ چۈشۈرۈۋېتەيلى ! ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغىنىمىز تۈزۈك !

— بولمايدۇ ، ئىشىڭنى قىل ! — تاغام توۋلاپ كەتتى ، — ھەرگىز بولمايدۇ ! مەيلى بوران بىزگە ھۇجۇم قىلىۋەرسۇن ، مەيلى بوران كېلىپ بىزنى سوقسۇن ! سال كۇمپەيكۇم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مەن قارشى قىرغاقنى كۆرۈشۈم كېرەك .

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا جەنۇب تەرەپتىكى ئۇپۇقتا

① يامغۇرلۇق بوران چىققان كېچىلەردە ماچتىنىڭ ئۇچىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ئېلېكتر ئۇچقۇنى .

تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىش يۈز بەردى . بۇلۇتلار قاتتىق يامغۇرغا ئۆزگەردى ، ھاۋا شىددەت بىلەن ئېقىپ ، سۇ پارلىرىنىڭ قېتىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ھاۋاسىز بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا باشلىدى . بۇ شامال ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىرى يېرىدىن كېلىۋاتاتتى . ئاسمان بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى ، بۇ ئىشلارنى قىسقىچە خاتىرىلىۋېلىشىمغىمۇ ئىمكانىيەت بولمىدى . شامال سالنى ئۇياق - بۇياققا چايقاشقا باشلىدى . تاغام يىقىلىپ چۈشتى ، مەن دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ باردىم . ئۇ بىر تال ئارغامچىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ، چىقىۋاتقان بوراندىن بەخىرامان ھالدا ھۇزۇرلانغىلى تۇرۇپتۇ .

ھانس جايىدا قىمىر قىلماستىن جىم تۇراتتى ، كۈچلۈك شامال توزىتىۋەتكەن ئۇزۇن چاچلىرى ئۇنىڭ دائىملا ئىپادىسىز كۆرۈنىدىغان يۈزىنى يېپىۋالغان بولۇپ ، تۇرقى خۇددى ئىختىئوزاۋر ، پلېسىئوزاۋرلار بىلەن دەۋرداش قەدىمكى ئادەملەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى .

تىك تۇرغان ماچتىدىكى يېرىمى چۈشۈرۈلگەن يەلكەن بوراننىڭ سوقۇشى بىلەن خۇددى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان ھاۋا كۆپۈكچىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى . شۇ تاپتا سال سۈرئىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولماس دەرىجىدىكى تېزلىك بىلەن كېتىۋاتاتتى . بىراق ، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى ئۇنىڭدىنمۇ تېز بولۇپ ، بۇ يامغۇر تامچىلىرى چۈشۈشىنىڭ تېزلىكىدىن خۇددى ئاسمانغا چىڭ تارتىپ قويۇلغان يىپلاردەك كۆرۈنەتتى .

— يەلكەن ! يەلكەن ! — مەن تۈۋلىغاچ ، يەلكەننى چۈشۈرۈۋېتىش ئىشارىسى قىلدىم .

— ياق ! — دەپ توۋلىدى تاغام .

— ياق ! — دېدى ھانسمۇ مىيىقىدا كۈلگەن ھالدا بېشىنى چايقاپ .

بىز ئۇيۇققا قاراپ خۇددى ئىلىنىپ قالغاندەك تېز كېتىۋاتىمىز . لېكىن ، ئالدى تەرىپىمىزدە خۇددى شارقىراتمىدەك

چۆشۈۋاتقان يامغۇر يولىمىزنى توسۇۋالدى . بۇ يامغۇر تامچىلىرى تېخى ئۇچىمىزغا چۈشۈپ ئۈلگۈرمەيلا بۇلۇتلار يېرتىلىشقا باشلىدى ، دېگىنىز قايىناپ كەتتى ، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى بۇلۇت قاتلاملىرىدا خىمىيىۋى ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئېلېكتىر زەرەتلىرى ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . گۈلدۈر - قاراسلىغان گۈلدۈرماما ئاۋازلىرى ياڭراپ ، پۈتۈن ئەتراپنى يالت - يۇلت قىلغان چاقماق يورۇقى قاپلاپ كەتتى . سۇ پارلىرى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىق ئىدى ، مۆلدۈر دانچىلىرى زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى ، مېتال سايمانلار ۋە قورالىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە بولسا ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتاتتى . شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرۇۋاتقان دولقۇنلار خۇددى ئوت دېڭىزىنى ئاپىرىدە قىلىشقا تەييار تۇرغان تاغ چوققىلىرىغا ئوخشايتتى ، بۇ چوققىلار بولسا گويا ئوت تاجى كىيىۋالغاندەك ، ھەدەپ ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرىتاتتى .

كۆچلۈك نۇر كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى ، گۈلدۈرماما ئاۋازى قۇلاقلارنى پاك قىلاتتى ! مېنىڭ جان - پېنىم چىقىپ ماچتىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدىم . بىراق ، شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان بوران ماچتىنى خۇددى ئاجىز قومۇشنى ئەگكەندەك ئېگىۋەتكەنىدى ! ! !

(بۇ يەردە مېنىڭ ساياھەت خاتىرەم ئىنتايىن چولتىلىشىپ كەتتى ، مەن پەقەت ئانچە - مۇنچە يۈزەكى كۆزىتىشلىرىمنىلا خاتىرىلىۋالالىدىم ، بۇلارنى مەن مېخانىك ھالدا يېزىۋالدىم دېسەممۇ بولىدۇ . بىراق ، بۇ يېزىۋالغانلىرىم بەكمۇ قىسقا ، ھەتتا ئىنتايىن مۇجمەلدەك قىلغىنى بىلەن ، كېيىن ئەسلەپ يازغانغا قارىغاندا ھېسسىياتنى تېخىمۇ چىن ئىپادىلەپ بېرەتتى . )

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەكشەنبە . بىز ھازىر قەيەرگە كېلىپ قالدۇق؟ بوران بىزنى ئۇچۇرتۇپ ئەكېتىۋاتىدۇ ، سۇرئىتىمىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تېز .

تۈنۈگۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق ، بوران پەسىيىدىغاندەك قىلمايدۇ ، ئەتراپتىن توختىماي دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇرىدۇ . مېنىڭ قۇلاقلىرىمدىن قان

ئېقىشقا باشلىدى ، ئۆزئارا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس .

چاقماق چېقىشلار توختىماي داۋاملاشماقتا . مەن Z شەكىللىك ئېلېكتر نۇرىنىڭ چاقناپ ئۆتۈپ كېتىپ ، ئۇنىڭ يەنە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قايتىپ ، گرانىتلىق ئەگمە تورۇسقا گۈلدۈر - قاراس قىلىپ ئۇرۇلغانلىقىنى كۆردۈم . ناۋادا ئەگمە تورۇس ئۆرۈلۈپ چۈشسە قانداق قىلىمىز ؟ بەزى چاقماقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتەتتى ، بەزىدە بولسا گويا بومبا توپتەك كاللەكلىشىپ ، خۇددى بومبا پارتلىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى . بۇ ئاۋازلار ئەمدى كۈچەيمەيۋاتقاندەك قىلاتتى ، چۈنكى بۇ ئاۋازلار ئىنساننىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى . مۇشۇ پەيتتە يەر شارىدىكى بارلىق ئوق - دورا ئىسكىلاتلىرى بىرلا ۋاقىتتا پارتلاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، بۇ ئاۋاز ھازىر ئاڭلاۋاتقان ئاۋازلاردىن كۈچلۈك بىلىنمىشى ناتايىن .

چاقماق يورۇقى داۋاملىق تۈردە بۇلۇتلارنىڭ يۈزىدە چاقنىماقتا ، ئېلېكتر زەرەتلىرى توختىماي ئېلېكتر قۇۋۋىتى چىقارماقتا ، ھاۋادىكى گازلارنىڭ ماھىيىتى روشەن ئۆزگەردى . سانسىزلىغان سۇ تۈۋرۈكلىرى ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ قايتىپ چۈشكەندە ، سۇ يۈزىدە دولقۇن بۇژغۇنلىرىنى پەيدا قىلاتتى . بىز زادى قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمىز … تاغام سالنىڭ باش تەرىپىدە تۈپتۈز ياتاتتى .

تېمپېراتۇرا بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگىلى تۇردى ، مەن تېرمومېتىرغا كۆز تاشلىدىم : سىماب تۈۋرۈكى … (سانلار تۇتۇقلىشىپ كەتكەچكە ئېنىق كۆرەلمىدىم . )

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۈشەنبە . بوران تېخىچە توختىمىدى ! نېمە ئۈچۈن ھاۋانىڭ زىچلىقى ئۆرلىۋالسا تۆۋەنلىمەيدىغاندۇ ؟

بىز ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق . بىراق ، ھانس تەمكىنلىكىنى بىر خىلدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى . سال يەنىلا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئاكسال ئارىلىدىن ئايرىلىپ

بۇگۈنگىچە بىز دېڭىزدا 500 مىلدىن ئارتۇق ماڭدۇق. چۈش مەھەل بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. بىز ئامالسىزلىقتىن بارلىق نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىمۇ سالغا مەھكەم باغلىۋەتتۇق. ئەمدى ئۇرۇلغان دولقۇن باشلىرىمىز ئۈستىدىن شارىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بىز ئۈچ كۈندىن بېرى بىر - بىرىمىز بىلەن بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ باقمىدۇق. گەپ قىلماقچى بولۇپ لەۋلىرىمىزنى مىدىرلاتقان بىلەن، ئېغىزنى ھەرقانچە يېقىن ئەكەلگەن بىلەنمۇ ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

تاغام ماڭا يېقىن كېلىپ ناھايىتى تەسلىكتە بىرنېمە دېدى. مەن ئۇنىڭ: «بىز تۈگەشتۇق» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئەمما، مەن ئاشۇنداق گەپنى ئاڭلىغانلىقىمنى جەزم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

مەن جۈرئىتىمگە ئېلىپ ئۇنىڭغا «يەلكەننى چۈشۈرۈۋېتەيلى» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ كۆرسەتتىم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىراق، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى، بىردىنلا سالنىڭ چېتىدە بومبا توپ كۆرۈندى - دە، ماچتا بىلەن يەلكەن بىراقلا ئۇچۇرۇپ كېتىلدى، مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاسمان قەرىدە خۇددى قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى قۇشسىمان قانات پۇتلۇق ئەجدىھالاردەك پەرۋاز قىلغىنىنى كۆردۈم.

قورقىنىمىزدىن بەدەنلىرىمىز مۇزلاپ كەتتى. يېرىمى ئاق، يېرىمى كۆك بومبا توپ خۇددى دىئامېتىرى 10 دىيۇيم كېلىدىغان غايەت چوڭ بومبىدەك ئاستا سىلجىپ، بوراننىڭ كۈچى بىلەن شىددەتلىك پىرقىرايتتى. بومبا توپ بىز تەرەپكە قاراپ سۈرۈلۈپ سالنىڭ ئۈستىگە كەلدى - دە، يېمەكلىكلەر سېلىنغان سومكىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى. ئارقىدىن يېنىككىنە لەيلەپ بىرلا قاڭقىدى ۋە ئوق - دورا ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! بىز پارتلاپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ

كېتىشكە تاسلا قالدۇق ! ياق ، كۆزنى چاقنىتىدىغان بومبا توپ ئوق ـ دورا ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىن ئايرىلىپ ، ئەمدى ھانىس تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ ماڭدى ، ھانىس ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى ، ئۇ يەنە تاغام تەرەپكە قاراپ ئۇچتى ، تاغام دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى . ئەڭ ئاخىردا بۇ بومبا توپ مەن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى . كۈچلۈك نۇر ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرا دەستىدىن چىرايىم تامدەك تاتىرىپ ، پۈتۈن ئەزايىم تىترەپ كەتتى . بومبا توپ پۇتلىرىم يېنىدا پىرقىراشقا باشلىدى ، پۇتلىرىمنى يىغىۋالاي دېسەم مۇمكىن بولمىدى . ھاۋانى ئازوت گازىنىڭ ھىدى قاپلاپ كەتتى ، بۇنداق ھاۋادىن نەپەس ئالغاندا ئادەمنىڭ كانىيى بىلەن ئۆپكىسى تۇنجۇقۇپ قالاتتى ، مەن پۇتلىرىمنى نېمىشقا يىغىۋالالمايدىغاندىمەن؟ ئەسلىدە پۇتلىرىم سالغا مىخلىنىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ! ئاھ ! ئېلېكتر زەرەتلىرى بىلەن تولغان بۇ بومبا توپ سالغا چۈشكەندىن كېيىن ، سالدىكى بارلىق تۆمۈر ئەسۋابلارنى ماگنىتلاشتۇرۇۋېتىپتۇ ، ئاپپاراتلار بىلەن قورال ـ ياراغلار توختىماي تەۋرەپ ، بىر ـ بىرىگە جاراق ـ جۇرۇق قىلىپ ئۇرۇلاتتى ، ھەتتا مېنىڭ ئايىغىمدىكى مىخلارنىمۇ بىر تال ياغاچقا قېقىلغان تۆمۈر ئۆزىگە مەھكەم چاپلىۋالغانىدى . ئەسلىدە پۇتلىرىمنى شۇڭا يىغىۋالالمىغانىكەنمەن ـ دە !

بومبا توپ پىرقىرىغان پېتى پۇتۇمنى يالماپ ، مېنى يۆگەپ ئەكىرىپ كېتەيلا دەپ قالدى ، دەل شۇ پەيتتە مەن پۇتلىرىمنى كۈچ بىلەن تارتىپ يىغىۋالدىم ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ...

ئاھ ! نېمىدېگەن كۈچلۈك نۇر بۇ ! بومبا توپ ئاخىر پارتلاپ كەتتى ! ئوت ئۇچقۇنلىرى ھەممىمىزنىڭ ئۈستۈېشىغا چاچرىدى !

ئارقىدىن ھەممە نەرسە تۇتۇقلىشىپ كەتتى ، مەن تاغامنىڭ سالدا ياتقانلىقىنى كۆردۈم ، ھانىس بۇرۇنقىدەك سالنى باشقۇرۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئېلېكتر زەرەتلىرى قاپلاپ كەتكەچكە توختىماي «ئوت پۈركۈۋاتاتتى» .

بىز ھازىر نەگە كېتىۋاتىمىز؟ نەگە كېتىۋاتىمىز؟ !

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەيشەنبە . مەن خېلى ئۇزاق ۋاقىت هوشسىز يېتىپ قالدىم ، هوشۇمغا كەلسەم بوران يەنىلا توختىماي چىقىۋېتىپتۇ ، چاقماق چېقىنلىرى خۇددى قويۇپ بېرىلگەن بىر ئۆۋا يىلانلىرىدەك ئاسماندا سويلىشىپ يۈرەتتى . بىز تېخىچىلا دېڭىزدا ئوخشىمامدۇق ؟ شۇنداق ، سۈرئىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تېزلىكتە كېتىۋاتاتتۇق . بىز ئالللىقاچان ئەنگلىيە ، لامانشى بوغۇزىدىن ، فرانسىيەدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىمىز ، هەتتا پۈتۈن ياۋروپانى كېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى !

يەنە بىر يېڭى ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى ! بۇ روشەنكى دېڭىز دولقۇنىنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئىدى ... دەل مۇشۇ چاغدا...

## 36

مېنىڭ ئاتالمىش «دېڭىز سەپىرى خاتىرىلىرى» مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاياغلاشقانىدى . بەختكە يارىشا ، ئۇ هادىسىگە ئۇچرىغان سالدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغانىدى ، ئەمدى ئالدىنقى بايانلارنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرماقچىمەن .

سال قىرغاقتىكى قىيا تاشلارغا كېلىپ ئۇرۇلغان چاغدا ، مەن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى هەققىدە ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن . مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ دېڭىزغا ئىرغىتىپ تاشلانغانلىقىمنىلا ئەسلىيەلەيمەن . مېنى ئۇچلۇق تاشلارغا سوقۇلۇپ ، پارە ـ پارە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان ئادەم هانس ئىدى . ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن مېنى هالاكەت گىردابىدىن تارتىپ چىقىرىۋالغانىدى .

باتۇر ئىسلاندىيىلىك مېنى دېڭىز سۈيى يېتىپ كېلەلمەيدىغان قۇملۇق سايازغا ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى . قۇم ئوتتەك قىزىق ئىدى ، تاغاممۇ يېنىمدا ياتاتتى .

ئارقىدىن ئۇ دېڭىز دولقۇنى غەزەپ بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان قىيا

تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ، قارىغاندا ، ئۇ ۋەقەگە ئۇچرىغان سالدىن چىچىلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچىدەك قىلاتتى . ھەم قورقۇپ ، ھەم ھېرىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ، گەپ قىلغۇدەكمۇ رەۋىتىم قالمىغاچقا ، خېلى ئۇزۇندا ئاندىن ئەسلىمگە كېلەلىشىم مۇمكىن ئىدى .

قارا يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى . بىراق ، بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ پات ئارىدا توختايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . بىز بىر - بىرى بىلەن قاتلىشىپ كەتكەن قورام تاشلارنىڭ ئاستىدا يامغۇردىن پاناھلاندۇق . ھانىس ئازراق يېمەكلىك تەييارلاپ ئەكەلدى . ئەمما ، بىزنىڭ تاماقتا قارىغۇدەك ھەپسىلىمىز قالمىغانىدى ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن بېرى كىرپىك قېقىپ باقمىغاچقا ، ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەنىدۇق ، شۇڭا ئازابلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدۇق .

ئەتىسى ئاسمان شېشىدەك سۈزۈك ، ئاسمان بىلەن دېڭىز گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تىنچ ئىدى . نەچچە كۈندىن بېرى چىققان بورانىنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى قالمىغانىدى . مەن ئويغانغاندا پروفېسسور مەندىن تولىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئەھۋال سورىدى ، ئۇنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ چاغ ئىدى .

— قېنى ئېيتقىنچۇ ، بالام ، — دېدى ئۇ توۋلاپ ، — ياخشى ئۇخلاپسەنمۇ ؟

مەن شۇ تاپتا خۇددى كونى كوچىسىدىكى ئۆيۈمدە خاتىرجەم ھالدا ناشتىلىق يېگىلى ئۈستۈنكى قەۋەتتىن تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقاندەك ، گويا بۈگۈن مېنىڭ بىچارە گلاۋبېن بىلەن تويۇم بولىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدىم .

ئىسىت ! بوران سالنى شەرققە قاراپ يەنە ئازراق سۈرۈۋەتكەن بولسا ، بىز گېرمانىيىنىڭ ئاستىغا ، سۆيۈملۈك شەھىرىم ھامبۇرگنىڭ ئاستىغا — بۇ دۇنيادا مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىم بار كوچىنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلگەن بولاتتىم . بۇنداق بولغاندا مېنىڭ يۇرتۇم بىلەن بولغان ئارىلىقىم 100 مىلغىمۇ

يەتمىگەن بولاتتى ! بىراق ، بۇ دېگەن 100 مىل قېلىنلىقتىكى گرانىت تاش قاتلىمى بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بىز 2500 مىل مۇساپىنى باسقاندىلا ئاندىن قايتىپ كېتەلەيتتۇق ! تاغامنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى ئاشۇنداق ئازابلىق خىياللار كاللامدىن «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى .

— ھىم ! — دېدى تاغام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — قارىغاندا ، ياخشى ئۇخلىغان ـ ئۇخلىيالمىغانلىقىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگۈڭ يوق ئۇخشىمامدۇ ؟

— ئىنتايىن ياخشى ئۇخلاپتىمەن ، — دېدىم مەن ، — سەل ھېرىپ قاپتىمەن ، لېكىن ھېچ ۋەقەسى يوق .

— بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئازراق ھېرىش دېگەن قانچىلىك ئىش ئىدى .

— بۈگۈن سىز بەكلا خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ ، تاغا .

— راست ، بەك خۇشالمەن ، بالام ، قاتتىق خۇشالمەن ! بىز يېتىپ كەلدۇق .

— ساياھەتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىپ كەلدۇقما ؟

— ياق ، بۇ پايانسىز دېڭىزنىڭ ئەڭ چېتىگە يېتىپ كەلدۇق . ئەمدى بىز قايتىدىن قۇرۇقلۇقتا مېڭىپ ، ئىسمى جىسمىغا لايىق ھالدا يەر مەركىزىگە قاراپ ئىلگىرىلەيمىز .

— تاغا ، بىر مەسىلىنى سورىشىمغا رۇخسەت قىلامسىز ؟

— سورىغىن ، ئاكسال .

— بىز قانداق قايتىپ كېتىمىز ؟

— قايتىپ كېتىش ! ھىم ! بىز تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپلا قايتىشنى ئويلاۋاتامسەن ؟

— ياق ، مەن پەقەت قانداق قايتىدىغانلىقىمىزنىلا سورىدىم .

— بۇنىڭدا دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلنى ئىشلىتىمىز . يەر مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن ، بىر بولسا يېڭى يول تېپىپ يەر ئۈستىگە قايتىمىز ياكى بولمىسا ياۋاشلىق بىلەن كونا يول ئارقىلىق قايتىمىز . بۇ يولنىڭ بىز كەلگەندە توسۇلۇپ قالمايدىغانلىقىغا

ئىشەنچىم كامىل .

— بۇنىڭ ئۈچۈن سالنى رېمونت قىلىپ ياسىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

— ئەلۋەتتە .

— بىراق ، بۇ ئىشلارنى ئورۇندىشىمىزغا بىزدە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بارمۇ ؟

— ئەلۋەتتە بار ، ھانىس قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا ، ئۇ چوقۇم بىزنىڭ كۆپ ئوزۇقلۇقىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن . قېنى ، بىز ھازىرلا بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى .

بىز تۆت تەرىپىدىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆڭكۈردىن چىقتۇق . مەن بىر ياقتىن ئۈمىدكە تولدۇم ، يەنە بىر ياقتىن بولسا ۋەھىمىگە چۈشتۈم ، بۇنداق قورقۇنچلۇق شارائىت ئىچىدە قىرغاققا يېتىپ بېرىش جەريانىدا سالدىكى نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ، دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم . بىراق ، مەن خاتالاشقانىدىم . قىرغاققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھانىسنىڭ رەت - رېتى بىلەن تىزىپ قويۇلغان بىر دۆۋە نەرسىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . تاغام چەكسىز مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى . دۇنيادا ئۇنىڭدەك چەكسىز سادىق ئادەمدىن يەنە بىرنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ بىز ئۇخلاۋاتقان چاغدا ئىزچىل خىزمەت قىلىپ ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدى . تارتقان زىيىنىمىزمۇ بوش ئەمەس ئىدى . مەسىلەن ، قورال - ياراغلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاندۇق ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئانچە كېرىكى يوق ئىدى . بوراندىكى چېقىن ئاستىدا قېلىپ ، پارتلاپ كېتىشكە تاس قالغان ئوق - دورا ئۆز پېتىچە ئىدى .

— مەيلى ، — دېدى پروفېسسور توۋلاپ ، — قورال بولمىسا ، يامىنى كەلسە ئوۋ ئوۋلىمىساقلا بولمىدىمۇ .

— شۇنداق ، ئاپپاراتلار نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ؟

— بۇ سۈيۈقلۇق باروميتىرى ، ئۇ ئەڭ مۇھىم نەرسە ، مەن

ھەممە ئاپپاراتتىن ئايرىلىپ قالسامىۇ ، ئۇنى يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن ! ئاشۇلا بولىدىكەن ، مەن چوڭقۇرلۇقنى ھېسابلاپ چىقىپ ، بىزنىڭ قايسى ۋاقىتتا يەر مەركىزىگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىمىزنى بىلىۋالالايمەن ! بولمىسا ، بىز مەنزىلدىن ئۆتۈپ كېتىپ ، يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىپ كېتىشىمىز مۇمكىن !

مەن ئۇنىڭ خۇشاللىق بالقىپ تۇرغان چىرايىدىن بىر خىل شەپقەتسىزلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم .

— لېكىن ، كومپاسچۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— بۇ يەردە تاشنىڭ ئۈستىدە ھېچنېمە بولماپتۇ ، سائەت بىلەن تېرمومېتىرمۇ ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ . ھىم ! بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز ئادەم ئىكەن !

بۇ جەھەتكە قايىل بولدۇم ، ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىكەن ، سايمانلارغا كەلسەك ، مەن قۇملۇقتا ئارقان شوتا ، ئارغامچا ، مېتىن دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ قالايمىقان تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم .

ئەمدى يېمەكلىك مەسىلىسىنى ئېنىقلاش كېرەك .

— يېمەكلىكچۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

ئۇنداق بولسا يېمەكلىكلەرنى كۆرۈپ باقايلى .

يېمەكلىكلەر سېلىنغان ساندۇقمۇ قۇملۇقتا تۇراتتى ، ھېچ يېرى بۇزۇلمىغانىدى ، يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز سۈيىگە چىلىنىپ كەتمىگەنىدى . قىسقىسى ، بۇ يەردىكى پېچىنە ، تۇزلىغان گۆش ، قارا ئارچا ئۇرۇقى ھارىقى ۋە بېلىق قاقلىرى بىزنىڭ تۆت ئاي يېيىشىمىزگە بىمالال يېتەتتى .

— تۆت ئاي ! — پروفېسسور توۋلاپ كەتتى ، — بۇ ۋاقىت ئىچىدە بىز بىر قېتىم بېرىپ كېلەلەيمىز ، مەن ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەر بىلەن جون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمەتداشلىرىمغا بىر قېتىم كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن !

مەن تاغامنىڭ مىجەزىگە ئاللىقاچان كۆنۈپ كەتكەن بولسامىۇ ،

ئەمما ئۇ مېنى دائىم ھەيرەتتە قالدۇراتتى .

— ئەمدى ، — دېدى تاغام ، — بىز مۇشۇ ئەتراپتىكى بارلىق گىرانىت تاش كاۋاكلىرىدىكى يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۇلىرىنى يىغىپ ، تاتلىق سۇ زاپىسىمىزنى غەملىۋالىمىز ، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇزلۇقتا قېلىش غېمى توگەيدۇ . سالغا كەلسەك ، گەرچە مەن ئۇنى بىز قايتا ئىشلەتمەيمىز دەپ ئويلىسامىمۇ ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھانىس ئۇنى ياخشىراق ئوڭشاپ قويسۇن .

— نېمە ئۇچۇن ؟

— بۇ پەقەت مېنىڭ ئويۇم ، بالام . مېنىڭچە ، بىز ئەسلىدىكى يول بىلەن قايتماسلىقىمىز مۇمكىن .

مەن گۇمانىي نەزەر بىلەن پروفېسسورغا تىكىلدىم ، كۆڭلۇمدە بولسا ئۇ ئېلىشىپ قاپتۇ ، دەپ ئويلىدىم . بىراق ، ئۇ بۇ گەپلەرنى تولىمۇ نورمال ھالەتتە دېگەندى .

— بېرىپ تاماق يەيلى ، — دېدى ئۇ .

ئۇ يول باشلىغۇچىغا بىرنېمىلەرنى تاپىلىغاندىن كېيىن مېنى ئېگىز دېڭىز تۇمشۇقىغا باشلاپ كەلدى . بۇ يەردە قۇرۇتۇلغان گۆش ، پېچىنە ۋە چاي تۇراتتى . بۇ ھەقىقەتەنمۇ مول ناشتىلىق بولۇپ ، ھاياتىمدا يېگەن ئەڭ مەززىلىك ناشتىلىقنىڭ بىرى ئىدى . ئاچ قېلىش ۋە تۇرلۇك دىشۋارچىلىقلارنى تارتىشلاردىن كېيىنكى كۆڭۇل تىنچلىقى ۋە ساپ ھاۋانىڭ تەسىرىدە مېنىڭ ئىشتىھايىم بەكلا ئېچىلىپ كەتكەندى .

تاماق يەۋاتقاندا مەن تاغامدىن بىز ھازىر قەيەردە دەپ سورىدىم .

— قارىغاندا ، تۇرۇۋاتقان ئورنىمىزنى ھېسابلاپ چىقماق قىيىندەك قىلىدۇ ، — دېدىم .

— توغرا ، ئېنىق ھېسابلاپ چىقماق راستتىنلا بەك تەس ، — دېدى تاغام ، — بۇ ھەتتا مۇمكىن ئەمەس . بىز بوراندا قالغان ئۈچ كۈن ئىچىدە ماشا سالنىڭ تېزلىكى بىلەن يۆنىلىشنى خاتىرىلىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى ؛ ئەمما تۇرۇۋاتقان

ئۇرنىمىزنى تەخمىنەن بولىسىمۇ ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.
— شۇنداق، بىز تۇرۇۋاتقان ئۇرنىمىزنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھېلىقى فونتان ئارىلىدا ئۆلچىگەنىدۇق.
— ئاكسال ئارىلى، بالام، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بايقالغان ئارال تۇنجى قېتىم سىنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئاتالدى، بۇ دېگەن شان ـ شەرەپ، سەن رەت قىلما.
— مەيلى! بىز ئاكسال ئارىلىغا يېتىپ بارغاندا تەخمىنەن 700 مىل مۇساپىنى بېسىپ، ئىسلاندىيىدىن 1500 مىل يىراقلاپ كەتكەنىدۇق.
— ياخشى، مۇشۇ يەرنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، بوراننى تۆت كۈن چىقتى دەپ تۇرايلى. بۇ تۆت كۈن ئىچىدە بىزنىڭ ھەر 24 سائەت ئىچىدە باسقان مۇساپىمىز 200 مىلدىن كەم ئەمەس.
— قوشۇلىمەن، دېمەك بىز بۇ تۆت كۈن ئىچىدە 800 مىل مۇساپىنى باسقان بولىمىز.
— توغرا، لىدىنبورۇگ دېڭىزىنىڭ ئىككى قىرغاق ئارىلىقى تەخمىنەن 1500 مىل كېلىدىكەن! بىلەمسەن ئاكسال، ئۇنىڭ كۆلىمى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئىكەن!
— ئەگەر بىز ئۇنى پەقەت توغرىسىغىلا كېسىپ ئۆتكەن بولساق، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.
— شۇنداق بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىن.
— غەلىتە يېرى، — دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەگەر بىزنىڭ ھېسابلىشىمىز توغرا بولسا، ئۇنداقتا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە بولۇشى كېرەك.
— راستما؟
— راست، چۈنكى بىز رېيكياۋىكتىن 2500 مىل يىراقلاپ كەتتۇق.
— بۇ قىسقا ئارىلىق ئەمەس جۇمۇ، بالام، ئەمما بىز ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئاستىدا بولامدۇق ياكى تۈركىيىنىڭ ئاستىدا بولامدۇق،

ياكى بولمىسا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئاستىدا بولايلى، پەقەت يۆنىلىشتىن قېيىپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا بىز ئاندىن ئورنىمىزنى بەلگىلىيەلەيمىز.

— قېيىپ كەتمىدۇق، شامال ئىزچىل تۇردە مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ئۇرۇپ تۇردى. شۇڭا، مېنىڭچە، بۇ دېڭىزنىڭ ئورنى گلاۋېن ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە.

— بوپتۇ، بۇنى بەلگىلىمەك بەك ئاسان، پەقەت كومپاسقا قارىساقلا بولىدۇ!

پروفېسسور هانس ئاپپاراتلارنى تىزىپ قويغان تاش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بەك خۇشال، مېڭىشلىرى تولىمۇ چاققان، غادايغان تۇرقىدىن بىر خىل كۆرەڭلىك چىقىپ تۇراتتى. بەزى قىلىقلىرى كىچىك بالىغىلا ئوخشايتتى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلۈمدە ھېسابلىشىمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلىشكە ئالدىرىدىم.

تاغام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىغا كومپاسنى ئالدى ـ دە، ئۇنى تۈز يەرگە قويدى. كومپاسنىڭ ئىسترېلكىسى ئۇياق ـ بۇياققا تەۋرىنىپ كەتتى، ئارقىدىن ماگنىت كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر يەردە قىمىر قىلماي توختاپ قالدى.

تاغام بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قوللىرىنى ئىشقىلىدى، ئاندىن يەنە كومپاسقا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى، ئاخىر هاڭ ـ تاڭ بولغان هالدا كەينىگە ئۆرۈلدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ ئاپپاراتقا قاراشنى ئىشارە قىلدى. مەن ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدىم. كومپاسنىڭ ئىسترېلكىسى كۆرسەتكەن شىمال تەرەپ دەل بىز جەنۇب دەپ قاراپ كېلىۋاتقان تەرەپ بولۇپ قالغانىدى! كومپاسنىڭ ئىسترېلكىسى دېڭىز قىرغىقىنى ئەمەس، بەلكى دېڭىز تەرەپنى كۆرسىتىۋاتاتتى!

مەن كومپاسنى بىر سىلكىۋېتىپ، ئۇنى يەنە بىر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ئۇنىڭدا هېچقانداق مەسىلە يوق ئىدى. مەن

ئىستىرىبلىكنى مەيلى قايسى ئورۇنغا ئاپىرىپ قوياي ، ئۇ ھامان جاھىللىق بىلەن ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىۋېلىپ ، بىز خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى .

ئۇنداقتا ، بوران چىقىپ شامال يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش بولغاندا بىز ئۇنى سەزمىگەن ئوخشىمامدۇق ؟ تاغام ئۆزىچە دەسلەپ بىز يولغا چىققان دېڭىز قىرغىقىنى يىراقلارغا تاشلىۋەتتۇق دەپ قارىغىنى بىلەن ، شامال ئەكسىچە سالنى يولغا چىققان يېرىگە ئەكېلىپ قويغانىدى .

# 37

پىروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ بىر خىل ئاجايىپ كۈچلۈك ھاياجاندىن كەيپىياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى قانداق تەسۋىرلەشنى پەقەتلا بىلەلمىدىم . ئۇ باشتا ھەيران قالدى ، ئاندىن ئىشەنمىدى ، ئاخىر غەزەپلىنىشكە باشلىدى . مەن ئەزەلدىن خۇشاللىق كەيپىياتىدا بۇنداق ئاسانلا غەزەپلىنىشكە ئۆزگەرگەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم . ئەمدى ھەممىنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى : دېڭىز ئۈستىدىكى ھېرىپ - چارچاشلار ، يولۇققان خېيىمخەتەرلەر ! دېمىسىمۇ بىز ئالغا ئىلگىرىلەش ئەمەس ، ئەكسىچە كەينىمىزگە چېكىنىپ كەتكەنىدۇق .

بىراق ، تاغام ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋالدى .

— ھىم ! تەقدىرنىڭ ماڭا قىلغان چاقچىقىنى قارىمامدىغان ؟ — دېدى ئۇ تووۋلاپ ، — تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق سۈيىقەستلەر مەن بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ ! ھاۋا ، ئوت ، سۇلار بىرلىشىۋېلىپ يولۇمنى توسۇۋاتىدۇ ! مەيلى ! مەن سىلەرگە ئىرادەمنى بىر بىلدۈرۈپ قوياي ، مەن ۋاز كەچمەيمەن ، شۇنداقلا كەينىمگە بىر قەدەممۇ چېكىنمەيمەن ، مەن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىككىسىدىن زادى قايسىسىنىڭ غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچىمەن ! ئوتتو لىدىنبورۇگ قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان

بولۇپ، چىرايى غەزەپتىن قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى ئىلاھلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ۋەھشىي ئاجاكسقا① ئوخشاپ قالغانىدى. بىراق، مەن بۇنداق ساراڭلارچە ئەسەبىيلىكنى توسۇش كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدىم قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭغا، — دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئۇلۇغۋار ئىرادىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، بىز قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز دەپ تۇرۇۋالساق بولمايدۇ؛ بىزنىڭ دېڭىز سەپىرى قىلىش ئۈسكۈنىلىرىمىز بەك ناچار، بىرنەچچە تال ياغاچنى بىر يەرگە ئەكېلىپ باغلاپ، بىر تال ياغاچقا يەلكەن ئورنىدا ئەدىيالنى ئارتىپ قويۇپلا، دېڭىز ئۈستىدە شامالغا قارشى 1200 مىلدىن ئارتۇق مۇساپىنى باسالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ سالنى ھەيدەپ ماڭالمايمىز، بىز پەقەت بوراننىڭ ئالىقىنىدىكى بىر ئويۇنچۇق، خالاس. دېڭىزنى يەنە بىر قېتىم كېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق قىلىش ساراڭلارنىڭ ئىشى! مەن رەت قىلغىلى مۇمكىن بولمايدىغان بىرقاتار ئاساسلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، توختىماي 10 مىنۇتچە چالۋاقىدىم، لېكىن ئۇ گەپلىرىمگە قۇلاق سالىدىغاندەك ئەمەس، مېنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىم خۇددى گاس قۇلاققا نەغمە چېلىپ بەرگەندەكلا بىر ئىش بولغانىدى.

— سالغا چىقايلى! — دەپ توۋلىدى ئۇ.

بۇ ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابى ئىدى. مەن مەيلى يالۋۇراي ياكى ئاچچىقلىناي، ھېچقايسىسىنىڭ رولى بولمىدى. پروفېسسورنىڭ ئىرادىسى گرانىت تاشتەك قاتتىق، ئۇنىڭغا ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ كار قىلمايتتى.

بۇ چاغدا ھانس سالنى رېمونت قىلىپ پۈتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۇ گويا تاغامنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا، تاشقا ئايلانغان بىرنەچچە تال ياغاچ پارچىسى بىلەن سالنى مۇستەھكەملىگەنىدى.

---

① ئاجاكس — يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى ترويا شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان باتۇر. ئۇ ئىلاھلارنى مەنسىتمەي، قىيا تاشنىڭ كەينىگە قېچىپ بېرىۋالغاندا ئۇنى دېڭىز ئىلاھى يەۋېتىدۇ.

مــاچتىمۇ تىكلەندى ، قاتلىۋېتىلگەن يەلكەن شامالدا لەپىلدىگىلى تۇردى .

پــروفــېــسسور يول باشلىغۇچىغا بىرنېمىلەرنى دېۋىدى ، ئۇ دەرھــال نــەرســە ـــ كــېــرەكلەرنى سالغا باسقاچ ، يولغا چىقىش تەييارلىقىنى باشلىدى .

مــەن نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ مەن يالغۇز ئۇ ئىككىسى بىلەن قارشىلىشالايمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس . ئەگەر ھانىس مەن تەرەپتە تۇرغان بولسا بىر گەپ بولۇپ قالغان بولاتتى . بىراق ، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى ! بۇ ئىسلاندىيىلىك گويا بارلىق شەخسىي ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىشقا نىيەت قىلغاندەك قىلاتتى . مەن خوجايىنى نېمىلا دېسە ، لەببەي دەپ تۇرىدىغان بۇ خىزمەتكاردىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم . مېنىڭ ئالدىمغا قاراپ ماڭماي باشقا ئىلاجىم بولمىدى .

شۇنــىڭ بىلەن سالغا چىقىپ ، ئىلگىرىكى ئورنۇمغا بېرىپ ئــولــتــۇرۇشــقــا تەمــشەلدىم . بۇ چاغدا تاغام قولى بىلەن مېنى توسۇۋالدى .

— بىز ئەتە يولغا چىقىمىز ، — دېدى ئۇ .

مەن قول ئىشارىسى قىلىپ ، بۇيرۇققا بويسۇنىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم .

— مەن ھەرقانداق نەرسىنى نەزىرىمدىن ساقىت قىلىپ قويسام بولمايدۇ ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — تەقدىر مېنى بۇ دېڭىز قىرغىقىغا ئېلىپ كەلگەنىكەن ، ئۇ ھالدا مەن ئۇنى ئېنىق بــىــلــىــۋالــماي تۇرۇپ بۇ يەردىن ئايرىلسام بولمايدۇ . راستىنى ئېيتقاندا ، بوران بىزنى ئەكېلىپ قويغان بۇ يەر بىز باشتا يولغا چىققان جاي ئەمەس ، تېخىمۇ شىمالدىكى دېڭىز قىرغىقى ، يەنى گلاۋبېن ئارىلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر جاي ئىدى . ئوقۇرمەنلەر بۇ نۇقتىنى بىلسە ، ئۇ ھالدا پروفېسسورنىڭ باياتىن دېگەن گېپىنى چۈشــىــنىۋالىشى تۇرغان گەپ . دېمىسىمۇ ، يېقىن ئەتراپتىكى مۇھىتنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈش ، دەرۋەقە تولىمۇ ئاددىيلا ئىش

ئىدى .

— ئەمىسە بىز ھەرىكەتنى باشلايلى ، — دېدىم مەن .

شۇنىڭ بىلەن ھانس قىپقىپلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى ، تاغام بىلەن ئىككىمىز يولغا چىقتۇق . دېڭىز قىرغىقى بىلەن تىك قىيانىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزۇن ئارىلىق بولۇپ ، يېرىم سائەت ماڭغاندىلا ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولاتتى . بىز سانسىزلىغان قۇلۇلە قاپلىرىنى دەسسەپ ماڭدۇق . ئۇلارنىڭ شەكلى تۈرلۈك ـ تۈمەن خىل ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشمايتتى ، مەن يەنە چوڭ قاسىراقلارنى كۆردۈم ، ئۇلارنىڭ دىئامېتىرى 15 فۇتتىن چوڭ بولۇپ ، ئاخىرقى يېڭىلىنىش ئېپوخاسى مەزگىلدە ياشىغان گلىپتودونلار قالدۇرغانىدى . بۇ خىل ھايۋاننىڭ گەۋدىسى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ بولۇپ ، ھازىر ياشاۋاتقان يېشىل تاشپاقىلارنى پەقەت ئۇلارنىڭ مىكرو كىچىكلىتىلگەن مودېلى دېيىشكىلا بولاتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بۇ يەردە زور مىقداردا شېغىل تاشلار ، دېڭىز سۈيىنىڭ يالىشى بىلەن يۇپيۇمىلاق بولۇپ كەتكەن بۇ تاشلار قاتار ـ قاتار كەتكەن تۈز سىزىقلارنى ھاسىل قىلغانىدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ دېڭىز سۈيى بېسىپ كەتكەن جاي ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى ، ھازىر دېڭىز دولقۇنى چېچىلىپ ياتقان بۇ تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كېلەلمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈستىدە روشەن ئىزلارنى قالدۇرغانىدى .

بۇ ، يەر يۈزىدىن 100 مىل چوڭقۇر جايدا نېمە ئۈچۈن يوغان بىر پارچە دېڭىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى . ئەمما ، مېنىڭ قارىشىمچە ، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بۇ غايەت چوڭ سۇ يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە تەدرىجىي يوقاپ كېتىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، يەر ئۈستىدىكى دېڭىز سۇلىرى چوقۇم مەلۇم يېرىقلار ئارقىلىق تۆۋەنگە ئېقىپ چۈشۈپ ، بۇ يەر ئاستى دېڭىزنى شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، بۇ يېرىقلارنىڭ ھازىر ئاللىقاچان توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق . ئۇنداق بولمىغاندا ، پۈتۈن ئۆڭكۈر — ئېنىق

قىلىپ ئېيتقاندا، پايانغا كۆز يەتمەيدىغان بۇ بوشلۇقنىڭ ئىچى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سۇ بىلەن تولۇپ كەتكەن بولار ئىدى. ئېھتىمال، بۇ يەردىكى دېڭىز سۈيى يەر ئىسسىقلىقى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، بىر قىسمى پارغا ئايلىنىپ، بېشىمىز ئۈستىدىكى بولۇت قاتلاملىرى ۋە زەرەت قوبۇپ بېرىش ھادىسىلىرىنى شەكىللەندۇرگەن بولۇشى مۇمكىن. قارىغاندا، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بورانىنى دەل ئاشۇ زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

مېنىڭچە، بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن بۇنداق ھادىسە ھەققىدە چىقارغان ئىلمىي ھۆكۈم خېلى قايىل قىلارلىق ئىدى، چۈنكى بۇ ئاجايىپ تەبىئەت ھادىسىسى مەيلى ئۇ قانچىلىك ھەيۋەتلىك بولسۇن، ئۇنى بەربىر ئىلىم - پەن قائىدىلىرى بىلەن ئىزاھلاپ چۈشەندۇرۇشكە بولاتتى.

شۇ تاپتا بىز تىنما يەر قاتلىمى ئۈستىدە كېتىۋاتاتتۇق. ئاشۇ دەۋردىكى بارلىق قاتلاملارغا ئوخشاش، بۇمۇ سۇ ئېقىنىنىڭ تىندۇرۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنىدى، بۇنداق يەر قاتلاملىرى يەر شارىنىڭ يۈز قىسمىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك تارقالغانىدى. پروفېسسور تاشلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەربىر يېرىقنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇچرىغان ھەربىر ئۆڭكۈرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئەستايىدىل ئۆلچىدى.

بىز لىدىنبورۇگ دېڭىزىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ بىر مىل ماڭدۇق. بىر چاغدا يەر يۈزىنىڭ شەكلىدە بىردىنلا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ يەرلەر گويا يەر قاتلىمىنىڭ كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئويمان - دۆڭ بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. نۇرغۇن يەرلەردە ئويۇلۇپ كېتىش ۋە كۆتۈرۈلۈپ چىقىش ھادىسىلىرى بار ئىدى، مانا بۇ ئىلگىرى بۇ جاينىڭ يەر قاتلىمىدا زور كۆلەملىك ئۆزۈلۈش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

بىز چاقماق تېشى، كۋارتس ۋە ئېقىندىلار، چۆكۈندىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن گرانىت تاش يېرىقلىرى ئارىسىدا تەسلىكتە

ماڭدۇق . بىر چاغدا كۆز ئالدىمىزدا هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن بىر بوشلۇق — تۈزلەڭلىك دېيىش كېرەك — نامايان بولدى . بۇ يەرگە خۇددى غايەت چوڭ زاراتگاھلىقتەك ، 2000 يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك هايۋانلارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى . بۇلار ئۈست ـ ئۈستىگە قاتلىنىپ كەتكەن ، چېتىنى كۆرگىلى بولمايتتى هەممە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل هالدا ئۇيۇقۇقا سوزۇلۇپ ، چېتى تۇمان ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغانىدى . تەخمىنەن ئۈچ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ بوشلۇقتا مۇكەممەل بولغان بىر هايۋانلار هاياتلىق تارىخى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ ، بۇ تارىخ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ياش يەر قاتلىمى ئۈستىگە تېخى يېزىلمىغانىدى .

شۇ تاپتا تەقەززالىق ئىلكىدىكى بىر خىل قىزىقىش ئىستىكى بىزنى دەيدەيگە سالغىلى تۇردى ، بىزنىڭ ئاياغلىرىمىز تارىختىن ئىلگىرىكى هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى دەسسىگەندە بىر خىل يېقىمسىز ئاۋاز چىقىراتتى . بۇ تاشقا ئايلانغان پارچىلار هەم ئەتىۋارلىق ، هەم قىممەتتى بار بولۇپ ، نۇرغۇن چوڭ شەهەرلەردىكى مۇزېيلار تالىشىدىغان نەرسىلەر ئىدى . هايۋانلار بۇ هەيۋەتلىك قۇرۇق ئۈستىخانلار دۆۋىسى ئىچىدە ياتاتتى ، بۇ يەردە كوۋېردىن 1000 ى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىخانلىرىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

هەيران بولغىنىمدىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى ، تاغام بىز ئاسمان دەپ تەرىپلەپ كېلىۋاتقان قېلىن ئەگمە تورۇسقا قارىتىپ توم بىلىكىنى كۆتۈردى ، ئۇنىڭ ئاغزى ئادەتتىن تاشقىرى يوغان ئېچىلغانىدى ، كۆزلىرى كۆزەينىكىنىڭ ئارقىسىدا غەلىتە پارقىراپ كەتكەنىدى ، بېشى هەر تەرەپكە توختىماي لىڭشىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ هەربىر هەرىكىتىدىن ئادەتتىن تاشقىرى هەيران قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . دېمىسىمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر تۈركۈم بىباها نەرسىلەر ياتاتتى : قىسقا مۈڭگۈزلۈك هايۋان ، لوفىئودون ، ماستودون ، غەلىتە تۇياقلىق هايۋان ، ئاچا تۇياقلىق هايۋان ، چوڭ

مېگاتېر ، دەسلەپكى مايمۇنلار ، قانات قوللۇق كەسلەنچۈك قاتارلىق قەدىمكى غەلىتە ھايۋانلارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى بۇ يەردە چېچىلىپ ياتاتتى . دەرۋەقە ، ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن ! شۇ تاپتا ئۆمەر تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ، ئەمما كېيىن خارابىلىك ئۈستىدە مۆجىزە كەبى قايتىدىن بىنا قىلىنغان ئالېكساندرىيە[1] كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئەسەبىي كىتاب مەستانىسىنىڭ قانداق تەسىراتقا كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلساقلا ، پروفېسسور لىدىنبورۇگنىڭ شۇ تاپتا قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز . ئەمما ، ئۇ بۇ سۆڭەكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر تال باش سۆڭىكىنى تېپىۋالغان چاغدا تېخىمۇ ھەيران قالدى ۋە تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ كەتتى :

— ئاكسال ! ئاكسال ! ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى !

— ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ! تاغا ! — دېدىم مەن ھەيران قالغىنىمدىن ئەندىكىپ .

— شۇنداق ، جىيەنىم ! ھىم ! ھېنرى مېرنا ئېدۋارد ئەپەندى ![2] ئىھ ! ئالۋاندى دې كاتلىخارى دى بىلوئو ئەپەندى ![3] سىلەر نېمە ئۈچۈن مەن — ئوتتو لىدىنبورۇگ بىلەن بىللە بولمىغانسىلەر !

## 38

تاغامنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ مەشھۇر فرانسىيە ئالىملىرىنى تىلغا ئالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ، چوقۇم بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى

---

[1] ئالېكساندرىيە — مىسىرنىڭ پورت شەھىرى ، نىل دەرياسى دېلتىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە . بۇ يەردە 700 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان بىر كۇتۇپخانا بولغان ، بىراق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 48 ـ يىلىدىن 47 ـ يىلىغىچە بۇ شەھەرنىڭ خەلقى رىم ئىمپېراتورى كائېسارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن .

[2] ھېنرى مېرنا ئېدۋارد — (1800 — 1885) فرانسىيىلىك زوئولوگ ۋە فىزىئولوگ .

[3] ئالۋاندى دې كاتلىخارى دى بىلوئو — (1810 ـ 1892) فرانسىيىلىك زوئولوگ ۋە ئىنسانشۇناس .

پالېئونتولوگىيە ساھەسىدە يۈز بەرگەن ئىنتايىن مۇھىم ۋەقەنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1863 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياك بولشىر دى كولخىكول دى ۋېرىت[1] ئىشچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، فرانسىيىنىڭ سوممې[2] ئۆلكىسىدىكى ئاببېۋىل[3] ئەتراپىدا مۇران - كىنۋېن كان مەيدانىدا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ يەر ئاستىدىكى 40 فۇت چوڭقۇرلۇقتا ئادەمنىڭ بىر تاڭلاي سۆڭىكىنى بايقىدى، بۇ قايتىدىن يورۇقلۇققا چىققان قەدىمكى ئادەملەرنىڭ تاڭلاي سۆڭىكى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە يېقىن ئەتراپتىن بىرمۇنچە تاش پالتا ۋە ئادەم كۆچى بىلەن تاراشلانغان چاقماق تاشلىرىنى تاپتى. بۇ چاقماق تاشلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇستىنى بىر قەۋەت دات بېسىپ كەتكەنىدى. بۇ بايقاش فرانسىيىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيىدىمۇ قاتتىق غۇلغۇلا قوزغايدۇ. فرانسىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرى، يەنى مېرنا ئىدۋارد ۋە دې كاتلىخارى قاتارلىقلار بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار بۇ تاڭلاي سۆڭىكىنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە راست ئىكەنلىكىگە ئىسپات بېرىدۇ ھەمدە بۇ «تاڭلاي سۆڭىكى دېلوسى»نىڭ — بۇ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بەرگەن تەبىرى — ئەڭ ئاكتىپ ھىمايىچىلىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئەنگلىيىدىكى نۇرغۇن گېئولوگلار بۇ بايقاشقا ئىشىنىدۇ. مەسىلەن، سۇئې ۋېلكونا[4]، گېئورگې بوسكو[5]، ۋىلىيام بىنجامىن كاپىنت[6] قاتارلىقلار؛ ئۇنداق ئالملار گېرمانىيىدىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئەڭ قىزغىنلىق بىلەن

---

① ياك بولشىر دى كولخىكول دى ۋېرىت - (1788 — 1868) فرانسىيىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئالىمى ھەم مۇشۇ پەننىڭ ئاساس سالغۇچىسى.
② سوممې فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر ئۆلكە.
③ ئاببېۋىل — فرانسىيىنىڭ بىر شەھىرى، سوممې ئۆلكىسىدىكى سوممې دەرياسىنىڭ بويىدا.
① سۇئې ۋېلكونا (1808 — 1865) ئەنگلىيىلىك تەبىئىي پەن ئالىمى.
⑤ گېئورگې بوسكو (1807 — 1886) ئەنگلىيىلىك زوئولوگ ۋە پالېئونتولوگ.
⑥ ۋىلىيام بىنجامىن كاپىنت (1813 — 1885) ئەنگلىيىلىك فىزىئولوگ، ئومۇمىي ئاناتومىيە پروفېسسورى.

ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى مېنىڭ تاغام — پروفېسسور لىدنبوروگ ئىدى .

شۇڭا ، تۆتىنچى دەۋر مەزگىلىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ تاش قاتمىسىنىڭ راستلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان ۋە قوبۇل قىلىنغانىدى .

دەرۋەقە ، بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس قارشى تۇرغۇچىسىمۇ بار ئىدى . ئۇ بولسىمۇ ئىللىي دى پومېن[1] ئىدى . بۇ نوپۇزلۇق ئالىم مۇران - كىنۇنىنىڭ يەر قاتلىمى لاتقا دۆۋىلەنمىسى قاتلىمىغا مەنسۇپ بولماستىن ، بەلكى بىر تۇرلۇك تېخىمۇ ياش يەر قاتلىمى ، دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭ كۆزقارىشى كۇۋېرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، تۆتىنچى دەۋر مەزگىلىدە ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە ياشىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ . تاغام ۋە كۆپىنچە گېئولوگلار ئۆز كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ . مۇھاكىمە قىلىش ۋە بەس - مۇنازىرە قىلىشلاردىن كېيىن ئىللىي دى پومېن ئەپەندىن تەنھا يالغۇز قالىدۇ .

بىز بۇ ۋەقەنىڭ باش - ئايىغىدىن خەۋەردار بولساقمۇ ، ئەمما بىز يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ مەسىلىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولغانلىقىنى بىلمەيتتۇق . فرانسىيە ، شۋېتسارىيە ، بېلگىيىدىكى بەزى ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئىچىدىكى كۇل رەڭ بوش تۇپراقلار ئاستىدىن ئادەملەر ئاشۇنىڭدەك ئوخشىمىغان ئىرق ، ئوخشىمىغان دۆلەت ئاھالىلىرىگە مەنسۇپ بولغان تاشلاي سۆڭەكلىرىنى بايقىغانىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە قورال - ياراغ ، سايمان ، ئىش قوراللىرى ھەمدە كىچىك بالا ، ياشلار ، چوڭ ئادەم ۋە بوۋايلارنىڭ تاشلاي سۆڭەكلىرىمۇ بايقالغانىدى . شۇنىڭ بىلەن تۆتىنچى دەۋردە ئىنسانىيەت ياشىغان دېگەن كۆزقاراشنىڭ ئىسپاتلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك تېپىلىشقا باشلىغانىدى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بىرمۇنچە يورەكلىك ئالىملار ئاخىرقى يېڭىلىنىش ئېپوخاسىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىدىكى يەر قاتلاملىرى

---

[1] ئىللىي دى پومېن (1798 - 1874) فرانسىيىلىك گېئولوگ .

ئاستىدىن كولاپ ئېلىنغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ پارچىلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى بۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ كېسىپلا ئېيتتى. دەرۋەقە، بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ پارچىلىرى ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى بولماستىن، پەقەت ئىنسانلار ئىش قوشۇپ ياسىغان نەرسىلەر ئىدى. مەسىلەن، يىراق قەدىمكى ھايۋانلارنىڭ يوتا سۆڭەكلىرى بىلەن پاچاق سۆڭەكلىرى ئۈستىدە خۇددى ئويۇپ چىقىرىلغاندەك تەرتىپلىك سىزىقچىلار بار ئىدى.

ئۇنداقتا، ئىنسانىيەت تارىخى ۋاقىت شوتىسىدا ئالدىغا قاراپ بىراقلا بىرقانچە ئەسىر سەكرەپ كەتكەنىدى، بۇلار مەۋجۇت بولغان دەۋر ماستودونلاردىنمۇ بالدۇر بولۇپ، «جەنۇب مامونت (قەدىمكى پىل)»لىرى بىلەن ئوخشاش مەزگىلگە توغرا كېلەتتى. بۇلار يۈز مىڭ يىللار مەۋجۇت بولغانىدى، شۇڭا نۇرغۇن داڭلىق گېئولوگلار ئاخىرقى يېڭىلىنىش ئېپوخاسىدىكى يەر قاتلىمى دەل مۇشۇ مەزگىلدە شەكىللەنگەن دېگەن قاراشقا كېلىدۇ!

مانا بۇ پالېئونتولوگىيىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، شۇڭا بىزنىڭ بۇ پەنگە بولغان تونۇشىمىز لىدىنبورۇگ دېڭىزى بويىدىكى قالدۇق سۆڭەكلەر دۆۋىسىنى كۆرگەن چېغىمىزدا ئىپادىلىگەن روھىي ھالىتىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە تامامەن يېتىپ ئاشاتتى. بولۇپمۇ ئالدىمىزدىن 20 قەدەم نېرى جايدا تۆتىنچى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل ئىسكىلىتىغا يۈزلىنىپ تۇرغان چاغدا، تاغامنىڭ ھەيران قالغانلىقى ھەم ئاجايىپ بىر خۇشاللىقتا چۆمگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولاتتى.

بۇ، ئادەملەرنىڭ ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان جەسىتى ئىدى. بۇ يەرنىڭ توپا قاتلىمى تولىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، خۇددى سايىنت مىشېل قەبرىستانلىقىنىڭ توپا قاتلىمىغا ئوخشايتتى. ئەجەبا، مۇشۇنداق توپا قاتلىمى بولغاچقىلا بۇ جەسەت شۇنچە ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇنداق ساقلىنىپ تۇرغانمىدۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمىدىم. جەسەتنىڭ تېرىسى بوشاپ ھەم قورۇپ

كەتكەن بولۇپ ، قول - پۇتلىرى بوشاپ كەتكەندى . بىر قاراشقىمۇ شۇنداق كۆرۈنەتتى ، چىشلىرى ، چاچلىرى ، قول ۋە پۇتلىرىنىڭ تىرناقلىرى قورقۇنچلۇق دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتكەن ، بىر قاراشتا جىنى باردەكلا كۆرۈنەتتى .

مەن باشقا بىر دەۋرگە مەنسۇپ بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنچىقماي جىمجىت تۇردۇم . شۇ تاپتا ئادەتتە پاراڭ سىلىشقا ئامراق ، پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ ئادەتلەنگەن تاغاممۇ كەم سۆز ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى . بىز جەسەتنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرغۇزدۇق . ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرى بىزگە تۆشۈكتەك قاراپ تۇراتتى ، بىز ئۇنىڭ ئىچى قۇرۇق كۆكرىكىنى بېسىپ باقتۇق .

تاغام بىر ھازا ئۇنچىقماي جىم تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي يەنە قايتىدىن پروفېسسور لىدىنبورۇگ ھالىتىگە قايتتى . ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال كۆرۈنەتتى ، ئۇ بىزنىڭ ساياھەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىمىزنى ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينى ، بىزنى نەزەربەند قىلغان غايەت چوڭ ئۆڭكۈرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنى جون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلەۋاتىمەن ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى . ئۇ ئوقۇتقۇچىلارغا خاس بىر خىل غۇرۇرلۇق تەلەپپۇز بىلەن تەسەۋۋۇرىدىكى تىڭشىغۇچىلارغا سۆزلىگىلى تۇردى .

— ئەپەندىلەر ، — دېدى ئۇ ، — مەن كۆپچىلىككە شەرەپ بىلەن تۆتىنچى دەۋردە ياشىغان بىر ئادەمنى تونۇشتۇرىمەن . بەزى داڭلىق ئالىملار ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى ، ھالبۇكى ئاشۇلارغا ئوخشاش بەزى داڭلىق ئالىملار بولسا ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇردى . پالېئونتولوگىيە ساھەسىدىكى سان تومالار[1] ئەگەر سىلەرمۇ مۇشۇ يەردە بولغان بولساڭلار ، ئۇنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن سىلاپ كۆرگەن بولاتتىڭلار ،

[1] سان توما — ئىيسانىڭ 12 شاگىرتىنىڭ بىرى ، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ھەرقانداق نەرسىنى چوقۇم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشىنىش .

بۇ چاغدا سىلەر ئامالسىز خاتالاشقىنىڭلارغا ئىشىنەتتىڭلار . مەن ئىلىم ـ پەندىكى بۇنداق بايقاشلارغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىمەن . مەن يەنە فىنئاس تەيلور بارنودەك[1] جاھانكەزدى ئالدامچىلارنىڭ قانداق قىلىپ قەدىمكى ئىنسانلاردىن پايدىلىنىپ قاتتىق بېيىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن . مەن ئاجاكسىنىڭ تىز سۆڭىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمەن ، شۇنداقلا سپارتالىقلارنىڭ ئاتالمىش ئورېستىنىڭ[2] جەسىتىنى بايقىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنىمۇ ئاڭلىغانمەن . يەنە تېخى باسانىيانىڭ[3] بويى 70 فۇت كېلىدىغان ئاستىلىيوس[4] ھەققىدە سۆزلىگەن ھېكايىسىنىمۇ ئاڭلىغانمەن . ئۇنىڭدىن مەن 14 ـ ئەسىردە بايقالغان تراپانى[5] سۆڭەكلىرى ھەققىدىكى دوكلاتنىمۇ كۆرگەنمەن . بەزىلەر بۇ سۆڭەكلەرنى پولىفېمنىڭ[6] سۆڭەكلىرى دەپ قارىغان . مەن يەنە پالېرمو[7] ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان گىگانت ئادەم ھەققىدىكى دوكلاتنىمۇ كۆرگەنمەن . 1577 ـ يىلى ئادەملەر لۇزېرندا[8] بىر مۇنچە غايەت چوڭ سۆڭەكلەر ئۇستىدە ئانالىز ئېلىپ بارغان . داڭلىق دوختۇر فېلكس پرات[9] بۇ سۆڭەكلەر بويىنىڭ ئېگىزلىكى 19 فۇت كېلىدىغان گىگانت ئادەملەرگە مەنسۇپ دېگەن ، ئانالىز نەتىجىسى ھەققىدە نەق مەيداندا بار ئەپەندىلەرنىڭ بىلىدىغىنى ماڭا ئوخشاش ئېنىق ئىدى . مەن يان كاسانئونىنىڭ[10] ئىلمىي ماقالىسى ھەمدە كىمبرېلار[11] يولباشچىسى تىدۇبوشنىڭ[12] جەسەت سۆڭىكى

---

[1] فىنئاس تەيلور بارنو (1810 — 1891) ئامېرىكىلىق ئويۇن قويۇش ۋاستىچىسى ، داڭلىق ئالدامچى .
[2] ئورېست — يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى ئاگامېمنوننىڭ ئوغلى .
[3] باسانىيا - مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىكى يۇنانلىق گېئولوگ ۋە تارىخشۇناس .
[4] باستىلىيوس -- قەدىمكى يۇنان ئالىمى .
[5] تراپانى -- ئىتالىيىنىڭ بىر شەھىرى ، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىلىدا .
[6] پولىفېم — يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى يەكچەشمە ۋە دىۋە .
[7] پالېرمو — ئىتالىيىنىڭ بىر شەھىرى ، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىلىدا .
[8] لۇزېرن — شۋېتسارىيىنىڭ بىر شەھىرى .
[9] فېلكس پرات -- (1536 — 1614 ) شۋېتسارىيىلىك دوختۇر .
[10] يان كاسانئونى — ئىتالىيىنىڭ 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى پالېئونتولوگ .
[11] كىمبرېلار گېرمان مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە تېئوتونلار بىلەن بىرلىشىپ گالىلىيىنى ئىشغال قىلغان ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەن .
[12] تىدۇبوش – تېئوتونلارنىڭ يولباشچىسى .

ھەقىقىدىكى ئەسلىمىسى ، كىتابچىلار ، نوتۇق ئورگىنالى ۋە مۇنازىرە ئورگىناللىرىنى ئوقۇغانىدىم . بۇ گالىلېينى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ جەسەت سۆڭىكى 1613 ـ يىلى دوفىنېدىكى[1] بىر قۇم شېغىل ئېلىش مەيدانىدىن كولاپ ئېلىنغانىدى . ئەگەر مەن 18 ـ ئەسىردە ياشىغان بولسام ، مەنمۇ چوقۇم ئېپېر كامبىل[2] بىلەن بىرلىكتە ژان جاك شېيىسىل[3] داۋراڭ قىلغان ، ئىنسانلار يىراق قەدىمكى زاماندىلا مەۋجۇت بولغان دېگەن قارىشىغا قارشى چىققان بولاتتىم ! مەندە بىر پارچە كىتابنىڭ ئىسمى «گىگانت ...»

تاغام كۆپچىلىك ئالدىدا تەلەپپۇز قىلمىقى تەسرەك بولغان ئاشۇ سۆزلەرگە دۇچ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ تۇغما ئاجىزلىقى يەنە ئاشكارىلىنىپ قالدى .

— ئىسمى «گىگانت ...» دېگەن ، — ئۇ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى .

لېكىن ، ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى .

يەنە قاملاشمىدى ! بۇ لەنتى سۆزنى دېيەلمەيۋاتقىنىمنى قارىمادىغان ! ئەگەر بۇ ئەھۋال جون ئۇنىۋېرسىتېتىدا يۈز بەرگەن بولسا ، كۆپچىلىك چوقۇم قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتكەن بولار ئىدى !

— گىگانت ئادەملەر ھەققىدە ، — پروفېسسور لىدېنبورۇگ بىرنەچچىنى تىللىۋەتكەندىن كېيىن ئاخىر كىتابنىڭ نامىنى تولۇق دېيەلىدى .

ئارقىدىن ئۇ تېخىمۇ كۆچەپ قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى .

— شۇنداق ، ئەپەندىلەر ، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن ! مەن يەنە كوۋىر بىلەن برومنباخنىڭ بۇ سۆڭەكلەر ئارىسىدىن مامونتنىڭ ئادەتتىكى سۆڭىكى بىلەن تۆتىنچى دەۋردىكى باشقا ھايۋانلارنى ئايرىپ چىققانلىقىنىمۇ بىلىمەن . لېكىن ، بۇ يەردە قەدىمكى جەسەتلەردىن ئازراقلا گۇمانلىنىشمۇ ئىلىم ـ پەنگە

---

① دوفىنې -- فرانسىيەدىكى جاي نامى ، فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئالپ تاغلىق رايونىدا .
② ئېپېر كامبىل — (1722 — 1789 ) گوللاندىيىلىك دوختۇر ، تەبىئىي پەن ئالىمى .
③ ژان جاك شېيىسىل — (1672 — 1733 ) شۋېتسارىيىلىك تەبىئىي پەن ئالىمى .

قىلىنغان ھاقارەت ! چۈنكى ئۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپتۇ ! سىلەر ئۇنى كۆرەلەيسىلەر ، سىلاپ باقالايسىلەر ، بۇ بىر سۆڭەك ئەمەس ، بەلكى ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان ئادەم تېنى ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق پۈتۈن ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان .

مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ساقلاندىم .

— بىز ئەگەر ئۇنى سۇلفات كىسلاتاسى ئېرىتمىسى بىلەن يۇيىدىغان بولساق ، — دېدى تاغام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان لاي توپا ۋە پارقىراق قۇلۇلە قاپلىرىنى تازىلىۋەتكىلى بولاتتى . لېكىن ، ھازىر بىزدە بۇ خىل قىممەتلىك ئېرىتمە يوق . شۇغىنىسى ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەسلىي ھالىتى ساقلىنىپ قالسا ، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ تارىخىنى تېخىمۇ ياخشى بايان قىلىپ بېرىدۇ .

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پروفېسسور بۇ قەدىمكى جەسەت بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇردى ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ چاققانلىقى خۇددى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك جاۋاھىراتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايتتى .

— كۆردۈڭلارمۇ ، — دېدى ئۇ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئۇنىڭ بويى ئېگىزلىكى ئالتە فۇتمۇ كەلمەيدىكەن ، شۇڭا ئۇنى گىگانت ئادەم دېگىلى بولمايدۇ . ئىرقىغا كەلسەك ، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز كاۋكاز ئادىمى ، يەنى بىزگە ئوخشاش ئاق تەنلىك ! ئۇنىڭ باش سۆڭىكى ئۆلچەملىك تۇخۇم شەكلىدە ، ياڭاق سۆڭىكى بىلەن تاڭلاي سۆڭىكى ئانچە كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئېڭىكى ئالدىغا بۆرتۈپ چىقىش ئالامىتى يوق ، شۇڭا يۈز بۇلۇڭىدىمۇ[1] ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىغان . قېنى ، ئۇنىڭ بۇلۇڭىنى ئۆلچەپ كۆرەيلى ، تەخمىنەن

---

① يۈز بۇلۇڭى ئىككى تەكشىلىكتىن تەركىب تاپقان ، بىر پېشانە بىلەن ئوتتۇرا چىش ئۆزئارا كېسىشكەن تىك تەكشىلىك ، يەنى بىرى قۇلاق تۆشۈكى بىلەن تۆۋەنكى بۇرۇن مۇسكۇلىنىڭ تىك تەكشىلىكى ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدا چىش مىلىكى بۆرتۈپ چىقىش تۈپەيلىدىن يۈز بۇلۇڭىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش ھادىسىسى «ئېڭەك بۆرتۈپ چىقىش» دېيىلىدۇ .

90 گرادۇس كېلىدۇ ! ئەگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولساق ، مەن بۇ ئادەم تېنى ئۆرنىكىنى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن . ئۇ ھىندىستاندىن غەربىي ياۋروپاغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا تارقالغان ئادەملەرنىڭ ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن . ئەپەندىلەر ، سىلەر كۈلمەڭلار !

ئەمەلىيەتتە كۈلگەن ئادەم يوق بولسىمۇ ، ئەمما پروفېسسور ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك نۇتقىنى سۆزلىگەندە باشقىلارنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرىغا ئادەتلىنىپ كەتكەندى .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بۇ بىر قەدىمكى جەسەت ، ئۇ ماستودون بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان . كېيىنكىسىنىڭ سۆڭەكلىرى بۇ تراپېتسىيە شەكىللىك دەرسخانىنىڭ ئىچىدە تولۇپ يېتىپتۇ . ئەمما ، بۇ جەسەتنىڭ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن . ئۇ كۆمۈلگەن توپا قاتلىمىنىڭ قانداقلارچە بۇ غايەت چوڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە سىيرىلىپ چۈشكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن . ئېھتىمال ، تۆتىنچى دەۋردە يەر پوستىدا داۋاملىق تۈردە كۈچلۈك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن . يەر شارىنىڭ داۋاملىق تۈردە سوۋۇشى نەتىجىسىدە بەزى يېرىقلار پەيدا بولۇش ھەمدە يەر گۈمۈرۈلۈش تۈپەيلىدىن يەر شارىنىڭ يۈز قىسمىدىكى بەزى يەر قاتلاملىرى يەر ئاستىغا سىيرىلىپ چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن . مەن بۇنى جەزم قىلالمايمەن ، ئەمما بۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىيەت بار ، بۇ ئەتراپتا ئۇلارنىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ، پالتا ۋە سىلىقلاپ ئىشلەنگەن چاقماق تاشلار تاشلىنىپ يېتىپتۇ ، بۇ نەرسىلەر تاش قورال دەۋرىنى شەكىللەندۈرگەن . ئەگەر ئۇمۇ بۇ يەرگە ماڭا ئوخشاش ساياھەتچى ياكى ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىچى سالاھىيىتى بىلەن كەلمىگەنلا بولسا ، ئۇنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋر ئادىمى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشىمىزنىڭ ئورنى يوق .

پروفېسسور سۆزىنى توگەتتى . مەن چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولغان هالدا چاۋاك چالدىم . تاغامنىڭ دىگەنلىرى توغرا ئىدى ، ئۈنىڭغا جىيەنىدىنمۇ بىلىملىك ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ رەددىيە بىرەلىشى ناتايىن ئىدى .

ئازراق قوشۇمچە قىلسام ، بۇ غايەت چوڭ سۆڭەكلەر دۆۋىسى ئىچىدە بۇ بىردىنبىر قەدىمكى جەسەت ئەمەس ئىدى . بىز هەربىر قەدەم ماڭساق باشقا قەدىمكى جەسەتلەر ئۇچراپ تۇراتتى . تاغام بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ مۇكەممەل ئۈرنەكنى خالىغانچە تاللىۋېلىپ ، دىگەنلىرىگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرنى قايىل قىلىشقا ئىشلەتسە بولاتتى .

ئـەمــەلــيـەتتە ، ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ غايەت چوڭ زاراتگاهلىق كىشىنى هەيرەتتە قالدۇرىدىغان بىر مەنزىرىنى هاسىل قىلغانىدى . لېكىن ، بىز بىر مۇهىم مەسىلىگە جاۋاب تاپالمىدۇق : بۇ هايۋانلار ئۆلگەندىن كېيىن يەر تەۋرەش تۇپەيلىدىن لىدىنبورۇگ دېڭىزىنىڭ ساهىلىغا كېلىپ قـالـغانمۇ؟ ياكى يەر ئاستى دۇنياسىدىكى تاغ جىنسلىق ئاسمان ئاستىدا خۇددى يەر ئۈستىدىكى ئاهالىلەرگە ئوخشاش ئەسلىدىنلا يـاشـاپ ئۆتـكەنمۇ؟ هازىرغىچە بىز كۆرگەن دېڭىز هايۋانلىرى ۋە بېـلىقـلارنىڭ هەمــمىسى تىرىك ئىدى! بۇ قاقاس دېڭىز ساهىلىدا مەلۇم بىر خىل يەر مەركىزى ئادەملىرى ئايلىنىپ يۈرەمدىغاندۇ؟

## 39

بــىـز جــەســەت ســۆڭەكلىرى دۆۋىسى ئىچىدە يېرىم سائەت ماڭدۇق . كۆچلۈك قىزىقىش ئىلكىدە داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق . بۇ ئــۆڭــكـۈر ئىـچــىدە يەنە قانداق ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر ۋە ئىلىم سـىـرلىرى باردۇ؟ هازىر بىز ئۇچرايدىغان هەرقانداق تاسادىپىي ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەنىدۇق ، مېنىڭ كۆزلىرىممۇ كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان هەرقانداق بايقاشلارغا كۆنۈپ كەتكەنىدى .

دىڭىز قىرغىقى كىچىك تاغدەك كۆرۈنىدىغان سۆڭەكلەر دۆۋىسى كەينىدە كۆزدىن يىتتى . قارام پروفېسسور ئېزىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ، مېنى تارتقىنىچە يىراق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى . بىز چاقماق يورۇقى ئىچىدە ئۈنچىقماي كېتىۋاتىمىز . نېمىشقىدۇر ، چاقماق يورۇقى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارلىق نەرسىلەرنى يورۇتۇۋەتكەنىدى ، بۇ يورۇقلۇقنىڭ مۇقىم فوكۇسى يوق بولۇپ ، ھېچقانداق سايە پەيدا قىلمايتتى ، بىز گويا ئېكۋاتور رايونىدا ، يەنى ياز پەسلىنىڭ چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ، قۇياش نۇرى خۇددى بېشىمىز ئۈستىگە تىك چۈشۈپ تۇرغاندەك ھالەتتە سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتۇق . بارلىق سۇ پارلىرى يوقاپ كەتتى ، تەكشى چۈشۈۋاتقان يورۇقلۇق يىراقتىكى تاشلىق ، تۆپىلىك ۋە غۇۋا كۆرۈنگەن ئورمانلارنى ئاجايىپ غەلىتە بىر خىل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى . بىز خۇددى خوفماننىڭ[1] كىتابلىرىدىكى ئاجايىپ پېرسوناژلارغا ئوخشاش ، سايىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاندۇق .

بىز بىر مىل ماڭغاندىن كېيىن چوڭ دەرەخزارلىققا يېتىپ كەلدۇق ، ئەمما بۇ گلاۋىېن پورتى يېنىدىكى موگۇزارلىق ئەمەس ئىدى .

بۇ ئۈچىنچى دەۋرگە مەنسۇپ ھەيۋەتلىك ئۆسۈملۈكلەر توپى بولۇپ ، ئاللىقاچان يوقالغان غايەت چوڭ پالما دەرىخى ، ئالىقانسىمان يوپۇرماقلىق دەرەخ ، مىتاسكويا دەرىخى ، زەرنەپ دەرىخى ، ئارچا دەرىخى ۋە تۇيا دەرىخى قاتارلىقلار بار ئىدى . بۇ يەردىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنى بىر خىل مۇرەككەپ پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر تورى بىر - بىرىگە چىتىۋەتكەنىدى . بىرنەچچە ئېرىق دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئاستىدا — دەرەخ سايىسى دىيىشكە بولمايدۇ ، چۈنكى دەرەخلەرنىڭ ئەسلا سايىسى يوق — شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى . ئېرىق بويىدىكى شەكلى دەرەخقە ئوخشايدىغان پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولۇپ ، ئۇلار يەر

---

[1] خوفمان (1776 – 1822) گېرمانىيىنىڭ رومانتىك يازغۇچىسى .

يۇزىدىكى پارنىكلاردا ئۆستۈرۈلىدىغان پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىن قىلىچە پەرقلەنمەيتتى . بىراق ، قۇياش نۇرىنىڭ ئىسسىقلىقى بولمىغاچقا ، بۇ دەرەخلەر ، چاتقاللار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرقى خۇددى قۇرۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئۆڭۈپ كەتكەن قوڭۇر رەڭدە ئىدى . يوپۇرماقلىرى يېشىل ئەمەس ، ئۇچىنچى دەۋرنىڭ بۇ پەسلىدە گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ھەممىسى رەڭسىز ھەم پۇراقسىز ئىدى ، خۇددى ھاۋا ئارقىلىق ئاقارتىلغان قەغەزدىن ياسالغاندەكلا كۆرۈنەتتى .

پروفېسسور لىدىنبوروگ بۇ غايەت چوڭ ئورمان ئىچىدە قاراملىق بىلەن ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . مەن قورقۇمسىرىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن . تەبىئەت يېيىشكە بولىدىغان بۇ ئۆسۈملۈكلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بەرگەن يەردە ، بىز نېمە ئۈچۈن قورقۇنچلۇق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا ئۇچراپ قالمىغۇدەكمىز ؟ ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزى دەرەخلەر يىقىلىپ چۈشۈپ قۇرۇپ كەتكەچكە ، بوش يەرلەر پەيدا بولۇپ قالغانىدى . مەن بۇ بوش يەرلەردە نۇرغۇن پۇرچاق ئائىلىسى ، زەرەڭ دەرىخى ئائىلىسى ۋە رۇيان ئائىلىسىگە تەۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كۆردۈم ، يەنە يېيىشكە بولىدىغان نۇرغۇن چاتقاللارمۇ بار ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كۆشىگۈچى ھايۋانلار يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر ئىدى . ئارقىدىن مەن يەنە نۇرغۇن ئارىلاش ئۆسكەن دەرەخلەرنى كۆردۈم ، بۇ دەرەخلەر يەر شارىنىڭ يۇزىدە ئوخشىمىغان رايونلارغا تارقالغانىدى . دۇب دەرىخى پالما دەرىخىنىڭ يېنىدا ئۆسۈپتۇ ، ئاۋستىرالىيە ئېۋكالىپت دەرىخى نورۋېگىيە قارىغىيى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپتۇ ، شىمال تەرەپلەردە ئۆسىدىغان قېيىن دەرىخىنىڭ شاخلىرى يېڭى زېلاندىيە شەمشادلىرىنىڭ شاخلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىپتۇ . بۇ دەرەخلەرنىڭ ئالدىدا يەر شارىدىكى ئەڭ بىلىملىك ، ئۆسۈملۈكلەرنى تۈرگە ئايرىش مۇتەخەسسىسمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان بولاتتى .

مەن قەدەملىرىمنى بىردىنلا توختىتىپ تاغامنى تۇتۇۋالدىم .

مەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ دەرەخلىكنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھەرقانداق كىچىك نەرسىنىمۇ ئېنىق ئىلغا قىلالايتتىم . مەن بىرنېمىنى كۆرگەندەك ... ياق ! ئادەتتىن تاشقىرى بىرمۇنچە يوغان بىرنېمىلەرنىڭ دەرەخلەر ئاستىدا مىدىرلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم ! شۇنداق ، بۇ گىگانت مەخلۇقلار ماستودونلار ئىدى . ئۇلار تاشقاتما بولماستىن ، بەلكى قالدۇق سۆڭەكلىرى 1801 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئوخىئو شتاتىدىكى سازلىقتىن بايقالغان تىرىك ھايۋانلار ئىدى ! مەن بۇ گىگانت پىللارنىڭ خارتۇملىرىنى خۇددى سويلاپ يۈرگەن بىر توپ بوغما يىلانلاردەك ئۆياق - بۇياققا پۇلاڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . مەن يەنە ئۇزۇن پىل چىشىنىڭ قەدىمكى دەرەخ غولىغا غاراسلاپ سانجىلغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدىم . دەرەخ شاخلىرى سۇندۇرۇۋېتىلدى - دە ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى كۆپلەپ سىيرىۋېلىندى ۋە بۇ گىگانت مەخلۇقنىڭ غايەت يوغان ئاغزىغا پۇرلاپ تىقىلدى .

مەن يەر شارىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرى ، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەۋردىكى مەنزىرىلەرنى كۆپ قېتىم چۈشىگەنىدىم ، ئەمدىلىكتە مېنىڭ بۇ چۈشلىرىم ئاخىر رېئاللىققا ئايلانغانىدى ! بىز يەر شارىنىڭ بۇ چوڭقۇر يېرىدە يەككە - يېگانە ھالدا ھاياتىمىزنى بۇ بىر توپ ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويغاندۇق .

تاغام بىر يەرگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى .

— ماڭ ، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا بىلىكىمنى تارتىپ ، — ئالدىغا قاراپ ماڭ ، ئالدىغا قاراپ ماڭ !

— ياق ! — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا ، — ياق ، بىزدە قورال يوق ، بۇ بىر توپ تۆت ئاياغلىق گىگانت مەخلۇقلارغا قانداق تاقابىل تۇرالايمىز ؟ قايتىپ كېتەيلى ، تاغا ، قايتىپ كېتەيلى ! بۇنداق يوغان مەخلۇقلارغا شىلتىنىڭ ئاتقان ھەرقانداق ئادەم پالاكەتكە ئۇچرىماي قالمايدۇ .

— ھەرقانداق ئادەم؟ — دېدى تاغام پەس ئاۋازدا، — سەن خاتالاشتىڭ، ئاكسال! ئاۋۇ تەرەپكە قارا! مەن بىر ئادەمنى كۆرگەندەك قىلدىم! بىزگە ئوخشاش بىر ئادەم! بىر ئادەم!

مەن تاغام كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ يەلكەمنى قىسىپ قويدۇم، «كۆڭلۈمدە بۇ بىر تۇتۇرۇقسىز گەپ» دەپ ئويلىدىم. گەرچە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن بولساممۇ، ئەمما گۇمانغا ئورۇن قالدۇرمايدىغان رېئاللىق كۆز ئالدىمدا مانا مەن دەپ زاھىر بولغانىدى. چارەك مىلمۇ كەلمەيدىغان يەردە ھەقىقەتەنمۇ بىر ئادەم غايەت ئېگىز شەمشاد دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى يەر ئاستى دۇنياسىدىكى پروتېئوستەك[1]، دېڭىز ئىلاھىنىڭ يەنە بىر ئوغلىدەك بۇ يەردىكى بىر توپ ماستودونلارنى باشقۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ گىگانت مەخلۇقلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم مۇقەررەر ھالدا بۇ مەخلۇقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ گىگانت بولۇشى تۇرغان گەپ!

توغرا! تېخىمۇ گىگانت بولۇشى كېرەك! باياتىن بىز سۆڭەكلەر دۆۋىسىدە قەدىمكى دەۋر ئادەملىرىنىڭ جەسىتىنى بايقىغاندۇق، لېكىن ئۇ قەدىمكى دەۋر ئادىمى بولماستىن، بەلكى مۇشۇ يەردىكى گىگانت مەخلۇقلارغا قوماندانلىق قىلالايدىغان گىگانت ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىزلىكى 12 فۇت كېلەتتى، كالىنىڭكىدەك يوغان بېشىنى سالۋارىغان چاچلىرى يېپىۋالغانىدى، بۇ چاچلار خۇددى ئىراق قەدىمكى دەۋر پىللىرىنىڭ يالىغىلا ئوخشايتتى. ئۇ قولىدىكى بىر تال دەرەخ شېخىنى ھەدەپ پۇلاڭلىتاتتى، ئۇنى بۇ ئىراق قەدىمكى دەۋر مالچىسىنىڭ مال ھەيدەيدىغان كالتىكى دېيىشكە بولاتتى.

بىز ھەيرانلىق ئىلكىدە داڭقېتىپ، جايىمىزدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدۇق. بۇنداق تۇرىۋەرسەك ئۇ بايقاپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال قېچىش كېرەك.

---

[1] پروتېئوس يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى دېڭىز ئىلاھى پوسېيدوننىڭ ئوغلى، ئۇ ئاتىسىنىڭ غەلىتە مەخلۇقىغا قاراشقا مەسئۇل.

— ماڭايلى ، ماڭايلى ، — مەن توۋلغاچ ، تاغامنى تارتىپلا ئېلىپ ماڭدىم . تاغام تۇنجى قېتىم رايىشلىق بىلەن ماڭا ئەگەشتى .

چارەك سائەتتىن كېيىن بىز قورقۇنچلۇق دۇشمەننىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن قېچىپ چىقتۇق .

ھازىر شۇ قېتىمقى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئۇچرىشىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە نەچچە ئاي بولدى ، مېنىڭ تەپەككۇرۇمۇ نورماللاشتى . مەن ئۆزۈمنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن ، بۇنىڭغا قانداق قاراش كېرەك دەپ قاتتىق ئويلاندىم ، ياق ! ئۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىزنى ئالداپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . كۆزلىرىمىز بىزگە خاتا ئۇچۇر يەتكۈزۈپتۇ ! بۇ يەر ئاستى دۇنياسىدا ھېچقانداق ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! ئەگەر يەر مەركىزىدىكى ئۆڭكۈر ئىچىدە ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان بولسا ، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ يەر ئۈستىدىكى ئادەملەر بىلەن كارى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ، شۇنداقلا يەر ئۈستىدىكى ئادەملەر بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىقى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ! بۇ قېتىمقى ئاجايىپ ئۇچرىشىشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق ، بۇنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى بىر بىمەنىلىك !

بۇنىڭدا مەن بەدەن قۇرۇلمىسى ئىنسانىيەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ھايۋاننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە بەكرەك ئىشىنىمەن ، يەنى يىراق قەدىمكى دەۋردىكى مايمۇن ، مەسىلەن ، ئادەمسىمان مايمۇن ياكى ئوتتۇرا ئادەمسىمان مايمۇن ، يەنى ئېدۋارد لاردىن[1] ئەپەندى سىنسىندىكى[2] تاشقاتمىلاردىن بايقىغىنىغا ئوخشاش . لېكىن ، بىز كۆرگەن مايمۇننىڭ گەۋدىسى ھازىرقى زامان پالېئونتولوگىيىدىكى خاتىرىلەردىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتكەندى ! بىراق ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ! مەيلى نېمىلا بولسۇن ئۇ بەربىر مايمۇن ، بىر مايمۇن ! ئادەم بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ، ئۆزىگە ئوخشاش تۈردىكىلەر بىلەن يەر ئاستىدا ياشايدىغان

---

① ئېدۋارد لاردىن (1801 — 1871 ) فرانسىيىلىك گېئولوگ .

② سىنسىن — يەر نامى . فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ژېر ئۆلكىسىدە .

تىرىك ئادەم بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس !
بىز بۇ يوروق ئورماندىن ئايرىلدۇق ، ئىككىمىز شۇ تاپتا ھەيرانلىقتىن گاڭگىراپ دەلتىگە ئوخشاپ قالايلا دېگەندۇق . بىز ئىختىيارسىز ھالدا يۇگۇرۇشكە باشلىدۇق . بۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق قېچىش ، يەنى خۇددى چۈشىدە قارا بېسىپ ، ۋەھىمە ئىلكىدە ئالدى ـ ئارقىغا قارىماي قاچقانغا ئوخشاش ئىدى . بىز تۇغما سەزگۈيىمىز بويىچە لىدىنبورۇگ دېڭىزى تەرەپكە قاراپ قاچتۇق ، بىز ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەچكە ، ئەتراپىمىزدىكى مەنزىرىلەرنى كۆزىتىشكىمۇ ھەپىلىمىز قالمىغانىدى .
گەرچە بىز ئىلگىرى مېڭىپ باقمىغان يەرلەردە كېتىۋاتقان بولساقمۇ ، ئەمما مەن تاشلارنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ گلاۋبېن ئارىلىنى ئېسىمگە ئالدىم . بۇ ، كومپاس كۆرسەتكەن يۆنىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرەتتى ، شۇنداقلا بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا لىدىنبورۇگ دېڭىزىنىڭ شىمال تەرىپىگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەتتى . ئەتراپىمىزدىكى مەنزىرىلەرنى بەزىدە پەقەتلا پەرق ئېتەلمىدۇق . يۇزلىگەن ئېرىق ۋە شارقىراتمىلار پەسكە قاراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى . مەن تاشقا ئايلانغان ياغاچ يەر قاتلىمىنى ، سادىق ھانس ئېرىقىنى ، يەنە مەن ھوشۇمغا كەلگەن ھېلىقى ئۆڭكۈرنى كۆرگەندەك بولدۇم .
مەن ئەندىشەمنى تاغامغا ئېيتتىم ، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىكەن . ئۇمۇ كۆز ئالدىدىكى بىر خىللا كۆرۈنىدىغان مەنزىرە ئالدىدا نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغانىدى .
— ناھايىتى روشەنكى ، — دېدىم ئۇنىڭغا ، — بىز دەسلەپ يولغا چىققان قىرغاققا چىقماپتۇق ، بوران بىزنى سەل شىمالغىراق توغرا كېلىدىغان جايغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ ، ئەمما بىز قىرغاقنى بويلاپ ماڭساقلا گلاۋبېن پورتىغا يېتىپ بارالايمىز .
— ئەگەر بۇنداق بولسا ، — دېدى تاغام ، — بىز چوقۇم داۋاملىق تۇردە ئالدىغا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك ، ئەڭ ياخشىسى

سالنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىشىمىز كېرەك. لېكىن، سەن خاتا قىلىپ قويمىغانسەن، ئاكسال؟

— بۇنىڭغا مەنمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، تاغا، ھەممە تاشلار بىر - بىرىگە بەكلا ئوخشايدىكەن، لېكىن مەن ئاۋۇ تۇمشۇقنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن، ھانىس ئۇنىڭ تۈۋەن تەرىپىدە سالنى رېمونت قىلغانىدى. كىچىك پورت بۇ يەردە بولمىسىمۇ، ئەمما بىزدىن بەك يىراقتا ئەمەس، — مەن تونۇش كۆرۈنگەن قولتۇققا نەزەر سالغاچ شۇنداق دېدىم.

— ياق، ئاكسال، ئەگەر سەن دېگەندەك بولسا، ئۇنداقتا بىز ھېچبولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى كۆرگەن بولاتتۇق، لېكىن مەن ھېچنېمىنى كۆرمىدىم...

— لېكىن، مەن كۆردۈم، — مەن توۋلىغان پېتىم سايازلىقتىكى پارقىراۋاتقان نەرسە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

— قانداق نەرسە ئىكەن؟

— مۇشۇ ئىكەن، — دېدىم جاۋاب بېرىپ.

مەن ئۈستىنى دات بېسىپ كەتكەن بىر پىچاقنى تېپىۋېلىپ تاغامغا كۆرسەتتىم.

— نېمە، — دېدى ئۇ، — ئەجەبا، سەن يېنىڭغا بۇ قورالنى ئېلىۋالغانمىدىڭ؟

— مەن؟ نەدىكىنى! سىز ئېلىۋالغان...

— ياق، بۇنداق نەرسىنى ئېلىۋالغانلىقىم ئېسىمدە يوق، — دېدى تاغام، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندە ئەزەلدىن بۇنداق نەرسە بولغان ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا بۇ بەك غەلىتە ئىشقۇ؟

— غەلىتە ئەمەس، بۇ تولىمۇ ئاددىي، ئاكسال، بۇ ئىسلاندىيىلىكلەر دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان قورال، بۇ پىچاق ھانىسنىڭ بولۇشى مۇمكىن، ئۇ چۈشۈرۈپ قويغان...

مەن بېشىمنى چايقىدىم، چۈنكى ھانىسنىڭ بۇنداق پىچىقى يوق ئىدى.

— بۇ بىرەر يىراق قەدىمكى زامان جەڭچىسىنىڭ قورالىمىدۇيا، — مەن توۋلاپ كەتتىم، — ياكى بىرەر تىرىك ئادەم، گىگانت مالچى بىلەن ئوخشاش دەۋردىكى ئادەمنىڭكىمۇيا! مۇمكىن ئەمەس! بۇ تاش قورال دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن ئەسۋاب ئەمەس! ھەتتا برونزا دەۋرىدىكىمۇ ئەمەس! بۇ پىچاق پولاتتىن ياسالغان ئىكەن...

تاغام تۇيۇقسىز مېنىڭ تەھلىلىمنىڭ بىلىگە تەپتى، ئۇ بىر خىل سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن:

— تىنچلان، ئاكسال، كەلسە ـ كەلمەس خىياللاردا بولما. بۇ، مېنىڭچە، 16 ـ ئەسىردىكى قورال، ئىسمى جىسمىغا لايىق قىسقا شەمشەر، ئۇنى ئاقسۆڭەكلەر يېنىغا ئېسىۋېلىپ، دۇئېلغا چىققان چاغلاردا ئىشلەتكەن. بۇ شەمشەر ئىسپانىيىدە ياسالغان، شۇڭا ئۇ مېنىڭ ئەمەس، سېنىڭمۇ ئەمەس، ھانسنىڭمۇ ئەمەس، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭمۇ ئەمەس! — دېدى.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— سەن قارا، شەمشەر بىسىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى پۇچۇلۇپ كېتىپ، دۈشمەننىڭ كانىيىغا سانجىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شەمشەر بىسىدىكى بۇ داتلار بىر كۈن، بىر يىل ياكى بىر ئەسىر مابەينىدە پەيدا بولغان ئەمەس!

پروفېسسور خۇددى ئىلگىرىكى چاغلىرىدىكىدەك روھلىنىپ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قايناملىرىغا غەرق بولدى.

— ئاكسال، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز شۇ تاپتا ئىنتايىن زور بىر بايقاشنى ئورۇنداش ئالدىدا تۇرىمىز! بۇ شەمشەر سايازلىقتا تۇرغىلى 100 يىل، 200 يىل، ھەتتا 300 يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىسىدىكى پۇچۇلغان جايلارنى يەر ئاستى دېڭىزىدىكى تاشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.

— لېكىن، ئۇ بۇ يەرگە ئۆزى كېلىپ قالمىغاندۇ، — دېدىم ئۇنلۇك ئاۋازدا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئېگىلىپ

كەتمەيدۇ ! بۇ يەرگە بىزدىن ئىلگىرى چوقۇم بىرى كەلگەن !
— شۇنداق ، چوقۇم شۇنداق .
— ئۇ كىمدۇ ؟
— بۇ ئادەم چوقۇم بىر يەرگە مۇشۇ شەمشەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ! مىنىڭچە ، ئۇ بىز ئۇچۇن يەر مەركىزىگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن ! بىز ئىزدەپ كۆرەيلى !
بىز قاتتىق قىزىقىش ئىلكىدە ئېگىز تاش تامنى بويلاپ ھەربىر يېرىقىنى تەكشۇردۇق . چۈنكى ، بۇ يېرىقلار يەر مەركىزىگە تۇتىشىدىغان يول بولۇشى مۇمكىن ئىدى .
شۇنداق قىلىپ ، بىز دېڭىز قىرغىقىنىڭ تار يېرىگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەردە چايقىلىپ تۇرغان دېڭىز سۈيى تاش تامغا يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغان بولۇپ ، پەقەت يەتتە فۇتمۇ كەلمەيدىغان تارغىنا يول قالغانىدى . بىز بۆرتۇپ چىققان ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئاغزىنى بايقىدۇق .
ئۇ يەردىكى بىر پارچە گرانىت تاش تاختىنىڭ ئۈستىدە سىرلىق ھەم ئارانلا كۆرگىلى بولىدىغان ئىككى ھەرپ كۆرۈندى . بۇ باتۇر ھەم تەسەۋۋۇرغا باي ھېلىقى ساياھەتچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى .

**· A · S ·**

—A • S ! — تاغام توۋلاپ كەتتى ، — ئارنا ! يەنە شۇ ئارنا ساكنوسىم !

## 40

بىز ساياھىتىمىزنى باشلىغاندىن بېرى تالاي قېتىم ھەيران قالدىم . شۇڭا ، مەن غەلىتە ئىشلارغا كۆنۈپ قېلىپ ، ئەمدى ئەجەبلەنمەس بولۇپ قالغانىدىم . لېكىن ، 300 يىل ئىلگىرىلا بۇ

يەرگە ئويۇپ قويۇلغان ھەرپلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىمدىن داڭ قېتىپ قالدىم . بۇنىڭغا ، تاشقا ئويۇلغان ، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بۇ كىمىياگەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ باش ھەرپلىرىلا بولماستىن ، يەنە مۇشۇ ھەرپلەرنى ئويۇشقا ئىشلىتىلگەن پىچاقنىڭ قولۇمدا ئىكەنلىكى سەۋەب بولغانىدى . ئەگەر مەن يامان نىيەتلىك مۇتتەھەم بولمىساملا ، بۇ ساياھەتچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇ ئېلىپ بارغان ئاشۇ قېتىملىق ساياھەتنىڭ راست ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشىمنىڭ ئورنى قالمىغانىدى .

شۇ تاپتا مەن ئاشۇنداق چىگىش خىياللار ئىلكىگە چۈشۈپ قالغانىدىم . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پروفېسسور لىدىنبورۇگ بولسا ئارنا ساكنوسمنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي مەدھىيىلەشكە باشلىغانىدى .

— قالتىس تالانت ئىگىسى ، — دېدى ئۇ توۋلاپ ، — سەن ھامان كېيىنكىلەرگە يەر پوستىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۇنتۇماپسەن ، يەر ئاستىدىكى بۇ قاراڭغۇ جايدا سېنىڭ مەسلەكداشلىرىڭ سەن 300 يىل ئىلگىرى قالدۇرغان ئىزلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى ! سەن بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىش پۇرسىتىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپسەن ! سېنىڭ ئىسمىڭ ھەربىر يول بۆلەكلىرىدە بىر قېتىم پەيدا بولۇپ ، ساڭا ئەگىشىشكە جۈرئەت قىلغان ساياھەتچىلەرنى كۆزلىگەن نىشانىغا باشلاپ مېڭىۋاتىدۇ . ھالبۇكى ، سەن بۇ ئىسمىنى يەر شارىنىڭ مەركىزىگە ئۆز قولۇڭ بىلەن ئويۇپ قويۇپسەن . ياخشى ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئىسمىمنى گرانىت تاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋارىقىغا ئويۇپ قويىمەن ! بىراق ، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئاشۇ چاغدا كۆرگەن بۇ دېڭىز تۇمشۇقى — ئۇ سەن بايقىغان دېڭىزنىڭ چېتىدە — مەڭگۇ ساكنوسم دېڭىز تۇمشۇقى دەپ ئاتىلىدۇ !

مانا بۇلار مەن ئاڭلىغان نۇتۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى . شۇ تاپتا ئۆزۈممۇ قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ گەپلەردىن قاتتىق

تەسىرلەنگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ۋۇجۇدۇمدا بىر پارچە ئوت يالقۇنجاشقا باشلىدى! مەن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، بۇ ساياھەتنىڭ خەتەرلىكلىكى ۋە بارىدىغان يېرىمىزدىكى خەۋپلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن كۆتۈرۈلدى. باشقىلار قىلغان ئىشنى مەنمۇ قىلالايمەن، ئىنسان ئورۇندىغان ئىشلا بولىدىكەن، ئۇنى مەنمۇ ئورۇندىيالايمەن!

— ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيلى، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيلى! — دەپ توۋلاپ كەتتىم مەن. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە ئېتىلىپ كىردىم، ئەمما پروفېسسور مېنى توسۇۋالدى، ئادەتتە ئاسان ھاياجانلىنىدىغان تاغام بۇ قېتىم مېنى سەۋرچان ۋە سوغۇق قان بولۇشقا ئۈندىدى.

— بىز باشتا ھانسنىڭ قېشىغا بارايلى، — دېدى ئۇ، — سالنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىش كېرەك.

مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خالار - خالىماس بويسۇندۇم - دە، دەرھال دېڭىز قىرغىقىدىكى تاشلىق تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ ماڭدىم.

— بىلەمسىز تاغا، — دېدىم كېتىۋېتىپ، — بىز ھازىرغىچە ئىزچىل تۆردە تەڭرىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىمىز!

— ھىم! سەن شۇنداق ئويلامدىڭمۇ، ئاكسال؟

— ئەلۋەتتە، ھەتتا توساتتىن چىققان بورانمۇ بىزنى توغرا يولغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ. مەن تەڭرىگە مىڭ قېتىم شۈكۈر ئېيتىمەن! تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن بىز بۇ دېڭىز قىرغىقىغا كېلەلىدۇق، ئەگەر ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا، بىز چوقۇم بۇ يەردىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەن بولاتتۇق. سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭچۇ، ئەگەر بىزنىڭ كېمىمىز (مەن سالنى دېمەكچى) لىدىنبورۇگ دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغان بولسا بىز قانداق قىلغان بولار ئىدۇق؟ ئۇ چاغدا بىز ساكنوسېمنىڭ ئىسمىنى كۆرۈشنىڭ ئەكسىچە، ھېچقانداق چىقىش يولى يوق دېڭىز

ساھىلىدا ئۇياق ـ بۇياققا دوقۇرۇپ يۈرگەن بولاتتۇق .
— شۇنداق ، ئاكسال ، بىز ئەسلىدە جەنۇبقا قاراپ ماڭغانىدۇق ، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن شىمال تەرەپتىكى ساكنوسىم دېڭىز تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدۇق . بۇ يەردە تەقدىرىمىزگە پۈتۈلۈپ كەتكەن تەركىبلەر بار ئىكەن ، بۇنى ئەمدى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ ، مەن بۇنداق ھادىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمىدىم .
— بولدى ! ھېچ ۋەقەسى يوق ! ئۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى ، پەقەت ئۇنىڭدىن پايدىلانساقلا بولدى !
— شۇنداققۇ قىلارمىز ، بالام ، لېكىن …
— بىز ئەمدى ئالدىقانداق ئافرىقا قۇملۇقى ياكى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئاستىدا ئىلگىرىلەۋەرمەي ، ئەكسىچە قايتىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ ، شىمالىي ياۋروپادىن بەزى رايونلار ، يەنى شۋېتسىيە ياكى سىبىرىيە دېگەندەك يەرلەرنىڭ ئاستىدىن كېسىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك !
— توغرا ، ئاكسال ، دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق ، ھەممە ئىش ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ ، ئەمدى بىز بۇ گورىزونتال دېڭىزدىن ئايرىلىشىمىز كېرەك ، بولمىسا بۇ يەردە ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز . بىز داۋاملىق تۆۋەنلىشىمىز ، توختىماي تۆۋەنلىشىمىز كېرەك ! سەنمۇ بىلىسەن ، بىز يەنە 2000 مىل ماڭساقلا يەر مەركىزىگە يېتىپ بارالايمىز !
— بولدى ! — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا ، — بۇلارنى ماڭا دېيىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ! ماڭايلى ! ماڭايلى !
يول باشلىغۇچىنى تاپقان چېغىمىزدىمۇ ، بىز ئاشۇنداق سارائلارچە پاراڭلارنى قىلدۇق ، ھەممە تەييارلىق تەخ بولدى . ئەمدى يولغا چىقساقلا بولىدۇ . بارلىق يۈك ـ تاقلار مەھكەم تېڭىلىپ سالغا بېسىلدى . بىز سالغا چىقىپ يەلكەننى كۆتۈردۇق . ھانس رولنى باشقۇردى ، شۇنىڭ بىلەن بىز دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ، ساكنوسىم دېڭىز تۇمشۇقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق .

شامال يۆنىلىشى پەقەتلا ئوڭ كەلمىگەچكە، سالنىڭ يەلكىنى تۈزۈك كۆپمىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يەرلەردە بىز ئىلاجسىزلىقتىن تۆمۈر تاياق بىلەن سالنى ئىتتىرىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان خادا تاشلار بىزنى ھەدېسىلا چوڭ دائىرىلىك ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئاخىر دېڭىزدا ئۈچ سائەت يۈرگەندىن كېيىن، يەنى كەچ سائەت 11 غا يېقىن قىرغاققا چىقىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

مەن بىرىنچى بولۇپ قىرغاققا سەكرىدىم، تاغام بىلەن ئىسلاندىيىلىك كەينىمدىن ئەگەشتى. باياتىنقى دېڭىز سەپىرى كەيپىياتىمنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ ئەكسىچە، مېنى تېخىمۇ تەقەززا قىلىۋەتكەنىدى. مەن ھەتتا ھازىرچە كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىماي، قەتئىي نىيەتكە كېلىشنى تەكلىپ قىلدىم. بىراق، تاغام ئۇنىمىدى، ئۇ ماڭا سەل ئارىسالدى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى.

— ھېچبولمىغاندا، — دېدىم مەن، — ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي دەرھال يولغا چىقايلى.

— توغرا، بالام، ئەمما بىز ئالدى بىلەن بۇ يېڭى ئۆڭكۈر يولىنى تەكشۈرۈپ ئارقان شوتا ئىشلىتىش كېرەكمۇ يوق، ئۇقۇپ باقايلى.

تاغام لوموكوف يورۇتۇش چىرىغىنى ياندۇردى. بىز سالنى قىرغاققا باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىدى، ئۆڭكۈر يولىنىڭ كىرىش ئېغىزى بۇ يەرگە 20 قەدەممۇ كەلمەيدىغان جايدا بولۇپ، بىزنىڭ بۇ كىچىك ئەترەت مىنىڭ باشلامچىلىقىمدا ئاشۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا تەييارلاندى.

بۇ ئۆڭكۈر ئېغىزى ئاساسەن يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، دىئامېتىرى بەش فۇت كېلەتتى، ئۆڭكۈر يولى بەكلا قاراڭغۇ، ئەتراپى چوقچىيىپ چىققان تاشلار ھەمدە لاۋا جىنسلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن تولغانىدى. مۇشۇنداق نەرسىلەر ئىلگىرى مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىق يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىققانىدى. ئۆڭكۈر ئاغزىنىڭ

تۆۋەن تەرىپى يەر يۈزى بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتە بولغاچقا ، بىز ئۇنىڭ ئىچىگە ئاسانلا كىرىپ كەتتۇق .

بىز كېتىۋاتقان ئۆڭكۈر يولى ئاساسەن دېگۈدەك گورىزونتال ھالەتتە ئىدى ، لېكىن بەش ـ ئالتە قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا ئىنتايىن يوغان بىر تاش يولىمىزنى توسۇۋالدى .

— ھۇ ، ئۆلگۈر تاش ! — مەن توساتتىنلا يولىمىزنى غايەت يوغان بىر تاشنىڭ توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ، غەزىپىمنى بېسىۋالالماي توۋلاپ كەتتىم .

بىز ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ ئىزدەشتۈرگەن بولساقمۇ ، ئەمما ئۇرۇنۇشلىرىمىز بىكارغا كەتتى . يول ۋە ئاچالدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . مەن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم ، بۇ توسالغۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئېتىراپ قىلغۇم كەلمىدى . مەن ئېڭىشىپ تاشنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە سەپسالدىم . لېكىن ، ئازراقمۇ يېرىق كۆرۈنمىدى . ئاندىن تاغ جىنسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قارىدىم ، يەنىلا شۇ گرانىت تاش توسالغۇ يولىمىزنى توساپ تۇراتتى . ھانىس قولىغا چىراغنى ئېلىپ ، تاش تامنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمما يەنىلا ئىلگىرىلەش يولى تېپىلمىدى . بۇ يەردىن ئۆتۈشتىن ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغانىدى .

مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇۋالدىم ، تاغام بولسا ئۆڭكۈر ئىچىدە يوغان چامدىغىنىچە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغىلى تۇردى .

— لېكىن ، ساكنۇسىم قانداق ئۆتكەن بولغىيدى ؟ — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا .

— توغرا ، — دېدى تاغام ، — ئەجەبا ، ئۇنىڭ يولىنى كان ئىشكى (قورشىما جىنس ئىچىگە كولانغان يەر ئاستىدىكى لەخمە ) توسۇۋالغانمىدۇ ؟

— ياق ، ياق ، — دېدىم ھاياجان ئىلكىدە ، — چوقۇم مەلۇم بىر خىل تەۋرىنىش ياكى يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ماگنىت كۈچى ھادىسىسى تۈپەيلىدىن بۇ تاش ئۆڭكۈر يولىنى توسۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن . ساكنۇسىم قايتىپ كەتكەندىن

كېيىن ، بۇ تاش بۇ يەرگە سىيرىلىپ چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتا چوقۇم ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئۆڭكۈر يولى ئىلگىرى يانار تاغ ماگمىلىرى ئېتىلىپ چىققىدىغان يول ئەمەسمىدى ؟ يانار تاغ لاۋاسى مۇشۇ يەردىن ئەركىن ئېقىپ ئۆتكەن ئەمەسمىدى ؟ سىلەر قاراڭلارچۇ ، گرانىت تاش تامنىڭ ئۈستى قىسمىدا نۇرغۇن يىغىندىن شەكىللەنگەن ئاراچلار تۇرمامدۇ ؟ ئۇلار غايەت چوڭ تاش پارچىسىنىڭ ئېغىرلىق بېسىمىدىن شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى خۇددى مەلۇم بىر غايەت چوڭ قول ياساپ قويغاندەكلا كۆرۈنۈۋاتىدۇ . بىراق ، مەلۇم بىر كۈنى ئىنتىرىش كۈچى ئادەتتىكى چاغدىكىدىن ئېشىپ كەتكەندە ، بۇ تاش خۇددى ياخشى قويۇلمىغان قۇببىلىك تاشقا ئوخشاش پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ يولنى توسۇۋالغان بولاتتى . ئەينى چاغدا ساكنوسىم بۇنداق كۈتۈلمىگەن توسالغۇغا ئۇچرىمىغان . بىز ئەگەر ئۇنى بىر تەرەپ قىلالمىساق ، بىزنىڭ يەر مەركىزىگە بېرىشقا سالاھىيىتىمىز توشمايدۇ !

پروفېسسورنىڭ خاراكتېرى ماڭا يۇقۇپتۇ ، مەنمۇ تاغامنىڭ تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمەن ! مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا ئېكسپېدىتسىيىچىگە خاس بىر خىل روھ ئۇرغۇدى ، مەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ ، كەلگۈسىنى مەنسىتمەس بولۇپ كەتتىم ، ئۆزۈم يەر شارىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى خەتەرلىك شارائىت ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولسامۇ ، ئەمما ماڭا نىسبەتەن يەر شارىنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە — شەھەر ، يېزا ، ھامبۇرگ ، كونى كوچىسى ، ھەتتا گلاۋبېنلارمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانىدى . گلاۋبېن مېنى چوقۇم يەر شارىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يوقاپ كەتتى ، دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن !

— بوپتۇ ، — دېدى تاغام ، — بىز گۈرجەك بىلەن كولاپ بىر يول ئېچىپ بۇ تاش تامنى ئۆرۈۋېتەيلى !

— بۇ تاش تام بەك قاتتىق ، گۈرجەك ئىشلىمەيدۇ ، — دېدىم ۋارقىراپ .

— ئۇنداق بولسا مىتىننى ئىشلىتەيلى .
— مىتىننى ئىشلەتسەك بەك ئاستا .
— ئۇنداقتا ...
— ئاڭلاپ تۇرۇڭ ! مىلتىق دورىسى ئىشلىتەيلى ! تۆشۈك ئېچىپ ، ئۇنىڭغا مىلتىق دورىسى قاچىلاپ ، بۇ توسالغۇنى پارتلىتىۋېتەيلى !
— پارتلىتىش دورىسى ؟
— توغرا ، پارتلىتىدىغىنىمىز پەقەت مۇشۇ بىر كىچىككىنە تاش !
— ھانىس ، تۇتۇش قىل ! — دېدى تاغام توۋلاپ .
ئىسلاندىيىلىك سالنىڭ يېنىغا كەتتى ، يەنە بىردەمدىلا ئۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى . بۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى ، ئۇ كولايدىغان تۆشۈككە چوقۇم 50 قاداق پىروكسىلىن قاچىلانمىسا بولمايتتى ، چۈنكى پىروكسىلىننىڭ پارتلىتىش كۈچى مىلتىق دورىسىغا قارىغاندا تۆت ھەسسە كۈچلۈك ئىدى . ھانىس تۆشۈك ئېچىۋاتقاندا تاغام ئىككىمىز پىلتىنى تەييارلىدۇق ، پىلتە ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ ، نەمدەلگەن مىلتىق دورىسى بىرىزىنتىن يۆگەپ ياسالغان ئىنچىكە كانايچىنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ ياسالغانىدى .
— بىز چوقۇم ئۆتۈپ كېتەلەيمىز ، — دېدىم مەن .
— بىز چوقۇم ئۆتۈپ كېتەلەيمىز ، — دېدى تاغاممۇ تەكرارلاپ .
يېرىم كېچە سائەت 12 دە ، بىز ئاخىر ھانىس ئاچقان تۆشۈككە مىلتىق دورىسى قاچىلاپ بولدۇق ، پىلتە ئۆڭكۈر يولىنىڭ ئىچىدىن سىرتىغىچە تارتىلدى . ئەمدى ئازراق ئوت ئۇچقۇنى بولسىلا ، قۇدرەتلىك بۇ بومبا پارتلايتتى .
— ئەتە بىرنېمە دېيىشەيلى ، — دېدى تاغام .
ئۇنىڭ دېگىنىگە بويسۇنماي بولمىدى ، ئەمدى سەۋرچانلىق بىلەن ئالتە سائەت كۈتمەي ئامال يوق .

## 41

ئەتىسى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پەيشەنبە . بۇ بىزنىڭ يەر ئاستىدىكى ساياھىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ بىر كۈنى ئىدى . مەن ھەر قېتىم مۇشۇ كۈننى ئەسلىگىنىمدە يۈرىكىم ۋەھىمە ئىچىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى . ئاشۇ كۈندىن تارتىپ مېنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىم ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىم ۋە ئىجادچانلىقىم ئۆز رولىنى يوقىتىپ ، مەن خۇددى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئالىقىنىدىكى ئويۇنچۇققا ئوخشاپ قالدىم .

سائەت ئالتىدە بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق . مىلتىق دورىسى بىلەن گرانىت تاش تامنى پارتلىتىپ ، يولىمىزنى ئاچىدىغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى .

مەن تاغامدىن پىلتىگە ئوت يېقىش شەرىپىنى ماڭا بېرىشنى ئۆتۈندۈم . ۋەزىپە ئورۇندالغاندىن كېيىن ، مەن چوقۇم تېزلىك بىلەن قىرغاقتىن ئايرىلىپ ، ھەمراھلىرىم چىققان ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىمىز بېسىلغان سالغا چىقىۋېلىشىم كېرەك ئىدى . بۇنىڭدا پارتلاش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەردىن ساقلانغىلى بولاتتى ، چۈنكى پارتلاشنىڭ كۈچى ئۆڭكۈر يولىنىڭ ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى .

ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا ، پىلتە كۆيۈپ مىلتىق دورىسى قاچىلانغان تۆشۈككە يېتىپ بېرىشقا تەخمىنەن 10 مىنۇت كېتىشى كېرەك ئىدى ، بۇ ۋاقىت مېنىڭ يۇگۈرگەنچە سالغا قايتىپ بېرىۋېلىشىمغا تامامەن يېتەتتى .

مەن ھاياجان ئىلكىدە ۋەزىپىنى ئورۇنداش تەييارلىقىنى پۈتكۈزدۈم .

تاغام بىلەن يول باشلىغۇچى ناشتىلىقنى ئالمان ـ تالمان يەپ بولغاندىن كېيىن ، مېنى قىرغاقتا قالدۇرۇپ سالغا چىقىۋالدى . مەن پىلتىگە ئوت يېقىشقا تەييارلاندىم .

— بارغىن، بالام، — دېدى تاغام، — بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ مېنى خاتىرجەم قىلغىن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدىم مەن، — بۇ ئىشنى چوقۇم ياخشى ئورۇندايمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆڭكۈر ئېغىزىغا قاراپ ماڭدىم. مەن بېرىپ ئوت يېقىشقا تەييارلاندىم.

پروفېسسور قولىغا خرونوسكوپنى ئالدى.

— تەييار بولدۇڭمۇ؟ — ئۇ ماڭا ۋارقىرىدى.

— تەييار بولدۇم.

— ياخشى، ئوت ياققىن، بالام!

مەن دەرھال پىلىتىگە ئوت ياقتىم، پىلتە ئوت بىلەن ئۇچراشقان هامان پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى، مەن دەرھال كەينىمگە ئۆرۈلۈپ يۇگۈرگىنىمچە قىرغاققا قايتىپ كەلدىم.

— كېمىگە چىق، —' دېدى تاغام، — قىرغاقتىن نېرى كېتەيلى.

هانس كۆچى بىلەن ئىتتىرىۋىدى، بىز قىرغاقتىن يىراقلاپ كەتتۇق، سال قىرغاقتىن 100 فۇتتىن كۆپرەك يىراقلىققا بېرىپ توختىدى.

بۇ پەيت كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق هاياجانغا سالاتتى، تاغامنىڭ كۆزلىرى خرونوسكوپقا تىكىلىپ قالغانىدى.

— يەنە بەش مىنۇت قالدى، — دېدى ئۇ، — يەنە تۆت مىنۇت قالدى! ئۈچ مىنۇت!

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

— يەنە ئىككى مىنۇت قالدى! بىر مىنۇت … ئەمدى گۇمۇرۇلۇپ چۈش، گرانىتلىق تاغ!

بۇ چاغدا قانداق ئىش يۈز بەردى؟ مەن پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلمىدىم. لېكىن، تاغ جىنسلىرى شەكلىدە تۈيۈقسىز ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ خۇددى پەردىدەك ئىككى ياققا قايرىلدى. دېڭىز قىرغىقىدا چوڭقۇرلۇقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان بىر يوغان ئۆڭكۈر پەيدا بولدى. دېڭىز گويا ئېلىشىپ

قالغاندەك ھەيۋەتلىك دولقۇن پەيدا قىلدى ۋە سالنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دولقۇننىڭ ئۇچىغا چىقىرىپ قويدى.

ئۇچەيلەن تەكپۇكلۇقنى ساقلىيالماي بىراقلا يىقىلدۇق. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يورۇقلۇقنىڭ ئورنىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى باستى. ئارقىدىنلا سالنىڭ يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك لەپەڭشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. مەن، سال دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، لېكىن ئۇ چۆكۈپ كەتمىگەنىدى. مەن تاغامغا بىرنېمىلەرنى دېدىم، لېكىن گۈركىرىگەن دېڭىز شاۋقۇنىدىن ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى.

ئەتراپنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى باسقان، دەھشەتلىك دېڭىز شاۋقۇنى قۇلاقلىرىمىزنى پاڭ قىلىۋەتكەن، بىز بولساق چۆچۈپ ھەم جىددىيلىشىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما باياتىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكى ماڭا ئايدىڭ ئىدى.

پارتلاش زەربىسىدىن تاغ جىنسلىرىنىڭ كەينىدە چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولغانىدى. پارتلاش زەربىسىدىن يېرىقلار بىلەن تولغان يەر يۈزىدە يەر تەۋرەش پەيدا قىلىپ، ئۆڭكۈر گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن دېڭىز سۈيى جىددىي ئېقىن ھاسىل قىلىپ بىزنى تۆۋەنگە ئەكىرىپ كەتكەنىدى.

مەن «بىز ئەمدى تۈگەشتۇق» دەپ ئويلىدىم.

مەن ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمىدىم، بەلكىم بىر سائەت ئۆتكەندۇ ياكى ئىككى سائەت ۋاقىت مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتكەندۇ. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ بىلەكلىرىمىزنى گىرەلەشتۈرگەن ھالدا مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، سالدىن قاڭقىپ چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاندۇق. سال تاشلارغا ئۇرۇلغاندا دەھشەتلىك چايقىلىپ كېتەتتى، لېكىن بۇنداق ئۇرۇلۇشلار بەك ئاز يۈز بەردى. پەمىمچە، ئۆڭكۈر يولى بەكلا كەڭرى كەتكەندەك قىلاتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ساكنۇسىم ماڭغان يولنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بىراق، بىپەرۋالىقىمىزدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش تۆۋەنگە ئۆزىمىزلا چۈشمەستىن، بەلكى پۈتۈن بىر دېڭىزنىڭ سۈيىمۇ

كەينىمىزدىن چۈشكەندى .

كۆپچىلىك چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن . شۇ تاپتا مۇشۇنداق خىياللار كاللامدا بىر خىل تۈتۈق ھەم خىرە ـ شىرە ھالدا ئەكس ئەتكەندى . بىز ئادەمنىڭ بېشى قايغۇدەك سۈرئەت بىلەن پەسكە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان چاغدا ، خىيالىمنى مەنتىقىلىق تەپەككۇر قائىدىسىگە چۈشۈرەلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . يۈزىمىزگە ئۇرۇلۇۋاتقان ھاۋا ئېقىمىغا ئاساسلىنىپ ، چۈشۈش سۈرئىتىمىزنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ماڭغان پويىزدىنمۇ تېز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى . بۇنداق شارائىت ئاستىدا مەشئەلنى ياندۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، بۇنى ئاز دېگەندەك ، بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر لوموكوف چىرىغىمىزمۇ پارتلاش يۈز بەرگەندە بۇزۇلۇپ كەتكەندى .

پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ، يېقىن ئەتراپتا توساتتىن چاقنىغان يورۇقلۇقنى كۆرگەن چېغىمدا بەكلا ھەيران قالدىم . بۇ يورۇقلۇق ھانسنىڭ خاتىرجەم چىرايىنى يورۇتتى ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يول باشلىغۇچى چىراغنى بىر ئامال قىلىپ يورۇتقانىدى . بۇ توختىماي پىلىلداپ ئۆچۈپ قېلىشقا ئارانلا تۇرغان يورۇقلۇق بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان بىزلەرگە ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد بەخش ئەتكەنىدى .

ئۆڭكۈر يولى بەكمۇ كەڭ ئىدى . مېنىڭ ھۆكۈمۈم توغرا چىقتى . يورۇقلۇق بەكلا ئاجىز بولغاچقا ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپتىكى تاش تامنى ئېنىق كۆرەلمىدىم . سۇ ئېقىنىنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ تىك ئېقىنلارنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسىدىنمۇ چوڭ ئىدى . سۇ يۈزى خۇددى بار كۈچ بىلەن قاتارلاشتۇرۇپ ئېتىلغان يا ئوقى ئېقىنىغىلا ئوخشايتتى . مەن شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىمنى تەسۋىرلەشكە بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆز تاپالمىدىم . سال بەزىدە قايناملارغا دۇچ كەلگەندە پىرقىرىغان پېتى ئالدىغا ئېتىلىپ ماڭاتتى ، سال ئۆڭكۈر يولىنىڭ تاش تېمىغا يېقىنلاشقاندا ، مەن چىراغ يورۇقىنى تاشلارغا

چۈشۈردۈم ، بۇ چاغدا تاش تامدىن بۆرتۈپ چىققان تاشلارنىڭ قىرلىرى خۇددى تاناب بىلەن تارتىلغان تۈز سىزىقتەك كۆرۈنۈپ ، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان بۇ تور بىزنى ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرگەندىن كېيىن بىزنىڭ چۈشۈش سۈرئىتىمىزنى تەخمىنەن ھېسابلاپ چىقتىم : بىز شۇ تاپتا سائىتىگە 400 مىللىق سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتقاندەك قىلاتتۇق .

تاغام ئىككىمىز ماچتىغا يۆلەنگىنىمىزچە ئەتراپىمىزغا ۋەھىمە ئىچىدە قاراپ ئولتۇردۇق ، ماچتا پارتلاش يۈز بەرگەندە ئاللىقاچان سۇنۇپ كەتكەنىدى . بىز ئۇدۇلدىن ئۇرۇلغان ھاۋا بىزنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ، شامالغا دۈمبىمىزنى قىلىۋالغاندۇق ، چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم كۆچى بۇنداق تېز سۈرئەتلىك ھاۋا ئېقىمىنى كونترول قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس .

ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى ، ئەمما ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . بىر چاغدا يەنە بىر كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ ، ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى .

مەن بىز ئېلىپ ماڭغان نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى رەتلەپ قويماقچى بولدۇم ، لېكىن بىز سالغا باسقان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم . قارىغاندا ، بۇ نەرسىلەر پارتلاش يۈز بەرگەندىن كېيىن ، دېڭىز سۈيى بىزگە شىددەت بىلەن يوپۇرۇلغاندا يوقاپ كەتكەندەك قىلاتتى . مەن بىزنىڭ زادى قانچىلىك نەرسىمىز قالغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم . شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا چىراغنى ئېلىپ تەپسىلىي ئىزدەشتۈرۈشكە باشلىدىم . ئاپپاراتلىرىمىزدىن پەقەت باروميتىر بىلەن خرونوسكوپلا قالغانىدى . ئارقان شوتا ۋە ئارقانلىرىمىزدىن پەقەتلا ماچتىغا باغلانغان قىسمىلا قالغان ، ميتىن ، گۈرجەك ، بولقىلار يوقاپ كەتكەنىدى . ھەممىدىن چاتاق بولغىنى ، بىزنىڭ پەقەت بىر كۈن يېيىشىمىزگىلا يېتىدىغان يېمەكلىك قالغانىدى !

مەن سالنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ، سال قىلىپ باغلانغان دەرەخ غوللىرىنىڭ ھەممە يېرىنى ، تاختىلارنىڭ ھەربىر

چېتىلغان يەرلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتىم ! ھېچ نەرسە تېپىلمىدى ! بىزدە قالغان يېمەكلىك پەقەت قۇرۇتۇلغان بىر پارچە گۆش بىلەن بىرنەچچە تال پېچىنىلا ئىدى .

مەن بۇ نەرسىلەرگە قارىغىنىمچە داڭ قېتىپ قالدىم ! ئاقىۋەتنى ئويلىغىم كەلمىدى ! مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم قانداق خەتەردۇ ؟ يېمەكلىك بىزنىڭ بىرنەچچە ئاي ، ھەتتا بىرنەچچە يىل يېيىشىمىزگە يېتىدىغان چاغدا ، جىددىي ئېقىن بىزنى بۇ چوڭقۇر ھاڭغا ئەكېلىپ تاشلىۋەتسە ، بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتەرمىز ، دەپ ئەندىشە قىلىغانىدىم . پېشانىمىزگە پۈتۈلۈپ كەتكەن نۇرغۇن ئۆلۈش ئۇسۇللىرى تۇرغان يەردە ، يەنە ئاچلىق ئازابى تارتىشتىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ھالبۇكى ، بىز ئاچلىق ئازابىنى تارتىشقا ئۇلگۇرمەيلا ئۆلۈپ كەتسەكچۇ ؟

بىراق ، مەن چۈشەندۇرمەك تەس بولغان مۇنداق غەلىتە خىياللارنى قىلىۋېرىپ كۆز ئالدىمدىكى خەتەرنى ئۇنتۇدۇم ، پەقەت بىز كەلگۈسىدە دۇچار بولىدىغان قورقۇنچلۇق خەتەرنىلا ئويلىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز قۇترىغان بۇ جىددىي ئېقىندىن بىر ئامال بىلەن قۇتۇلۇپ ، يەر يۈزىگە قايتىپ كېتەلىشىمىزگە مۇمكىن بولارمۇ ؟ قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش كېرەك ؟ بۇنى بىلمىدىم . قۇتۇلۇش يولى قەيەردە ؟ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق . بۇنىڭدا مىڭدەن بىر پىرسەنت پۇرسەت بار دېگەندىمۇ ، ئۇ بەربىر پۇرسەت ، لېكىن ئاچ قېلىشقا قارشى بىزدە ھېچقانداق ئۈمىدمۇ يوق ئىدى .

مەن ئويلىغانلىرىمنى تاغامغا ئېيتىپ ، ئۇنىڭغا بىزدە يېمەكلىكنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ ، بىزنىڭ يەنە قانچە ئۇزۇن ياشىيالايدىغانلىقىمىزنى ھېسابلىشىپ كۆرۈشنى ئويلىدىم ، لېكىن مەن گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم . چۈنكى ، ئۇنىمۇ ساراسىمىگە سالغانىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى .

بۇ چاغدا چىراغ يورۇقى بارغانسېرى خىرەلىشىشكە باشلاپ ، ئاخىر بىراقلا ئۆچۈپ قالدى . چىراغ پىلىكى كۆيۈپ تۈگىگەنىدى ،

بىز قايتىدىن زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالدۇق ، ئەتراپىمىزنى قاپلىغان بۇ قاراڭغۇ تۈن پەردىسىنى تارقىتىۋېتىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيتتى . بىزدە يەنە بىرلا مەشئەل قالغانىدى . ئەمما ، ئۇنى كۆيۈپ تۇرغان ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىز كىچىك باللاردەك كۆزلىرىمىزنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ، ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇققا قاراشتىن ساقلاندۇق .

خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، بىزنىڭ چۈشۈش سۈرئىتىمىز يەنە بىر ھەسسە ئېتىلىپ كەتتى ، بۇنى مەن يۈزىمىزگە ئۇرۇلۇۋاتقان ھاۋا ئېقىمىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلدىم . دېڭىز سۈيى تۆۋەنگە قاراپ تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئېقىشقا باشلىدى ، مەن ئۆزىمىزنى ھەقىقەتەنمۇ تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلىپ ئەمەس ، بەلكى تىك ھالەتتە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم . تاغام بىلەن ھانسنىڭ قوللىرى مېنى مەھكەم تۇتۇۋالغان بولۇپ ، ئۇلار مېنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ تۇرۇۋاتاتتى .

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمىدىم ، توساتتىن قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم . سال قاتتىق جىسىمغا ئۇرۇلغان بولماستىن ، بەلكى پەسكە قاراپ چۈشۈشتىن تۇيۇقسىزلا توختاپ قالغانىدى . خۇددى چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇر ۋە بىر غايەت چوڭ سۇ تۈۋرۈكى سالنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ چۈشتى . مەن نەپەس ئالالماي قالدىم . كاللامدىن شۇئان «ئەمدى تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇق» دېگەن ئوي «لىپ» قىلىپ ئۆتتى...

بىراق ، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ كەلكۈن ئۇزۇن داۋام قىلمىدى . بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن مەن قايتىدىن ساپ ھاۋاغا ئېرىشىپ ، چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم . تاغام بىلەن ھانسنىڭ مېنى تۇتۇۋالغان قوللىرى مېنى مىجىۋېتەيلا دەپ قالغانىدى ، بىز ئۈچىمىز يەنىلا سال ئۈستىدە ئىدۇق .

## 42

پەرىزىمچە ، بۇ چاغدا ۋاقىت ئالاھازەل كەچ سائەت 10 بولغاندەك قىلاتتى . ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سوقۇلۇشتىن كېيىن ، دەسلەپ ئەسلىگە كەلگىنى ئاڭلاش سەزگۈيىم بولدى ، شۇنىڭ بىلەن قۇلىقىمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى بىر دىنلا ئەسلىگە كەلدى ، دېمىسىمۇ بۇ ھەقىقىي تۇردىكى ئاڭلاش پائالىيىتى ئىدى . مەن ئۆڭكۈر يولىنىڭ بىر خىل تىمتاسلىققا چۆكۈپ ، ئۇزۇندىن بېرى قۇلىقىم تۇۋىدە ئاڭلىنىپ تۇرغان دېڭىز شاۋقۇنىنىڭ ئورنىنى جىمجىتلىق ئالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . ئاخىر تاغامنىڭ پىچىرلاۋاتقاندەك بىلىنگەن ئاۋازى ئاڭلاندى :

— بىز يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىمىز .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — دەپ توۋلىدىم مەن .

— راست ، بىز يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىمىز ! بىز يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىمىز !

مەن ئىككى قولۇمنى كەڭ يايدىم ، مېنىڭ قولۇم تاش تامغا تېگىپ قاناپ كەتتى . بىز شۇ تاپتا ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىك بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقاندۇق !

— مەشئەل ! — دەپ توۋلىدى پروفېسسور .

ھانىس مىڭ بىر بالالىقتا مەشئەلنى ياندۇردى . بىز يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقان بولساقمۇ ، ئەمما مەشئەل ئەتراپىمىزنى تولۇق يورۇتقاندى .

— ئويلىغىنىمدەك بولدى ، — دېدى تاغام ، — بىز ھازىر بىر تار قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 20 فۇتمۇ كەلمەيدۇ . سۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئاستىدىن يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەۋاتىدۇ ، ئاخىر يۇقىرىدىكى سۇ يۈزى بىلەن تەڭ ئېگىزلىككە يەتكەندە ئاندىن توختايدۇ ، ھازىر بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىمىز .

— ئۆرلەپ نەگە بارارمىز ؟

— بىلمەيمەن ، ئەمما ياخشى تەييارلىق قىلايلى ، ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن . مۆلچەرىمچە ، يۇقىرى ئۆرلەش سۈرئىتىمىز سېكۇنتىغا 13 فۇت ، يەنى مىنۇتىغا 800 فۇت ، سائىتىگە 46 مىل بولۇۋاتىدۇ . مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ئۆرلىسەك ، بىز پاتلا يەر يۈزىگە چىقىپ قالىمىز .

— شۇنداق ، ئەگەر بىز بىرەر توسالغۇغا ئۇچرىمىساق ھەمدە بۇ قۇدۇقنىڭ چىقىش ئېغىزى بولسا ! ئەگەر ئۇنىڭ چىقىش ئېغىزى توسۇلۇپ قالسا ، ھاۋا سۇ تۈۋرۈكنىڭ بېسىمى ئاستىدا تەدرىجىي قىسىلىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا بىز مىجىلىپ كېتىشىمىز تۇرغان گەپ .

— ئاكسال ، — دېدى پروفېسسور تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا ، — ئەھۋال دېمىسىمۇ ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئوسال ، لېكىن بىزنىڭ يەنىلا ھايات قېلىش پۇرسىتىمىز بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىممۇ دەل مۇشۇ پۇرسەت . ئەگەر بىز ھەر ۋاقىت ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن دېسەك ، ئەكسىچە بىز ھەر ۋاقىت قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن . شۇڭا ، بىز ئۆزىمىزدە ھەرقانداق ئەرزىمەس پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش پۇرسىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك .

— ئۇنداقتا ، بىز قانداق قىلساق بولىدۇ ؟

— بىرنېمە يەپ بەدەن قۇۋۋىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەن تاغامغا قورقۇمسىراپ قارىدىم ، لېكىن ئاخىر يەنىلا دېمىسەممۇ بولىدىغان گەپنى قىلىپ تاشلىدىم :

— بىرنېمە يەپ ؟

— توغرا ، دەرھال .

تاغام دانىيىچە بىرنېمىلەرنى دېۋىدى ، ھانىس بېشىنى چايقاپ قويدى .

— نېمە ؟ بىزنىڭ يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ

قاپتىما ؟

— شۇنداق ، مانا بۇلار بىزنىڭ قىلىپ قالغان يېمەكلىكلىرىمىز : قۇرۇتۇلغان بىر پارچە گۆشنى ئۈچ ئادەمگە تەقسىم قىلىش كېرەك .

تاغام ماگا خۇددى گېپىمنى چۈشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك تىكىلىپ قارىدى .

— ئەمدى ، — دېدىم مەن ، — سىز يەنىلا بىز هايات قالالايمىز دەپ قارامسىز ؟

مېنىڭ بۇ گېپىم جاۋابسىز قالدى .

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى . مەن قورسىقىمنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشقا باشلىغانلىقىنى هېس قىلدىم ، هەمراهلىرىمنىڭ هالىمۇ مېنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىدى . لېكىن ، تولىمۇ ئاز بۇ يېمەكلىككە تېگىشكە هېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى .

بۇ چاغدا بىز يەنىلا داۋاملىق تۇردە تېز سۈرئەت بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتاتتۇق . بەزى چاغدا بىز شامال دەستىدىن تۇنجۇقۇپ قالايلا دەيتتۇق ، بۇ هال خۇددى ناهايىتى تېز سۈرئەتتە يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان ئايروپىلان ئۇچقۇسىنىڭ تەسىراتىدىن قېلىشمايتتى . لېكىن ، ئۇچقۇچىلار ئاتموسفېرا قاتلىمىدا يۇقىرى ئۆرلىگەن چېغىدا ، يۇقىرى ئۆرلەش دەرىجىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ توڭلايدۇ ، ئەمما بىزنىڭ ئەھۋالىمىز پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى . تېمپېراتۇرا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىغان ، شۇ تاپتا تېمپېراتۇرا 40 گرادۇسقا يەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى .

بۇ خىل ئۆزگىرىش نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بارلىق ئەمەلىيەت داۋى بىلەن لىدىنبورۇگنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلگەنىدى . ئىسسىققا چىداملىق تاشلار ، ئېلېكتر ۋە ماگنىت هادىسىلىرى مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئالاهىدە مۇهىت ئاستىدا تەبىئەت قانۇنىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ ، تېمپېراتۇرا ئىزچىل تۇردە ئىللىق هالەتتە تۇرغانىدى ، لېكىن

ئەمدى مەندە يەر ئىسسىقلىقى نەزەرىيىسىنىڭ توغرا ھەم چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغان بىردىنبىر نەزەرىيە ئىكەنلىكىگە گۇمان قالمىدى . بىز ئەمدى تاشلارنىمۇ ئېرىتىۋېتىدىغان دەھشەتلىك يۇقىرى تېمپېراتۇرا مۇھىتى ئىچىگە بېرىپ قالىمىزمۇ نېمە ؟

مەن قاتتىق ئەنسىزلىك ئىچىدە ھودۇقۇپ ، پروفېسسورغا مۇراجىئەت قىلدىم :

— بىز تۇنجۇقۇپ ، مىجىلىپ ياكى ئاچلىقتىن ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ ، تىرىكلا كۆمۈلۈپ ئۆلىدىغان ئوخشايمىز .

ئۇ يەلكىسىنى قىسىپ قويۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى .

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى ، تېمپېراتۇرىنىڭ سەل يۇقىرى ئۆرلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى .

تاغام ئاخىر خىيال سۈرۈشنى توختىتىپ ئېغىز ئاچتى :

— مېنىڭچە ، — دېدى ئۇ ، — بىز بىرەر قارارغا كېلىشىمىز كېرەك .

— قانداق قارار ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— توغرا ، بىز بەدەن قۇۋۋىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك . ئەگەر بىز بىرنەچچە سائەت ئارتۇق ياشاشنى كۆزلەپ ، ئېشىپ قالغان بۇ ئازغىنە يېمەكلىكنى تېجەپ يېسەك ، ئۇ چاغدا بىز مۇشۇنداق ئاجىز ھالىتىمىز بىلەن ئۆلۈپ كېتىمىز .

— توغرا ، ئۆلۈپ كېتىمىز ، بۇنىڭغىمۇ ئۇزۇن قالمىدى .

— ئەگەر بىز ئاچلىقتىن بەك ئاجىزلاپ كەتسەك ، ئالمادىسى قېچىپ قۇتۇلۇش پۇرسىتى تۇغۇلۇپ ھەرىكەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىپ قالغان چاغدا ، بۇنىڭغا كۈچ - قۇدرەت قەيەردىن كېلىدۇ ؟

— لېكىن ، تاغا ، بۇ بىر پارچە گۆشنى يەۋالغاندىن كېيىن بىزدە ھېچقانداق يېمەكلىك قالمايدۇغۇ ؟

— قالمايدۇ ، ئاكسال ، ھېچ نەرسە قالمايدۇ . لېكىن ، سەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرساڭ ، ئۇ كۆپىيىپ قالامتى ؟ بۇ دېگەن ئەزمە ، ئىرادىسىز ئادەمنىڭ خىيالى !

— سىز ئۈمىدسىزلەنمىدىڭىزمۇ؟ — ئاچچىقىم كېلىپ توۋلاپ كەتتىم .

— ياق! — دېدى پروفېسسور كەسكىنلىك بىلەن .

— نېمە! سىز هايات قېلىش پۇرسىتىمىزنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز؟

— توغرا! چوقۇم بار! مېنىڭچە ، ئىرادىلىك ئادەمنىڭ يۈرىكى سوقۇپ مۇسكۇللىرى هەرىكەتتىن قالمىسىلا ، ئۇ هەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ .

نېمىدېگەن مەردانە گەپلەر ـ هە! مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا ئاشۇنداق گەپلەرنى چوقۇم ئادەتتىن تاشقىرى قەيسەر ئىرادىگە ئىگە ئادەملەرلا قىلالىشى مۇمكىن ئىدى .

— ئۇنداقتا ، — دېدىم مەن ، — سىز زادى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنىڭ هەممىسىنى يەپ ، بەدەن قۇۋۋىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز . بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاخلىق تامىقىمىز بولۇپ قالىدۇ ، مەيلى ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاخلىق تاماق بولۇۋەرسۇن! هېچبولمىغاندا بىز قايتىدىن ئەركەككە ئايلىنىپ ، نەپسى توختاي دەپ قالغان هالغا چۈشۈپ قالمايمىز .

— مەيلى! ئۇنداق بولسا بىز يەيلى! — دېدىم توۋلاپ .

تاغام دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىشتىن ئامان قالغان گۆش بىلەن پېچىنىلەرنى ئېلىپ ، ئۈچكە تەقسىم قىلغاندىن كېيىن بىزگە تارقىتىپ بەردى . هەربىرىمىزگە تەخمىنەن بىر ەر قاداقتەك يېمەكلىك تەگدى . تاغام ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېگىلى تۇردى ، ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل هاياجانلىق كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى . مەن قاتتىق ئېچىرقاپ كەتكەن بولسامۇ ، ئەمما يېگەن نەرسىلىرىم ئاغزىمغا پەقەتلا تېتىمىدى ، كۆڭلۈم سەل ئېلىشقاندەك بولدى . هانس بولسا تولىمۇ خاتىرجەم هالدا يېمەكلىكنى ئاۋاز چىقارماستىن ئالدىرىماي چايناپ يەۋاتاتتى . ئۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەتەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي

يېمەكلىكنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى . ئۇ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ يېرىم سۇدان قارا ئارچا ھارىقى تېپىۋېلىپ بىزنىڭ ئىچىشىمىزگە بەردى . سالامەتلىككە پايدىلىق بۇ تاتلىق ھاراقنى ئىچكەندىن كېيىن روھىمىز سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى .

— نېمىدېگەن تېتىملىق ! — دېدى ھانس ھاراقنى بىر ئوتلام ئىچكەندىن كېيىن دانىيە تىلىدا .

— راست ، بەك تېتىملىق ئىكەن ! — دېدى تاغامىمۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا .

مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا قايتىدىن ئاز - تولا ئۈمىد نۇرى چاقنىدى . بىز ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاخلىق تامىقىمىزنى يەپ بولدۇق ، بۇ چاغدا سائەت تاڭ سەھەر بەش بولغانىدى .

ئادەم دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن ، ساغلام بەدەن ئادەمگە نىسبەتەن ئەكس ئۈنۈم پەيدا قىلىدىكەن ، يەپ - ئىچىپ تويغاندىن كېيىن ، ئادەم ئاچلىقنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ ، بۇ خىل قورقۇنچنى ئاچلىق ئازابىنى تارتىپ كۆرگەن ئادەملا ھېس قىلالايدۇ . شۇڭا ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى بىرنېمە يېمىگەندىن كېيىن ، يېگەن بىرنەچچە چىشلەم پېچىنە ۋە قۇرۇتۇلغان گۆش ئىلگىرى تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى .

بىراق ، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ھەربىرىمىز چوڭقۇر خىيالغا پاتتۇق . ھانس گەرچە غەربتە ياشاۋاتقىنى بىلەن ئۇنىڭدا تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ ؟ شۇ تاپتا كاللام ئەسلىمىلەر بىلەن تولدى . مەن يەر يۈزىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئويلىدىم ، ئۇ يەردىن ئايرىلغىنىمغا بەكلا ئۆكۈندۈم . كونى كوچىسىدىكى ئۆي ، بىچارە گلاۋبېن ، ئايال خىزمەتكار مارتا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى كىنو كارتىنىسىدەك كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى . مەن يەر پوستىنىڭ ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋەھىملىك گۈلدۈرلەش ئاۋازلىرىدىن يەر يۈزىدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى

ئاڭلىغاندەك بولدۇم .
تاغام ئادەتتىكىدەك ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇشقا باشلىدى . ئۇ قولىغا مەشئەلنى ئېلىۋېلىپ ، يەر قاتلىمىنىڭ شەكلىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئورنىنى ئېنىقلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى . بۇ خىل ھېسابلاش ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ خىل مۆلچەرلەشنى راستىنى دېگەندە بەكلا يۈزەكى مۆلچەرلەش دېيىشكە بولاتتى ، ئەمما ئالىم سەۋرچان بولسىلا ئۇنى مەڭگۈ ئالىم دېيىشكە بولىدۇ . ھالبۇكى ، سەۋرچانلىقتىن ئىبارەت بۇ خىل ئالاھىدىلىك پروفېسسور لىدىنبوروگنىڭ ۋۇجۇدىدا تولىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدىغان ئالاھىدىلىك ئىدى .
مەن ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا گېئولوگىيىگە ئائىت بەزى ئىسىملارنى ئېغىزغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىدىم . مەن بۇ سۆزلەرنى چۈشەنگەچكە ، ئىختىيارسىز ھالدا تاغامنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەتقىقاتىغا قىزىقىپ قالدىم .
— بۇ ماگمىلىق گرانىت تاش ، — دېدى ئۇ ، — بىز يەنىلا ئىپتىدائىي دەۋردە ئىكەنمىز ، لېكىن بىز يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىمىز ! يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىمىز ! نەگە بېرىشىمىزنى كىم بىلسۇن ؟
نەگە بېرىشىمىزنى كىم بىلسۇن ؟ ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۈمىدۋار بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ تىك تۇرۇپ ھالەتتىكى تاش تامنى سىلىدى ، ئارىدىن سەل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى :
— بۇ گنېيىس ، بۇ چىرىمتال تارىشا جىنس ، ياخشى ! بىز ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆتكۈنچى دەۋردىكى يەر قاتلىمىغا يېتىپ بارىمىز ، ئۇنداقتا ...
پروفېسسورنىڭ بۇ نېمە دېگىنىدۇ ؟ ئۇ بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان يەر پوستىنىڭ قېلىنلىقىنى ئۆلچەپ چىقالايدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ ئۇ قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلچەيدىغاندۇ ؟ مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنىڭ بارومېتىرى يوق ، بۇ ئەسۋابنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق مۆلچەرلەشلەر ئالالمايدۇ .

بىراق، ئەتراپىمىزنىڭ تېمپېراتۇرىسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. مەن ئەتراپىمىزدىكى ھاۋانىڭ تېرىمىزنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە قىزىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەقەت پولات زاۋۇتلىرىنىڭ دومنا پېچلىرى تۆمۈر ئېرىتمىسى چىقارغان چاغدىلا ھاۋادا مۇشۇنداق يۇقىرى تېمپېراتۇرا ھاسىل بولاتتى. ھانىس، تاغام ۋە مەن ئارقا - ئارقىدىن كۆڭلەك ۋە ئاسما مايكىلىرىمىزنى سېلىۋەتتۇق، لېكىن ئوتتەك ئىسسىقنىڭ تەپتى بەدەنلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى.

— بىز گۈركىرەپ ئوت كۆيۈۋاتقان بىر ئوچاققا قاراپ ئۆرلەپ كېتىۋاتامدۇق نېمە؟ — دەپ توۋلىدىم مەن. بۇ چاغدا ھاۋادىكى ئىسسىقنىڭ دەرىجىسى يەنە بىر ھەسسە ئېشىپ كەتكەندى.

— ياق، — دېدى تاغام، — بۇ مۇمكىن ئەمەس! مۇمكىن ئەمەس!

— لېكىن، — مەن سۆزلىگەچ تاش تامنى سىلىدىم، — بۇ تاش تام قولنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە قىزىپ كېتىپتۇ!

بۇ گەپنى قىلىۋاتقان چېغىمدا قولۇم سۇ يۈزىگە تېگىپ كېتىۋىدى، دەرھال قولۇمنى تارتىۋالدىم.

— سۇمۇ بەك قىزىپ كېتىپتۇ، — دېدىم مەن توۋلاپ.

بۇ قېتىم پروفېسسور جاۋاب ئورنىدا قولىنى غەزەپ بىلەن سىلكىپ قويدى. بۇ چاغدا يەڭگىلى بولمايدىغان بىر تۇرلۇك ۋەھىمە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، مېنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۆزۈن ئۆتمەي بىر بالا - قازانىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولدى، ھەرقانچە يۈرەكلىك ئادەممۇ بۇ بالا - قازانىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. كاللامدا دەسلەپ خىرە - شىرە شەكىللەنگەن بىر خىيال ئەمدى رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى ھەرقانچە ئويلىماي دېسەممۇ، ئۇ جاھىللىق بىلەن كاللامغا كىرىۋېلىپ، تەپەككۇرىمنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. مەن ئۇنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايمەن، بىراق كۆزۈمگە

ئىختىيارسىز چىلىققان بەزى ئالامەتلەر مىنىڭ ئويۇمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . مەشئەلنىڭ گۇگۇگا يورۇقى ئاستىدا گرانىت تاش قاتلىمىنىڭ تەرتىپسىز هالدا هەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . بۇ ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەلۇم بىر خىل تەبىئەت هادىسىسى يۈز بېرىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى . بۇنداق ئەھۋالنى ئېلېكتر ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە قاينىغان سۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى ! مەن كومپاسنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭغا نەزەر تاشلىدىم .

شۇ تاپتا كومپاسنىڭ ئىسترېلكىسى قالايمىقان سەكرەپ كېتىۋاتاتتى .

## 43

شۇنداق ، كومپاسنىڭ ئىسترېلكىسى قالايمىقان سەكرەپ تۇراتتى ! كومپاس ئىسترېلكىسى قاتتىق سىلكىنىپ ، قارىمۇقارشى نۇقتىلار ئارىلىقىدا گويا بېشى قېيىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندەك توختىماي سەكرەپ ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ .

شۇنىسى ماڭا ئايانكى ، هەممە ئېتىراپ قىلغان نەزەرىيىگە ئاساسلانغاندا ، يەر شارىنىڭ ماگنىت كۈچى قاتلىمى ئەزەلدىن تولۇق تىنچ هالەتتە تۇرغان ئەمەس . يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشى ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ - تۆۋەنلىشى ۋە ماگنىت مەيدانىنىڭ هەرىكەتلىنىشى ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ۋە توختىماي تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ ، ئەمما يەرنىڭ ئۈستىدىكى جانلىقلار بولسا بۇنى هېس قىلالمايدۇ . شۇڭا ، مەن بۇ خىل هادىسىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىدىم ، هېچبولمىغاندا مەندە قورقۇنچلۇق ئوي - خىياللار تۇغۇلمىدى . بىراق ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن باشقا بىر خىل ئەھۋالنى بايقىدىم . پارتلاش بارغانسېرى كۆپىيىپ ، ئاۋازلىرىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى . پەقەت تاش يېيىتىلغان يولدا تۇرغۇن هارۋىلار قاتارلىشىپ ماڭغان چاغلاردىلا مۇشۇنداق

قاتتىق ئاۋاز چىقىراتتى ، بۇ توختىماي داۋاملىشىۋاتقان گۈلدۈرماما ئاۋازى ئىدى . چاقماق چېقىشىنىڭ تەسىرى بىلەن قالايمىقان سەكرەۋاتقان كومپاس ئىستىرېلكىسى مېنىڭ ئويۇمنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى . ماگنىت كۈچى قاتلىمىدا ئېھتىمال ئۆزۈلۈش پەيدا بولغاندەك قىلاتتى ، شۇنىڭ بىلەن گرانىت تاش پارچىلىرى ئۆزئارا ئۇلىنىپ ، يېرىقلار توسۇلۇپ ، بوشلۇقلارمۇ تولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، ئەمدى بىزدەك ئەرزىمەس ئادەملەرنىڭ مىجىلىپ كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىشىمىز تۇرغان گەپ .

— تاغا ، تاغا ! — دەپ توۋلىدىم مەن ، — بىز تۇگەشتۇق .

— يەنە قانداق قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەردى ؟ — تاغام بۇ گەپلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى خاتىرجەم ھالدا دېدى ، — سەن نېمە بولدۇڭ !

— نېمە بولدۇڭ ؟ سىز تاش تامنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ، يېرىلغان تاش پارچىلىرىنى ، سۇنىڭ قايناۋاتقانلىقىنى ، بىر يەرگە يىغىلغان سۇ پارلىرىنى ، كومپاس ئىستىرېلكىسىنىڭ تەلۋىلەشكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسىز ؟ بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى پات ئارىدا يەر تەۋرەيدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىغۇ !

تاغام مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، بېشىنى چايقىدى .

— يەر تەۋرەيدۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— توغرا .

— بالام ، سەن خاتالاشتىڭ .

— نېمە ؟ ئەجەبا سىز بۇ بېشارەتلەرنى كۆرمىدىڭىزما ؟

— يەر تەۋرەشنىڭ بېشارىتىما ؟ ياق ، مېنىڭچە ، ئۇ يەر تەۋرەشتىنمۇ ياخشى !

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

— يانار تاغ پارتلايدۇ ، ئاكسال .

— يانار تاغ پارتلايدۇ ؟ — دەرھال سورىدىم ، — بىز ھازىر

بىر يانار تاغنىڭ ئىچىدە ئىچىدە تۇرۇۋاتامدۇق؟

— مېنىڭچە، شۇنداق، — دېدى پروفېسسور مىيىقىدا كۈلۈپ، — بۇنى بىزنىڭ ئامىتىمىز دېيىشكە بولىدۇ!

ئامىتىمىز! تاغام ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ نېمە دېگىنىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بۇنداق تەمكىن تۇتىدۇ؟ مىيىقىدا كۈلۈشلىرىچۇ تېخى!

— نېمە؟ — مەن ۋارقىراپ كەتتىم، — بىز يانار تاغ پارتلىشىغا يولۇقۇپ قاپتۇق! ئاھ، تەقدىر بىزنى قايناپ تۇرغان ماگما، ئوتتەك قىزىق تاشلار، پورۇقلاپ قايىنىغان سۇلار ۋە يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان نەرسىلەر يولىمىزنى توسۇۋالغان جايغا ئەكېلىپ تاشلىغانلىقىنى قارىمامدىغان! بىز ئەمدى تاش پارچىلىرى، يانار تاغ كۈللىرى ۋە ئۈستىمىزگە چۈشۈۋاتقان تاش ـ شېغىللار بىلەن بىرلىكتە، ئوت يالقۇنى ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا قاڭقىپ، پۇركۈپ تاشلىنىدىغان ئوخشايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئامىتىمىز!

— شۇنداق، — دېدى تاغام كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن ماڭا قاراپ، — بۇ دېگەن بىزنىڭ يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىشتىكى بىردىنبىر پۇرسىتىمىز!

مەن دەرھاللا كاللامنى چۇلغىۋالغان تۈرلۈك ـ تۈمەن خىل خىياللارنى بىر قۇر رەتلەپ چىقتىم. تاغامنىڭ دېگىنى توغرا، پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. ئۇ خاتىرجەم ھالدا يانار تاغنىڭ پارتلاش مۇمكىنچىلىكىنى كۈتمەكتە ۋە ھېسابلىماقتا ئىدى. مەن تاغامنىڭ بۇنداق باتۇر ھەم قەيسەر ئىكەنلىكىنى زادى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم.

بىز داۋاملىق تۈردە يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەپ كېتىۋاتىمىز، بىر كېچە مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپىمىزدىكى پارتلاش ئاۋازلىرى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى، مەن تۇنجۇقۇپ قالايلا دېدىم، مەن ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرى يېتىپ كېلەي دەپ

قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى قىزىق بولىدىكەن . شۇ تاپتا مەن بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئەسلىمىلەر ئىچىگە غەرق بولغاندىم . دېمىسىمۇ بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىرنېمىلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرۇشتىن باشقا قولۇمدىن نېمىمۇ كەلسۇن !

بىز دەرۋەقە يانار تاغ پارتلىشى پەيدا قىلغان ئېنېرگىيىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتاتتۇق ، ھالبۇكى ، سالنىڭ ئاستىدا بولسا ۋاراقشىپ قايناۋاتقان سۇ بار ، ئۇنىڭ ئاستىدا تاشلار ئارىلىشىپ كەتكەن ماگما بار ئىدى . بۇ ماگمىلار يانار تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بارغان چاغدا تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ ئېتىلىشى مۇمكىن ئىدى . بىز ھازىر يانار تاغنىڭ ئېتىلىش يولى ئىچىدە تۇرۇپتىمىز ، بۇنىڭغا ئەمدى ھېچقانداق گۇمان قالمىغانىدى . بىراق ، بىز بۇ قېتىم سنافېر يانار تېغىدىن ئىبارەت ئۆچكەن يانار تاغنىڭ ئىچىدە ئەمەس ، بەلكى كۈچلۈك ھەرىكەتتىكى يانار تاغنىڭ ئىچىدە ئىدۇق . شۇڭا ، مەن «بۇ قايسى يانار تاغدۇ؟ ئۇ بىزنى دۇنيانىڭ قەيىرىگە ئېتىپ ئاپىرىۋېتەر؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم .

شۇنى جەزم قىلىشقا بولىدۇكى ، بىز شىمال تەرەپتىكى مەلۇم بىر جايغا ئېتىپ چىقىرىۋېتىلىشىمىز مۇمكىن . كومپاس ئىستىرېلكىسى قالايمىقان سەكرەشتىن ئىلگىرى ئىزچىل تۇردە شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ كەلگەنىدى . بىز ساكنوسىم دېڭىز تۇمشۇقىدىن ئايرىلغاندىن بېرى ، ئۇدۇل شىمالغا قاراپ نەچچە يۈز مىل ماڭغاندۇق . بىز قايتىدىن ئىسلاندىيىنىڭ ئاستىغا كېلىپ قالدۇقمۇ يە؟ بىزنى خېكلا يانار تېغى ئېتىپ چىقىرارمۇ ياكى مۇشۇ ئارالدىكى يەتتە يانار تاغنىڭ بىرى ئېتىپ چىقىرارمۇ؟ بۇ كەڭلىكتىكى 500 مىل دائىرە ئىچىدە مەن پەقەت غەرب تەرەپتىكى ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بىرنەچچە نامسىز يانار تاغنىلا بىلەتتىم ، شەرق تەرەپتە بىرلا يانار تاغ بار ، ئۇ ئېسكى يانار تېغى ، ئورنى شىمالىي كەڭلىك توقسان

گرادۇستىكى ژان مايىن ئارىلىدا سىپتىسبۇرگدىن[1] يىراق ئەمەس .
دىمىسىمۇ يانار تاغلار بەك كۆپ ھەم ئىنتايىن چوڭ ، بۇلارنىڭ بىرەر قوشۇنىمۇ ئېتىپ چىقىرىۋېتەلىشىدە گەپ يوق ! لېكىن بىزنى زادى قايسى يانار تاغ ئېتىپ چىقىرىۋېتەر ؟ مەن توختىماي مۇشۇ ئىش ئۈستىدە كاللا قاتۇردۇم . تاڭ ئاتارغا يېقىن يۇقىرىغا ئۆرلەش سۈرئىتىمىز تېخىمۇ تېزلەشكىلى تۇردى . يەر يۈزىگە يېقىنلاشقانسېرى تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە تېخىمۇ يۇقىرىلاپ كەتتى ، بۇ بىر خىل ئايرىم ھادىسە بولۇپ ، يانار تاغنىڭ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋال ئىدى . بىزنىڭ شۇ تاپتىكى ھەرىكەت شەكلىگە قارىتا كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدە گۇمان قالمىدىغۇ دەيمەن . يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يىغىلغان سۇ پارلىرى نەچچە يۈز ئاتموسفېرا بېسىم كۈچى پەيدا قىلدى ، بۇ غايەت قۇدرەتلىك كۈچ بىزنى ھېچبىر توسالغۇسىز ھالدا ئىتتىرىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى ، شۇ تاپتا ئۇ بىزنى يەنە سانسىز خەتەرلەرگە يۈزلەندۈرگەنىدى .
تىك ھالەتتىكى ۋولقان يولى تەدرىجىي كېڭەيگىلى تۇردى ، ئۇزۇن ئۆتمەي سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك قايتقان نۇر كۆرۈندى ، مەن ئوڭ ۋە سول تەرىپىمدە نۇرغۇن چوڭقۇر ئۆڭكۈر يوللىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم ، غايەت چوڭ تۇرۇبىلاردەك كۆرۈنگەن بۇ ئۆڭكۈرلەردىن قويۇق سۇ پارلىرى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى ، ئوت يالقۇنلىرى بۇ ئۆڭكۈر يوللىرىنىڭ تاملىرىنى يالاپ پاراس - پۇرۇس قىلغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى .
— چاپسان قاراڭ ! چاپسان قاراڭ ، تاغا ! — دەپ توۋلىدىم مەن .
— شۇنداق ! بۇ تەركىبىدە گۈڭگۈرت بار ئوت يالقۇنى ، بۇ دېگەن يانار تاغ پارتلىغان چاغدىكى تولىمۇ نورمال ئىش !
— لېكىن ، ئوت يالقۇنى بىزنى قورشىۋالسا قانداق قىلىمىز ؟

---

[1] سىپتىسبۇرگ نورۋېگىيىنىڭ سىۋالبار تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئارال ، شىمالىي مۇز ئوكيان تەۋەسىدە .

— ئوت يالقۇنى بىزنى قورشىۋالالمايدۇ .
— بىز تۇنجۇقۇپ قالساق قانداق قىلىمىز ؟
— بىز تۇنجۇقۇپ قالمايمىز . ۋولقان يولى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ ، ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا ، بىز سالدىن ئايرىلىپ يېرىقلارغا كىرىۋېلىپ دالدىلانساقمۇ بولىدۇ .
— ئۇنداقتا ، سۇچۇ ؟ سۇ يۇزى ئۆرلەپ كەتسە قانداق قىلىمىز ؟
— ئەمدى سۇ قالمىدى ، ئاكسال . بۇ يەردە پەقەت يېپىشقاق لاۋالا بار ، ئۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە بىزنى ۋولقان يولىنىڭ ئېغىزىغا ئاپىرىپ قويىدۇ .
دەرۋەقە سۇ تۈۋرۈكى يوقاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېپىشقاق ھەم قايناپ تۇرغان ، يانار تاغ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان نەرسىلەر بىر ئالغانىدى . تېمپېراتۇرا ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە يۇقىرىلاپ كەتتى . ئەگەر مۇشۇنداق ئوتتەك قىزىق ھاۋاغا تېرمومېتىرنى تۇتىدىغان بولسا ، سىماب تۈۋرۈكى چوقۇم 70 گرادۇسقا چىققان بولاتتى ! مېنىڭ باش - كۆزۈمدىن يامغۇردەك تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى . ئەگەر شىددەت بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ ماڭمىغان بولساق ، بىز ئاللىقاچان تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولار ئىدۇق .
بىراق ، پروفېسسور ئۆزىنىڭ سالدىن ئايرىلىمىز دېگەن تەكلىپىنى ئىشقا ئاشۇرمىدى ، ئۇ توغرا قىلغانىدى . دېمىسىمۇ مۇنداق چېتىپ قويۇلغان بۇ بىرنەچچە تال ياغاچ بىزگە مۇستەھكەم بىر تەكشىلىكتىكى دەسسەپ تۇرۇش ئورنى بولدى ، بۇنداق ئورۇننى بىز ھەرقانداق بىر جايدا تاپالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
ئەتىگەن سائەت سەككىز ئەتراپىدا بىرىنچى قېتىم بىر يېڭى ئەھۋال يۈز بەردى . بىز تۇيۇقسىزلا يۇقىرى ئۆرلەشتىن توختىدۇق . سال قىمىر قىلماي جايىدا توختاپ قالدى .
— نېمە بولدى ؟ — تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن توختاش تۈپەيلىدىن ، مەن خۇددى بىرى كۆچ بىلەن ئىتتىرىۋەتكەندەك

دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ سورىدىم .
— يۇقىرىغا ئۆرلەش توختىدى ، — دېدى تاغام .
— ئۇنداقتا ، يانار تاغ پارتلىمايدىغان ئوخشىمامدۇ ؟
— ئىلاھىم ، ئۇنداق بولمىغىيدى .
مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەتراپتىكى ئەھۋالنى كۆزەتتىم . بەلكىم سالنى بۆرتۈپ چىققان تاشلار توسۇۋالغان بولسا ، يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان نەرسىلەر ئۇنى ۋاقتىنچە يۇقىرىغا ئۆرلىتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، بىز سالنى دەرھال بۇ تاشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرمىساق بولمايدۇ .
بىراق ، ئەھۋال ئۇنداق بولماستىن ، بەلكى يانار تاغ كۈللىرى ، داشقاللىرى ۋە ئۇششاق تاشلارمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشتىن توختىغانىدى .
— يانار تاغ پارتلاشتىن توختىدىما ؟ — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا .
— ھىم ، — دېدى تاغام چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ، — سەن يانار تاغ پارتلىشىنىڭ توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتامسەن ؟ بالام ، خاتىرجەم بول ، بۇنداق تىنچلىق ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ . يانار تاغ ھەرىكىتى توختىغىلى بەش مىنۇت بولدى ، بىز ھازىرلا قايتىدىن يانار تاغ ئېغىزىغا قاراپ ئۆرلەشكە باشلايمىز .
پروفېسسور سۆزلىگەچ ، كۆزىنى خرونوسكوپتىن ئۈزمىدى . ئېھتىمال ئۇنىڭ بۇ ئالدىن مۆلچەرى توغرىدۇ . بىرئازدىن كېيىن سال قايتىدىن شىددەت بىلەن ھەرىكەتلەنگىلى تۇردى ، بۇ خىل ھەرىكەت ئالاھازەل ئىككى مىنۇت داۋام قىلدى ، ئاندىن سال توختاپ قالدى .
— ياخشى ، — دېدى تاغام خرونوسكوپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن ، — 10 مىنۇتتىن كېيىن بىز يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلايمىز .
— 10 مىنۇت ؟
— شۇنداق ، بىز ھازىر ئارىلىقتا ئارام ئېلىۋاتقان يانار تاغنىڭ

ئىچىدە تۇر ۇۋاتىمىز .
ئۇ بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئارام ئالدۇر ۇۋاتىدۇ .
تاغامنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى . ئۇ مۆلچەرلىگەن ۋاقىت توشقاندىن كېيىن ، بىز يەنە تېز سۈرئەت بىلەن يۇقىرىغا ئېلىپ مېڭىلدۇق . بىز سالنىڭ قولىمىزغا چىققان يەرلىرىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ ، سالدىن ئاڭقىپ چىقىپ كېتىشتىن ساقلاندۇق . بىردەمدىن كېيىن يۇقىرىغا ئۆرلەش يەنە توختىدى .
ئاشۇ چاغدىن باشلاپ مەن بۇنداق غەلىتە ھادىسە ئۈستىدە ئۆز ۇن ئويلاندىم ، ئەمما ھەرقانچە كاللا قاتۇر ۇپمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم ، قارىغاندا ، بىز ئىچىدە تۇر ۇۋاتقىنىمىز يانار تاغنىڭ ئاساسىي ئېتىلىش يولى بولماستىن ، بەلكى بىر قوشۇمچە ئېتىلىش يولى بولغاچقا ، مۇشۇنداق رىتىمسىزلىق يۈز بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى .
مۇشۇنداق شەكىلدىكى يۇقىرى ئۆرلەش ھەرىكىتىنىڭ قانچە قېتىملارچە تەكرارلانغانلىقى تازا ئېسىمدە قالماپتۇ . مەن پەقەت ھەر قېتىم قايتىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن چاغدا ئىتتىرىش كۈچىنىڭ ئېشىپ بارغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئىسمى جىسمىغا لايىق تاشلانغان نەرسىدەك يۇقىرىغا ئۆرلەپ ماڭغىنىمىزنىلا ئاز - تولا ئەسلىيەلەيمەن . ئارىلىقتا توختاپ قالغان چاغلاردا بىز تۇنجۇقۇپ قېلىشقا تاسلا قالاتتۇق ، ئەكسىچە يۇقىرى ئۆرلەپ ماڭغان چاغدا بولسا ئوتتەك قىزىق ھاۋا نەپىسىمىزنى بوغۇۋالاتتى . بۇنداق پەيتلەردە مەن «شۇ تاپتا بىز توساتتىنلا نۆلدىن تۆۋەن ئوتتۇز گرادۇس سوغۇق بولىدىغان شىمالىي قۇتۇپ رايونلىرىغا بېرىپ قالغان بولساق قانداق راھەتلەنگەن بولاتتۇق» دېگەنلەرنى ئويلىدىم . مەن ھاياجان ئىلكىدە شىمالىي قۇتۇپ رايونلىرىدىكى قار - مۇز بىلەن قاپلانغان زېمىننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈر ۇپ قارلىق داللاردا دومىلاپ ئويناشنى ئويلاپ كەتتىم ! بىراق ، توختىماي قاتتىق سىلكىنىشلەر تۈپەيلىدىن بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ بارا - بارا سەزگۈيۈمنى يوقاتتىم . ئەگەر ھانس قولىنى ئۆزىتىپ

مېنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، مېنىڭ كاللام ئاللىقاچان ئۇچلۇق تاشلارغا تېگىپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

شۇڭا، كېيىنكى بىرنەچچە سائەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئازراقمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. قۇلىقىمغا يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق پارتلاش ئاۋازى خىرە ـ شىرە ئاڭلىنىپ، تاشلارنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، سال ھەدەپ پىرقىرىغىلى تۇردى. يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان يانار تاغ كۈللىرىنىڭ ئىچىدە سال ماگما دولقۇنىنىڭ ئۈستىدە يۇقىرى ـ تۆۋەن لەيلەپ، پاراس ـ پۇرۇس ئېتىلىۋاتقان ئوت يالقۇنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئورىۋېلىنىغانىدى. گويا ئىنتايىن يوغان بىر شامالدۇرغۇچ پىركىگەندەك توختىماي ئۆرۈپ تۇرغان كۈچلۈك شامالنىڭ تەسىرىدە ئوت يالقۇنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن يالقۇنجاشقا باشلىدى. مەن ئوت يالقۇنى يورۇتقان ھانسنىڭ چىرايىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چېغىمدا، خۇددى زەمبىرەك ئىستوۋۇلىنىڭ ئاغزىغا باغلاپ قويۇلغان جىنايەتچىدەك بەك قورقۇپ كەتتىم، ئەگەر زەمبىرەك ئېتىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ جىسمى پارە ـ پارە بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

## 44

مەن قايتىدىن كۆزۈمنى ئېچىپ، مېنى يول باشلىغۇچىنىڭ كۈچلۈك قولى بىلىمدىن مەھكەم تۇتۇۋالغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ يەنە بىر قولى تاغامنى تۇتۇۋالغانىدى. مەن ئانچە قاتتىق يارىلانمىغانىدىم، لېكىن پۈتۈن بەدىنىم سەل سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئاخىر ئۆزۈمنىڭ بىر تاغ يامزىلىدا ياتقانلىقىمنى بىلدىم، چوڭقۇر ھاڭ بىرنەچچە قەدەملا نېرىدا بولۇپ، ئازراقلا مىدىرلىسام چۈشۈپ كېتىشىم تۇرغانلا گەپ ئىدى. مەن يانار تاغ ئېغىزىدا دومىلاپ كەتكەن چېغىمدا، ھانس مېنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانىكەن.

— بىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى تاغام، مەن ئۇنىڭ يەر يۈزىگە چىقىپ قالغانلىقىغا بەكلا ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

يول باشلىغۇچى يەلكىسىنى قىسىپ قويۇپ، بىلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— ئىسلاندىيىدە، — دېدىم مەن.

— ياق، — دېدى هانس ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— نېمە، بۇ يەر ئىسلاندىيە ئەمەسما! — دېدى پروفېسسور توۋلاپ.

— هانس خاتالىشىۋاتىدۇ، — مەن شۇنداق دېگەچ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

بۇ قېتىمقى ساياهەت جەريانىدىكى سانسىزلىغان هەيران قېلىشلاردىن كېيىن، بىز يەنە بىر قېتىم هەيرانلىقتىن داڭقېتىپ قالدۇق. مەن ئەسلىدە شىمال تەرەپلەردىكى ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن يەرلەردە، شىمالىي قۇتۇپ ئاسمىنىنىڭ ئاقۇچ قۇياش نۇرى ئاستىدا، يەر شارىنىڭ كەڭلىك گرادۇسى ئەڭ يۇقىرى جايدىكى ئۈستى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ۋولقان كونۇسىنى كۆرىمىز، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، رېئاللىق مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسى بولۇپ چىقتى. چۈنكى، تاغام، ئىسلاندىيىلىك ۋە مەن بىر تاغ يانباغرىدا ياتاتتۇق، ئوتتەك قۇياش نۇرى بىزنى، شۇنداقلا پۈتۈن تاغنى قىزدۇرۇپ قاقلىماقتا ئىدى.

مەن هەتتا كۆزلىرىمگىمۇ ئىشەنمەيلا قالدىم، شۇبهىسىزكى، قۇياش نۇرى بەدىنىمنى ئوتتەك قىزدۇرۇۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. بىز يېرىم يالىڭاچ هالدا يانار تاغ ئېغىزىدىن ئايرىلدۇق. بىز ئىككى ئايدىن بېرى ئاززاقمۇ قۇياش نۇرى كۆرمىگەنىدۇق، ئەمدىلىكتە بولسا قۇياش بىزگە نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلماقتا ئىدى.

دەسلەپ كۆزلىرىم بۇنداق كۈچلۈك يورۇقلۇققا پەقەتلا كۆنەلمىدى، كۆزلىرىم يورۇقلۇققا كۆنگەندىن كېيىن،

كۆرگەنلىرىم مەندىكى خاتا تەسەۋۋۇرنى تۈزەتتى. مەن بىزنىڭ ھېچبولمىغاندا سىپتىسبۇرگدا بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلدىم. مەن ئۇنداق كۆزقارىشىمدىن ئاسانلا ۋاز كېچىدىغانلاردىن ئەمەس.

پروفېسسور بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— بۇ يەر راستىنلا ئىسلاندىيىگە ئوخشىمايۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ژان مايىن ئارىلىمۇ يا؟ — دېدىم مەن.

— ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدۇ، بالام. گرانىت تاش تۆپىلىك ۋە تاغ چوققىسىدىكى قار - مۇزلاردىن قارىغاندا، بۇ شىمالىي رايونلاردىكى يانار تاغدەك قىلمايدۇ.

— لېكىن ...

— بۇنىڭغا قارا، ئاكسال، بۇنىڭغا قارا!

بېشىمىزنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى 500 فۇت يىراقلىقتىكى جايدا، يانار تاغ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ 15 مىنۇتتا بىر قېتىم ئوت تۈۋرۈكى ئېتىپ چىقىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا كۆنەكسىمان تاش، يانار تاغ كۈلى ۋە ماگمىلار ئارىلاشقان بولۇپ، توختىماي كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن يانار تاغنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ خۇددى كىتتەك نەپەس ئېلىپ، غايەت يوغان بۇرنىدىن توختىماي ئوت يالقۇنى ۋە ھاۋا پۈركۈپ تۇرۇۋاتاتتى. بىزنىڭ پۇتلىرىمىز ئاستىدا يانار تاغ پۈركۈپ چىقارغان نەرسىلەر تىك تاغ باغرىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ قاتلام - قاتلام ھالەتتە ئېقىپ، تاكى 700 - 800 فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى جايلارغىچە سوزۇلغانىدى. بۇنىڭدىن بۇ يانار تاغنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 2000 فۇتتىن ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. يانار تاغ باغرى ئاخىر بېرىپ قويۇق دەرەخلىك ئىچىدە يوقاپ كەتكەنىدى، مەن بۇلارنىڭ زەيتۇن دەرىخى، ئەنجۈر دەرىخى ۋە غۇچچىدە ئۈزۈملەر ئېسىلىپ تۇرغان ئۈزۈم تاللىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردۈم.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ شىمالىي قۇتۇپ رايونلىرىدىكى مەنزىرە ئەمەس ئىدى. نەزىرىمىز كۆكىرىپ تۇرغان بۇ

دەرەخزارلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىردىنلا چىرايلىق دېڭىز ياكى كۆل يۈزىگە چۈشتى. بىزنىڭ پۈتلىرىمىز ئاستىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ قۇرۇقلۇق كەڭلىكى ئارانلا بىرنەچچە مىل كېلىدىغان بىر كىچىك ئارال ئىدى. شەرق تەرەپتە بىر كىچىك پرېستان بولۇپ، ئالدى تەرىپىدە بىرنەچچە يۇرۇش ئۆي بار ئىدى، پرېستاندا بولسا سىرتقى كۆرۈنۈشى تولىمۇ ئالاھىدە كۆرۈنگەن بىرنەچچە كېمە سۇس زەڭگەر دولقۇنلارنىڭ ئۇرۇشى بىلەن ئاستا چايقىلىپ تۇراتتى. يىراقتا بولسا سانسىز كۆپلۈكتىن خۇددى بىر توپ چۈمۈلىلەردەك كۆرۈنگەن ئاراللار سۇ يۈزىدە كۆزگە غۇۋا چېلىقىپ تۇراتتى. غەرب تەرەپتە بولسا يىراقتىكى دېڭىز قىرغىقى ئۇپۇقتا ياي شەكلىنى ھاسىل قىلغانىدى، دېڭىز قىرغىقىنىڭ بەزى يەرلىرىدە قىياپتى ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان يېشىللىق بىلەن قاپلانغان تاغلار قەد كۆتۈرگەنىدى. لېكىن، تېخىمۇ يىراق دېڭىز قىرغىقىدا بولسا كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئېگىز بىر يانار تاغ كونۇسى بولۇپ، كونۇسنىڭ ئۇچىدا بىر قەۋەت ئىس ـ تۈتەك لەيلەپ تۇراتتى. شىمال تەرەپتە بولسا قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقتىكى سۇ يۈزىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ماچتىلارنىڭ ئۇچلىرى ۋە شامالدا كۆپكەن يەلكەنلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن بۇ مەنزىرىلەر بىزنى تېخىمۇ ھەيرانۇھەس قىلىۋەتتى.

— بىز زادى قەيەردە؟ بىز زادى قەيەردە؟ — مەن پەس ئاۋازدا تەكرارلىدىم. ھەرقانداق ئىشقا پەرۋا قىلمايدىغان ھانس كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى، تاغام بولسا ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— مەيلى بۇ قايسى تاغ بولسا بولۇۋەرسۇن، — ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى، — بۇ يەر بەك قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، پارتلاش تېخى توختىمىدى، ئەگەر ئېتىلىپ چىققان بىرەر تاش بېشىمىزغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، يانار تاغنىڭ ئېچىدىن چىققانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى

بولسۇن . تاغدىن پەسكە چۈشەيلى ، شۇ چاغدا قانداق قىلىشنى بىلىۋالىمىز . ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن چاڭقاپ ۋە قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەيلا دېدىم .

پروفېسسورنى دائىم ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەم دېگىلى بولمايتتى . ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام ، بارلىق مۇھتاجلىقىم ۋە ھېرىپ - چارچاشلىرىمنى ئۇنتۇپ ، بۇ يەردە يەنە ئۇزۇنراق ۋاقىت تۇرغان بولاتتىم ، لېكىن مەن ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايتتى .

بۇ يانار تاغنىڭ يانتۇلۇقى بەك تىك ئىدى ، بىز يانار تاغ كۈللىرى ئۇستىدىن تۆۋەنگە سىيرىلدۇق ، چۈشۈپ كېتىۋېتىپ يىلاندەك سويلاپ ئېقىۋاتقان ماگما ئېقىنىدىن ئۆزىمىزنى بىر ئاماللار بىلەن چەتكە ئالدۇق . تاغدىن چۈشۈۋاتقاندا مەن توختىماي سۆزلەپ ماڭدىم ، چۈنكى ئويلىغانلىرىم بەك كۆپ بولغاچقا ، بۇلارنى دەۋەتمىسەم زادى بولمايتتى .

— بىز ھازىر ئاسىيادا ، — دېدىم دەرھاللا ، — ھىندىستاننىڭ دېڭىز قىرغىقىدا ياكى مالايسىيا ئاراللىرىدا ياكى بولمىسا ئوكيانىيىنىڭ مەركىزىدە بولۇشىمىز مۇمكىن ! بىز يەر شارىنىڭ چوڭ يېرىمىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ ياۋروپاغا ئۇدۇل كېلىدىغان نېرىقى چېتىگە كېلىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ .

— كومپاس قانداق كۆرسىتىۋاتىدۇ ؟

— توغرا ، كومپاس ! — دېدىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا ، — بىز ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشى بويىچە ئىزچىل تۇردە شىمالغا قاراپ ماڭغان .

— ئۇنداق بولسا كومپاس بىزنى ئالداپ قويۇپتۇ - دە ؟

— ھە ! ئالداپ قويۇپتۇ !

— ئەسلى بۇ يەر شىمالىي قۇتۇپ بولسا توغرا بولاتتى .

— شىمالىي قۇتۇپ ! ياق ، لېكىن ...

بۇ ئىشنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايۋاتاتتى ، دېمىسىمۇ شۇ تاپتا مېنىڭ كاللام گادىرماشلا بولۇپ كەتكەنىدى .

شۇ ئەسنادا بىز كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بىر دەرەخزارلىققا يېقىنلاپ كەلدۇق . ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق مېنى قىينىغىلى تۇردى . بەختىمىزگە يارىشا ، ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن كۆزلىرىمىزگە بىرمۇنچە يېزا ـ كەنتلەر كۆرۈندى . ھەممىلا يەردە زەيتۇن ، ئەنجۈر دەرەخلىرى ۋە ئۈزۈم تاللىرى ئۆسكەنىدى . بىز بۇلارنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدۇق . دېمىسىمۇ ، بىزگە ئوخشاش ھېچنېمىسى يوق ئادەملەرنىڭ تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . بۇ لەززەتلىك مېۋىلەرنى ، ئۈزۈملەرنى شىرنىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن چايناپ يېيىش نېمىدېگەن ھۇزۇر ـ ھە ! مەن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن بىر بۇلاقنى بايقاپ قالدىم . بىز يۈز ۋە قوللىرىمىزنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ ، بۇ چەكسىز ھۇزۇردىن راھەتلەندۇق .

بىز دەم ئېلىش شادلىقىنىڭ ھۇزۇرىنى راسا سۈرۈۋاتقاندا ، ئېگىز ئۆسكەن ئىككى تۈپ زەيتۇن دەرىخى ئارىلىقىدىن بىر بالا چىقىپ كەلدى .

— ھەي ! — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا ، — بەختىيار زېمىنىنىڭ بىر ئاھالىسى !

ئۇ تولىمۇ يوقسۇلنىڭ بالىسى بولۇپ ، كىيىملىرى بەكلا ئاۋارە ئىدى ، تۇرقىدىن كىسەلچانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ بىزنىڭ تۇرقىمىزنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى . دەرۋەقە ، بىز يېرىم يالىڭاچ ھەم ساقال ـ بۇرۇتلىرىمىز ئۆسۈپ كەتكەن بولغاچقا ، تۇرقىمىز بەكلا بەتبەشىرە ئىدى . ئەگەر بۇ يەرئوغرىلارنىڭ ماكانى بولمىسىلا ، بىزنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى .

ھېلىقى بالا قورقۇپ قېچىۋىدى ، ھانىس يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى . بالىنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن تولاپ ، ھەرقانچە تېپىچەكلىگىنىگە قارىماي ، ھانىس ئۇنى تارتقۇشلىغىنىچە ئېلىپ كەلدى .

تاغام ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ساپ نېمىس تىلىدا سورىدى:

— كىچىك دوست، بۇ تاغنىڭ ئىسمى نېمە؟

بالا جاۋاب بەرمىدى.

— ياخشى، — دېدى تاغام، — بىز گېرمانىيىدە ئەمەس ئىكەنمىز.

ئۇ ئىنگلىز تىلىدا بۇ سوئالنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

بالا يەنىلا جاۋاب بەرمىدى، مەن قاتتىق ھەيران قالدىم.

— ئۇ گاچا ئوخشىمامدۇ؟ — پروفېسسور توۋلاپ كەتتى، — ئۇ ئادەتتە ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىن تولىمۇ پەخىرلىنەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوئالنى فرانسۇزچە تەكرارلىدى.

بالا يەنىلا ئۈنچىقمىدى.

— ئەمدى ئىتالىيە تىلىدا سىناپ كۆرەي، — دېدى تاغام، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىتالىيە تىلىدا سورىدى، — بۇ قەيەر؟

— توغرا، بۇ قەيەر؟ — مەن تاقەتسىزلىنىپ تاغامنىڭ سوئالىنى تەكرارلىدىم.

بالا يەنىلا جاۋاب بەرمىدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن گەپ قىلىشنى بىلمەمسەن؟ — تاغام ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ جەھلى تۇتۇپ، بالىنىڭ قۇلىقىنى تارتقۇشلىدى، — بۇ كىچىك ئارالنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ستولومبول ئارىلى[1]، — سەھرالىق بالا جاۋاب بەرگەچ، ھانسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ـ دە، زەيتۇن دەرەخلىرى ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تۈزلەڭلىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

بىز ئۇنى شۇ ھامانلا ئۇنتۇدۇق. ستولومبول ئارىلى! بۇ كۈتۈلمىگەن ئىسىم بىزنىڭ كاللىمىزدا قانداق ئىنكاس پەيدا قىلىشى مۇمكىن! بىز ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى رىۋايەت

---

① ستولومبول ئارىلى، يەنە بىر ئىسمى ستولۇنگىل ئارىلى، ئىتالىيىگە تەۋە، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا، لىپالى تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى كىچىك ئارال. ئارالدا ھەرىكەتتىكى ستولومبول يانار تېغى بار.

ئەسلىملىرىگە ئېئولىيە[1] ئارىلىدا ، يەنى ئىلگىرى ستولونگىل دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك ئارالدا ئىكەنمىز ـ دە . بۇ يەردە شامال ئىلاھى ئېئولىيە بوران ۋە قارا يامغۇرنى باشقۇراتتى . شەرق تەرەپتىكى چوققىلىرى ئەگرى ـ بۈگرى ، ئۈستى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان تاغ كالابرىيە تېغى ئەمەسمۇ ! ھالبۇكى ، جەنۇب تەرەپتىكى ئۇپۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يانار تاغ بولسا قەھرلىك ئېتنا يانار تېغى[2] ئەمەسمۇ .

— ستولومبول ئارىلى ! ستولومبول ئارىلى ! — مەن توختىماي تەكرارلىدىم .

تاغام قولىنى شىلتىغاچ گېپىمنى تەكرارلاپ ماڭا جور بولدى ، بىز خۇددى خور ئېيتىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە ئىدۇق :

— ئاھ ، نېمىدېگەن ئاجايىپ ساياھەت ! بىز بىر يانار تاغدىن كىرىپ ، يەنە بىر يانار تاغدىن يېنىپ چىقتۇق . بىز يېنىپ چىققان يانار تاغ بولسا سىنافېر يانار تېغىدىن ، ئىسلاندىيىدىن ئىبارەت ئىنسان ئايىغى ئانچە كۆپ تەگمىگەن بۇ ئەلدىن توپتوغرا 16 مىڭ مىلدىن ئارتۇق يىراقلىقتا ئىدى ! بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ئويلىمىغان يەردىن بىزنى يەر شارىدىكى ئەڭ ئاسايىشلىق يەرگە ئەكېلىپ قويغانىدى . بىز قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلانغان ، ئاسمىنىدا كۈل رەڭ بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرىدىغان شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىن ئايرىلىپ ، ئەكسىچە ئاسمىنىدا ئاپئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن سىتسىلىيە ئارىلىغا كېلىپ قاپتۇق !

بىز مېۋىلەردىن تويغۇچە يەپ ، بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىۋالغاندىن كېيىن روھلىنىپ ستولومبول پىرىستانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق . بىزنىڭ بۇ ئارالغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلىرىمىزنى ئارالدىكى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىش ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى ، خۇراپىي كېلىدىغان ئىتالىيىلىكلەر بىزنى

---

① ئېئولىيە ، يەنى لىپالى ئارىلى - ئېئولىيە رىۋايەتلەردىكى شامال ئىلاھىنىڭ ئىسمى . لىپالى تاقىم ئاراللىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جاي .

② ئىتالىيىدىكى مەشھۇر يانار تاغ ، دېڭىز يۈزىدىن 3313 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە .

جەھەننەمدىن يۇركۈپ چىقىرىۋېتىلگەن جىن ـ ئالۋاستىلار دەپ قېلىشى مۇمكىن . شۇڭا ، دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ ، كېمىسى دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلار قىياپىتىگە كىرىۋالغىنىمىز دۇرۇس ئىدى . گەرچە بۇنداق قىلىش ئانچە شەرەپلىك ئىش بولمىسىمۇ ، ئەمما بۇنىڭدا بىخەتەر بولاتتى . مەن تاغامنىڭ يول بويى پەس ئاۋازدا :

— لېكىن ، كومپاس ! كومپاس نېمىشقا شىمال تەرەپنى كۆرسىتىدۇ ! بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك ؟ — دەپ غودۇڭشىپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىدىم .

— راستىنى ئېيتقاندا ، — دېدىم ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلىق بىلەن ، — چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ، بۇنىڭدا تېخىمۇ ئاددىيلىشىدۇ !

— بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ ! جون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مەلۇم بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسىگە چۈشەنچە بېرەلمىسە ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ !

يېرىم يالىڭاچ ، بېلىگە تېرە چەندازىسىنى باغلىۋالغان تاغام كۆزەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۈستىگە ئىلدى ـ دە ، باشقىدىن قورقۇنچلۇق مىنېرالوگىيە پروفېسسورىغا ئايلاندى .

زەيتۇنزارلىقتىن چىقىپ بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، بىز سان ۋىسانچىئو پرىستانىغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەردە ھانس ئۆزىنىڭ 13 ھەپتىلىك ئىش ھەققىنى ئالدى . تاغام ئۇنىڭغا پۇلنى تولۇق بەردى ھەمدە ئۇنىڭ قولىنى قىزغىن سىقتى .

بۇ چاغدا ئۇ بىزگە ئوخشاش تەبىئىي بىر خىل ھاياجانغا چۆممىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئىختىيارسىز ھالدا ئادەتتىن تاشقىرى بىر ھەرىكەتنى قىلدى .

ئۇ بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن مېنىڭ قولۇمغا يېنىككىنە نوقۇپ قويۇپ ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

## 45

ئەمدى بايان قىلىنىدىغىنى ھېكايىنىڭ ئاخىرى . ھەرقانداق ئىشقا بىپەرۋا قارايدىغان ئادەملەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ ، ئەمما مەن ئادەملەرنىڭ گۇمانلىنىشلىرىغا كۆنۈپ كەتتىم .

ستولومبول ئارىلىدىكى بېلىقچىلار بىزنى كېمىسى ھادىسىگە ئۇچرىغان ئادەملەر دەپ بىلىپ دوستانىلىق بىلەن كۈتۈۋالدى . ئۇلار بىزگە كىيىم ۋە يېمەكلىك بەردى . 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 48 سائەت كۈتكەندىن كېيىن ، بىز ئاستى تۈز كىچىك بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ مېسسىناغا[1] يېتىپ كەلدۇق ، بىز ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ھاردۇقىمىز بىراقلا چىقتى .

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جۈمە . بىز فرانسىيە خان جەمەتىنىڭ فورتونا ناملىق پوچتا كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ، ئۈچ كۈندىن كېيىن مارسېل پورتىغا يېتىپ كېلىپ قىرغاققا چىقتۇق . بۇ چاغدا بىزنىڭ كاللىمىزنى قاتۇرۇۋاتقان بىرلا مەسىلە ھېلىقى ئۆلگۈر كومپاس ئىدى . چۈشەندۈرۈش تەس بۇ ھادىسە مېنىڭ بەكلا ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەنىدى . 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بىز كەچتە ھامبۇرگقا قايتىپ كەلدىق .

بۇ يەردە مەن مارتانىڭ قانچىلىك ھەيران قالغانلىقى ۋە گلاۋبېننىڭ خۇشال بولغانلىقىنى بايان قىلغۇم يوق .

— سەن ھازىر قەھرىمان بولدۇڭ ، — دېدى مېنىڭ سۆيۈملۈك بولغۇسى خوتۇنۇم ماڭا ، — ئەمدى مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشۇڭنىڭ ھاجىتى قالمىدى ، ئاكسال !

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم . شۇ تاپتا ئۇ غەم ۋە خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن كەيپىيات ئىچىگە غەرق بولغانىدى .

كۆپچىلىك پروفېسسور لىدىنبورۇگ قايتىپ كېلىشى بىلەن

---

[1] مېسسىنا — ئىتالىيىنىڭ بىر شەھىرى . سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە . ئاپېننىس يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ .

پۈتۈن هامبۇرگنى لەرزىگە سېلىۋەتكەنلىكىنى پەرەز قىلغان بولۇشى مۇمكىن . مارتانىڭ شۆپۈك ئېغىزلىقى تۆپەيلىدىن ، پروفېسسورنىڭ يەر مەركىزىگە كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئاللىقاچان پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ كەتكەنىدى . ئادەملەر بۇ گەپكە ئىشەنمەيدۇ ، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولسا تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ . بىراق ، ھانسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئىسلاندىيەدىن كەلگەن تۈرلۈك خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئادەملەرنىڭ كۆزقارىشى بارا ـ بارا ئۆزگەردى .

شۇنىڭ بىلەن تاغام ئۇلۇغ ئادەمگە ئايلاندى ، ئۇنىڭ سايىسىدا مەنمۇ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ جىيەنى بولدۇم ، بۇمۇ مەن ئۈچۈن قالتىس ئىش ئىدى . ھامبۇرگ شەھىرى بىزنىڭ شەرىپىمىزگە تەنتەنىلىك بايرام ئۆتكۈزدى . جون ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ بىر قېتىملىق دوكلات بېرىش يىغىنى تەشكىللىدى . دوكلات بېرىش يىغىنىدا تاغام ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدىكى ئىشلارنى تونۇشتۇردى . ئەمما ، كومپاسقا ئالاقىدار تەپسىلاتلارنى ئېغىزغا ئالمىدى . شۇ كۈنى ئۇ ساكنۇسېمنىڭ شىفىرلىق خېتىنى ھامبۇرگ ئارخىپخانىسىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى ۋە ئىرادىسى كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئەمما تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۆپەيلىدىن ، بۇ ئىسلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ ئىزىنى بويلاپ يەر مەركىزىگە يېتىپ بارالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شان ـ شەرەپ ئالدىدا ئۇ تولىمۇ كەمتەرلىشىپ كەتكەنىدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى تېخىمۇ چىقتى .

ھەددىدىن ئارتۇق شان ـ شەرەپ مۇقەررەر ھالدا بەزىلەرنىڭ ھەسەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . تاغاممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى . ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پاكىت ئاساسلىرى تولۇق بولسىمۇ ، ئەمما يەر مەركىزى ئىسسىقلىقى ھەققىدىكى پەن سىستېمىسىغا خىلاپ ئىدى . شۇنىڭ بىلەن تاغام پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىملار بىلەن كۆپ قېتىم يازما ۋە ئېغىزچە مۇنازىرە جېڭى ئېلىپ باردى . مەنچۇ ، مەنمۇ ئۇنىڭ يەر

مەركىزى سوغۇق بولىدۇ دېگەن نەزەرىيىسىگە قوشۇلمايمەن، گەرچە مەن بۇ ئەمەلىيەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسامۇ، ئەمما مەن يەنىلا يەر مەركىزىدە ئىسسىقلىق ساقلانغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما، مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بەزىبىر نامەلۇم ئامىللار بەلكىم بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن.

ئادەملەر يۇقىرىقى مەسىلە ئۈستىدە توختىماي تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان چاغدا بىر ئىش تاغامنى بەكمۇ خاپا قىلدى. تاغام ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا قاتتىق كۈچىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھانىس ھامبۇرگدىن كېتىپ قالدى، بىز ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆپ قەرزدار ئىدۇق، ئەمما ئۇ بىزگە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتى بەرمىدى. ئۇ يۇرتى ئىسلاندىيىنى بەك سېغىنىپ كەتكەنىدى.

— خەير خوش، — بىر كۈنى ئۇ بىزگە مۇشۇنداق بىر ئېغىز ئاددىيلا خوشلىشىش سۆزىنى قىلىپ رېيكياۋىكقا قايتىپ كەتتى.

بىز بۇ ماھۇق ئۆردەك ئوۋچىسىنى بەكمۇ سېغىندۇق، گەرچە ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزدا بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزنى كۆپ قېتىم قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. بىز ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. «مەن كېيىنكى ئۆمرۈمدە ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم بىر قېتىم كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن يەنە بىر گەپنى قوشۇپ قويماقچىمەن: بۇ «يەر مەركىزىگە ساياھەت» دېگەن كىتاب پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەنىدى. ئۇ تۆرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق بابلىرىنى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان گېزىتلەر سېتىۋالدى. ئىشىنىدىغان ۋە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر ئوخشاشلا ئاجايىپ قىزىقىش بىلەن ئۇنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوبزور يېزىپ سۆككەنلەرمۇ ۋە قوللىغانلارمۇ بار ئىدى. دېمىسىمۇ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك بىر ئىشتە بۇ! تاغام ھاياتىدا ئېرىشىشى مۇمكىن

بولغان بارلىق شان ـ شەرەپكە نائىل بولغانىدى ، ھەتتا بارنو ئەپەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن يۇقىرى ھەق بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ «كۆرگەزمە» ئۆتكۈزۈش تەكلىپى بەردى . شۇنچىۋالا شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن تاغامنىڭ بىر باش قېتىنچىلىقى بار ئىدى ، ھەتتا ئۇنى ئازاب دېيىشكىمۇ بولاتتى . بىر ئىش تېخىچە چۈشىنىكسىز ، ئۇ بولسىمۇ كومپاس ئىشى ئىدى . بىر ئالىم ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەنچە بېرەلمىگەن ھادىسە ئۇنىڭغا روھىي ئازاب ئېلىپ كېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى . ھەر ھالدا تەڭرى بەربىر تاغامغا تولۇق خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى نىيەت قىلغان ئوخشايدۇ .

مەن بىر كۈنى ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا رۇدا ئەۋرىشكىلىرىنى رەتلەۋېتىپ ، ھېلىقى مەشھۇر كومپاسنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە ، قولۇمغا ئېلىپ تەپسىلىي كۆزەتتىم .

بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇلغىلى يېرىم يىل بولغان بۇ كومپاس ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قانچىلىك ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنلىكىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى .

مەن ھەيران بولغىنىمدىن توۋلاپ تاشلىدىم ، پروفېسسور دەرھال يېنىمغا كەلدى .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— كومپاس ...

— كومپاس نېمە بوپتۇ ؟

— ئۇنىڭ ئىسترېلكىسى شىمال تەرەپنى ئەمەس ، بەلكى جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىۋاتىدۇ !

— نېمە دەۋاتىسەن ؟

— قاراڭ ، جەنۇب تەرەپ بىلەن شىمال تەرەپ ئالمىشىپ قاپتۇ .

— ئالمىشىپ قاپتۇ !

تاغام كومپاسنى قولىغا ئېلىپ قارىدى ، سېلىشتۇردى ، ئىختىيارسىز ئەسەبىيلەرچە سەكرەپ كەتتى ، ئۆيمۇ

تىتىرەپ كەتكەندەك بولدى .
تاغام ئىككىمىزنىڭ دىلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى !
— ئىش ئەسلىي مۇنداق بوپتىكەن - دە ، — تاغام ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلاپ كەتتى ، — بىز ساكنوسىم دېڭىز تۇمشۇقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، بۇ ئۆلگۈر كومپاس شىمال تەرەپنىڭ ئورنىغا جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىپتىكەن ئەمەسمۇ !
— ھەقىقەتەن شۇنداق .
— ئەمدى بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ . بىراق ، كومپاسنىڭ قارىمۇقارشى يۆنىلىشلەرنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشىغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ ؟
— بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىيغۇ .
— قېنى ، سەن چۈشەندۈرۈپ باققىنا بالام .
— بىز لىدىنبورۇگ دېڭىزىدا بورانغا يولۇقۇپ قالغان چېغىمىزدا ھېلىقى بومبا توپ سالدىكى بارلىق تۆمۈر ئەسۋابلارنى ماگنىتلاشتۇرۇۋەتكەچكە ، كومپاس ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ كەتكەن .
— ئاھ ! — پروفېسسور توۋلاپ تاشلىدى ، ئارقىدىن بار ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلگىلى تۇردى ، — ئۇنداقتا بۇ زەرەتنىڭ بىمەنە چاقچىقى ئىكەن - دە !
شۇ كۈندىن باشلاپ تاغام ئەڭ خۇشال ئادەمگە ئايلاندى ، مەن بولسام ئەڭ خۇشال ئەرگە ئايلاندىم ، چۈنكى سۆيۈملۈك گلاۋبېن ئەمدى پروفېسسورنىڭ ئاسراندى قىزى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ جىيەن كېلىنى ۋە مېنىڭ خوتۇنۇمدىن ئىبارەت قوش سالاھىيەت بىلەن كونى كوچىسىدىكى كىچىك ئۆينىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغانىدى . دېمىسىمۇ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى ، ئۇنىڭ تاغىسى پروفېسسور ئوتتو لىدىنبورۇگ دۇنيادىكى بەش قىتئەدىكى بارلىق ئىلىم - پەن ، جۇغراپىيە ، مىنېرالوگىيە جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى ئىدى .

[General Information]
书名=地心游记　维吾尔文
SS号=40232613